
بۇلاق
AltunOq

www.uyghurkitap.com



# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

ئومۇمىي 19-سان

7-يىل نەشرى

AltunOq

1986

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت ........................................ 1
ئىسمايىل ھاجى شېئىرلىرى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت چاۋار ........................................ 13
ئارەزى غەزەللىرى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر ........................................ 21
چاھار دەرۋىش............................ ........ئا نىزارى، ن.زىيائى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ........................................ 43

## جاھان كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مۇھەببەتنامە ........................................مۇھەممەد خارەزمى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن........................................ 72

## مەشھۇر كىلاسسىكلار

مەشرەب — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر ........................................ 85
ئەبۇلھەسەن رۇداكى........................................م.شەرىفزادە
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزى مۇھەممەت جۇمە ........................ 93

## كلاسسىكلار ھەققىدە ھېكايىلەر

ئىككى شائىرەنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئىزدەپ........................تۇختاسىن جالالوۋ
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:ھەسەن ھېلىم........................................ 120

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر ........................قاسىم ئارىشېۋ 99

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


مەلىكە مېھرىلىقا (داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى ........................ 135

ئالتۇن قوڭغۇراق (چۆچەك)

رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئۆمەر ........................ 160

ھېكايەت ۋە لەتىپىلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتتۇردى مىرزەخمەت، يالقۇن قاھار ........................ 162

رىۋايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى ........................ 167

ئىككى لاپچى

رەتلىگۈچى ئەخەت ھاشىم ........................ 173

بېيىت ۋە قوشاقلار

رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت ........................ 176

ماقال - تەمسىللەر

رەتلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام ........................ 181

تېپىشماقلار

تەييارلىغۇچى: ئابدۇراخمان ئەبەي ........................ 184

چاغاتايچە لۇغەت ........................ 190



تۈزگۈچىلەر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، ئابلىمىت ئەھەت.

بۇ ساندىكى سىزمىلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىزلار ئىشلىگەن.
خۇش خەتلەرنى تۇردى قادىر نازىرى يازغان.
كۆنچىكلەر مەشھۇر رەسسام سېميان ئادولفوۋىچ مالت ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ پېيچىڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇھەررىرلىرى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن (مەسئۇل مۇھەررىر)، نىجات مۇخلىس، پەردە ئىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى
نەسىرلەر تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت .................................... 1
ئىسمايىل ھاجى شېئىرلىرى
نەسىرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت چاۋار .................................... 13
ئارەزى غەزەللىرى
نەسىرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر .................................... 21
چاھار دەرۋىش.......................................ئا نىزارى، ن.زىيائى
نەسىرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ.................................... 43

## جاھان كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مۇھەببەتنامە ..........................................مۇھەممەد خارەزمى
نەسىرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.................................... 72

## مەشھۇر كىلاسسىكلار

مەشرەب — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر .................................... 85
ئەبۇلھەسەن رۇداكى.......................................م.شەرىفزادە
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزى مۇھەممەت جۇمە .................... 93

## كلاسسىكلار ھەققىدە ھېكايىلەر

ئىككى شائىرەنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئىزدەپ..............................توختاسىن جالالوۋ
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:ھەسەن ھېلىم.................................... 120

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر ..............................قاسىم ئارشىۋ 99

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مەلىكە مېھرىلىقا (داستان)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى ..................................... 135
ئالتۇن قىرغۇراق (چۆچەك)
رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئۆمەر ..................................................... 160
ھېكايەت ۋە لەتىپىلەر
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتتۇردى مىرزەخمەت، يالقۇن قاھار .................. 162
رىۋايەتلەر
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى ....................................... 167
ئىككى لاپچى
رەتلىگۈچى ئەخەت ھاشىم ....................................................... 173
بېيىت ۋە قوشاقلار
رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم مەخسۇت ................................................. 176
ماقال - تەمسىللەر
رەتلىگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام ................................................. 181
تېپىشماقلار
تەييارلىغۇچى: ئابدۇراخمان ئەبەي ............................................. 184
چاغاتايچە لۇغەت ............................................................... 190

تۈزگۈچىلەر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، ئابلىمىت ئەھەت.

بۇ ساندىكى سۈرەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابلىمىت ئابلىزلار ئىشلىگەن.
خۇش خەتلەرنى تۇردى قادىر نازىرى يازغان.
كۆنچىكلەر مەشھۇر رەسسام سېيىيان ئادولفوۋىچ مالت ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ پېيچىڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇھەررىرلىرى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن (مەسئۇل مۇھەررىر)، نىجات مۇخلىس، پەرىدە ئىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد سادىق قەشقەرى

## غەزەللەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم سابىت

ئەيكى يار زىنھارسەن ھېچكىمگە ئازار ئەيلەمە،
ھېچ دىلغە بەرمە رەنجىش ئانى كۆپ زار ئەيلەمە.

ھەر جەفاكىم ھەم قىلۇرسەن تاڭلا كەلمىش يۈز ساڭا،
ئۆزگە نەفئى ئىستەپ، بىرەۋگە زۇلم بىسيار ئەيلەمە.

قويماغىل بىجا قەدەم، قىلما خىيانەت كىمسەگە،
ئىككى ئالەمدە قاتىغ جانىڭغە كۆپ كار ئەيلەمە.

ھەرنە قىلساڭ قىل فەقىرى كۆڭلىنى ئازار ئەتمەگىل،
دەر ھەقىقەت شاھ ئىبرۇركىم سەن ئۇنى خار ئەيلەمە.

نەچچە دۇشمەننى ئۆزۈڭگە مەھرەمى راز ئەيلەدىڭ،
سىررىڭ ئەيلەر فاشكىم ئەغيارنى يار ئەيلەمە.

گەر ساڭا ئەھلى ھەقىقەت كارى خۇددەئلۇم ئەمەس،
جان-دىل بىرلە ئىقدە ئەيلە، ئىنكار ئەيلەمە.

ھەر نەچچە جەبرى جەفا يەتسە فەلەك ئەغيارىدىن،
بىل ئۆزۈڭ دەردىڭنى كىم، دۇشمەنگە ئىزھار ئەيلەمە.

سادىقا ئۆتكەن ئەزىزلەر رۇھىدىن يارى تىلەپ،
ئىشتلارىنىڭ ئىشتلارى سىلكدە بول، ئار ئەيلەمە.

× ×

مۇسۇلمانلارغا ئۆلكۈن بىر قىيامەت ئەيلەدى ئاشكار،
ئۆلۈكلەر كوچادا سانسىز ياتار ۋاۋەيلەتا ئىزهار.

ئىگەسىز قىز ـ ئوغۇللار هەم گۆدەكلەر خاس ـ خەس يەگىلىغ،
بۇلارنى باشقۇرۇپ ئاش ـ نان بېرۇرگە قايدادۇر غەمخار.

كوچالار سەل بولۇپ ئاققان مۇسۇلمان قانىدىن دەريا،
كۆيۈپ ئالى ئىمارەتلەر، نەدامەتلەر قىلۇر سەد بار.

غوجامدا رەهم شەفقەت يوق دۈنىگدەك خار زىللەتكە،
بۇلارنىڭ ئىنتىقامىن ئالغۇسى ئول قادىرۇ جەببار.

ئايا سادىق سۆزۈڭ كۆپتۇر بۇ جايدا مۇختەسەر ئەيلە،
نەسىب ئەتكەي شەهىدلەرگە كى جەننەت تەهتەتۇل ئەنهار.

× ×

هەرنە كىم كەلسە قەزادىن باشىمە بولغۇم رىزا،
بولماغاي ئالەمدە هېچ ئىش زەررە چاغلىق بىرىزا.

گەر ماڭا تەقدىردۇر دۇشمەن ئىلىكىدە ئەجەل،
بارمۇ ئۆز تەقدىرىدىن قاچىپ قۇتۇلماغلىق رەۋا.

نە ماڭا تەنهايى ئۆي بىل ئەهلۇ ئەۋلادىم بىلە،
بولغۇمىز مىراسگەر ئان، ئول شەهىدۇ كەربەلا.

ۋەقت ئېرۇركىم دۇشمەن ئولغاي هەم زىمىنۇ ئاسمان،
بىر جەۋابى تاپماغۇم گەر ئەيلەسەم يۈز مىڭ ندا.

خانىمانىمدىن كېچىپمەن بەلكى جانىمدىن گۆيا،
كەلتۈرۈپ يۈز هادىسە ئەنۋائى تۈرلۈك يۈز بەلا.

تەشنەلەبدۇرمەن، ئېرۇر ئەمدى ماڭا جامى ئەجەل،
«ئەشرەبۇ يا ئەييۇھەل ئەتشان كېلۇر ھەردەم نىدا»①

سادىقا شەھنىشەھى ئەرشىغە يەتمىش جەبرى كۆپ،
ئۇز كۆڭۈل دۇنيا ئىلىدىن، بولما ھەرگىز ئاشنا.

× ×

بەخت ئەگەر يارى بېرۇر دەرۋىشنى سۇلتان ئەيلەمىش،
ھەركۈنى كۈندىن زىياد ئىززەت فەراۋان ئەيلەمىش.

ئەختەرى تالىئ ئەگەر ئىمداد قىلسە كىمسەگە،
گەرچە ئۇل مورى زەئىف، ئانى سۇلەيمان ئەيلەمىش.

مەملەكەت ئىچرە شەھىنشاھ ئەيلەسە تەنلەرگە جان،
بەلكى جاندىن ئاشۇرۇپ جانلارغە جانان ئەيلەمىش.

بەخت - تالىئ كىمسەدىن ئاراز قىلسە ناگىھان،
گەرچە ئۇل شاھى جەھاندۇر خانە ۋەيران ئەيلەمىش.

سادىقا ئۈزگىل كۆڭۈل بۇ تەخت - بەخت ئابرۇيىدىن،
شۇنچە مۇفلىس لەھزەدە مۇفلىسنى سۇلتان ئەيلەمىش.

× ×

ئەمدى ۋەقتى شاد كەتتى، غۇربەت، ئەندۇھۇ فىراق،
تەركى شەھرخانە ئەيلەپ ئەزم ئېتىك شامۇ ئىراق.

بىۋەفا دۇنياۋۇ دۇنغە پەشتۇپانىك ۋەقتىدۇر،
تاشلاڭىز بۇ كەررەفەر ئەيۋانۇ كەيۋانۇ رەۋاق.

نەچچە شاھى ناكام ئۆتكەردى بۇ تەختۇ سەلتەنەت،
سىزدىن ئۆتسۇن، قالسۇنۇ بولسا بىرەۋگە ئىشتىياق.

① بۇ مىسرا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «چاردىۋان» ىدىكى بىرىنچى غەزىلىدىن ئېلىنغان.

نەچە يىل ئىشرەت مەيىن شاد ئىب خۇش نۇش ئەتتىڭىز،
نۇش ئېتىڭ غەم زەھرىنى زىنھار قىلماڭ تۈزتەراق.

نەچچە تۈرلۈك ئافەتۇ ئەنۋائى تۈرلۈك ھادىسە،
ئەمدى بۇنىڭ جانىدىن ئالىڭكىم ئالۇد ئەلفىراق.

سادىقا بارەۋ دېگىل بۇ ۋەقتى ئىمدادى نىجات،
.........................................................

× ×

بىۋەفاسەن ئەي فەلەك بارەۋ سېنىڭدىك زۇلمىگەر،
مەن شىكايەت ئەيلەسەم مەككارلىقىڭدىن كۆن ئۆتەر.

سەن جەھانغە تولدۇرۇپ زالىم، جەھىل بەدبەختلەرنى،
قانچە ياخشى مەرد، دەنالەر تۈنتۇ كۆن قان يۈتەر.

زۇلم پېشە، گىنەكەشلەر ئالدى دۇنيادىن ئورۇن،
فەتھى نۇسرەتنى نەسىب ئەيلەپ ئاڭا غەمخار ئېتەر.

ياخشىلارنىڭ ياخشىسىغا بەرمەدىڭ ھەرگىز ئامان،
قايدا بولسا مەرد كىشىگە سەن قىلۇرسەن پۇر خەتەر.

بىرەھىمسەن بىۋەفا دۇنيا ئۆزۈك جەللاد كەبى،
شاھلار، شاھزادىلارنىڭ ھەي دەرىغ قانىن تۆكەر.

ھەر كىشى دۇنياغە كەلدى كۆرمەدى ھەرگىز ۋەفا،
ياخشىلەرگە ئەسلى كۆن يوق كۆندىن - كۆنگە دەربەدەر.

سادىقا گەر ئۇشبۇدۇر غەددار فەلەكتە ئىمتىياز،
نى ئۈمىد بارسەن فەلەكتە، بارچەلەر قاقشاپ كېتەر.

× ×

ئەجەب قاتتىق زەمان بولدى دۇنيا ئايلىناي دەيدۇ،
جەھاندىكى ياخشىلار قانغا بۇلغىناي دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۇففاردىن تېپىپ زىللەت، مۇسۇلماندىن تېپىپ كۇلفەت،
بۇ دۇنيانىڭ هاياتلىقى گورغا ئايلىناي دەيدۇ.

ياشلىنى ئەسكەر بولغان دەپ، قېرىلارنى خىزمەت قىلغان دەپ،
دېھقاننى ئاشلىق بەردىڭ دەپ جاندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

بەندىگە قەزا يەتسە هېچنەرسە ئارا تۇرماس،
ئىككى يىل تارتتۇق كۇلفەتنى قايتا كۆن چىقاي دەيدۇ.

بېجىندىن چىقىپ كەلدى داباجى بىلەن مانجۇ،
بۇرهاندىن كەيىنگە قايتا ئوت قوياي دەيدۇ.

ئامۇرسىنا ئۇدۇللاپ ماڭدى رۇسسىيەنى بويلاپ،
بۇرهاندىن خان خوجا چوڭ خان بولىمەن دەيدۇ.

چەللۇڭخاننىڭ تەنجىڭى جاۋخۇي بىلەن شىلاڭچى،
نەنىلۇدىكى جېدەلنى ئوقتا باسىمەن دەيدۇ.

ياركەندىكى ئاق كەپتەر قانات قېقىپ ئۇچساڭچۇ،
هەۋاغە ئۇچاي دېسەم لاچىن سوقۇمەن دەيدۇ.

سادىق، سۆزۈڭ توختاتغىل، گەپنى مۇختەسەر ئەيلە،
كەڭرىتىپ يازاي دېسەم سېسىقى چىقاي دەيدۇ.

× ×

هال ئەهۋال ئۆزگەچە ئەۋزائى ئەتۋار ئۆزگەچە،
گۇفتۇ گۇفتار ئۆزگەچە ئەفئال كىردار ئۆزگەچە.

خادەمى خەيلى هەشەمنىڭ كارى بارى ئۆزگەچە،
تابىئى مەتبۇئىلارغە رۇيى دىدار ئۆزگەچە.

پىرى مۇخلىس ئۆزگەچە ئۇستاد شاگىرد ئۆزگەچە،
ئاشىقانە تالىبى مەهبۇب دىلدار ئۆزگەچە.

مەسنەدى ئىرشاد تەخت ـ سەلتەنەت جار ئۆزگەچە،
هەم ئىرادەت هەم ئىنابەت ۋىردى ئەزكار ئۆزگەچە.

پىرى شەش هال ئۆزگەچە هالى مۇلاقات ئۆزگەچە،
ئىلتىفاتى خەيرىباد سادىقغە يار ئۆزگەچە.

× ×

فىتنە ئەنگىز ئولماغىل زىنهار ئۆزۈڭنى سادە تۇت،
قىل تەۋەككەلنى خۇداغە بارچەدىن ئازادە تۇت.

قىلمە كۆپ تەدبىر كىم رەنجىڭنى زايىئ ئەيلەمە،
نەرمىلىكتىن ئالەم ئەهلى نەزدىدە ئازادە تۇت.

تۇزمە سۆهبەت ئالەم ئەهلى بىرلە، ئىرمىش بىۋەفا،
قەسدى جان ئەيلەر ساڭا ئاندىن بۇرۇنراق جادە تۇت.

ئىستەمە ئارايىش دۇنيا، يوق ئاسايىش هىچ ساڭا،
ئىختىيار ئەت كۇشەئى ئارامىدىن سەججادە تۇت.

سادىقا بۇ دەۋرىدە ئەرمەس فەزىلەت ئىئتىبار،
هاسىل ئەت دۇنيانى كۆپراق ياكى ئاخۇن زادە تۇت.

**مەسنەۋىيلەر**

بولۇپ ئالتە شەهەرگە خانلىق خوجا دانىيال،
مۇسۇلمان خەلقنى قىلىپ بىر مەهەل پايمال.

تۇشۇپ نەچچە قىسمى ئالۋاڭ ـ ياساق،
بىهرەلمەسەڭ گەر باشىڭدا قاينار تاياق.

تۇل خوتۇن، يىتىم، كەمبەغەل ئاشقە زار،
خوجام ئالدىدا بارچە بىئىئتىبار.

مۇغۇللارگە قىلدىغان تۆهپەسى تولا،
غەرىب، ناتەۋانلارگە رەهم قىلسا بولا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە يوق ئەردى ئاشى،
خالايىق ئاققۇزدى كۆزدىن ياشى.

بەيان ئەتتى مولla سادىق سۆزىنى تەمام،
كى بىلسۇن دۇنيادا تامام خاسۇ ئام.

× ×

تۇت ئەي ساقى ماڭا دۇجامى بارە،
زەمانە جەڭگدۇر ۋەقتى نەققارە.

قىلۇرمەن شىكۋەلەر مەككارلاردىن،
نە بەدكىردار ئول خۇنخارلاردىن.

بار ئېردى بىر نەچە سەردار لەشكەر،
دىيانەت بەلكى ئىمان بىخەبەرلەر.

شەرىئەتنىڭ خەرابىدىن ئىشى يوق،
تەرىقەت ئىستەگۈچ ئەسلا كىشى يوق.

كېچە ـ كۈندۈز ئۇلارغا كار ھەرفە،
ئەداۋەت ئەيلەمەكدۇر بەغزىگىنە.

خۇدانىڭ بەندەسىگە جەبر ئەيلەر،
بۇ باتىن كۆزلەرىنى كور ئەيلەر.

فەساد ئىشلارغا ئول بىسيار مايىل،
بىرەۋنى باشلاماققە تۇرفە كامىل.

ئەداۋەت سارىغە بەد مەسلەھەتلەر،
سەلاھكارلارغا كاج مەسلەھەتلەر.

ئىكى شاھلار ئارا شەككاكدۇرلار،
سالۇرغە گىنە بەس چالاكدۇرلار.

ۋەزىر ئاقىل ئېرۇر شاھلارغە نېئمەت،
ئىككى دۇنيادا ئاندىن ئىستراھەت.

ئەدالەت ئاتى ئۆچمەس تاقىيامەت،
كۆرۈر ئەجرىنى تاڭلا بىنەھايەت.

ۋەزىرى بىفەراسەت بولسە ئەۋباش،
دېسە شاھ بۆركىنى ئال، ئۇ كېسەر باش.

ۋەزىرى زالىم ئول خۇنخار بولسا،
خىيانەت بابىدا مەككار بولسا.

يېتەر زۇلمى بىلە شاھلارغە بەدنام،
نىزامى مەملىكەت تاپماس سەرەنجام.

رەئىيىيە خەيلى شاھدىن خۇشنۇد ئولماس،
خەراب مۈلك ئۆلۈركىم ئەيىۇھەنناس.

بەسى شاھلار بولۇر كىم ساھىب ئىقبال،
ۋەزىرى ئاقىلىدىن ھەم نىكۇ ھال.

سۇلەيمانغە رەۋاجى شانى شەۋكەت،
چو ئاسىب بەرخىيا ساھىب كەرامەت.

ئەرستۇدىن چىقىپ ئاتى ئىسكەندەر،
ئالىپ تەدبىرىدىن ھەم بەھرى ھەم بەر.

بولۇپ نۇشىرۋان سۇلتانى ئادىل،
ئەبۇزەر جەمھۇرى دەنا سەبەب بىل.

بىرىپ سۇلتان ھۇسەينگە ياخشى ئاتى،
نەۋائى مىر ئەلشىر ھىراتى.

ۋەزىر بەد بەيانغە ھاجەت ئەرمەس،
مىسال ئەتمەك ئەيانغە ھاجەت ئەرمەس.

www.uyghurkitap.com

بۇلار ئۆز شاھىغە يەتكۈردى بەدنام،
ئۆزى گۇمراھ ئۇلۇبان بولدى كام نام.

خۇدايا كىمگە سەردارى ۋىلايەت،
ۋەزىر ئاقىلۇ دەنانى نەسىب ئەت.

خەرابى مۈلك بولماي ھەم رەئىيەت،
رەۋاجى شەرئىدىن ئۇلغاي دىيانەت.

بىھەمدۇللاھكى ھالا خۇش زەماندە،
ھەمە خەلقى خۇدا ئەمىن ئاماندە.

ئىنان كىم سۆزنى تۇت سادىق سۆزۈڭگە،
قاياندا يۈرگەسەن كەلگىل ئۆزۈڭگە.

جەۋانىب دۇشمەنى چۈن ۋەقتى تەڭدۇر،
مۇقابىل دوست ـ دۇشمەن ئەينى جەڭدۇر.

بۇ مەركۇر جەمئىدىن بەئزى دىلاۋەر،
مۇبارىز ئېردى گويا شىر سەفدەر.

ۋە ياكىم ئەھرەمەنزادە نەژادى،
چۇ كۇھقافدىن بۇ دىۋە زادى.

بىردۇر دىۋە يە سۇد بىرى ئەفرىت،
ئۇرۇپ نەئرە سەداسى لەھزە قەيت ـ قەيت.

مۇسۇلمانلارغە سالىپ شۇر ئافەت،
شەھىد ئەيلەپ مىڭۇ مىڭنى جەراھەت.

مۇسۇلمانلارغەدۇر قاتتىق بەلايى،
بولۇپ دەججال سىيرەت پۇر جەفايى.

قىلىپ خۇنرىز مۇسۇلمان كۆشتە ئەيلەپ،
شەھىدلەر تۇدە ـ تۇدە پۇشتە ئەيلەپ.

ئۇلاردە يوقتۇر هەرگىز رەهم شەفقەت،
ئىچىدە بەغزگىنە پۇر ئەداۋەت.

ئىلاها بولماغاي هېچ مۇنداغ گۇرۇهى،
بەيابانى تەفەككۇر دەشت كۇهى.

ئاڭا قىلما مۇسۇلمانىنى دۇچارى،
قىلما كافىرنى ئانىڭ پەيلىغە ئارى.

## رۇبائىلار

چۇن رەقىبلەر دىللارى سەدپارە بولدى خەۋفىدىن،
ئۆرلەگەچ گەر دۇ غۇبارۇ لەشكەرى سۇلتانىدىن.
بىخەبەرلەردىن كېتىپتۇر هۇش - تەنىدىن جانلارى،
بەلكى ئازىمىش دىنىدىن ئىسلام ئېلى ئىمانىدىن.

× ×

هازىر ئولغىل ئەي كۆڭۈل جانغە بەلالەر كەلگۇسى،
يۈز قاتىغ ئىشلەرگە شىددەتلىك جەفالەر كەلگۇسى.
نەكىشى هالىڭغە يىغلار، نەكى تۇتقاي ماتەمىڭ،
ماتەمىڭ تۇت يىغلاغىل كۆپ ئەژدىهالار كەلگۇسى.

× ×

ئەي كۆڭۈل كەلگىلكى ئەمدى ئەزم جانان ئەيلەلى،
تازە ئەيلەپ ئەهدى مەهكەم، ئەهدى فەيمان ئەيلەلى.
بەس دۇرۇر بىر جانغە جانان نەيلەي ئەمدى ئۆزگەنى،
بارچەدىن ئىلغاپ بىرەۋنى جاننى قۇربان ئەيلەلى.

× ×

تەدبىر بىلە تەقدىرى خۇدا ئۆزگە بولۇرمۇ؟
تاشنىڭ خېتى يامغۇر سۇيى بىرلە يۇيۇلۇرمۇ؟
بىر قۇشكىم ئانىڭ قەسدىدە بولسا ئىكى سەيياد،
ئۆز مەيلى بىلە تۇشمەگۇچە قۇش تۇتۇلۇرمۇ؟

www.uyghurkitap.com

× ×

ئەيكى ئەيلەرسەن بىرەۋگە بىرگە يۈز ئامادە بول،
تا ئېلىك ئازاردىن يىغ، غۇسسەدىن ئازادە بول.
ھەر كىشى ئازار ئېتەر ئاخىر ئاڭا ئازار كۆپ،
ياخشىلىقنى پېشە قىل ئالەم ئارا شەھزادە بول.

× ×

گۇناھ ئالۇدە قۇلمەن قىل شەفائەت يارەسۇلۇللاھ ،
غەرىبۇ بىنەۋا مەن قىل شەفائەت يا رەسۇلۇللاھ،
خىجالەتتىن باشىن سالىپ قەۋى غەرىق گۇناھلارغە،
كەرەم كۆرگۈز قىلىبان رەھمۇ شەفقەت يارەسۇلۇللاھ.

× ×

دەيكى يۈزمىڭ ۋاي كىم، دىلداردىن ئايرىلمىسام،
بىر قەدى شەمشاد گۇل رۇخساردىن ئايرىلمىسام.
بۇلبۇلى شۇرىدەمەن گۈلزاردىن ئايرىلمىسام،
كىمسە بىلمەسكى نە نىسبەت ياردىن ئايرىلمىسام.

× ×

ئادەمىي شەيتان يۈز چەندان يامان ئىبلىسدىن،
بارچە خەلق ئەيلەر ھەزەر ۋەسۋاسى شەيتان شەررىدىن.
ھەق دېدى خەنناسنى شەيتان سۈفەت ئىلىسدىن،
لىك شەيتان ئادەمىي شەيتانىنىڭ ۋەسۋاسىدىن.

قىتئەلەر

جان فىدادۇر تاشەھادەتنى نەسىب ئەتكەي خۇدا،
كىم ھۇسەيىن كەر بەلايىمدىن ماڭا سۇننەت ئېرۇر.
پاك ئېتەي ئىسيان غۇبارىن، نە ئۈچۈن غەملىك ئۇلاي،
بىر كۈن ئاخىر بۇ جەھان تەنگە ئەجەل زەھمەت بېرۇر.

× ×

ئەي رەقىب كۆڭلى قاتىغ جەڭنىڭ ياراغىنى تۈزەت،
باۋەر ئەتمەسسەن ساڭا يۈز مىڭ نەسىھەت بىرگەسەر.
تا قاچان تاشدەك كۆڭۈللەر يۇمشاتۇر سۆزلەر دېگۈم،
ياكى تەقدىرى ئىدلەيىدىن سەفەردۇر يا خەتەر.

× ×

دەۋلەت ئىستەپ ئىستەمەك دەۋلەت قۇشىنىڭ سايەسىن،
تەگسە بىر كۈن كۈيى سارى سايەئى دىۋار بەس.
كۆزۈ كۆڭلۈم خۇشلۇغىن خالۇ لەبىدىن ئىستەمەك،
ھىجرىدە كۆڭلۈمگە داغى دىدەئى خۇنبار بەس.

× ×

پەست ھىممەت بارمۇدۇر دۇشمەن كەبى دەۋران ئارا،
بىۋەفا ۋە پۇر جەفا بەد ئەھدى بەد پەيمان ئارا.
ھەم نەجىسۇ ھەم خەسىسۇ ھەم ھەرىسۇ ھەم خەبىس،
بىمۇرۇۋۋەتۇ بىھىممەت بىھەيا شەيتان ئارا.
زالىمى خۇنخار ئىبرۇركىم بىر دەرەم ئولجا ئۈچۈن،
يۈز كىشى قەتلىنى كۆزگە ئىلمىغان مەيدان ئارا.

× ×

رىزا بەردىم قەزاغە ھەر نەكىم كەلتۈرسە بەختىمدۇر،
قاچانغە كۆڭلى قاتتىغ ياردىن ئازار تاپقايمەن.
قىلۇر ئىردىم ۋەفانى كۆپ تەمەئ ھەر بىركى يۈز ئاندىن،
كېلۇر بولدى جەفايۇ جەبرىلەر بىزار بولغايمەن.

× ×

ھەر نەچچە ماڭا جەبرى ستەم كەلسە فەلەكدىن،
نەچارە قىلاي تۇردۇمۇ ھەرگىز يانارىم يوق.
ئىش ۋەقتىدىن ئۆتتى نە ئىلاج ئەمدى تەۋەككۇل،
مۇنداق تالاشۇرىنداكى ھەرگىز تۇرارىم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسمايىل ھاجى شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەت چاۋار

لەھزە ئۇلتۇرالمايىن ئۆي ئىچىدە جانانىم،
ۋەسلىنى كۆرەرمەن دەپ مەھلىقائى كەنئانىم.
سۈرەتى بەشەر يەڭلىغ، خۇيلىرى پەرى جادۇ،
كۆككە يەتكۈسى ئاخىركىم سەھەردە نالانىم.
سەيد قىلدى ئانداغكى ئاھۇيى بەيابانىنى،
رام قىلدى ئول سەييياد كەتتى خىلە دەرمانىم.
غەمزە تىغىدىن دىلنى ناۋەك ئەتتى پەيكانلار،
قاشى ياسىدىن ئاتتى بىر ماقىغە قۇربانىم.
كاشكى نىگاھىدىن زەررەئى مېنىڭ سارى،
قىلسا نى ئەجەب دەۋلەت شەھسۇۋار سۇلتانىم.
سەنسىزدىن ئىرىكلىكتە زەررە كۆرمەدىم راھەت،
بۇ دىلىم شىفاسىدۇر ۋەسلى شەككەردىستانىم.
شەۋقىدىن ئۇمىدى كۆپ ئارزۇيى ھىجرانىڭ،
بەرقىدەك قىلۇرمۇ ساف دىلنى شاھى خۇبانىم.

× ×

دىلبەرىم فىراقىڭدا مۇبتەلايۇ نالانمەن،
قان يۇتۇپ كۆرەرمەن دەپ مەھلىقائى كەنئانمەن.
ھەرنە كۆڭلۈمە كەلسە بىئەسەر ئەمەس سەندىن،
كۆز كۆرۈنسە ھەر شەيدە سۈرەتىڭدە ھەيرانمەن.
ۋەھ ئەجەب ئۇلۇغ قەدرۇ شەۋكەتۇ شەرافەتلىغ.
ھەق قاشىدە ئىلغاندىك رەھمەتىڭگە جويانمەن.
يار سازىم ئولغايسەن ئىپتىدا ۋە ئۇقبادا،
دەستىگىر سەن بولساڭ شادمانۇ خەندانمەن.
سەن كەبى يانا ھېچ ئەر بولماقى مەھال ئېرەمىش،
نى ئەجەب شەرافەتلىك پادىشاھغا غۇلامانمەن.
زەررىدەر ھىسابىدەك يۈز تۈمەن دېدى ھاجى،
رەھمەت ئەيلەگەي ئەللاھ ئارزۇيى ئېھسانمەن.

× ×

مۇنىردىدىنكى چۈن ئىزھار بولدى.
قاراڭغۇ كېچەمىز دىلدار بولدى.
جەمالى ئاسمان پارچىغە بائىس،
جەلالى كەۋكەبى ئەنۋار بولدى.
مۇكەررەم خۇيىدىن ئەختەر بەھارى،
بۇ گۈلشەن ئىچرە بىر نەشئار بولدى.
فەلەك كۆرگەن ئەمەس مۇنداغ كىشىنى،
كى قەدرى دەھرنى غەمخار بولدى.
فەرىشتە روز-شەب ئىسمائىل ئوخشا،
ئاڭا بىر مەتلەئىلئەبرار بولدى.

× ×

ئەي شەمئى مېنىڭ چىراغىمە كەل،
ئوتلۇغ شۇئلەيۇ داغىمە كەل.
رەۋشەن قىلىپ ئېيتىدالىمىزنى،
تۇبى كەبى كۆز قاراغىمە كەل.
ئۈستۈن سەن ئىلە تامام ئۆمرۈم،
مەغزجان ئولۇپ دىماغىمە كەل.
مەلۇم قىلاي ئىشىتكەنىمنى،
ئىشتىۋرەك ئۈچۈن قۇلاغىمە كەل.
ئىزھار ساڭا كۆڭۈلدىكى سىر،
مېھردىڭلە يېقىن يىراغىمە كەل.
زەمزەم سۈيىدىن پەدىد ئېتەرسەن،
ئاقتۇرماق ئۈچۈن بۇلاغىمە كەل.
كەۋسەر مېنى جام ئىلە سۇغاردى،
ساقى بولۇپ ئۇشبۇ چاغىمە كەل.
ئىسمائىل ناتەۋانغە باقما،
رىزۋان كەرەمىڭلە باغىمە كەل.

× ×

مەن كەبى كويۇڭدا ھېچكىم زارۇ ھەيران بولماسۇن،
ئىككى دۇنيانى قويۇپ ئالدىڭدا نالان بولماسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىغلاماقتىن ئۈزگە يوقتۇر خاتىرىمنىڭ ۋەرزىشى،
رەنج خاتىر، خەستەدىل، ھالى فەرىشان بولماسۇن.
نافەئى مۇشكىن مېنىڭ قانلىغ ياشىمدىن شەرمىناك،
غايەتى ئەندۇھدىن ھەرقەترە گىريان بولماسۇن.
ھەسرەتا ۋاۋەيلەتا يوقتۇر قەراردىم تاقەتى،
تاق بۇرجى چەرخىدە ھىچ كىمسە سەرسان بولماسۇن.

× ×

ئەجەب غەمنىڭنى كۆڭۈل ئىچرە تاشلادىڭ كەتتىڭ،
فىراقىڭ ئوتىنى داغىمغە باشلادىڭ كەتتىڭ.
لەبىڭدىن ئۈچتى شىكارىمغا مۇرغى شەھبازىڭ،
مېنىڭ كىچىككىنە سەيدىمنى قۇشلادىڭ كەتتىڭ.
يەگانەلىق بىلە مەۋسۇفدۇر سېنىڭ ئەسرىڭ،
مېنى سەھەر ئىچىدە تاراشلادىڭ كەتتىڭ.
بەھار مەۋسۇمى باغلارنى خەندە قىلدۇرمىش،
چەمەن ھەۋاسىنى گۈلغە فەراشلادىڭ كەتتىڭ.
ياقامنى چاك ئېتىپ ھەسرەتىڭدە يىغلارمەن،
كۆزۈم ياشىنى يۈزۈمغە ئاداشلادىڭ كەتتىڭ.
ماڭا نەھەدكى سىفاتىڭنى نەقش قىلغايمەن،
سىتايىشىڭنى سىفاتىڭدا ياشلادىڭ كەتتىڭ.
بۇ نەزمىلەرنى بەيان ئەتتى نەسىر ئىسمائىل،
ئەلى بېگىم دەمى بىرلە قۇياشلادىڭ كەتتىڭ.

× ×

گۈل بويۇڭنى ياد ئەتسەم بۇلبۇل بولدى فەريادىم،
لەيلى مەجنۇن شەۋقىدىن غەۋغا سالدى فەرھادىم.
دىدارىڭنى كۆرگەندە كۆزلەر ياشى تاش بولدى،
باشىدىن ئاخىر ئاشناسىۋ يەرگە قويغان ئىرشادىم.
دىلدارىمسەن ئەۋۋەلدىن دىلبەر ئىردىڭ جانىمغا،
ھەمدەم بولغىل كۆڭلۈمدە مېنىڭ ھىجران ـ ئابادىم.
دامىم تولدى دەرياغا، دامەنىم تۇشتى چاھغا،
سەندەك ئەكرەم دىلخاھغا يەتسۇن مېنىڭ بۇنيادىم.
خىزىر ئىلياس يار ئولسۇن، يۇنۇس شەۋقى زار ئولسۇن
ئىدرىس تەلەبكار ئولسۇن مۇتلەق فىردەۋس ئىجادىم.

ئەلى تۇتسۇن بازۇڭنى سىددىقلارغا ئۇمراندەك،
ئوسمان بولغان چاغىمدە ئەينەلبەسرلىك دادىم.
ھەسەن-ھۇسەن ئىسمائىل تەجەللىدىن مەھزۇندۇر،
يارەب دارىلئىسلامنى قىلغىل مۇجەللى شادىم.

× ×

ئاشنا بولماپمۇدۇك ئالەمنى كۆرگەن چاغدە،
بىللە ئولتۇرماپمۇدۇك ئەنبەرسىمەنلىك باغدە.
خاتىرىڭغە ئالماساڭ فىكرىم خىيالىمغا ئالۇر،
خالۇ خەددىڭ تەئرىفىدۇر ئەرجۇمەند يافراغىدە.
ئاسمان بولسۇن تەھىييەت بىرلە مەۋسۇفى سەنا،
يەر يۈزى كەلتۈرسە يۈز خاكى شەرىف تۇپراغىدە،
ھەق ياراتماپدۇر يانا سەندەك ئۇلۇغنى تائەبەد،
سالدى دەستىنى قەدى بازۇڭ نەزاكەت داغىدە.
گۇلىستانىڭ بۇلبۇلى رەيھانغە كەلتۈرسە زەفەر،
بەدرى تابانى قويار مۇسا كەلىم چاقماغىدە.
نوھ بۇنياد ئەيلەدى بەيتۇلھەرەمنى يەتتە بار،
ھەر بىرى ئادەم سەفى داۋۇدغا قويغان ياغىدە.
مۇشكىدىن خۇرشىد ئالۇر قەدرۇ كەرامەت بۇيىنى،
قەيد ئۇلۇنغاندە كەرەم جەۋرى ئىلىك تىرناغىدە.
كېچەلەر فەرياد ئېتەر كۈندۈزنى تاپقان سۇبھىدىن،
شامدىن تا بەندىدۇر شەمئى يەمەن كۆيماغىدە.
شەرئى دىن راھى ھەقىقەت مەئرىفەت ھاسىل بولۇر،
كىمكى سابىت بەر قەرار ئولسا كۆزى مازاغىدە.
بىھۇدە قىلما سۇخەن ئىسمائىل ھاجى ئۇمرچۇن،
ئۆمۈر بىر گەنجىنەدۇر دەۋران ئارا تۇر تاغىدە.

× ×

مېھماننى كۆرسە ئادەمىزاد،
گۇلدەك ئاچىلىپ تۇرار بەسى شاد.
مېھمان قەدەمنى بىل مۇبارەك،
ھەمراھ كېلۇر ئاڭا پەرىزاد.
مېھماننى ئېھتىرام قىلغىل،
ئانداغكى تۇرار باغ ئىچرە شەمشاد.

www.uyghurkitap.com



مېھمانغا تەسلىم ئىدى كەمالىڭ،
گەرچە ئانى ۋەسفىن ئەيلەسەڭ ياد.
مېھمان بەسى نازۇك ۋە لەتىف،
ئاسراپ ئانى سەرۋ ئىرخشا ئازاد.
مېھمان تەلەبىدە ئۆي تۇتۇپدۇر،
كى ئىسمائىل دادخاھ باغداد.

× ×

ئەي شەمئى رۇخسارىڭغە مەن پەرۋانە بولماي نەيلەيىن،
ئەترى گۇلىستانىڭغە مەن جۇيانە بولماي نەيلەيىن.
ھۇسنى بەھارىڭ نى ئەجەب ئالەمنى نۇر ئەفرۇز قىلۇر،
مەشاتە مەشامىڭغە مەن ھەيرانە بولماي نەيلەيىن.
گۇ-گۇ دېبان، جىغ-جىغ قىلىپ ھەر شاخى ئۈزرە بۇلبۇلان.
بۇ تۇرفە نەغمە زارىڭە ھەمخانە بولماي نەيلەيىن.
نەۋئى بىنەفشە سەبزەۋار ھەر سەڭگى-سەڭگى سەپ نىھال،
زۇلفى فەرشانىڭغە مەن ئەفسانە بولماي نەيلەيىن.
ئەنبەر نەسىمىڭدىن سەدەف ئىچرە مۆكۈنگەن شاخدۇر،
دۇردانەدەك دەندانىڭە قۇربانە بولماي نەيلەيىن.
بەتھا دېسەم ئالەم ئىچى ھەر نەۋئى بولسا شەرقتەك،
بەرقى دۇرەخشانىڭغە مەن سوزانە بولماي نەيلەيىن.
ھۇر بوستانغە نۇزھەتىڭ بەردى نەزاكەت گۇل ئارا،
بۇ خۇيى بۇيۇ خۇلقۇڭە نالانە بولماي نەيلەيىن.

× ×

گۇل ئاچىلماس باغدا تا فەسلى بەھاران ئولماسا،①
نالە قىلماس ئەندەلىب تا غۇنچە خەندان ئولماسا.
يۇلتۇز، مەگەر چىقسا قۇياش باش چىقارماس پەردەدىن،
خىزر زۇلمات ئىچىدە تا ئابىھەيۋان ئولماسا.
كېچەنى كۈندۈز ياپار، كۈندۈزنى كېچە چىرماشىپ،
شام ئولماس تاكى سۇبھى فەجرى قۇرئان ئولماسا.
تۆت ئەناسىر، دەۋرەخۇ سەككىز بېھىشت، توققۇز فەلەك،
بىر-بىرىدىن ئاجراماس تا چەرخى دەۋران ئولماسا.
نىزدۇ نەسىر ئولدى تەلاۋەت جىبرەئىل كامران،
شېئىر ئوفۇلماس تاكى دەم تائەت ۋە ئېھسان ئولماسا.

① بۇ، شائىرنىڭ زانگۇيلۇق شائىر توختى ھاجەمغا يازغان سالام خېتى.

زانگۇنىڭ شىرىن كەلامى بولماس ئەردى ئاشكار،
نەغمەئى داۋۇد ئاھاڭى خۇش ئەلھان ئولماسا.
ئەھلى دىل، ئەسھاب شۇرالار كېلىپ تۇرماس ئىدى،
توختى ھاجىم خىسلەتى ھەم رەنگى رىزۋان ئولماسا.
يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ زانگۇدا تۇرماس فەقىران،
ئەختەرى شېئرىغا تا ئىلھام سۇبھان ئولماسا.
ھاسىلى ئۇمرى فەلەك ۋەسفىدە سەرگەردان ئېرۇر،
مەدھ ۋەسف ئەتمەككە تا تەنزىھى رەھمان ئولماسا.
ئەي گۇلىستان چېھرەسى بۇلبۇل ئىلە بول ھەمنەفەس،
سۆزلەمەس بۇلبۇل ئۇيلە تاكى رەيھان ئولماسا.
يەر، كۆك ئەھلى كۆرسەتىپ زانگۇغا يالقۇنلۇق سەلام،
مۇنتەزىرلىك نە ئۇچۇن تۇتسۇن زەرەفشان ئولماسا.
يارەب ئۆز فەزلىڭلە قىل مەسرۇرۇ خەندان ـ شادمان،
گەر فەزىلەت سارىدىن خۇرشىدى تابان ئولماسا.
مەھرۇمە ھەر قايسى ئۆز قەدرىچە قەندىل ياندۇرۇر،
زۇھرە فىنھان تاكى خىزرۇ ئابىھەيۋان ئولماسا.
يادنامە قىلدى ئىسمائىل خەت ئىلە خالىنى،
مەقبۇل ئولسۇن گەرچە گەنجى دۇررۇ مەرجان ئولماسا.

× ×

كۆيدۇرۇپ جانىمنى ئوتلۇغ دەردۇ غەمگە تاشلادىڭ،
ئىشتىياقۇ ھىجردىن فۇرقەت ـ ئەلەمگە تاشلادىڭ.
ئافتاب سوزىشىڭ تابىدا باغرىم بولدى كۆل،
كۆل قىلىپ دەريايى نىلى مەۋج غەمگە تاشلادىڭ.
كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەتىڭدە كۆز ياشىم تۇرماي ئاقار،
سەل كەبى تاغدىن زەمىن تا مۇھتەرەمگە تاشلادىڭ.
جىسمۇ جانىمنى بەلالىغ ھەزىنگە قىلدىڭ قەرىن،
غايەتى ئەندۇھدىن مۇلكى ئەدەمگە تاشلادىڭ.
ماھى تابان كېچەسى زۇلمات بولدى جانىمە،
تاڭ سەھەر ۋەقتىدە شىددەتلىغ نەدەمگە تاشلادىڭ.
ئاقتى ھىجران تۈنلىرى دەريا سۈيىدەك كۆز ياشىم،
قايناتىپ ياشىمنى كۆيدۈرگەن سىتەمگە تاشلادىڭ.
مەھۋ قىلدىڭ جىسمىم ۋەيرانىمنى جان گىردابىدىن،
ھاجى ئىسمائىلنى سەھرايى ئەدەمگە تاشلادىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

بۇ يەرگە كەلمەس ئەردىم، ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم،
ئىشىگىدەك ئاستانەڭ گەردىدىن چۆرۈلگەلى كەلدىم.
كۆيۈپ ھىجرىڭ ئوتىدا كۆل بولۇپ باغرىم خەراب ئولدى،
خەراب ئولغان تېنىمنى قايتىدىن كۆيدۈرگەلى كەلدىم.
تاماششا، بىخەبەرسەن مەندەكى دەۋزەخ شەرارىدىن،
تەمۇغ شىددەتلەرىدىن بىر نەچە بىلدۈرگەلى كەلدىم.
ئەجەب بىتاقەت ئولدى كۆڭلۈم ئوتلۇغ ئافتابىڭدىن،
تۈمۈزنىڭ ياشلىرىنى سەل قىلىپ ئاقتۇرغالى كەلدىم.
نېچۈك تاقەت قىلۇر بىر مۇشت تۇپراغ دەرد داغىڭغە،
توققۇز ئەفلاكنىڭ تاقىنى تاق تۇردۇرغالى كەلدىم.
ھەۋايى ئىشقىڭ ئەتتى دەشت تاغ ئىچرە ماڭا مەسكەن،
مەكانى قەيسىدىن لەيلا سارى ئولتۇرغالى كەلدىم.
بەھارىستان كۈنى بۇلبۇل قىلۇر گۈلغە نىياز ئۆزنى،
ھەزاران بۇلبۇلىدەك يارغا تەلمۈرگەلى كەلدىم.
نەۋا ئەيلەر گۈلىستان ياپراغىدە ئەندەلىب ھەردەم،
ئاچىلغان غۇنچەنى كۆز كىرفىگىمگە سۈرگەلى كەلدىم.
قاچانغە ناز ئېتىپ رەھمەيلەمەسسەن كۆڭلى قاتىغ تاش،
ھەرەمنىڭ تاشلارىدىن تاش ئاتىپ كۆلدۈرگەلى كەلدىم.
ئەگەر لۇتف ئەيلەسەڭ ئەلبەتتە ۋەقتى ئۇشبۇ كۈنلەردۇر،
لەبىمنى لەبلەرىڭ تامغاقىغە سۆيدۈرگەلى كەلدىم.
ئەگەر رەھمەيلەمەي، نەززارە قىلماي بىخەبەر يۈرسەڭ،
خۇدايى زۇلئەمىنگە داد ئېتىپ سوردۇرغالى كەلدىم.
بۇ دۇنيا ئاخىرەتدىن ھەقتەئالاغە رۇجۇئ قىلدىم،
قويۇپ غەيرىنى سەندەك ياخشى بىرلە يۈرگەلى كەلدىم.
ئىلاھا، مېھرىبانىم قايدا بولسا سەن سەلامەت قىل،
چىراغىمغە ئۆزۈم پەرۋانە يەڭلىغ ئۇرغالى كەلدىم.
نىگارىم كۆڭلىنى ۋابەستە قىل ئەقلۇ دىماغىمغە،
چېكىپ ھەسرەت، كۆڭۈلنى بىر يولى تىندۇرغالى كەلدىم.
تولا سۆز قىلما، كۆڭلۈم شەۋق ھىجرانىڭ فىراقىدىن،
ئەزىزىم، دىلفىگارىم كۆڭلىنى كۆندۈرگەلى كەلدىم.

× ×

شاھىدى دىلبەر كېلۋرمۇ بوستانىمغە مېنىڭ،
فەتھ قىلماققە دىلىمنى گۈلىستانىمغە مېنىڭ.
كۆز تىكىپمەن مۇنتەزىر كەلگەيمۇكىن دەپ دىلنەۋاز،
ناز ئىشۋە جىلۋە قىلسە شەبىستانىمغە مېنىڭ.
ناگىھان رەنجى قەدەم ئەيلەب بۇ كۇلبەمغە نۇزۇل،
قىلسە شايەد نازىر ئۇلسام دوستانىمغە مېنىڭ.
يا قەدەم ئاستىغە سالسام نەسىر رەيھان جىلۋەسىن،
چەتىر ئۈچۈن باشىغە پەردە خۇيىستانىمغە مېنىڭ.
تا قىيامەت زەپتى رەفتى ئىشقى پىچاندەك بولۇپ،
چىرماشىپ ھەشر ئەيلەسەم ئەنبەرىستانىمغە مېنىڭ.
شەرق ئىچىدە دوستلارىدىن قىلسە شايەد ئول ھەكىم،
بەرقى رەخشاندەك قوشۇلسام نۇرىستانىمغە مېنىڭ.

× ×

كۆكرەد كەبى ئۇت تۇتاشتى جانغە،
رەھم ئەتمەدى زار ناتەۋانغە.
ئالەمنى جەمالى قىلدى رەۋشەن،
ئۇت كەتتى تەمامى خانىمانغە.
سەندەك يانا بىر كىشى بولۇرمۇ،
ئاي چىقتىمۇ ياكى ئاسمانغە.
ئاي كاشكى بولسا ئەردى ھەمراھ ،
ئۇل زالىم ئافەت زەمانغە.
مەندەك تەلەبدە زار مۇشتاق،
ئاۋارەئى ئالەم جەھانغە.
ئەھمەد ماڭا بول شەفىئى شايەد،
ھەم داخىل ئېتىپ مېنى جانانغە.
ئىسمائىل ھەمىشە ئىنتىزارى،
تارتار سېنى كۆرگەلى ئايانغە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئارەزى غەزەللىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئېلىخان موللاخۇن ئوغلى ئارەزى — ئۆزبېكىستاندا ياشاپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بەدىئىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۆزبېك خەلقى ئىچىدە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

جامائەتچىلىككە ۋە كەڭ كىتابخانلارغا مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مىللىي ئەدەبىيات ئۆزلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا بىر-بىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. بۇ ئىككى ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى بىر مىللەت تىلىدا ئىجاد قىلىپ، نادىر ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرۇپ، شۇ مىللەت ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتقان نامايەندىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ، ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ بۇنداق پاكىت ئاز ئەمەس. بۇ خىل پاكىتنى ھەر ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى زامان دەۋرى، دېمو-كراتىك ئەدەبىيات دەۋرى ۋە بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات دەۋرىدىمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتى ئۇيغۇر، ئەزەربەيجان، قارا قالپاق، تاجىك ۋە باشقا خەلقلەر ۋە مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان چېۋەر سۆز ئۇستىلىرىنىڭ ئۆزبېك بەدىئىي تىلىدا ياراتقان گۈزەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەنمۇ بېيىپ بارماقتا. خۇددى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىمۇ ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىدا ئىجاد قىلغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى بىلەنمۇ يېڭى ۋە رەڭمۇرەڭ مەزمۇنغا ئىگە بولماقتا. بۇ ئەسەرلەر كۆپ مىللەتلىك ئومۇمىي جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتماقتا. مۇشۇنداق بىر تارىخىي ئەنئەنىگە ۋە تېندېنسىيىگە ئىگە بولغان بۇ ئىككى ئەدەبىياتتا ناھايىتىمۇ زىچ بىر خىل يېقىملىق تېندېنسىيىسى تەبىئىي ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ...

بۇ سەھىپىلەردە بىز ئۇيغۇر مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۆزبېك تىلىدا ئەسەر يېزىپ، ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى بىلەن ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى دەۋرىدە ياشاپ ئاجايىپ مەزمۇندار ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزبېك ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشقان شائىر ئارەزى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

ئېلىخان مولّلاخۇن ئوغلى ئارەزى 1869 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان ۋىلايىتى شەھرىخان ناھىيىسىنىڭ «قەشقەر» مەھەللىسىدە بىر ئۇيغۇر كوزىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. شائىرنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد كەرىم ئاخۇن 1830—1835 - يىللار ئەتراپىدا قەشقەر شەھرىدىن «ئەنجان»غا چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. مۇھەممەد كەرىم ئاخۇن قەشقەرنىڭ «كوزىچى ياۋېشى» مەھەللىسىدە ياشىغان كوزىچىلار (كۇلالچىلار) ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك. ئۇ «ئەنجان»غا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئوغلى مولّلاخۇنغا ئۆگەتكەن. ئېلىخاننىڭ ئانىسى بۇۋى ھەلىمە ئوقۇمۇشلۇق، زېرەك ئايال ئىدى. ئېلىخان ئانىسى ۋە مەھەللىدىكى ئاتىن بۇبى (موللا ئايال)نىڭ قولىدا ئوقۇپ، خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن 1884 - يىلدىن 1890 - يىلىغىچە شەھرىخان ناھىيىسىدىكى مەدرىسىدە ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ. لېكىن، ئائىلىسىدىكى نامراتلىق ئۇنىڭ داۋاملىق ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. 1890 - يىلى ئۇ ئوقۇشنى تاشلاپ، ئاتا كەسپى — كۇلالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ دادىسىغا ياردەملىشىدۇ.

ئېلىخان جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغىنىغا قارىماي بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىپ ئۆگىنىدۇ، مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۇ ئۆزبېك شائىرى ھاشىمجان سالىخ ئوغلى ھەيرەتى بىلەن دوستلاشقانىدى. بۇ ئىككى دوست بىرلىكتە كۆپ ۋاقىت ئۆزبېك، تاجىك، ئىران، ئەزەربەيجان كلاسسىكلىرى— نەۋائى، جامى، فىردەۋسى، نىزامى، سەئىدا، بابۇر، فۇرقەت، گۇلخانى، ئەمىرى، مەشرەپ، مۇقىمى، زەۋقى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، شېئىرلارنى يېزىشقا باشلايدۇ.

ئارەزى بىلەن ھەيرەتى ئەمگەكتە، دەم ئېلىشتا ۋە شېئىرى ئىجادىيەتتە ھەر دائىم ئۆزئارا بىر - بىرىگە ياردەملىشەتتى. ھەر ئىككىلا شائىر 1890—1895 -يىللاردىن باشلاپ شەھرىخاندىكى مەشھۇر بايلاردىن بولمىش ئاتىخان ئەمىن ۋە سالاھىدىن بايلارنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە يىل مىرزا بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئارەزى بەش - ئون يىل شەھرىخان قازىخانىسىدىمۇ مىرزىلىق قىلىدۇ. 1890 - يىلى مۇقىمىنىڭ يېقىن دوستى ئابىدجان قۇقەندى ① (ئابىدچە دەپمۇ ئاتالغان) شەھرىخانغا كېلىدۇ. ئارەزى ۋە ھەيرەتى ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىدۇ. بۇ ئۈچەيلەن بىرلىكتە بەدىئىي ئىجادىيەت كۆرژىگىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ ۋە ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، شېئىر يېزىشنى مەشق قىلىدۇ.

ئارەزى، ھەيرەتى ۋە ئابىدجانلار ئەتراپىغا ئۇيۇشقان كىشىلەر ئاشۇ زاماننىڭ ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىپەرۋەر كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھاياتتا يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل ھادىسىلەرنى بىلىشكە، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە قىزىقاتتى. بۇ تىرىشچان ۋە ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ياشلار شۇ ۋاقىتتا كونا ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «تۈركىستان ۋىلايىتىنىڭ گېزىتى»، «سادايى تۈركىستان» («تۈركىستان ئاۋازى»)، «سادايى فەرغانە» («پەرغانە ئاۋازى»)، «ۋاقىت»، «شۇرا»، «خوجا نەسرىدىن»، «يۇلتۇز»،

① شائىر ئابىدجان — مۇقىمى ئېقىمىغا مەنسۇپ ئىلغار شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ «تۆھپە تىل ئابىدىن» ناملىق بايازى شىنجاڭغا كىلىپ تارقالغان. بۇ بايازغا ئارەزىنىڭ بەزى شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن — ق. ئە.

www.uyghurkitap.com



«ئەل گېزىتى» ھەتتا چەتئەللەردىن كېلىدىغان «شەھپال» (تۈركىيە)، «سىرا جۇل ئەخبارى ئەفغانىيەت» (ئافغانىستان خەۋەرلىرى» — ئافغانىستان) لارغا ئوخشاش گېزىت-ژۇرناللارنى داۋاملىق ئوقۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ كۈرژۈك ئەتراپىغا توپلانغان ئۇيغۇر، ئۆزبېك ياشلىرىنىڭ پىكىر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا سۆھبەتلىرىدە، يازغان شېئىرلىرىدا ئۆزدەۋرىدىكى رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىشقا، سىياسىي ۋەزىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇلار بارا-بارا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئىلغار ياشلار گۇرۇھى بولۇپ ئۇيۇشىدۇ ۋە ئاخىرى شۇ يىللاردا شەھرىخاندا ئېچىلغان «رۇس-تۈرك مەكتىپى»، «يېڭى ئۇسۇل مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى ئوقۇش ئورۇنلىرىغا قاتناشقان مەرىپەتچى ياشلارغا باشلامچى بولىدۇ. يېڭى ئۇسۇلدىكى بۇ مەكتەپلەرگە «ئەنجان»دىكى ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ كۆپلەپ جەلىپ قىلىنىدۇ.

1909-يىلى شەھرىخان بىلەن قوۋا (فېدچېنكو) ئوتتۇرىسىدىكى تۆمۈريول پۈتىدۇ. شۇنداق قىلىپ شەھرىخان پەرغانە ۋادىسىنىڭ مەركىزى بىلەن باغلىنىدۇ. ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ، ئارەزى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى مەرغىلان، ئەنجان، ئوش، قوقەنت، تاشكەنت قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ، ساياھەت قىلىپ، مۇقىمى، زەۋقى، راجى، خىسلەت، موللا تويچى، ھەمراقۇل قارىلارغا ئوخشاش مەرىپەت ئەھلىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە يېقىن ئالاقىدە بولىدۇ.

ئارەزى 1900-يىلىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەزمۇندار شېئىرلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى گېزىتلەردىمۇ ئېلان قىلىنغان.

ئارەزى ئۆزىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە يازغان شېئىرلىرىدا ئۆزبېكىستاندىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، زۇلۇم-زوراۋانلىق، نادانلىق ۋە جاھالەتنى كەسكىن قارىلىغانىدى. ئۇنىڭ «ئەي پەلەك» (1908)، «تېپىلمايدۇ»، «كۆردۈم» «قىش ئۆتتى باھار ئۇلۇر» (1916) قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئەنە شۇ خاراكتېردىكى ئەسەرلەردۇر.

1916-يىلى پەرغانىدا چارىزىم تۈزۈمىگە قارشى خەلق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ، بۇ قوزغىلاڭ ئارەزىنىڭ يۇرتى — شەھرىخانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەھرىخانىنىڭ چارچەمەن، قۇمتۆپە، خالدىۋانبېك، قەشقەر قىشلاق، ئەرەب قاتارلىق يېزا-قىشلاقلىرىدىن نۇرغۇن كەمبەغەل دېھقانلارمۇ بۇ قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. ئارەزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇمۆمىن، دوستى ھەيرەتى قاتارلىقلارمۇ بۇ قوزغىلاڭ ئىچىدە بولىدۇ. قوزغىلاڭ چار پادىشاسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن دەھشەتلىك ھالدا باستۇرۇلىدۇ، بىر كۈن ئىچىدە 94 نەپەر قوزغىلاڭچى قەتل قىلىنىدۇ.

قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئارەزىنىڭ ئوغلى ۋە دوستلىرى پادىشا ساقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەقىپ قىلىنىشقا ئۇچراپ، مەرغىلان، قوقەنت ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدە تاكى 1917-يىلى فېۋرال ئىنقىلابىغىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

1917-يىل 11-ئايدىكى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى ئارەزى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى زور خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان كۈنىدىن

باشلاپ ئارەزىنىڭ دوستى ھەيرەتى مەھەللىۋى كوممۇنىستىنىڭ ئەزاسى، 1920 - يىلىدىن 1924 - يىلغىچە ئىنقىلابىي كوممۇنىست رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ۋە ئۇستازى ئارەزىنىمۇ مەسئۇل خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئارەزى مەھەللىۋى سوۋېتلەرگە سېكرېتار بولۇپ ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. ئارەزى بۇ يىللاردا «تاماشا قىل»...غا ئوخشاش كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئەمگەكچى خەلقنى زۇلۇم - ئېكسپلاتاتسىيىدىن ئازاد قىلغان ئۆكتەبر ئىنقىلابىنى مەدھىيىلەيدۇ، داھى لېنىننى ئۇلۇغلايدۇ.

شائىر 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەبچى بولغان كۈچلەرگە لەنەت ئوقۇپ، ئۆكتەبر ئىنقىلابىنى مەدھىيىلىگەن «تاماشا قىل» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىدى بىر مىڭ توققۇز يۈزگە ئون يەتتە قوشۇلغان چاغ،
ئۇرۇش تۇفانىدىن ئالەمنىڭ باغرى بولغان ئەردى داغ،
ئۇرۇشتىن، ئۆلتۈرۈشتىن قالغان ئەلمۇ باردۇر ناساغ،
مازارىستان قىلىپ دۇنيانى ئىمپىراتورلارنىڭ ۋەقتى چاغ،
ۋىلگېلىم، ئېنگېلىز، نىكولايلارنى تاماشا قىل!

دېدى لېنىن: «ئۇرۇشماق، ئۆلتۈرۈشمەكلىك تامام ئولسۇن»،
قەيەردە بولسا مېھنەتكەش، بەرى بىر - بىرىگە رام ئولسۇن،
ئوغۇل - قىز، ئەر - خوتۇن بارى تەڭ خۇش ئېھتىرام ئولسۇن،
بۈگۈندىن خوجىلىق، قۇللۇق ۋە ھاكىملىق ھارام ئولسۇن!»
پۈتۈن دۇنياغا بۇ نۇتقى گۆھەر بارىن تاماشا قىل!

بۇ مىسرالاردا ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ ھايات بەخش نۇرلىرىدىن بەھرىمەن بولغان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ، جۈملىدىن، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خۇشاللىقى، لېنىنغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

1918 - يىلى ياش سوۋېت زېمىنىدا ئاق گۋاردىيىچىلەر ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدۇ، شۇ قاتاردا ئوتتۇرا ئازىيادىمۇ — ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋادىسىدىمۇ پرولېتارىيات دۆلىتىگە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى بولغان ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ قانلىق توپىلىڭى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەكسىيەتچى تەبىقىگە ۋەكىللىك قىلغان ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان باسمىچىلار ھەرىكىتى تىنچ ئاھالىنىڭ ياستۇقىنى قۇرۇتۇش بىلەن بىللە، سوۋېت تۈزۈمىگە خەيرىخاللىق قىلغان، باي، روھانىيلارنىڭ زۇلمىغا قارشى چىققان ئىلغار كىشىلەردىنمۇ «ئۆچ ئېلىش»قا باشلايدۇ.

ئارەزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى — شەھرىخان ناھىيىسىنى ئوراپ ئالغان كورشىرمەت باسمىچىلىرى ئارەزى، ھەيرەتى ۋە باشقا ئىلغار زىيالىيلارنى «ئۇجۇقتۇرۇش» نىيىتىدە، ئۇلارنى ئىزلەشكە كىرىشىدۇ. ئارەزىنىڭ يېقىن دوستى، شەھرىخان مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئىنقىلابىي كوممۇنىست ئەزاسى خوجاخان مەنسۇروۋ دېگەن كىشى باسمىچىلار تەرىپىدىن ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئارەزى بىلەن ھەيرەتىنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. ئۇلار قوۋا، مەرغىلان قاتارلىق شەھەرلەرگە كېتىپ، يوشۇرۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1920 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەرغانە باسمىچىلىرىنىڭ توپىلىڭى باستۇرۇلىدۇ. شەھرىخان-

دىن قېچىپ كېتىۋاتقان كورشىرمەت باندىتلىرى پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇپ، رەستىلەر، كارۋانسارايلار، پاختا زاۋۇتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۈمۈر يولنى بۇزۇپ كېتىدۇ. ئارەزى كۆپ شېئىرلىرىدا ئاڭسىزلىق بىلەن باسمىچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن كىشىلەرنى ئۆز جىنايىتىنى تونۇپ، خەلققە تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ بىر شېئىرىدا:

ئۇغۇرلۇق، باسمىچىلىق نام ئىلە دۇنيادا يۈرگۈنچە،
شىتاپ ئەيلەپ بۆلەك دۇنياغا يول سال تۇرمايىن بىردەم.

دەپ يازغانىدى.

گراژدانلار ئۇرۇشى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئارەزى «قوشچى سويۇزى» («دېھقانلار ئۇيۇشمىسى»)، «پاختا شىركىتى»، قاتارلىق سوۋېت مۇئەسسەسەلىرىدە سېكرېتار بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1924—1925 - يىللاردىن باشلاپ ئۇ ئوغۇللىرى يېنىدا ياشايدۇ ۋە ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شائىر ئارەزى 1939 - يىل ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆپ يىللىق ئىجادىي مېھنىتى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت پېنسىيە بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئارەزى 1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 73 يېشىدا شەھرىخاندا **ۋاپات بولىدۇ.**

1951 - يىلى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى شەھرىخان ناھىيىسىنىڭ ئارەزى تۇغۇلغان — ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان «قەشقەر» مەھەللىسىگە ئارەزى نامىنى بېرىدۇ. 1957-يىلى «ستالىن» رايونلۇق پىئونېرلار سارىيىغا، ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانىغا ۋە ئاساكادىكى بەزى كوچىلارغىمۇ ئارەزى نامىنى بېرىش بىلەن، شائىر ئارەزىنىڭ ئىجادىي تۆھپىسىنى ۋە ئۇنىڭ خاتىرىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

شائىر ئارەزى 1890 - يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى ساپ ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدا يازدى، ئۆزبېك تىلىنىڭ ھەممە گۈزەل ۋاسىتىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ۋە چوڭقۇر سىياسى - ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە نادىر شېئىرلىرى بىلەن ئۆزبېك خەلقى ئىچىدە ئۇنتۇلماس خاتىرە قالدۇردى.

ئارەزى ئىجادىنىڭ ئەڭ سەمەرىلىك باسقۇچى 1903 — 1917 - يىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەۋردە شائىر ئەينى زامان ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار قانىتى — دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى تەرىپىدە تۇرغانىدى. ئۇ يېڭىلىقنى، مەرىپەتنى، دېموكراتىيىنى، ئاياللار ئازادلىقى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى كۈيلىدى.

ئارەزىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئاۋۋالقى شېئىرلىرى مەتبۇئات يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، خەلق تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئۆزبېك خەلق ھاپىزلىرى (خەلق ناخشى - چىلىرى) تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، پۈتۈن ئۆزبېكىستانغا تارقىلغان ئىدى. ئۇنىڭ «تېپىلمايدۇ»، «ئىنگاھ ئەيلەي»، «ئەي كۆڭۈل»، «كۆردۈم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۆزبېك خەلق ئەشۇلىسى تەرىقىسىدە ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

ئارەزى ئىجادىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭ ھەجۋى قەلىمى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ناچار ئىللەتلەرنى شەپقەتسىز ھالدا سۆكۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۆتمۈش -

تىكى شېئىرىيەت ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئاكتىۋئال تۇرمۇش تېمىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئارەزى ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا مەخمۇر، مۇقىمى ۋە فۇرقەت باشلاپ بەرگەن دېموكراتىك ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئارەزى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە يازغان ئەسەرلىرى بىلەن دېموكراتىك شائىر، جاما-ئەت ئەربابى سۈپىتىدە نام چىقارغان بولسىمۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىجادى يېڭى سوتسىيالىستىك ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۆھپە قوشقان ئىلغار ئەدەبىي ئېقىمغا مەنسۇپ بولدى. چۈنكى، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر ئارەزىنىڭ ئېڭىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىغانىدى. ئۇ سوۋېت ھاكىمىيىتى يىللىرىدا يۈز بەرگەن ھەربىر ھادىسىنى، سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان سوۋېت خەلقىنىڭ تارىخىي غەلىبىلىرىنى ئۆز شېئىرلىرى ئارقىلىق مەمنۇنىيەت بىلەن كۈيلىدى.

50 - يىللاردا ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئارەزى ئەسەرلىرىنى توپلاش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش يۈزىسىدىن كۆپ ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

شائىر ئارەزىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 پارچە دەپتىرى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇراخمان ئېلىخانوۋفتا ساقلانغان بولۇپ، بۇ قولىيازمىلارنى يازغۇچى سابىر ئابدۇللا، ئەنجانلىق شائىر ئۇلفەت (ئىمانىدىن قاسىموف) لار ئېلىپ، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرغان. بۇ ئەسەرلەر ھەرخىل ژانىردا يېزىلغان 66 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ — شائىرنىڭ ھەممە ئەسەرلىرى بولماستىن پەقەت قولىيازمىدا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئارەزى-نىڭ شېئىرلىرى سوۋېت دەۋرىدە — ئۆزى ھايات ۋاقتىدا «يېڭى پەرغانە» گېزىتىنىڭ «چىغىرىق» بېتىدە، «ستالىنچى» گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئېلان قىلىنغان. ئەنە شۇ مەنبەلەر ئاساسىدا 1958 - يىلى ئۆزبېكىستان بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى ئارەزى شېئىرلىرى توپلىمىنى تۇنجى قېتىم نەشر قىلدى. توپلامنى ھ. راززاقوۋ نەشرگە تەييارلىغان. بىز ئاشۇ توپلام ئاساسىدا ئارەزى شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، تۇنجى قېتىم كىتابخانلارغا تونۇشتۇردۇق. نەشرگە تەييارلاش داۋامىدا شېئىرلار تەلەپپۇزىنى، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشقا كىرىشتۇق. مەزمۇنىنىڭ تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ لۇغەت بەردۇق.

بۇ يەردە شۇ نەرسىنى تەكرار تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇكى، ئارەزى — ئۇيغۇر شائىرى. ھازىرقى ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇ ئۇيغۇر شائىرى سۈپىتىدە تونۇلغان. شائىر ئۆزىنىڭ قەشقەرلىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىپ:

تەرك ئەيلەتىپ ۋەتەننى كەلتۈردى ئەندىجانگە،
ئۆلتۈرسە ھەم بۇ يەردە، كۆزىدۇر ھەر قايانگە،
ئارەزىنىڭ تاقەتى يوق ھەر رەڭلى ئۇنۇۋانگە،

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلەر ئادەت ئەتمىش ئۆزبېك كەبى ئىمانىگە،①
شەرمۇ هاياغە غالىپ دەداسى پۇل ئەمەسىۇ؟

(1916 - يىل)

دەپ يازغانىدى.

لېكىن ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى تامامەن ئۆزبېك تىلىدا يازدى. بۇ نۇقتىدىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىمۇ تېگىشلىك مەۋقەئى بار. بۇ هال خۇددى هازىرقى شىنجاڭ ئۆزبېك يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىپ كەلگىنىگە ئوخشايدۇ...

ئارەزىنىڭ شېئىرلىرى غايىۋى جەهەتتىن ساغلام ۋە يۈكسەك، بەدىئىي جەهەتتىن ناهايىتى گۈزەلدۇر. شائىر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، بەدىئىي تەسىرچانلىقى، ئىستېتىك زەۋقى ۋە ئىمكانىيەتلىرىدىن، خەلق ماقاللىرى، ئافورىزملىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلاندى.

## غەزەللەر

### ئەي كۆكۈل

ئەي كۆكۈل، ئويلاپ سۇخەن قىل، بىر بەلا قوزغالمىسۇن،
تىنچ يۈر، باشىڭگە هەرخىل ماجەرا قوزغالمىسۇن.

سۆزلەسەڭ، ئەۋۋەل زەمانىنىڭ هالىنى بىر ئۆلچەگىل،
چۈنكى هەربىر كىمسەلەردىن ئىددىئا قوزغالمىسۇن.

كارناي ئاۋازىنىڭ هەر سەۋتىگە جۆر ئولسۇن، دېدىم،
دىمەدىم نەي بىرلە تەنبۇردىن سەدا قوزغالمىسۇن.

يار ۋەسلىگە دۇچار بولغاندا خوپ بول ئېهتىيات،
هەر تەرەفتىن شۇم رەقىبى روسىياه قوزغالمىسۇن.

بەخت تا يار ئولمەسە تەدبىرلە دۇچار ئولمىغاي،
ئەقل قانماس يەردە نۇتقىڭ مۇتلەقا قوزغالمىسۇن.

دوست ئىلە دۈشمەننى بىلگەيسەن باشىڭگە چۈشسە ئىش،
تەئنەئى دوست ئىلە دۈشمەندىن جەفا قوزغالمىسۇن.

① بۇ يەردىكى «ئىمان» سۆزى — ئىشەنچ دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

لىك ھەربىر ئىشدە ئۆز فىكرىڭ بىلە بول، ئارەزى،
ھەرنىچۈك بىر ئىشتە ھەرخىل مۇددەئا قوزغالمىسۇن!

1913 - يىل 6 - نويابر، شەھرىخان

## دەركار ئەمەس

سۆيمەگەن مەجلىسكە قويماقلىق قەدەم دەركار ئەمەس،
سۇدى يوق سۆزلەرگە سۇرمەكلىك قەلەم دەركار ئەمەس.

ھۆسن سۇرەتكە باقىپ ئاشفتە بولمە، ئەي كۆڭۈل،
ئەقلى بولماي ھۆر تەلئەت بولسە ھەم دەركار ئەمەس.

ئەللىگۇ ئاتمىشتىن ئارتمايدۇ تىرىكلىك شەۋكەتى،
شۇنچەلىك ئۆمرۈڭگە بولماق مۇتتەھەم دەركار ئەمەس.

ماھەزەر خەلق ئىبرەت ئەھۋالىن بىلەي دىسەڭ ئەگەر،
بارى ئەيتۇر: «ماڭا يالغان زەررەھەم دەركار ئەمەس!»

رىندەۋەشلەر گۇشەئى گۈلخاندا ئالغاندا قەرار،
ئەيتەدۇر ھەركىمسەگە ھايۇ ھەشەم دەركار ئەمەس.

ھۆرجەننەتتىن ئالىپ، ساتماق بولۇر ئەھلى رىيا،
تائەتى سەد سالەسگە بىر دەرەم دەركار ئەمەس.

غەيرەت ئەت بىر مەنپەئەت يەتكۈزمەك ئۈچۈن خەلققە،
لىك زالىملىق — لە بولماق مۇھتەرەم دەركار ئەمەس.

تەكۇ - تۇش فەزلو ھۇنەر تاپماقتا مەكتەپتە يۈرۈپ،
كۇچا - كويدا سەن يۈرۈپ چەكمەك ئەلەم دەركار ئەمەس.

ئاتقان ئوق — ئۆتكەن ئۆمۈر، كەلمەيدۇ قايتىپ مۇتلەقا،
ئارەزا، يالقاۋلەرە بولماق بەفەم دەركار ئەمەس!

1914 - يىل، شەھرىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## باخەبەر بول

باخەبەر بول ئارەزا، ھېچبىر نەفەس بىكار ئەمەس،
رىشتەئى ئۆمرۈڭدىن ئۈزگەيلەر، قۇرۇق ئەخبار ئەمەس.

كۆن سانارمىز: «ئەرتە ئۇنداغۇ بۇگۈن بۇنداق» دېبان،
كۈندە بىر بەت دەفتەرىڭ كەتمەكتە سەن ھوشيار ئەمەس.

ئويلاچۇ، تالۇ تېرەككە ئاتتى كىم تاشۇ ـ كېسەك،
كۆرمەدىڭمۇ ھېچبىر خۇشبۇي گۈل بىخار ئەمەس.

كۈندەلىك ئۆمرۈڭنى ئۆرگەتمەكۇ ئۆرگەنمەككە بەر،
بۇ جەھاندا ھېچبىر ئىش كۆركى نادەركار ئەمەس.

تا تىرىكسەن، ۋەقت ئۆتتى، دەپ قاراپ ئولتۇرماغىل،
فەزل تاپماققا مۇشەققەت قانچە كۆرسەڭ ئار ئەمەس.

1910 - يىل.

## ئەلادۇر

ئوقۇپ بىر فەزل تاپ ئالەمدە سۇلتانلىقتىن ئەلادۇر،
فەراسەت بىرلە ئىش كۆرسەڭ، سۇلەيمانلىقتىن ئەلادۇر.

خۇشا تالەيكى دائىم خۇلقى خۇش ئەتۋارىدۇر دىلكەش،
ئەگەرچە زىشت رۇدۇر ھۇسنى خوبانلىقتىن ئەلادۇر.

بىراۋكىم راست سۆز دەپ، فىتنە قوزغاپ، تىچلىغىن بۇزغاي،
پالاكەت فىتنەدۇر — بۇ قەۋمى يالغانلىقتىن ئەلادۇر.

ئۆزۈڭدەك بىر كىشىنىڭ خاتىرىن رەنجىتمە تۆھمەت ـ لە،
ئەدالەت بىرلە سۆز ئاچ، خانۇ خاقانلىقتىن ئەلادۇر.

تىنىڭ سېھھەت ئىكەن، بىكار يۈرمەي، ئۆزنى ئۇر ئىشكە،
كۆرەرسەن راھەتىنى، شەيخۇ ئىشانلىقتىن ئەلادۇر.

بىلىپ جايىنى مېھنەت ئەيلەسەڭ كۆپلەرنى شاد ئەتكۈڭ،
بۇ يەكۈلىغ ئادەمىيەت — مەردۇ - مەيدانلىقتىن ئەلادۇر.

ئەگەرچە دەشت - سەھرالەردە بولساڭ سۆيگىنىڭ بىرلە،
پەرىشان بولما ئەسلا، باغۇ - بوستانلىقتىن ئەلادۇر.

بىراۋكىم ئۆزنى بىلمەس، بىلگۈچى يول باشلىسا يۈرمەس،
ساۋۇرغان، پىر ئۇرغان جۇملە نادانلىقتىن ئەلادۇر.

بىراۋ تالۇ تىبرەك، ئەسكى سۆكەكلەردىن ئۇمىد ئىستەپ،
تەلەپ ئەتسە ئوغۇل - قىز - ۋەھشى ھەيۋانلىقتىن ئەلادۇر.

ھەۋەس بىرلەن ئۆزىن ئاشىق ساناپ ھەركىمگە ئەرگەشكەن،
بۇدۇر شەھۋەت ئەسىرى — بارچە سەرسانلىقتىن ئەلادۇر.

بىراۋلار ئاش - ناندا قىلۇر تەئرىپ - تەۋسىفىن،
ئىبرۇر كۆپ خارلىق بۇ — جۇملە شەيتانلىقتىن ئەلادۇر.

سۆچۈك سۆز بىرلە كۆرگۈز چىھرىنى ھەركىم دۇچار ئولسا،
فەساھەتلىك سۇخەنۋەر — ساھىب ئىھسانلىقتىن ئەلادۇر.

ھەقىقى دوستۇڭ بىرلەن كۆرۈشسەڭ قايسى بىر يەردە،
بۇلەكلەر — لە زىيابەت بىرلە مېھمانلىقتىن ئەلادۇر.

قوي ئەمدى ئارەزا، سۆز كۆپ، سوزۇلسا قىممەتى قالماس،
فەراغەت بىرلە مېھنەت — تولا ھەمىيانلىقتىن ئەلادۇر.

1910 - يىل.

## ئەي دىل

ئەي دىل، مۇكەددەر ئولما، قىش ئۆتتى، باھار ئولۇر.
سەھرا يۈزى بىنەفشە بىلە لالەزار ئولۇر.

راھەت - مۇشەققەت ئاستىدەدۇر، ئەقل ئىبرۇر گۇۋا،
ئالتۇن، كۈمۈش ھەم ئوتقا چۈشۈپ بىخۇبار بولۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇلبۇل سەھەردە ناله قىلۇر، بىسەبەب ئەمەس،
گۇل ئاچىلغۇنچە قانچە تىكەنگە دۇچار ئولۇر.

ھەربىر كۆكۈلگە چۈشسە ئەگەر ئىشق شۇئلەسى،
نەپىئۇ زەرەرگە باقماي ئىشى ئاھۇ ـ زار ئېلۇر.

ئىشق ھەقىقى تەئلىم بىلەن تاپمىغاي كەمال،
گەۋھەر ئېرۇركى نەرقى ئۇچۇن نە بازار ئولۇر.

تەرك ئەتمەك ئولماس ھەركىمنىشى ئىختىيار ئىله،
بۇ كىمىيايى ئىشق مۇدام بىئىختىيار بولۇر.

ھەركىمسەنىڭ تالئى خۇش، خۇلقى خۇش ئولسە،
ھەر جاي، ھەر ماكاندا ئاڭا ئېتىبار بولۇر.

دۇن تەئبىلەركى، دايىم بولۇر خەسىس، زەر تەلەب،
ھەرقانچە جەم ئەيلەسەلەر ھەم ئەيشى تار ئولۇر.

ئەھلى خىيانەت گەرچە قىلۇر سىررىن ئېھتىيات،
مىڭ چارە قىلسا بىركۈن ئۆزى ئاشكار ئولۇر.

دۇنيانىڭ كارى شۇنداق ئىكەن، دېدۇق. ئاڭلىدۇق،
گاھا بىراۋ ئەزىزۇ بىراۋ خارۇ زار ئولۇر.

ئەفسۇسكى ئۆتتى ئۆمۈر، قالمىدى ئەسەر،
دەپ قەبزىيەتىدىن ئارەزى دىۋانەۋار بولۇر.

1913 - يىل

**نەسىھەت**

دوست نادان پۇرزەرەردۇر دۈشمەنى غەددارىدىن،
خوب دىمىش ئەقل ئەھلى كالتەكنى ئەقىلسىز ياردىن.

بىر نەفەسلىك ئەيش ئۈچۈن دۈشمەنكى بولغاي ھەمنىشىن،
چۈنكى ئانلەر بەھرەسىزدۇر شەرم بىرلەن ئاردىن.

جان ـ دىلدىن مەنپەئەت دەپ قىلسا هەم خىزمەت ساڭا،
فەرق قىلماس بىغەرەز دوستۇڭنى ئول ئەغياردىن.

بىلسەڭۇ تاپساڭ ئىلاجىن، بولماغىل نادانغا دوست،
ئىتتىپاقا بولساڭ، ئىزهار ئەتمەگىل ئەسراردىن.

ئەهلى غەيرەتلەرگە ئەرگەشمەكتە تاپقايسەن مۇراد،
كۆر، سەگى ئەسهاب كەئبىنىڭ قىسسەسى ئاساردىن.

ئۆزىگە يال بولمىغانلار كۆپى دۇم قىلماق بولۇر،
گۇيا گۇل ئۈزمەك بولۇر هەر بىر نىچۇك تۇپ خاردىن.

بار ئىكەن قىيغىر قولوڭدا ئەسرەغىل پەرۋا بىلەن،
ياخشى دەپ، بىلمەك كېرەك ئاسماندەكى شۇڭقاردىن.

كەمبەغەل هەم بولسە دانىش ئەهلىگە يەتكۈزسە زور،
بىلسەڭ هەر دائىم مەلالەت يەتكۈسى زەرداردىن.

خۇلقى خۇش، گۇفتارى خۇشلار بىرلە بولغىل ئارەزا،
خاه پەدەر، خاهى پىسەر بىزاردىل ئازاردىن.

1915 ـ يىل

## كىم نېمە بىلەن مەشغۇل

بىراۋ ئەزتەختى دىل ئىشلەپ، ئۆزىن ئىنسانغا قوشماقتا،
بىراۋ دائىم ياتىب سالقىندا هەيۋاندەك قونۇشماقتا.

بىراۋ ياز ـ ئىسسىغى، قىش چىللىسى دەپ تىك ئوتۇرمەيدى،
بىراۋ بىكارلىقتىن هەر خىل ئەپسانە سۇرۇشماقتا.

بىراۋ مېهنەت قىلۇر، ئەهباب، ئەقرانلار غەمى بىرلەن،
بىراۋ ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۆزگەلەر بىرلەن ئۇرۇشماقتا.

بىراۋ غەيرەت ـ لە ئىشلەپ، مىلك كىشىنى سەرفەراز ئەيلەر،
بىراۋ بىر باشىنىڭ ۋەهمى بىلەن دائىم سولۇشماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىراۋ دەشتۇ - باياۋانلاردا ھەم سىراپ راھەتتە،
بىراۋ دەريا ئىچىدە بولسە ھەم چاڭقاپ تۇرۇشماقتا.

كەل ئەمدى، ئەي سۇخەنگۇي، سەن ئۆز ئەھۋالىڭغا ۋاقىب بول،
بىراۋلەر رەشك - قىزغانچۇق بالاسىغا ئۇيۇشماقتا.

گەدايۇ، شاھ، باي ياكەمبەغەل، ياشۇ - قېرى بولسۇن،
كۆرەرسەن بۇ جەھاننىڭ ئادەتى تەكدۇر ئۆلۈشماقتا.

بىراۋلار ياخشى نامىن قالدۇرۇر تا بارىچە ئالەم،
بىراۋ ھەركىمگە بىر تۆھمەت توقۇپ ئىتتەك ھۇرۇشماقتا.

يامانلىق، ياخشىلىق بىكار كەتمەس، ئارەزا بىلسەڭ،
بىراۋ ياشنار، بىراۋ قاخشار، بۇ دۇنيادىن ئۆتۈشماقتا.

1913 - يىل

## دىلىم دانانى ئىزلەر

دىلىم دانانى ئىزلەر، تالىيىم نادانغا ئۆلپەتتۇر،
دىمەيمۇ ئۇشبۇ يەڭلىغ مۇختەلىب جايىمنى كۈلپەتتۇر.

ۋە لېكىن نانكورلۇق بولمىسۇن دەپ ۋەھم ئەيلەرمەن،
سالامەتمەن، ئامانلىق، بافەراغەتمەن — شۇ دەۋلەتتۇر.

كېلىپ كەتمەك، بارىپ ياتماققا ھازىر ئىختىيارىم بار،
دىگۈم ئەلبەتتە ئۇشبۇ ھالەتمنى ياخشى دەۋلەتتۇر.

كۆرەرمەن نەچچىلەر ئۆز ئىختىيارىچە قەدەم باسماس،
قايۇ بىرجان قەفەزگە بەند ئولۇر، ئەلبەتتە دىققەتتۇر.

كۆپ ئادەم زار، بەدەرمان ياتۇرلەر خابى ھەيرەتتە،
قولىغا بەرگەن ئەۋقاتىنى يۇتماق ھەم ئەزىيەتتۇر.

دىمەسمەن تۇن قاراڭغۇ، كۈن يورۇق، قەندۇ ھەسەل شىرىن،
ۋەيا كۆكنار خارئەيلەر، هاراق ئاچچىق كەسافەتتۇر.

سەۋەبسىز، بىتەرەددۇد ھېچبىر ئىش بولماغاي مەۋجۇد،
شۇنىڭ ـ چۈن ھەر بىر ئىنسان ئىش بىلەن بولماغى زىنىنەتتۇر.

چىن ئىنسان ھېچبىر ئان بى پىكىر، بىكار ئوتتۇرمەيدى،
قىلار مېھنەت، كۆرەر راھەت، خىجالەتسىز مەئىشەتتۇر.

جەھانىنىڭ ئادەتى ــ تەقدىر ئىشى دەپ، كار قىلماستىن،
يۈرۈپ خار ئەيلەدى دەپ زارلىنىش ــ ئەلبەتتە تۆھمەتتۇر!

سوزۇلدى ئارەزا، شېئىرىڭ ئۇزۇلمەس چىن مۇھەببەتتەك،
رەقىبلەر تەئنە قىلسا، دوستلاردەر «خوپ زۆرۈرەتتۇر»!

1923 ـ يىل

## ئۆرگەندىم

مۇددەئايى زەماننى ئاقىلۇ دانادىن ئۆرگەندىم،
شۇكۇھى دەھرنى بىر ھىممەتى ئەئلادىن ئۆرگەندىم.

ياشار راھەتتە فارىغبال مېھنەتكەش گۈرۈھىكىم،
ئۆزىن خار ئەيلىمەكنى دەڭگەسە سۇللاھدىن ئۆرگەندىم.

قاراڭغۇ كېچەلەر رەۋشەن دىگەنلەر بىرلە كارىم يوق،
ھاماقەت بابىنىڭ ھەر خىل سۆزۈ «ھا ـ ھا» دىن ئۆرگەندىم.

ئوغۇل تاپماق بولۇپ تالۇ ـ تېرەك، ئەسكى سۆيەكلەردىن،
تاۋۇق يا ئەچكۈ سويماقنى دىنى بىجادىن ئۆرگەندىم.

يىگىتلىك مەرتىلىك زەۋقى بىلەندۇر ناتەۋان كۆڭلۈم،
سىنىق گەردەنگە تىغ ئۇرماقنى بىر خۇنسادىن ئۆرگەندىم.

دىلىم بىرلەن تىلىم بىردەك ئاچىلماس تا باھار ئولماي،
پىغان چەكمەكنى گۈل پەسلىدە بىر شەيدادىن ئۆرگەندىم.

نەزەر ھەم سالمىغايمەن باخشى، ئىشانۇ دوئاخانگە،
ئەمەل ئىلمىگە قىلماسلىقنى كۆپ موللادىن ئۆرگەندىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



مۇقەللىد شەيخلەردىن ھەيىق ئىكەن قىلماق شكايەت ھەم،
قىيىنغلىق سەنئەتنى پىر ئالدىدا غەۋغادىن ئۈركەندىم.

«چىقىپتۇر ئەۋلىيا» دەپ ئەركەكۇ خاتۇن يۈگۈرماقنى،
ئاداشقان، يولدىن ئازغان ئەقلى نابىنادىن ئۈركەندىم.

ئەزىزلەر سۆھبەتىن قانداق ئىكەن دەپ ئارزۇ قىلدىم،
كۆلۈپ ئارەزگە باقماقلىقنى بىر بەرنادىن ئۈركەندىم.

1927 - يىل. شەھرىخان

## ئىلىم

يەر يۈزى بىردەشتۇ سەھرا بولسا، گۈلزارى ئىلىم،
سەھنەئى ئالەمدە بولماقتا نەمۇدارى ئىلىم.
بىزنىڭ ئەل، بىزنىڭ زىمىننى سۆيگۈچى بىرمەن ئەمەس،
چۈنكى ھېچبىر جانغە يەتكۈزمەيدۇ ئازارى ئىلىم.
قايدا بولسا ئەھلى دانىش تەن بېرىپ، قايىل بولۇر،
ئىلىم - پەن بىرلە قورااللانماقتا سەردارى ئىلىم.
كۆز ئالايتۇرغۇچى دۈشمەن ئىتلىرىن باشىن ئېزىپ،
شەپقەت ئەتمەي يوق قىلۇرغا بولدى ھوشيارى ئىلىم.
ئەرۇ خاتۇن يادئېتەرلەر داھىلەر تەئلىمنى،
قىلماق ئۈچۈن ھەر نېچۈك ئىشلاردا دەركارى ئىلىم.
ھېچبىر ئىنسان ساۋادسىز قالمىغاي بۇ ئۆلكىدە،
كېچە - كۈندۈز ئۇقىماق، بىلمەككە تەييارى ئىلىم.
كولخوزۇ سوۋخوزلەرنىڭ ھەر بىرى بىر ئاگرونوم،
يېڭىلىقلارنى بېرۇر بىر نەۋئى خوپ يارى ئىلىم.
ئارەزا، تەئرىپى تەۋسىفىن قىلالمايسەن ئادا،
داھىمىز لېنىن ھەم قىلغان خېرىدارى ئىلىم.

1930 - يىل. شەھرىخان

## گېزىت

كۆردىڭىز ھەركىمنى ھەر خىل ئىشقا يار ئەيلەر گېزىت،
غۇسسەيۇ غەمنى كۆڭۈلدىن تارمار ئەيلەر گېزىت.

ئىشچى-يـۇ، كولخوزچى ئۇرتاقلەرگە چىن رەھبەر بولۇپ،
زوق ئىلە پىكرىن ئېچىپ، هوشيار ئەيلەر گېزىت.

مەغرىبۇ مەشرىقنىڭ ئەھۋالىنى ھەر كۈن كۆرسۈتۈپ،
ئوقىغانلار كۆڭلىنى ئايىنەۋار ئەيلەر گېزىت.

چىن ھەقىقى دوستلارنى ھەم غىدىغلاپ ئويغىتار،
لېك دۈشمەننى تىتىقلاپ شەرمىسار ئەيلەر گېزىت.

دەڭگەسە، يالقاۋ، تېكىنخورلارنى مەجلىستىن قوۋۇپ،
ئەھلى ئىززەتلەرگە ھۆرمەت ئاشكار ئەيلەر گېزىت.

ئوقىماق، بىلمەك ئوغۇل-قىزلارغا زىننەت دەپ يازار،
ئەركەكۇ خـاتۇن ئوقىسا ئېتىبار ئەيلەر گېزىت.

داھىمىز لېنىن: «ساۋاتسىزلىق تامام بولسۇن» دېدى،
كىمكى پەرۋا قىلمىسا، ھەسرەتتە زار ئەيلەر گېزىت.

قانچە دانىش ئەھلى مەتبۇئاتتا تىنماي ئىش قىلار،
خۇش پىكىرلەرنى تېپىپ، بىر-بىرىگە يار ئەيلەر گېزىت.

فىرقە يولىدىن ئاداشماي دېسىڭىز تىنماي ئوقۇڭ،
ئىبرەت ئېلىپ ھەر نېمىدىن بىغۇبار ئەيلەر گېزىت.

بىلمىگەنلەرنى بىلىپ، نۇتقى فەساھەت ئۆگىنىڭ،
تۇرمۇشىڭىزنى بېزەپ خۇش روزغار ئەيلەر گېزىت.

ئارەزى ھەرقانچە تەئرىپ ئەيلىسە بولماڭ مەلۇل،
بىر كۈن ئۆتسە ئوقىماستىن بەدخۇمار ئەيلەر گېزىت.

1928 - يىل. شەھىردىخان

**ئارمىيىدىكى ئوغلۇمغا**

بالام، ھەر يەردە بولساڭ، شادلىق بىرلە خىرام ئەيلە،
ساڭا رەھبەرلىك ئەتكەن كىمسەلەرنى ئېھتىرام ئەيلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسەت ئىلمىدىن بىر زەررە قالدۇرماي تامام ئۆگەن،
كاماندىرلار يۈرۈشىنى پىكىر بىرلە كەلام ئەيلە.

قۇۋانماق، شۈكرى قىلماق ـ لە بولدۇق شاد ـ مىننەتدار،
يەنە ھەم قەھرىمانلاردەك يۈرۈش قىل، ياخشى نام ئەيلە.

يىگىتلىكتە ياراشقان قەھرىمانلىق بىرلە پالۋانلىق،
ھەمىشە ئالغا باس، دۈشمەننى يانچىپ تەشنەكام ئەيلە.

ئاكاڭ ئابدىسەمەتمۇ ئۆز قىسمى ئىچرە چاققانمىش،
ئاڭا ھەم خەت يېزىپ، غەيرەت بىلەن جۈرئەت داۋام ئەيلە.

ئاتاڭ بىرلەن ئاناڭدىن مېھرىباندۇر پارتىيە غەمخور،
ئاڭا مەنزۇر بولماقلىقنى ئىزلەپ خۇش خىرام ئەيلە.

يازىلمىش قانچە مەتبۇئاتقا نامىڭ ياخشى نۇئمان، دەپ،
سەئادەتخان، مۇھەممەد ئوغلى دەپ شۇنداق مەقام ئەيلە.

1942 ـ يىل

**بايرام تەبرىكى ①**

بۈگۈن ماي بايرىمىڭىزنى مۇبارەك ياد ئېتەي دەيمەن،
دۇئايى خالىس ئەيلەپ، خاترىڭىز شاد ئېتەي، دەيمەن.

قېرىپ قالغان، زەئىپلەنگەن چېغىم كۆپ قوللىدىڭىزلەر،
تەشەككۈر ئورنىدا قىلمىشلىرىڭىز ياد ئېتەي دەيمەن.

تەرەققىي قىلمىش ئەركەن مەركەز ئىجراكوم بىلىپ ھالىم،
مىسالى بۈزەمان شېرىن، ئۆزۈم — پەرھاد ئېتەي دەيمەن.

**مۇخەممەسلەر**

**پۇل ئەمەسمۇ**

ئۇشبۇ جەھان ئېلىنىڭ دەئۋاسى پۇل ئەمەسمۇ؟
تۈن ـ كۈن دىلىدە سۆيگەن زىباسى پۇل ئەمەسمۇ؟

①* بۇ شېئىر ئارەزدىگە پېنسىيە بېرىش توغرىسىدىكى قارار ئېلان قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان.

بۇ خەلقنىڭ شۇنچە شورىش - غەۋغاسى پۇل ئەمەسمۇ؟
بىر - بىرىگە تۆھمەت ئەيلەپ ئىخۋاسى پۇل ئەمەسمۇ؟
مىكرۇ - فىرىبلەر ئەيلەپ سەۋداسى پۇل ئەمەسمۇ؟

مەھبۇب ئام ئولمىش ھەر يەردە بولسا ئالتۇن،
ھەركىمگە جىلۋە ئەيلەپ بىر باقسا قىلدى مەجنۇن،
لېكىن بۇ كوھنا گەردۇن ھەر كۈن بولار دىگەرگۈن،
بىلمەم، ئەسىرۇ زارەمۇ ئالتۇنغا قاف ئىلە نۇن،
مەخلۇقلەر ئىچىدە ئەئلاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

كىملەرنى قىلدى كۆردۈك: تۈنلەردە تام تېشەرلىك،
كۆپلەرنىڭ كەسپى بولدى بەس ئاقچىدىن كىسەرلىك،
پۇل دەپ نى نازىنىنلار بوينىغا ئالدى غەرلىك،
شېرىن تاماق بولدى ئەھلى رىيا ھەزەرلىك،
ھەر كوچەلەردە سۇر - سۇر، ھا - ھاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

ھەركىمدە بولسا پۇل كۆپ كىمنى كۆزىگە ئىلغاي،
پەرۋايىغا كەتۈرمەس ئالەم بارى يىغىلغاي،
ھېچ ئەقل چارە قىلماي، ياباشىچە يېقىلغاي،
كۆپتۇر غۇرۇرى— كەيفى، كىم تاپتى — ئۆزى بىلگەي،
بۇ دەھرى پۇرفۇسۇننىڭ مىناسى پۇل ئەمەسمۇ؟

كۆردۈكمۇ قانچە ئىنسان كەسپ ئەيلەشۇر گەدالىق،
بىرقانچىسى قويۇپ ئات ئۆزىگە ماسەۋالىق،
قولدا رىيايى تەسبىھ، بوينى بولۇپ رىدالىق،
بۇ ھالغا ئۇيالماي ئۆزنى دەر ھايالىق،
كۆرسەتكەن ئەلگە ئىتتەك سەللاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

ئۆلتۈرگەي ئۆز ئاتاسىن يەكبارە تاپسا پۇرسەت،
مۇشفىق ئاناسىنىڭ ھەم سالغاي باشىغە كۈلپەت،
پەرۋايىغا كېلەرمۇ باشىگە ياغسا لەئنەت،
پۇل زەۋقى چۈشكەن ئىنسان قىلماس كىشىگە شەپقەت،
بۇ ھاللارگە سالغان ئۇستاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

كۆردۈكمۇ، قانچە ئادەم پەرسىز ھەۋاغە ئۇچقاي،
ئەسلىنى تاپماق ئۇچۇن ئەۋجى سەماغە ئۇچقاي،

www.uyghurkitap.com

مەقسەدكە چىن يېتەلمەي دارىلبەقاغا ئۇچقاي،
سىز ھەم پىكىرلەك ـ ئويلاك، نى مۇددىئاغا ئۇچقاي،
ئەل ئاغزىدا دېيىلگەن ئەنقاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

بىر مۇنچە باخشى ـ قوشناچ، بىر مۇنچە مىز دۇئاخان،
تاپقايمىز ئىلمى نەيرەك، بولغايمىز ئانچە ئىشان،
دەسمايىمىز كىپايە، ھەر كۈندە قانچە يالغان،
بىزلەرنىڭ مىكرىمىزدىن شەيتانمۇ بولدى ھەيران،
چۈش ئۇخلىماي كۆرەرمىز، ۋەس ـ ۋاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

نى ياخشى مېھرىبانىنى ئايرىدى بىر ـ بىرىدىن،
كۆردۇڭمۇ، زور ئەيلەر خوتۇننى ئۆز ئېرىدىن.
سەرسان قىلىپ چىقارغاي كۆپ ئەلنى ئۆز يېرىدىن،
تاندۇردى كۆپ خەسىسنى ئۇستاز بىلەن پىرىدىن،
خۇنسا ئېلىن ئىشەنگەن ئاشناسى پۇل ئەمەسمۇ؟

سۇرەتكە بەرگەي ئارا، سىرەتتە نەچچە خىل غەش،
رەڭگىن ھاسالەر ئۇشلاپ ھەم سەللا ـ تون مۇنەققەش،
ئىشان مۇرىد ئوۋلاپ ھەر كوچىلاردا كەش ـ كەش،
تا تاپتى باي، موللا بىر ـ بىرسىدىن ئەيش ـ ئەيش،
تون كېچىلەردە مەخپى يەللاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

گەپ پۇلدەدۇر مۇقەررەر كۆپ مۇنچە قىلما ئىنكار،
تاكەيگەچە① دېمەسمىز يالغانچىلىق نەدەركار؟
تۆت كۈنلۈك ئۆمر دەرسەن، قىلساڭچۇ ئەمدى بىر ئار،
ھازىردە كۆپ ئېچىلدى بىر قانچە مەخپى ئەسرار،
جەننەتتە جاي ئېلىشنىڭ ۋەئداسى پۇل ئەمەسمۇ؟

پۇل دەپ تامامى ئىنسان، ئەي مۇددەئىيي نادان،
مىڭ خىل فىرىب بىرلەن ھەر كوچىلەردە نالان،
ھېچ بارمۇ يۈز ئۆگۈرگەن كاپىر ۋە يا مۇسۇلمان؟
كىم دېسە «خالماسمەن»ئەلۋەتتە بىلگى يالغان،
ئالەم مىسالى دەريا ـ غەۋۋاسى پۇل ئەمەسمۇ؟

تەرك ئەيلەتىپ ۋەتەننى كەلتۈردى ئەند مجانگە،
ئۆلتۈرسىمۇ بۇ يەردە كۆزىدۇر ھەر قايانگە،

① تاكەيگەچە (ئۆزبېكچە) ـ قاچانغىچە...

ئارەزىنىڭ تاقەتى يوق ھەر رەڭلىك ئۇنۋانگە،
ئۇيغۇرلەر ئادەت ئەتمىش ئۆزبېك كەبى ئىمانگە،
شەرمۇ ھاياغا غالىپ داداسى پۇل ئەمەسمۇ؟

1916 - يىل. ئەندىجان

## يەنە پۇل ھەققىدە

كۆزلەرگە كۆرۈنمەكتە ھەر رەڭگى پاسۇنسەن، پۇل،
يۈز بار دېمەكچىمەن كۆپ پەيلى يامانسەن، پۇل،
بىر تۇرفە نازاكەتلىك خۇش جىلۋە جۇۋانسەن، پۇل،
مەن بىرلە بولۇپ ناساز، كىم بىرلە ئامانسەن، پۇل،
ھېردىس ئەھلىنى قىلماقچى رەڭگىنى سامانسەن، پۇل!

لېكىن ھېلى ھەم قىزسەن، سەن تەگمىگەن ئىنسان يوق،
سەندىن كۆزىنى يۇمغان بىر كۇپرۇ مۇسۇلمان يوق،
ھەركىمگە يېقىنلاشتىڭ، بەند بولمىسا ئىمكان يوق،
ئەلھالىغىچە ھەم ھېچبىر مەخسۇدىگە يەتكەن يوق،
تۈن بىرلە بولۇپ ھەمخاب، كۈن چىقتى نىھانسەن پۇل!

لۇتف ئىلە بارىپ كىمنىڭ تەئبىنى قىلۇرسەن چاغ،
ئول ئەبلەدە يوق بولسا، نە ئۇلپەتۇ نە ئورتاق،
گەر بولمىسا كۆڭلىدە تا ئۆلگۈچە سەرپ ئەتماق،
ئاغزىغە يېتۇرمەستىن بەئزىنى قىلۇرسەن داغ،
ئۆلگۆچە يىدۇرمەستىن بىر تويغۇچە نان سەن پۇل!

خۇنسايۇ — خەسىسلەرنىڭ جانىدىن ئېزىزدۇرسەن،
كىم سەنگە ئەسىر بولسا: نە ئىلىم كېرەك، نە فەن،
ھىكمەت ئېلىگە ناساز، ئاقىللەرە خوپ دۇشمەن،
ئەھۋالىنى كۆپ بىلدىم، ئارەز كەبى دىققەتمەن،
دۇنيا يۈزىدىن بولغۇر بىنامۇ - نىشانسەن پۇل!

1916 - يىل. ئەندىجان

www.uyghurkitap.com



## تېپىلمايدۇ

كۆڭۈل ئارامى بىرلە تۇرغۇلۇق بىر جاي تېپىلمايدۇ،
مۇۋاپىق يار سادىق تېپىلۇرمۇ، يا تېپىلمايدۇ،
قىلاي ئەرزىم دېسەم ئۇل يارە بىر تەنها تېپىلمايدۇ،
ئەجەب بىرھالە قالدىم، مەقسۇدىم ئەسلا تېپىلمايدۇ،
قىلۇرمەن ئۆز-ئۆزۈمچە ئاھۇ ۋاۋەيلا، تېپىلمايدۇ.

كۆڭۈل مۈلكىنى تاراج ئەتكىلى بەرگەنمىكەن بۇيرۇق،
نەزەر ھالىمغا سالماي ھەر تەرەپتىن، ياغدۇرۇرلەر ئوق،
كىمە ھەم ئەرز ئېتەرمەن دىلدىكى دەردىمنى مەن مۇڭلۇق،
دىلىم ۋەس-ۋاس، جىسمىم تۇرفە بىر مەجرۇھە، مەلھەم يوق،
ۋەيا ساھىب نەپەس بىرھىممەتى ئەلا تېپىلمايدۇ.

يۈرەرمەن چارە ئىزدەپ دەفئى بولغايمۇ مۇشەققەت دەپ،
كۆزۈمگە كىم كۆرۈنسە جاۋدىرارمەن، بارمۇ شەپقەت، دەپ،
ئۆلۈم بېھراق دەرمەن خەلق ناگا قىلسا نەپرەت، دەپ،
بارارمەن چارە ئىزدەپ ھەر ئىشىككە «يا ھەققەت» دەپ،
سوئال ئەيلەپ ھەققەت قىلغۇچى دانا تېپىلمايدۇ.

يۈرەك دەردىنى كۆرسەتمەككە مۇمكىنمۇ يېرىپ تىلماق،
بىلىندى، يوق ئىكەن تەقدىر تېشى ئورنىدىن جىلماق،
ئەگەرچە پەرز ئىكەن ئالەمنىڭ كاردىنى ئوقۇماق، بىلمەك،
ماڭا ئادەتمۇ ئېرەس ھالى ئالەم شىكۋەسىن قىلماق،
قىلۇرگە دەفئى غەم بىر ناتىقى گويا تېپىلمايدۇ،

قىلۇرمەن ئارزۇ كەلگەيمىكىن دەپ ماڭا ھەربىر دەست،
تەئەججۈپتىن-تەئەججۈپ كېچە-كۈندۈز غەم كېلەر پەيۋەست،
رەقىبلەر قانچە بالالانسە مەن ھەم شۇنچە بولغۇم پەست،
نېتەي ئەپسۇسلانماي تالىيىمدۇر ئۇيقۇ بىرلەن مەست،
ئۇنى ئويغاتقۇدەك بىر نازىنىن بەرنا تېپىلمايدۇ.

مەسەلدۇر كونىلاردىن: «باشقا ھەر ئىش كەلسە كۆز تارتار»،
بىلەرمىكىن زەماندىن نالىغان كىم بىرلە نار ئويىنار،
بىلەلمەم سۈرەت ئارالارنى ھالەت مادەمۇ يا نەر،

مۇھەببەت ئەھلى زىبالارنى كۆرسە كۆز يېشى ئارتار،
قاچان گۇل پەسلى ئۆتسە بۇلبۇلى گويا تېپىلمايدۇ.

ياراشقايمۇ يارانلار، ئۇخلىماي چۈش كۆرسە ئىنسانغا،
قاراپ تۇرماقتادۇرمىز شۇنچە يالغان تەگسىمۇ جانغا،
غەرەز ھەممىيانىمۇ ياكى نان ئۈچۈن ئوت قويسا ئىمانغا،
يوق ئەسلا ئېتىقادىم باخشا، ئىشانۇ دۇئاخانغا،
ئوقۇپ قىلغان ئەمەل ئىلىمگە بىر ۋالا تېپىلمايدۇ.

مۇرادىم مەئنىلىك ھەق سۆزكى ھەرقانداق كۆڭۈل ئېرگەي،
پاراسەت ئەھلى ھەربىر قىسسىدىن سۆز گەۋھىرىن تەرگەي،
ئالاي تەئلىم دىبان ئۇستادە بارسام يەلكىسىن كەرگەي،
بوگۇن بىل، ئەتە ئوخشىل كار قىل دەپ ساباق بەرگەي،
نە دەيمەن، ئارەزا، بىر يولى بىر ئىملا تېپىلمايدۇ.

1913 - يىل، سېنتەبىر. شەھرىدىخان

(داۋامى ئومۇمىي 20 - سانىدا)

1958 - يىل تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئارەزى شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىدىن.

uyghurkitap.com




(داۋامى)

ئا. نىزارى  ن. زىيانى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ

بۇ كەلامىلار ئىستانبۇلدىن تۆرتىنچى دەرۋىش جانىغا ئىشق ئوتى شەرارە ئەيلەپ، بىئىختىيار كۆز يولىدىن ئەشكىنى جارى قىلىپ ئۆز باشىغا كېلىپ ئۆتكەن ھەۋادىسات ئەييام جەفاسىنى توتىۋار تەكەللۇم تۈزگەنى

خىرەد بۇلبۇلى چەكتى مۇنداغ نەۋا،
كىرىپ گۈلشەن ئىچرە بولۇپ ماسەۋا.
بار ئېردىكى بىر بىكەس ھەزىن،
جەفا-جەۋر تاشىغە بولغان قەرىن.
غەرىبلەرغە مۇنداغ رىۋايەت قىلۇر،
فەلەك سەرگۈزەشتىن ھېكايەت قىلۇر.
دېدى: ئەي خۇدا جوي بىچارەلەر،
ئەسىرۇ زەلىل زار ئەۋۋارەلەر!
ئېرۇرمەن مەزەللەت ئېلى فىرقەسى،
تەنىمغە كېيىپمەن فەنا خىرقەسى.
كى سىزلەرگە ئەيلەي سۆزۈمنى بەيان،
چۇ گۈستاخلىق بىرلە بىر-بىر ئەيان.
ئېرۇرمەنكى چىن شەھرى شەھزادەسى،
دېمەي شەھزادەكى مەھزادەسى.
ھەۋادىس جەھاندىن يېتىپ شىددەتى،
ئەمەكدىن بەسى يەتتى شەررىيەتى.
ئىشىت ھالىمىز ئىپتىداسى بۇدۇر،
دېمەي ئېبتىدا ئىنتىھاسى بۇدۇر.
ئاتام شاھ ئېردىكى چىن شەھرىغە،
دېمەي چىنغە كىم بەرر ئىملە بەھرىغە.
ھەممە خەلق ھۆكمىغە مۇنقاد ئېدى،
ئۇلۇس خاتىرى ئەدلىدىن شاھ ئېدى.
يوق ئېردى ۋەلى مەندىن ئۆزگە ۋەلەد،
ئاتاغە دۇزەيىيەن، ئاناغە سەنەد.
توقۇز ياشغە يەتتى سالىم مېنىڭ،
بۇ ئېركەن ئەجەب بەخت فالىم مېنىڭ.
ئاتامغە يېتىپ چۈنكى ھۆكمى ئەزەل،
سۈمۈردىكى ناچار جامى ئەجەل.
فەنادىن بەقاغە رەۋان بولدى ئول،
گۈلى ھۆسنى يەردە نىھان بولدى ئول.
سەرىرى فەنا ئۈزرە تۇرغان زەمان،
ئاغاسىغە قىلدى ۋەسىيەت بەيان.
دېدىكىم: بۇ ئوغلۇم داغى تىفلدۇر،
خىرەدمەندلىقدە بەسى سۇفلدۇر.
يەنە نۇكتەدانلىقدا قايىل ئەمەس،
چۇ شەھلىق سەرىرىغە قابىل ئەمەس.
قىلايىن بۇرادەر نەسىھەت ساڭا،
ئەگەر ھەمقەرىن ياۋەر ئولساڭ ماڭا.

مۇرەببى بولۇپ نۇرى دىدەمغە سەن،
چۇ گۇستاخلىق ئەتسە بەرمە شىكەن.
كىچە ـ كۈندۈز ئانى قىلىپ تەربىيەت،
جەھاندارلىقدا قىلىپ تەقۋىيەت.
كى بىر سائەت ئالمە ئانىڭدىن نەزەر،
ھەمە ھالەتىدىن بولۇپ با خەبەر.
قاچان بولسە بالىغ جىگەر پارەئى،
ئانىڭ دەردىغە سەن قىلىپ چارەئى.
كى يەئنى قىزىڭنى ئاڭا ئەقد قىل،
قەۋى تۇت ئىشىڭنى رەسا نەقد قىل.
ئوقۇپ ھەم ئاڭا سىككەئى خۇتبەنى،
بېرىپ تاج تەختۇ بەلەند رۇتبەنى.
جەھانسازلىق كار بارىن قۇرۇپ،
ھەمە مەملىكەت شۇغلىنى تاپشۇرۇپ.
ئۆزۈڭنى ئالىپ خانەئى كۈنجىغە،
ئىبادەت قىلىپ ئۆزنى سال رەنجىغە.
مۇھىق ئەرمەمىش زال ئەلقابىغە،
نەچۈككىم سۇفەت خوب ئېرۇر شابىغە.
دېدىكىم ھەدىس «سەيىدۇلئەنبىيا،
شەفىئۇلئۇمەم مەسنەد ئەتقىيا.»
بەتەھقىق بۇ دون مىسلى جىيفە ئېرۇر،
يىراق ئول كىشى ئەھلى زىيفە ئېرۇر.
تەلەب قىلغۇچى ئانى بولغاي گۇلاب،
نەجىس خارلىقغە قىلۇر ئىزتىراب.
سەمادىن ھەۋادىس ئاڭا يەتمەسە،
بۇ دەۋلەت قولىدىن ئەگەر كەتمەسە.
فەنا بولسە ئوغلۇم جەھاندىن ئەگەر،
كى نەسلىڭغە قالغاي بۇ شەھلىغ مەگەر.
چۇ قەرداشى بەردى بۇ يەڭلىغ جەۋاب،
قەبۇل ئەيلەدىم دەپ تۆكۈپ كۆزدىن ئاب.
بۇ ئىشلارنى ئاخىر يەتۈردى فەلەك،
كى شەھلىقدا ئولتۈردى ئاخىر ئەمەك.
يەنە ئەھلى ئەركان شاھىد بولۇپ،
سەرىر ئۈزرە چىقتى چۇ ناھىد بولۇپ.
چۇ شەھلىق بىساتىدا تاپتى قەرار،
ئاچىلدى بۇ نەۋ غۇنچەئى خەند ۋار.

مۇقەررەر ئەسابىئدا شەھلىق نىگىن،
ھەرەمخانە ئىچرە بولۇپ ھەمنىشىن.
ئاتام سۆزلەرىگە ئەمەل قىلمايىن،
ھەمول ۋەئدەنىڭ تەۋرىغە يەتمەيىن.
مېنى قويمادى قەسرىدىن چىققالى،
خەزايىن ـ دەفايىننى ھەم يىققالى.
بۇ مۇددەت ئارا بولدى ئون تۆرت يىل،
قىلىپ نەچچە قىزلار بىلە قالۇ قىل.
دەمى بولمايىن ئۇلفەت ئوغلان بىلە،
ئۆي ئىچرە يۈرۈپ ئويناديم جان بىلە.
ۋە لېكىن بۇلاردىن ئەمەك دۇختەرى،
ماڭا نامزەد بولغان ئول مۇشتەرى.
ئانىڭ بىرلە كۆڭلۈم فەرەھناك ئېدى،
يوق ئېرسە كۆڭۈل لالەدەك چاك ئېدى.
قالىپ ئېردى بىر قۇل ئاتامدىن ماڭا،
قىلۇر ئېردى خىزمەت ماڭا بىئەبا.
ئۆزى دىلكەشۇ ھەم سىيەھفام ئېدى،
غۇلام مۇبارەك ئاڭا نام ئېدى.
بەناگەھ ھەرەملەرنى غافىل تاپىپ،
كى تاشقارى چىقتىم ئىشىكنى ئاچىپ.
مۇبارەك قاشىغە بارىپ تېز توند،
بۇ ئىشىدىن خەبەر تاپمادى ھېچ جۇند.
قىلۇر ئېردى ئول مېھرىبانلىق ماڭا،
مېنىڭ رىغبەتىم ھەم يۈز ئانچە ئاڭا.
قىلۇر ئېردى ھەسرەت كۆزىدە نەزەر،
ۋەلى سالمايىن خەلق ئارا شۇرۇشەر.
قەزارا كۈنى جىلۋە ساز ئەيلەدىم،
ھەرەم قىزلارى بىرلە باز ئەيلەدىم.
كېلىپ بىر كەنىز سىللى ئۇردى ماڭا،
تولا يىغلادىم دېمەدىم سۆز ئاڭا.
كى چىقتىم بۇ بائىس بىلە تاشقارى،
ھەم ئولدەمدە باردىم مۇبارەك سارى.
مېنى كۆردى باستى ئانى كۇھى غەم،
قىلىپ سەيھەلەر سوردى ھالىمنى ھەم.
قۇچاقىغە ئالدى كۆرۈپ بۇ تەئەب،
نېمە بولدى مۇنداغ يىغىڭغە سەبەب؟
مەن ئۆتكەن سۇئۇبەتنى قىلدىم بەيان،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشتتى بۇ سۆزنى مۇبارەك نىھان.
ئۇل ھەم سىللى ئۇردى بەنا گوشمە،
كى فۇرسەتدە كەلدىم يەنە ھۇشىمە.
دېدى: ئەي خىرەد سىز ئۇشۇل سائەتى،
ئەرەنلىككە يوقدۇر مۇنىڭ تاقەتى.
دەردىغا كى سەن بولساڭ ئېردى خاتۇن،
ۋەيا بولساڭ ئېردى كۆيەرگە ئوتۇن.
سەن ئالان ئېسەڭ ساھىبى تەخت ـ تاج،
ھەمە ئالەم ئەھلى بېرۇرلەر خىراج.
كى يىغلايسە سوقتى مېنى دەپ كەنىز،
نە ئەرلىك مۇڭا بولغاسەن ئەشكرىز.
چىقىپ سەن قاشىمغە دېدىڭ بۇ كەلام،
تەسەۋۋۇرلار ئەتسەم ئىشىڭ تورفە خام.
دېدىمكى فىدايىڭ بولاي باشىڭا،
كى تەقسىر ئەمەس چىقسام ئەر قاشىڭا.
يېتىپ رەنج سەندىن بۇ سۆز قىلمادىم،
ھەرەم قىزلارىدىن ئەھانەت يېدىم.
مۇبارەك غۇلام دېدى سەرداردىغە،
سېنى يەتكۇرەي مەن ئەمەك داردىغە.
كى ھالىڭنى بىلگەي سەبايۇ مەسا،
نەسىھەتلەر ئەيلەپ قىلۇر جابەجا.
بولۇپدۇر مۇھىق تەخت ئىلە تاجغە،
يېتىپدۇر دېبان ئەدل ئەمزاجغە.
ساڭا شاھلىقنىڭ ئىشىن تاپشۇرۇر،
يارانساڭ ئەمەك ھەم باشىن ئىرغاتۇر.
ئالىپ باردى ئاخىر ئەمەك قاشىغە،
تەرەھھۇملار ئەيلەپ مېنى باشىغە.
چىقىپ ئالدىمىزغە قىلىپ سۇرئەتى،
قۇچاغلاپ، ماڭا كۆپ قىلىپ شەفقەتى.
پەشانەمگە سۆيدى مىساس ئەيلەدى،
كى سوكرە نىسارى لىباس ئەيلەدى.
دېدى: ئەي مۇبارەك بولۇپ خەشماك،
نە بائىسدىن ئەتتىڭ مۇنى زەخمناك.
دۇئاغە كۆتەردى مۇبارەك قولىن،
داغى بۇسە ئەيلەپ كى باشقان يولىن.
تەۋازۇئ بىلە قىلدى ئەرزىن ئەدا،
يەنە باشدىن ئەيتتى سۆزىن ئىبتىدا.
قىزدىڭنى بەھۇكمى خۇدايى ئەھەد،
قىلىپ ئېردىڭ ئەۋۋەل مۇڭا نامزەد.
نە كىم باردۇرۇر ھەققى دامادلىق،
سېنىڭ ئىلتىفاتىڭ ئېرۇر شادلىق.
ئەمەك ئەيدى: خاتۇن ئېسە خاھىشىڭ،
مۇنىڭ بىلە تاپقاي سەرەنجام ئىشىڭ.
قەبۇل ئەيلەبان سۆزنى ئۇل ھۆكمران،
مۇنەججىمنى كەلتۇر، دېدى شۇلزەمان.
ئەۋان باردى ئۇلدەم مۇنەججىم سارى،
دېدى: دەرمەھەل يۇر شەھىنشەھ سارى.
مۇنەججىم بارى كەلدى ئەيلەپ خىرام،
بۇلەرغە دېدى شەھ بۇ يەڭلىغ كەلام:
خىيالىمدا كەچتى بۇ ئوغلان ئىشى،
كى دامادىم ئولماق ئېرۇر خاھىشى.
قايۇيىل، قايۇ ئاي، قايۇ سائەتى،
كى توي ئەيلەسەم يەتمەگەي ئافەتى.
مۇنەججىمغە بولدى بۇ سۆزلەر ئەيان،
بۇلار ھەم بۇ سۆزنى دېدى ئولزەمان.
بۇ يىللاردا ئەقرەب قەمەر بۇرجىدا،
يەنە ھەم ئەتارۇد، زۇھەل دۇرجىدا.
قويار بولساڭ ئەرسەن بۇ ئىشغە قەدەم،
كى ئاخىردا يەتمەس دېسەڭ ھېچ نەدەم.
ئۆتتۇپ نەچچە يىللار يەنە بەئدە ـ بەئد،
ئەيد كۇنلەرىدە بولۇر ياخشى سەئد.
ئۇشۇل كۇندە قىلساڭ ئىشىڭ ئىبتىدا،
سەرەنجام ئالۇر ئىش ئەلەلئىنتىھا.
سۆزىنى تۇگەتتى ستارە شىناس،
تاغام كۆڭلى ئىچرە قىلىپ كۆپ قىياس.
دېدى: ئەي مۇبارەك، قىلىڭ ئېھتىمام،
يېتۇشسە ھەمول كۇن بولۇر ئىش تەمام.
يانىپ كەلدۇك ئاندىن مۇبارەك بىلە،
يېتىپ ئۆيگە لۇتفى تەبارەك بىلە.
ئىكەۋلەن بىر ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ،
ئىچىمدە نە ئوتلار شەرارەت ئورۇپ.
مۇبارەككە دېدىم: ئۆيۈڭ سارى يان،

كى خاتۇن ئالۇرمەن ئەمان بولسە جان.
ئىككى ئۈچ كۈن ئۆتتى بۇ ئىش مۇددەتى،
كۆڭۈل خاھىش ئەتتى يەنە لۇئبەتى.
غۇلامنىڭ ئۆيىگە خىرامان قىلىپ،
يېتىشتىمكى ئاندا ھىراسان قىلىپ.
مېنى كۆرگەچ ئوق قىلدى كۆپ سەيھەلەر،
بەسى زارۇ ئەفغان بىلە نەۋھەلەر.
دېدىمكى: نە بائىسدۇرۇر بولغەنىڭ؟
بەيان قىلكى تۇرماي بۇ غەمكىنلىغىڭ.
دېدىكى فەلان كۈن مەجالىس كۈنى،
كى قىقاسىغە پۈتتى خەلايىق ئۈنى.
كى ئۆلتۈردى شاھ فەرەس ھەم بەئىر،
سېنى كۆردى ئاندا سەغىرۇ كەبىر.
تۈگەشتىكى ئاندىن زىيافەت ئىشى،
قارادى ئۇ يەردە ساڭا كۆپ كىشى.
چۇ قايىللىغىڭنى قىلىپ كۆپ پىسەند،
ھەمە بولدى خۇشھال كۈلۈپ غۇنچە خەند.
كى تەڭرىغە ئەيتىپ ھەمە ئەل سەنا،
دېدى: رەھم ئەيلە مۇڭا رەببەنا.
يېتىپدۇر كەمالىغە سۇلتانىمىز،
ئاتا زادەيۇ خان خاقانىمىز،
ۋە لېكىن تاغاڭ كۆرگەچ ئوق تۇتتى كىن،
گۇمان ئەيلەدى سەلتەنەت شەۋكەتىن.
ئەدەم ئەيلەگەي ئول سېنى دەھردىن،
ۋەيا بەدرەقە ئەيلەگەي شەھردىن.
ئاچىپ فىتنە بىرلە فەساد ئىشكىنى،
كى بىر ھىيلە بىرلە يوق ئەتكەي سېنى.
ماڭا ئەيتىپ ئېردى ئول ئەسراردنى،
ئاچىپ پۈلنى كۆمگەن چوڭ ئەنبارنى:
«كۆتەرگۈنچە ئەي قۇل بۇ پۇللارنى ئال،
ۋە لېكىن خاجەڭغە بارىپ تىغ سال.
قۇلاق سال سۆزۈمگە ماڭا نەفئ قىل،
بۇ دۈشمەننى مەندىن داغى دەفئ قىل.»
ئېشىتتىم بۇ سۆزنى مېنى باستى غەم،
كۆزۈمدىن ئاقىزغان ياشىم بولدى يەم.
ئۆزۈمدىن داغى ۋەھشەتىم كۆپ ئېرۇر،

ھەياتىم نىھالى ئانىڭدىن قۇرۇر.
بۇ شەھ كۆڭلىگە تۈشتى فاسىد خىيال،
سېنى ئۆلتۈرۈرنى بىلىپدۇر ھەلال.
ئەگەر ئەتسە زايىئ سېنى ئول تاغاڭ،
ئاڭا شادلىقنىڭ كۈنى ئاتتى تاڭ.
نېدىنكى ئاتاڭنىڭ ئىدمەكخارىمەن،
كېڭەش ئىشلارىدا ھەم ئەسرارىمەن.
بۇ سىرنى قىلىپ مەن ساڭا ئاشكار،
قۇلاق سال سۆزۈمگە سەن ئەي شەھسۇۋار.
قىلىپ نەچچە سۆزنى مەنى سادەگە،
ئالىپ باردى باشلاپ يەنە جادەگە.
كى يىغلاپ تۇتۇپمەن بۇ قۇل زەيلىنى،
كى تەفۋىز ئەيلەپ ھەمە خەيلىنى.
دېدىم: مەرھەبا ئەي مۇئەللا سەبات،
مېنى قىلغاسەن بۇ بەلادىن نەجات.
ئۇلۇغلارغە تۈشكەن كەبى ھاجەتى،
تەمەللۇقدا تۇردۇم نەچە سائەتى.
قۇلاق سالدى بۇ قۇل مېنىڭ قالىمە،
يېدى رەھم ئاندىن مېنىڭ ھالىمە.
دېدى قۇل ئوشۇلدەم: غەمىڭ دەفئ ئېتەي،
غەم ئەندۇھ بولسە ئانى دەفئ ئېتەي.
ماڭا سەن كېلىپسەن بەسى ئېھتىياج،
قىلايمەن بۇ ئىشدا دەۋايۇ ئىلاج.
دېدىمكى: بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى نېمە؟
بىرۇر مۇژدىغە ھەم خىراجى نېمە؟
دېدى: قويغىل، ئەندى مېنىڭ بىرلە بار،
ئاتاڭ زەخمەسىدۇر ساڭا ئول مەزار.
قويۇپ يولغە كىردىم قىلىپ نالەلەر،
كۆرۈپ كۆزدىن تۆكتۈم بەسى ژالەلەر.
ئاتامنى لەھەددە قويۇلغان زەمان،
قىلىپ ئاندا ئالتۇن، كۈمۈشنى نىھان.
قويۇپ ئېردى ئاندا داغى ئالمايىن،
كىشى ھەم بۇ يەرگە نەزەر سالمايىن.
يەنە ئىگنى بىرلە بارى رەختىنى،
قويۇپ ئېركەن ئاندا ئىگىز تەختىنى.
بۇ ئەشيالارىغە قىلىپ مەن نەزەر،

www.uyghurkitap.com

ئاقىپ ياش كۆزۈمدىن زىمىن بولدى تەر.
غۇلام بەردى تەسكىن، دېدى: يىغلاما،
ئۆتۈپ كەتكەن ئەلگە يۈرەك داغلاما،
تەلەپ قىل ئۆزۈڭنى، بۇلارنى ئۇنۇت،
مېنى ئالداغاچ كۆپ، كۆڭۈل تاپتى قۇت.
كېلىپ بىر يېرىنى چۇقۇر كورلادى،
بۇ يەرگە كىرىڭ—دەپ قۇلاق تورلادى.
كىرىپ باقسام ئاندا تۇرار بىر ئىشىك،
ئاڭا قۇفل ئۇرۇپدۇر داغى بار بىتىك.
غۇلام كىيسەسىدە ئالىپ ئاچقۇسىن،
ئۆتۈپ كىردى ئۆيگە ئاچىپ ياپقۇسىن.
كى ئاندىن ئۆتۈپ ھەم باسىپ نەچە گام،
قارا ئۆيگە كىرمەك قىلىپ ئېھتىمام.
گۇمان ئەيلەدىمكى: «مېنى فىكر ئىلە،
مۇبادا نەبۇد ئەيلەگەي مىكر ئىلە.»
ئۇشۇل ئۆيدە تۇردۇم بولۇپ نا ئىلاج،
ئاڭا يالبارۇرغە بولۇپ ئېھتىياج.
كى ئاندىن باقىپ مەن قويى سارىغە،
كۆزۈم تۈشتى ناگەھ بىر ئەنبارىغە.
يارۇغدۇر بۇ ئۆينىڭ ئىچى سۇبھىۋار،
ئەدەددىن تولا خۇملارى ئاندا بار.
ئانىڭ ئاغزىن ئانداغكى مەھكەم ئېتىپ،
زەرۇ سىيم خىشتى بىلە بىركىتىپ.
بۇ كىرفىچلەر ئۈزرە تۇرار مەيمۇنى،
زەبەرجەددە تەسۋىر قىلىپدۇر مۇنى.
بۇخۇملار ئىچىدە ئېرۇر ئانچە دۇر،
كى ياقۇت، مەرجان لەئل بىرلە پۇر.
داغى ئۆي ئىچىدە كىچىك ھەۋز بار،
سۈيى خۇش جەۋاھىرلارى سەد ھەزار.
بۇلارنى كۆرۈپمەن تەھەييۇر قىلىپ،
كېڭەشتىم دىلىمدا تەسەۋۋۇر قىلىپ:
«بۇ مالنى ئالىپ مەن نە ئەتكۈمدۇرۇر؟
كى ئەۋۋەلى مەنسەبىغە يەتكۈمدۇرۇر.
تاغامغا بېرەيىن بۇلارنى ھەمان،
ئانىڭ ئىلكىدىن مەن تاپاي ھەم ئامان.»
ئۆي ئىچرە مۇبارەك ماڭا باقتى تېز،
قىلاي بىر ھىكايەت ئېشىت ئەي تەمىز.
زەبەرجەد سۆزىدىن مۇراد ئولدۇرۇر،
مۇڭا چىن ئېلىنىڭ بارى گولدۇرۇر.
ئېشىتكىل ئاتاڭ نەۋجەۋانلىق چاغى،
ئاڭا مەئدەن ئېردى زىمىن تۇپراغى.
پەرىزاد سادىق بىلە دوست ئېدى،
چۇنانچە مۇددەت ئىشى راست ئېدى.
ئىكەۋ بولدى ئاھراق بۇ مەزھەر بىلەن،
ئاڭا ھەر يىلى ئەتىر ئەنبەر بىلەن.
ئېبەرۇر ئېدىكىم قىلىپ ھەدىيەلەر،
بېرىپ تۇھفەلەرغە پەرى فىدىيەلەر.
ئۇشۇل فىدىيەلەركىم بۇ مەيمۇن ئېرۇر،
زەبەرجەد بىلە نەقش مەۋزۇن ئېرۇر.
بۇ سۈرەتنى مۇندا قويار ئېردى ئول،
بولۇپ ئېردى مۇنداغ ئىشى قىرق يىل.
قويار ئېردى ئانى كېلىپ خۇم ئۈزە،
ئىكەۋ ئېردى مۇنداغ تەلاتۇم ئۈزە.
چۇ سوردۇم ئاتاڭدىن مۇنىڭ ۋەجھىنى:
«ئەيا شاھى ئالەم كى ئەقلىڭ قانى؟
كى سادىقغە قىلساڭ ئۇلۇغ تۇھفەلەر،
فىداسىغە بەرسە كىچىك نەرسەلەر.
بۇ يەڭلىغ سۆۋەرگە بولۇرسەن رىزا،
نە ماللارنى بەردىڭ ئاڭا مەمەزا.»
ئاتاڭ كۈلدى، دېدى ماڭا ياخشى سۆز،
دېدى: «قۇل، بۇ يەردە دېگىل سۆزنى تۈز.
بۇ چىن شەھرى ئىچرە ماڭا بار ئىشى،
بىردىگە مۇسەخخەر ئېرۇر مىڭ كىشى.»
داغى سادىق ئېمىش قۇلۇڭ ئېھتىمام،
بۇ مەيمۇن تەمام ئولسە كارىڭ تەمام.
تەمامىغە يەتمەي تۇرۇپ مەيمۇنى،
بولۇپ كەچغە تەبدىل ئاتاڭنىڭ كۈنى.
ئەجەل تىغى كۆكسىن يارا ئەيلەدى،
قەزا ئۇتى ھۇسنىن قارا ئەيلەدى.
تەفەككۇر قىلىپ ساقىنى دىلپەزىر،
سەبۇھى كەرەم قىل بولاي مەن ئەسىر.
ئانى نۇش ئېتىپ مەن تەخەييۇل بىلە،
يولۇمنى تاپاي مەن تەئەممۇل بىلە.

**شەھزادەنى چىنى قۇلى مۇبارەك بىلە مەلىك سادىق جىن مەكانىغە مەخپى سەفەر ئەزم قىلىپ، يولنىڭ مېھنەتىدىن خۇناب يۇتقانى ۋە ئول جىن مەكانىغە يېتىپ، مۇلكى سادىق بىلە مۇلاقات بولۇپ، شەھزادەنىڭ سۆزىنى جان قۇلاقى بىرلە ئاڭلاغانى**

قۇلاق سال بۇ سۆزگە ئەيا باخەبەر،
رىۋايەتنى ئانداغ بېرىپدۇر خەبەر.
دېدى چۈن مۇبارەك: مۇبارەك ساڭا،
قىلىپ لۇتف ھەقلەر تەبارەك ساڭا.
خىيالىمغە مۇنداغ تەفەككۇر كېلۇر،
مېنىڭ بىرلە سادىق مەكانىغە يۈر.
كۆرۈشكەن زەمان ئەرز ـ ھالىڭنى دەي،
كېچۈرگەن كۈن ئىلە مەقالىڭنى دەي.
سېنى كۆرسە ياخشى تەكەللۇم قىلۇر،
ئاتاڭنىڭ يۈزىدىن تەرەھھۇم قىلۇر.
ئەتا قىلسە بىزگە ئەگەر مەيمۇنى،
تۇلۇئ قىلسە تاڭ يوق سەئادەت كۈنى.
مۇبارەككە دېدىم: قىلاي ئىختىيار،
بۇيۇرساڭ نەئىشقە لەيالۇ نەھار.
دېدى: ئەمدى تۇرمە ئۆيۈڭ سارى كەت،
بارۇرغە سەفەرنىڭ ئىشىن راست ئەت.
تاغاڭ بىرلە قىلساڭ ئەگەر مەسلەھەت،
بەزاھىر ئاتادەك قىلۇر مەرھەمەت.
ۋە لېكىن ئىچىدە زەھەر مەۋج ئۇرار،
تەمۇغنىڭ ئوتىدەك شەرەر مەۋج ئۇرار.
سۆزۈڭنىڭ ھەقىقىن ئاڭا ھېچ دېمە،
غىزا بەرسە ئەسلە ئانىڭدىن يېمە.
ۋە لېكىن دېگەيسەن ئاڭا مۇنچە سۆز،
قويارمىزكى سادىق جەنابىغە يۈز.
يەنە ئۆزگە سۆزنى بەيان ئەيلەمە،
ئىشىڭنى نىھان تۇت ئەيان ئەيلەمە.
كى ئامادە ئەيلەپ سەفەر جابدۇغى،
سەفەر دېمەي ئانى سەقەر جابدۇغى.
ئىجازەتكە باردىم ئەمەك دارىغە،
دېدى: بار بارۇرسەنكى ھەر سارىغە.
چىقىپ يولغە كىردۇك مەنازىل كېزىپ،
يۈرۈپ نەچچە يوللار سەۋاھىل كېزىپ.

بەناگەھ كېچە ئۇچرادى بىر دۆبە،
ئېگىزلىكتە ئېردى دىۋانىغە شۇبە.
خۇداۋەند ئالەم بېرىپ فەتھنى،
چىقىپ مەنزىل ئەتتۇك دۆبە سەتھنى.
كۆرۈندى بەنەگاھ بىر مەرغزار،
نەزاكەتدە گوياكى فىردەۋسۋار.
يەنە ئايدىڭ ئوخشە كۆرۈندى چىراغ،
يېتىپ پەرتەۋىدىن كۆڭۈلگە فىراغ.
ئىشىتتۇك سەدايى ئەجەب غۇلغۇلە،
كى قەۋۋال دەفىدەك قىلۇر جۇلجۇلە.
دېدىم: ئەي مۇبارەك، نەچۈك جايدۇر،
ئەجايىب ـ غەرايىب سەمەن سايدۇر.
دېدى: شاھ سادىق ئېرۇر مەنزەرى،
بۇ ئاۋاز قىلغان ئانىڭ لەشكەرى.
دۆبە بولدى بىزگە بىساتۇ فىراش،
يەنە نۇر ساچتى جەھانغە قۇياش.
تۈشۈپ ئەزم قىلدۇق كى مەشرىق سارى،
يەقىن يەتتۇك ئېرسە كۆرۈندى بارى.
سەباھەت ئارا بارى رۇخسارى خۇش،
سىيەھ مۇي خۇشگۇي رەفتارى خۇش.
ۋە لېكىن ئۇلارنىڭ سۆزى غەيرىدۇر،
غىنىمنىڭ فۇتىدەك فۇتى ئەيرىدۇر.
بۇلار بىرلە قىلدۇق بەسى گۇفتگۇي،
كى ئەئزا غۇبارىن قىلىپ شۇست شۇي.
بۇلارنىڭ قاشىدىن قىلىپ يولغە ئەزم،
كۆرۈندى مەلىكنىڭ ئۆيى بىزگە جەزم.
كى دىۋارى ئانداغ مۇزەييەن ئېرۇر،
ئېگىزلىكدە تاغدەك مۇئەييەن ئېرۇر.
ياساغان ئىمارى خوب ئاراستە،
بىرىسى بىرىدىن كۆپ ئاراستە.
قويۇپدۇر ئىچىدە ئەجايىپ سەرىر،
جەۋاھىر مۇرەسسەئ مەتائۇ ھەرىر.

www.uyghurkitap.com

ھەمە تەختلەردىن بىرى يوقارى،
باردىن بەلەندرەك بەش ئۇنچە قەرى.
ئانىڭ ئۇزرە سادىق تۇتۇپدۇر مەقام،
تۇرار خىزمەتىدە خاسۇ ئەۋام.
باشىغە قويۇپدۇر گىرەنمايە تاج،
يارۇر پەرتەۋىدىن ئەگەر بولسە داج.
ھەراسەتدە باردۇق ئانىڭ ئالىغە،
قىلىپ ئانچە تەئزىم شەھ ئالىيىغە.
دېدى: ئۇلتۇرۇڭلار، تەرەھھۇم قىلىپ،
ئالىپ كەلدى ئاندىن تەنەئئۇم قىلىپ.
بەدەن قۇۋۋەت ئالدى غىزالارنى يەپ،
دېمەڭكى غىزايى دەۋالارنى يەپ.
مۇبارەك سۆزۈمنى بەيان ئەيلەدى،
مەلىككە تەمامى ئەيان ئەيلەدى.
كى سادىقغە ئەرزىم بۇ مەزمۇن ئىدى،
كۆڭۈل ئىچرە مەقسەدكە مەيمۇن ئىدى.

ئەگەر بەرسەڭ ئانى بولۇر ئانچە شاد،
مۇنىڭ بىرلە ھاسىل بولۇر ھەم مۇراد.
مۇرادىن كىشى تاپسە ئاخىر كۆنى،
يەنە چىقماغاي ئەسلە ئانىڭ ئۈنى.
تاغاسى قىلىپدۇر بەغايەت زۇلۇم،
تىكىلدى باشىغە نۇھۇسەت نۇجۇم.
غەنايىم ئېلىدەك بىلۈر ئول يامان،
قىزىل گۇل يۈزىنى قىلىپدۇر سەمان.
بەزاھىر تىرىكدۇر ھەقىقى مەمات،
بۇ بىچارە قۇلغە قىلىڭ ئىلتىفات.
مۇبارەك سۆزىنى تەمام ئەيلەدى،
بارى مەقسەدىمنى كەلام ئەيلەدى.
كېلىپ ساقىيا بىزگە بول راھبەر،
كى ئەفسۇردەلىكدىن يېتىپدۇر خەتەر.
كەرەم قىل سەبۇھى، ئانى نۇش ئېتەي،
دېبان ئەرزۇ ھالىم مۇرادىم يېتەي.

**مەلىك سادىق جىن شەھزادەنى ئىبھتىرام تۇتۇپ، نەچەند نەسىھەت ئامىز سۆزلەرنى ئاڭا ئەيتغانى ۋە ئاندىن سۇگرە خەزانەسىدىن شۇققە كاغەزدە ھۇرنامە پەرى ئاسا سۇرەتنى نىشان بېرىپ بۇ سۇرەتدەكى ئادەم ئەۋلادىن تاپىپ ماڭا يەتكۇرگىل دېگەنى**

سۇخەن ئەبرەشىغە سۇۋار ئەيلەدى،
كى سادىق بۇ يەكلىغ شىئار ئەيلەدى.
بۇ شەھزادەغە مەن مەدەد ئەيلەيىن،
كەمالىغە جىددۇ جەھد ئەيلەيىن.
ۋەھالەنكى ئوغلان كىچىكدۇر داغى،
بەسى مۇشكۇل ئىشدۇركى شەھ بولماغى.
ئوغۇللار بۇلالماس ئاتالار كەبى،
يەنە قىزلار ئولماس ئانالار كەبى.
نېدىن ئادەمنىڭ فېئالى زەئىف،
بىرى بەد مىزاجۇ بىرىسى لەتىف.
ئەگەر بولسە فەرزەند ئاتاغە مەسەل،
كى نوھ ئوغلى ئانداغ بولۇرمۇ ئەزەل.
ئاتاسى نەبىلىقدا تاپسە كەمال،
يامان يولدا كەنئان تاپارمۇ زەۋال.
ئەگەر بولسە ئوغلان ئۆيۈمگە يەقىن،

رىۋاج ئەيلەر ئېردىم ئانىڭ شەھلىغىن.
كەمالىغە ئانداغ كەتۈرگەي ئېدىم،
ھەۋا ئىشلارىنى يەتۈرگەي ئېدىم.
قەدىمدىن ئاتاسى ماڭا ئېردى دوست،
مۇھىم ئىشلارىدا كېلۇر ئېردى چۇست.
ھەنۇز ساقلاغايمەن ئانىڭ خاتىرىن،
باشىڭغە قوياي شاھلىق ئافەرىن.
نەچە كۈن چېكىپ سەن سەفەر رەنجىنى،
كى بىر رەنجىگە ئال تۈمەن گەنجىنى.
قۇلاغىڭغە ئالساڭ نەسىھەتنى خوب،
بىلۈرسەن ئاتاڭدەك تەرىقەتنى خوب.
قىلىپ مەرھەمەتلەر بېرىپ ھەم كەشىش،
بۇيۇردى مۇنىڭدىن بۆلەك نەچچە ئىش.
زىيافەتلەر ئەتتى تۇتۇپ ئىھتىرام،
تۆزۈپ بەزم ئالى كەتۈردى تەئام.

دېدىكىم مۇبارەك بۇدەم: ئەي ئوغۇل،
مەلىكىنىڭ سۆزىنى سەن ئەتكىل قەبۇل.
مۇبادا سۆزىنى پەزىر ئەتمەسەڭ،
ئانىڭ مەئنىسىگە ئەگەر يەتمەسەڭ.
ھەنۇز سەن كىچىك، بىر بەلايى يېتەر،
ساڭا يەتسە شۇرىش كىملىڭ دەفئ ئېتەر.
يەنە دېدى سادىق: ئېشىت ئەي بالام،
دېسەڭ بولسە شەھلىق ماڭا مۇستەدام.
ۋۇقۇف ئولكى تاشلا كىچىكلىك ئىشىن،
ياۋۇتمە قاشىڭغە كېڭەشسىز كىشىن.
كىشى تۇتسە ئۇلفەت يامانلار بىلە،
ئېرۇر ئويناغاندەك قەزانلار بىلە.
يامانغە ياۋۇشسە بەلاسى يۇقار،
قەزانغە ياۋۇشسە قاراسى يۇقار.
دېدىكىم: بېرەي خەت ئەمەل قىل ئاڭا،
يېتەر فائىدە كۆپ بۇ خەتدىن ساڭا.
ئالىپ چىقتى رۇقئە كىرىپ ئىچكەرى،
سۇنۇپ بەردى خەتنى، دېدى: كەل بېرى.
ئاچىپ رۇقئەنى مەن نەزەر ئەيلەدىم،
ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ھەزەر ئەيلەدىم.
چېكىپ سۈرەتنى ئەجەب خۇش سەبات،
ئەگەر بولسە مۇنداغ جەھاندا ھەيات.
دېدى: بىتەۋەققۇف كەتۇرگىل ئانى،
تولا مۇڭد ئالغىل يەتۇرگىل ئانى.
ئەجەب سۈرەتىدۇر چېكىپدۇر قەلەم،
مەگەر كىلىك سۇنئى يازىپدۇر رەقەم.
پەرى پەيكەرىكىم چۇ رەئنايىدۇر،
سەباھەتدە ئانداغكى زىبايىدۇر.
لەبى لەئل، ئاغزى ئېرۇر غۇنچەۋار،
كى زۇلفىغە سۇنبۇل بولۇر بەندەزار.
كۆزى دۇرر مەكنۇن، مۇژەلەرى خار،
كىشى كۆرسە ئوتدەك شەرارە ئۇرار.
بەشەر ئېرمەمىشكىم مەگەر ھۇر ئېرۇر،
كى پىستانلارى قۇببەئى نۇر ئېرۇر.
چۇ كاغەزدە كۆرگەچ بۇ يەڭلىغ سەنەم،
ئەلىفدەك قەددىم نۇن كەبى بولدى خەم.
چېكىپ ئاھۇ ئەفغان قىلىپ نالەزار،
گەھى بىخۇد ئولدۇم، گەھى ھۇشيار.
بولۇپ ئاشىق ئانداغ ئاڭا جانۇدىل،
كۆيەر جىسمىم ئانداغ چىراغدا فەتىل.
چۇ سەرگەشتە بۇلبۇل نەۋاساز ئولۇپ،
قىزىل گۇل ئۇزارىم خەزاندەك سولۇپ،
ئاڭا كۆيدى جانىم بولۇپ بىقەرار،
ئاقىپ ياش كۆزۈمدىن چۇن ئەبرى بەھار.
ماڭا لەمھەئى يوق تۇرار تاقەتىم،
بۇ سۈرەتكى ئانداغ بولۇپ ئافەتىم.
قىلىپ سىررىم ئەندەك مۇبارەككە پاش،
دېدىم: كۆرگەيمەن بۇ سۈرەتنى كاش.
دېدىم: ئەي رەفىقىم ماڭا غەمگۇسار،
بۇ يەڭلىغ بەلاغە نەچۈك چارە بار.
دېدىكىم مۇبارەك سەن ئەي خام خىيال،
بۇ سۈرەتدە ئادەم تاپىلماق مۇھال.
ئىلاجىنى كۆرسەڭ تەئەممۇل كېرەك،
شىكىبۇ قەرارۇ تەھەممۇل كېرەك.
بۇ ئىشدىن ساڭا كۆپ تەئەسسۇف يېتەر،
كى شەھلىق زىمامى قولۇڭدىن كېتەر.
قىلىپ ئىشنى سوڭرە پۇشايمان نە سۇد،
قوپۇپ شاھلىقنى پەرىشان نە سۇد.
بەھەمدۇللاھ مۇنداغ ۋەسلە بىلە،
كى سەردارلىقنى خۇدادىن تىلە.
ئەگەر بولسە قىلغان دۇئايىڭ قەبۇل،
كېلۇر دۇررى مەقسۇد ساڭا بىمەلۇل.
غۇلام دېسە مۇنداغ نەسىھەت ماڭا،
دەر ئېردىم: پەندىڭ نەھاجەت ماڭا.
خەراب ئەتتى سۈرەت سىياقى ئوتى،
نىھادىمنى ئۆرتەپ فىراقى ئوتى.
دېدىمكى قىلۇرمەن بۇ ئىشغە ئىلاج،
كېرەك ئەرمەس ئەمدى ماڭا تەخت ـ تاج.
ھەۋايىج ئۇمۇرى ئۇچۇن ئىكى خەر،
تاپىپ ئالدىم ئاندا قىلايدەپ سەفەر.
بۇزۇپ سۈرەتىمنى گەدالار كەبى،
ۋەيا نارەسىدە بەلالار كەبى.
ئىچىمدە بەغايەت فىغان ئەيلەدىم.

مەلىكىنى تۇيار دەپ نىھان ئەيلەدىم.
نەچۈككىم مەلىك ھەم موڭا سەرگىران،
كى ئىشقىدا گويا قاراڭغۇ جەھان.
ۋە لېكىن ئىلاجىن تاپاڭالمايىن،
بۇ سۇرەتكە ئانچە نەزەر سالمايىن.
دەپ ئېردى بۇ سۇرەت تاپىلسە كىشى،
ئالىپ كەل بۇ يەرگە ماڭا بار ئىشى.
سېنىڭ شەھلىغىڭغە قىلايىن مەدەد،
يەنە ھەم جەۋاھىر بېرەي بىئەدەد.
كى سادىق دەپ ئېردى بۇ سۆزنى ماڭا،
كى بۇ نۇكتەلەرنى دېدىم مەن ساڭا.

ۋەلى قىلماغايسەن سۆزۈمنى خىلاف،
خىلاف ئەيلەسەڭ گەر تۈزەرمەن مەساف.
بۇ يەڭلىغ نەچە سۆزنى ئول بەردى ياد،
بەيان ئەتتى ھەم ئەيلەدى خەيرباد.
بېرىپ سوڭرە رۇخسەت ۋىداﺋ ئەيلەدى،
كەسەلسىز باشىمنى سۇداﺋ ئەيلەدى.
كەل ئەي ساقىيا، بىزگە جامى ۋىداﺋ،
ئىنايەت قىلىپ سېھھەت ئەتكىل سۇداﺋ.
ئانىڭ شەۋقى بىرلە ھەۋا ئەيلەيىن،
كى شەھلىقنى تاشلاپ سەۋا ئەيلەيىن.

**شەھزادە ئول كاغەزدەكى سۇرەتنى كۆرۈپ، بەجانۇدىل ئاڭا ئاشىق بولغانى ۋە مەلىك سادىقتىن ۋىداﺋ ئەيلەپ، جەھاننى سەير قىلىپ ئول سۇرەتلىك قىزغە ۋاسىل بولغانى:**

چۇ ھاكى تەرانە قىلىپ بۇ سۇخەن،
ئۈزۈلدۈم جەھاندىن دىيارۇ ۋەتەن.
چىقىپ يولغە كىردىم قەلەندەر كەبى،
بولۇپ مەست ئانداغ مۇخەممەر كەبى.
قۇيۇندەك جەھاندا يۈرۈپ دەربەدەر،
دېمەي دەربەدەركىم شەھەردىن شەھەر.
گەھى تەشنەلىكدە، گەھى ئاچ يۈرۈپ،
ئاياغدىن باشىمغە يالاڭاچ يۈرۈپ.
يېمەك ـ ئىچمەكىم يوق چېكىپ ئاھنى،
كى تاپىغايمە شايەد، دېبان ماھنى.
ئەگەر ئۇچراسا كىم ۋۇھۇشۇ تۇيۇر،
ئانى سورماق ئېردى ماڭا كۆپ زەرۇر.
بۇ يەڭلىغ سەنەمدىن خەبەر تاپمادىم،
ۋە ياكىم بەلادىن زەفەر تاپمادىم.
دېدىم: ئەي، خۇداۋەند بەندە نەۋاز،
كى بىچارەلەرگە سەن ئوق چارە ساز.
جەمالىنى كۆرمەك نەسىب ئەت ماڭا،
كى پەرۋانە يەڭلىغ بېرەي جان ئاڭا.
يۈرۈر ئېردىم ئانداغ ۋىسالىن تىلەپ،

دېمەيكىم ۋىسالىن جەمالىن تىلەب.
بۇ دىشۋارلىقدا ئۆتۈپ يەتتە يىل،
كى ئارام ئالماي يۈرۈپ مۇتتەسىل.
ھەمىشە كۆڭۈلدە تەسەۋۋۇر قىلىپ،
كى يوق ـ يوق تەسەۋۋۇر، تەھەۋۋۇر قىلىپ.
كىشى بىلمەس ئېردى ئانىڭ ئىسمىنى،
تاپالماي جەھاندا مۇنىڭ مىسلىنى.
غۇلام بىرلە يانە قىلىپ مەشۋەرەت،
بۇ يەردە قىلۇرمىز نەچۈك مەسكەنەت.
كېچەش ئولكى ياخشى ئېرۈر تۇرماغان،
خىرەد ئولكى ئوتغە ئۆزىن ئۇرماغان.
نەفەس تەندە بولماق سەئادەت ئېرۈر،
سەفەر دەردى بەلكى فەراغەت ئېرۈر.
كىشىنىڭ نىھادى ئەگەر بولسا ساق،
شەھەنشاھلىقدىن ئېرۈر ياخشىراق.
قىلىپ ئەزم مەغرىب سارى چۇن شامال،
كېزىپ دەشت ـ سەھرا ئۆتۈپ نەچچە سال.
كۆرۈندى بەناگەھ سەۋادى شەھەر،
مۇلاقات بولدى كېلىپ ئىككى ئەر.

ئۇلار بىرلە تۇردۇق قىلىپ گۇفتىگۇ،
كى ئاندىن شەھەرگە قىلىپ جۇستىجۇ.
تەماشالار ئەتتۇك ئىچىگە كىرىپ،
دەم ئالدۇقكى سائەت گۇزەرگە بارىپ.
دېدۇككىم: كۆرەلى چىقىپ قەلئەنى،
نە بولسا سېپىلدا بىلەلى ئانى.
يۈرۈپ سەير قىلدۇق چۇخانەنى،
تۈزۈپ قارىلاردىن چۇ ھەنگامەنى.
سالىپ ئاستىنىغە چىرايلىق بىسات،
تۇرۇپدۇركى ئاندا قىلىپ ئېھتىيات.
ئەدەب بىرلە قىلدۇق ئۇلارغە سەلام،
ئىلىك ئالدى، دېدى: نە بولدى بالام؟
دېدۇككى: بولۇرمىز مۇسافىر كىشى،
كى بىز بىرلە يوقتۇر كىشىنىڭ ئىشى.
قويۇپدۇر رەھىلدە كەلامى خۇدا،
ئەمەستۇركى سائەت مۇنىڭدىن جۇدا.
قايانغە قاراساق بۇ يەگلىغ ئۇلۇس.
كى قۇرئان ئوقۇرغە تۈزۈپدۇر جۇلۇس.
كۆرۈندى بۇ قەلئە ماڭا تۇرفە خۇش،
بۇ ئەھۋاللاردىن كۆڭۈل ئۇردى جۇش.
كى تۈشتۈك سېپىلدىن يۈرۈپ دەر بەدەر،
مەكان تاپمادۇق ھېچ قونارغە مەگەر.
كېلىپ تۈشتۈك ئاخىر تاپىپ بىر مەكان،
قىلىپ ئىستىراھەت يېدۈك ئاشۇ نان.
تاڭ ئاتتىكى چىقتۇق يەنە كويىغە،
دېدىمكى: بارالى چەھار سۇيىغە.
بەناگەھ يولۇقتى زەئىف پىرى مەرد،
كۆزى كور، ئۇرادۇر بەسى ئاھى سەرد.
قولىغە ئالىپدۇر شىكەستە ئەسا،
تايانىپ ماڭادۇر ئەمەس فۇت رەسا.
يەنە بىر قولىغە ئالىپدۇر كوزە،
يۈرۈيدۇر گۇزەردە بۇ مېھنەت ئۈزە.
مەشەققەتلەر ئىلە باسار بىر قەدەم،
ئاڭا شۇكر دەيدۇر چېكىبان نەدەم.
بۇ يەگلىغ ۋەسلە قىلىپ باۋۇجۇد،
تەۋازۇئدا قىلماس باشىنى سۇئۇد.

كى بىر كۈندە تاپسە ئەگەر خۇشەئى،
بولۇپ رازى ئانى قىلۇر تۇشەئى.
بالالارنى كۆرسە يىراقدىن قاچار،
بۇلار ئارقەسىدىن توپەلەر ساچار.
قارادىم بابانىڭ كى ئەفئالىغە،
ئىچىم ئاغرىدى كۆپ ئانىڭ ھالىغە.
فۇتىغە تېگىپ تاش بولۇپدۇر ۋەرەم،
ئاڭا تاشلادىم مەن بىر ئالتۇن دەرەم.
بۇ تىللائى ئالدى قىلىپ ھەم دۇئا،
خۇدايىمغە ئانچە قىلىپ ئىلتىجا.
كۆتەردى قولىنى دېدى: ئەي بالام،
ساڭا تەگرى بەرسۇن مۇئەللا مەقام.
بولۇپ ئېردى ئاجىز، دۇئادىن فەراغ،
غۇلام بىرلە كەتتۈك قاشىدىن يىراغ.
شەھەرنىڭ ئىچىنى سەياھەت قىلىپ،
كۇدۇرەتنى دىلدىن ئىزالەت قىلىپ.
سەفەر مېھنەتىدىن دىل ئېردى سونۇق،
دەر ئېردىم تاپىلسە ئىمارەت يورۇق.
كۆرۈندى يىراقدىن كى ۋەيرانەئى،
غەرىب بىنەۋاغە چۇكاشانەئى.
بارىپ كىردىم ئاندا نەزەر ئەيلەدىم،
بەقاسىز جەھاندىن ھەزەر ئەيلەدىم.
كېلەدۇر بۇ ئۆيدىن ئىبادەت بۇيى،
دىمەيكىم ئىبادەت، شەھادەت بۇيى.
سۆيۈندۈم كى دېدىم خۇداغە سەنا،
مەگەر مۇندا باردۇر بىر ئەھلى فەنا.
كىچىك قازناقى بار ئېكەن خانەنىڭ،
بىساتى يىكاندۇر بۇ جانانەنىڭ.
بۇ قازناقغە كىردىم بەسى ئالدىراپ،
پەردۆەشنى كۆردۈم تۆردىگە قاراپ.
پەردۆەشكىم ئانداغ ئېرۇر سۇرەتى،
كى ھۇرى نەئىمدىن بېرۇر سۇرەتى.
مەلىك سادىق ئاندا بېرىپ رۇقئەنى،
دەپ ئېردى كەتۈرگىل ماڭا سەن ئانى.
ئوشۇل پەرى ئايغان بۇ گۇلرۇخ ئېكەن،
كى ھەر تار كىرفىك ئېرۇر بىر تىكەن.

www.uyghurkitap.com

تىشى دۇرغا ئوخشا، قاشى چۈن ھىلال،
كۆزى مۇشتەرىدۇر، لەبىدۇر زىلال.
يۈزى ئافتابۇ ساچى ھەم قارا،
كىشى كۆرسە جانغا سالۇر ماجەرا.
سۆزىدۇركى شېرىن، بويى سەرۋ قەد،
ئانى تەۋسىف ئەتمەك خىرەدغا نەھەد.
ئانى كۆردۇم ئانداغ فىغان ئەيلەدىم،
ئەگەر كىم پەرى دەپ گۇمان ئەيلەدىم.
ماگا رو بېرىپدۇركى بىھوشلۇق،
فىراق زېھى تەندە ئورۇپ جوشلۇق.
ئەگەر كىمسە كۆرسە بۇ يەردە ئانى،
گۇمان ئەيلەگەيكىم چىقىپدۇر جانى.
بولۇپ سائەتىدە يەنە ھوشيار،
كۆرەيدەپ قىلىپ مەن يەنە ئىختىيار.
ئورۇپ باك ئانداغ پەردۇەش ماگا،
نەزەر ئەيلەمەكلىك جەزادۇر ساگا.
ماگا لەھۋ قىلمە، داغى شەرم قىل،
ئىبادەت ئىشىغە دىلىڭ نەرم قىل.
چۈ قىلدى تەكەللۇم قاچۇردى ئۆزىن،
بىر ئوت بولدى يۈزمىڭ ئىشتكەچ سۆزىن.
كى مەيخارەلەردەك سالىپ مەن سۈرەن،
ئورۇپ يەرگە خەستە بولۇپدۇر بەدەن.
زېھى بىكەس ئولدۇم، زېھى بىنەۋا،
تاپىلغايمۇ مۇندا بىر ھاجەت رەۋا.
ئۆزۈمنى ئېشتكەچ ھەمۇل گوۋھەر،
دېدىكىم: نە جان سەن، بولۇپسەن ئەسىر.
تانۇتتۇم ئۆزۈمنى دېدىم يار-يار،
ياشىن تۆكتى ئاجىزچۈن ئەبرى بەھار.
قۇچاقىمغە ئالدى ئاتالار كەبى،
قىلىپ رەھم-شەفقەت ئانالار كەبى.
سىلاپ قوللارىدا باشىمغە سۆيۈپ،
قىناتىمنى ئاڭلاپ يۈرەكى كۆيۈپ.
تەسەللى خاتىر بېرىپ سوردى ھال،
دېدى: قىزغە قىلمە دىلىڭنى مەلال.
ئەگەرچە مۇڭا سەن بولۇپسەن فەرىب،
قۇتۇلماس بەلاغە بولۇرسەن قەرىب.
بۇ ئىشلارغە سەبر-شىكىبا كېرەك،
ئىلاج ئەتكەلى ياخشى دانا كېرەك.
باشىڭغە نە كەلدى بەيان ئەيلەگىل،
ماگا سەرگۈزەشتىن ئەيان ئەيلەگىل.
نە ئىش بولدى — ئۆتتى، دېدىم مەن ئاگا،
دېدى: مۇنچە قىلماق نەھاجەت ساگا.
دېدىم: ئاگلا، ئەيتاي كى تەقرىرىنى،
چۈ كاغەزدە كۆردۇم بۇ تەسۋىرىنى.
ئوشۇل كۈندە بولدۇم ئانىڭ ئاشىقى،
تاپالمان بۇ سۈرەت كەبى لايىقى.
شەھەر، قەرىيەلەرنى دەۋاننى كېزىپ،
دەۋان يوقكى بەلكى جەھاننى كېزىپ.
باشىمغە تۈشۈپدۇر بۇ ئەۋۋارەلىك،
يۈرەك باغرىم ئولدى بەسى يارەلىك.
قەلەندەر سۈفەت بىسەرۇپا يۈرۈپ،
دەمى راھەتى يوق، جەفالار كۆرۈپ.
فىراقىدا يۈردۈم جەھاندىن كېچىپ،
جەھاننى دېمەي، بەلكى جاندىن كېچىپ.
نەچە يىللار ئۆتتى مۇسافىر ئېدىم،
ۋۇھۇشۇ تۇيۇرغە مۇجاۋىر ئېدىم.
بەھەمدۇللاھ، كۈلدى مۇرادىم گۈلى،
جەمالىنى كۆردى كۆڭۈل بۇلبۇلى.
كى شەھرىمنى سورساڭ① ئەگەر ئەي ئاتا،
تۇغۇلغان يېرىمدۇر بىلادى خىتا.
خىتاي شەھرى شاھى بالاسى ئېدىم،
بالا يوق، كۆزىنىڭ زىياسى ئېدىم.
كۆرۈپ سۈرەتىنى چۈ قىرتاسدا،
قىرىپ جاننى ئىشقى ئىتتىك داسدا.
ئورۇپ بەرھەم ئانداغ سەرىر ئافەرىن،
لىباسىمغە سۈرتۈپ فەنا ئەخگەرىن.
يوق ئېردى تۇرارغە مېنىڭ تاقەتىم،
بەھەمدۇللاھ، بولدى رەۋا ھاجەتىم.
نە قىلساڭ ماگا يوقتۇرۇر ئىختىيار،
ۋەلى دېمە تۇتغىل شىكىبۇ قەرار.

---

① قىزلىيازمىدا «كۆرسەڭ» دەپ يېزىلغان.

ئېشتتى سۆزۇمنى بابا چەكتى ئاھ،
دېدى: رازىدۇرمەن بەھۇكمى ئەللاھ.
كەل ئەي ساقى، بولدۇم يولۇڭدا گەدا،
مەنى زارغە ئەيلە ساغەر ئەتا.
ئانى نۇش ئەيلەپ بولاي پادىشاھ،
نېدىن قىلدى ھاسىل مۇرادىم ئەللاھ.

**قىزنىڭ ئاتاسى ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى شەھزادەگە بىر - بىر بەيان قىلىپ، ئانىڭدىن مانىئ قىلغانى ۋە پىرنىڭ سۆزىن شەھزادە قەبۇل تۇتماي، ئانى قولغە كەلتۈرمەككە جىددۇجەھد ئەيلەگەنى:**

تەرەھھۇم قىلىپ پىر شەھزادەگە،
تەكەللۇمغە تۇردى بۇ ئازادەگە.
يەقىن كەل قاشىمە ئۇيالمە يىگىت،
قىزىمدىن سۆز ئەيتاي ئانى سەن ئىشىت.
ستەمگەر فەلەك سەد قىلىپدۇر يولىن،
ئۇزاتماس كىشى ھيچ ھەۋەسىنىڭ قولىن.
ئەگەرچە بۇ قىز ماھ رۇخسار ئېرۇر،
چاقارغە ئۇلۇسنى قارا مار ئېرۇر.
بەسى شىر مەردى چېكىپ رەنجنى،
ئالالماس قولىغە مەگەر گەنجنى①.
كى ئەسلىمنى سورساڭ سەن، ئەي ئوغۇل،
تىڭگەنمەس فەسانە، دېسەم نەچچە يول.
ئۆزۈم بۇ شەھەرنىڭ كەلان زادەسى،
ۋە لېكىن ئىچىپ مەن جەفا بادەسى.
كى ئابايۇ ئەجدادىمىز جەمئىسى،
شەھەرنىڭ ئېدىلەر يارۇغ شەمئىسى.
نەكۈنكى رەسىدە بولۇپدۇر قىزىم،
شەرافەت يېرىدىن تېيىپدۇر ئىزىم.
جەفايۇ ئەلەملەر يېتىپ رۇزۇ شەب،
تاپىپدۇرمەن ئەمدى گەدالىغ لەقەب.
جەمالى قەمەردەك ھۇۋەيدا بولۇپ،
ئاڭا چۇڭ - كىچىك بارچە شەيدا بولۇپ.
يايىلدى جەھانغە بۇ ئەفسانەئى،
بولۇر ئېردى كۆرسەچۇ پەرۋانەئى.
ئەمىر كىم ئۇلۇسنىڭ ئېرۇر فايىقى،
ئىشتكەچ قىزىمنىڭ بولۇپ ئاشقى.
ئالىپ باردى سۇلتان تۇتۇپ ئەرجۇمەند،
جەمالىغە ئانداغ بولۇپ مۇستەمەند.
ماڭا خاتۇنۇمغە قىلىپ پەرۋەرىش،
ئۆتۈپ ئىككى يازۇ يەنە ئىككى قىش.
بار ئېردى بىر ئوغلى بەغايەت دەلىر،
ئانىڭ زۇلفىغە ئول بولۇبدۇر ئەسىر.
ئوغۇل ھەم سەباھەت ئارا سەرۋقەد،
دېمەي سەرۋ قەدكىم مەگەر ماھ خەد.
ئاتاسى تۇتۇپ ئانى جاندىن ئەزىز،
بىلىپ ھەم سۆزىنى شەكەردىن لەزىز.
ئاناسى دەر ئېردى: كۆزۈم گەۋھەرى،
كۆڭۈل شاھى ئىچرە باشىم ئەفسەرى.
بەناگاھ كۆرۈپدۇر جەمالىنى ئول،
قىلىپ ئىشق ئوتى ۋۇجۇدىنى كۈل.
ئوغۇل ھالىدىن شەھ تاپىپدۇر خەبەر،
ئاڭا ئەقد قىلغاي ساچىپ سىيم — زەر.
ھەمۇل توي ئىشىدىن ماڭا قىلدى سۆز:
تىڭگەتسەڭ ئىشىنى بۇ ھەيىندە تۆكۈز.
دېدىم: پادىشاھا مۇبارەك ئېرۇر،
ماڭا لۇتفى تەڭرى تەبارەك ئېرۇر.
نە كەچسە كۆڭۈلدە ئانى قىلغاسەن،
قىلۇر - قىلماشىڭنى ئۆزۈڭ بىلگەسەن.
قىلىپ توي ئىشىنى كى ئاراستە،
ئۇلۇغ بەزمەلەرنى قىلىپ خاستە.
كىچىك - چوڭ خەلايىق فەراھەم ئولۇپ،
سىغىشماي ئۇلۇسلار چىنان زەم ئولۇپ.
يەمىنۇ يەسارغە قىلىپ غۇلغۇلە،
مەزامىرۇ تەنبۇر سالىپ ۋەلۋەلە.

① قولىيازمىدا «رەنجنى» دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى رەقس قىلسە، بىرى مەي ئىچەر،
نىسار ئەيلەبان بارچە جاندىن كېچەر.
بىرى ئاتسە ئوقيا، بىرى ئات چاپىپ،
كىچىكلەر چالىشماق بىلە ئويناشىپ.
بولۇپ ئەل غۇبارى شەھەر ئىچرە چاك،
ئەقالىمدا بولدى ئۇلۇغلارغە داك.
تەمام بولدى ئاخىر زىيافەت ئىشى،
تۈگەندى نىكاھ شەھادەت ئىشى.
يىگىت قول ئۇزاتمىش قىزدىمغە دەلىل،
كى تا ھاسىل ئولغاي ئاڭا كام دىل.
يىگىت بولمىش ئاندا بۇ ئىشلاركى تەك،
قەبۇل ئەتمەيىن قىز تۈزۈپدۇركى جەك.
قىلىپ ئۆي ئىچىدە ئىكەۋلەن جەدەل،
كى سەۋتۇ سەدانى ئىشتمىشدۇر ئەل.
كىرەي دېسە ئۆيگە قوبۇغ بەند ئېمىش،
ئىشتكەن ئۇلۇسلار «نە ۋاقىئە؟» دېمىش،
قوپۇپ ئورنىدىن ئەل كېلىپ جۇست دەست،
چىداماي ئىشىكنى قىلىپدۇر شىكەست.
كى قىزنىڭ ئاغىز ـ بۇرنىدا بار كۆفۈك،
يىگىتكە قاراسە ياتىپدۇر ئۆلۈك.
ياتىپ قىز يىملاندەك بارار تولغانىپ،
قىزىل قانغە تۇپراق ئارا چولغانىپ.
چۇ داۋەر ئىشتتى بۇ ئەقۋالنى،
تۆكۈپ كۆزلەرىدىن دۇرى ئالنى.
يىقىلدى ئوغۇلنىڭ تەنىنى كۆرۈپ،
قىلىپ نالە ـ ئەفغان كۆزىنى سۈرۈپ.
ساۋۇردى ئوغۇلنى قەزانىڭ يېلى،
دېدى: «ئۆلتۈرۈڭلار بۇ قىزنى ھېلى!»
ھەمۇل سائەت ئولدى بۇ ئالەم دىگەر،
سۈرەن قاتتىغىدىن يازىلغان جىگەر.
كى شەھىنىڭ دىلىغە تۈشۈپ ۋەھشەتى،
ئۆيىگە يانارغە قىلىپ سۈرئەتى.
دېدى: قىزغە ھېچكىم قىلىچ ئۇرماسۇن،
ئاتاسى بالاسى بىلە تۇرماسۇن.
كۆرۈنگەچ بۇ شەھىنىڭ كۆزىگە يامان،
شەھەردىن مېنى قوغلادى شۇلزەمان.
ئۇلۇس ئىچرە تاپتى بۇ ئىش ئىشتىھار،
قايۇ يەرگە بارسام كۆرەر خارۇزار.
ئاتاسى تۇتۇپ ئوغلىنىڭ ماتەمىن،
رەئىسۇ شەرىف ھەم تۇتار ئېردى كىن.
كى ماتەم ئىشىدىن فەراغ ئولدىلار،
ئەزا كارىدىن ھەم يىراغ ئولدىلار.
بولۇپ جەمئ خادىم، مۇلازىملارى،
ۋەزىر، سىپاھۇ نەۋادىملارى.
ئوغۇل بارەسىدىن بولۇپ كىينەكەش،
مېنى يوق قىلۇرغە قىلىپدۇر كېڭەش.
دېمىش شەھ: يوق ئەتمەيكى ئىخراج ئېتىڭ،
بۇلاپ پۇل، مالىن داغى كاج ئېتىڭ.
كىچىك ـ چوڭ خەلايىق تالانغە كېلىپ،
ئۇرار ئېردى سىللى پۇلۇمنى ئالىپ.
ھەۋادىن ئوشۇلدەم ياغىپ ئانچە تاش،
تەقازا قىلۇر ئېردى يارماقغە باش.
كۆرەر ئېردىلەر ئەل بۇ يەڭلىغ بەلا،
بولۇپ سەنگ باران ئارا مۇبتەلا.
كېلۇر ئېردى ئانداغ سەدايى بەلەند،
بولۇپ سائىقەدەك نەدايى بەلەند:
«خەبەردار بولغىل سەن ئەي پادىشاھ!
بۇ قىز بارەسىدىن كۆنۈڭدۇر تەباھ!
يەنە سەن بۇ ئىشنى كۆرەرسەن رەۋا،
كېيىن دەردىڭگە ھېچ تاپىلماس دەۋا.
قىلۇرمىزكى ئانداغ سېنىڭ بىرلە جەڭ،
بولۇر قوللارىڭ شەل، فۇتۇڭ يانە لەڭ.
كېتىپ ھۇش باشىڭدىن بولۇرسەن سارالڭ،
يۈرۈپ كوچەلەردە قىلۇرسەن پارالڭ.»
كى سۇلتان ئېشتتى بۇ ئاۋازنى،
قاچىپ كەلدى ئۆيگە، دېمەي رازنى.
پەدىد ئولدى ئول كۈن باشىغە كەسەل،
يېتىپ شاھلىقنىڭ ئىشىغە خەلەل.
شەھەرنىڭ ئەزىزۇ مۇئەززەملەرى.
ھەكىمۇ مۇھەندىس مۇكەررەملەرى،
دېمىش شەھغە بىر ـ بىر بۇ يەڭلىغ كەلام:
«سېغىل ئۈزرە قۇرئان ئوقۇسە مۇدام.

پەرى ئافەتىدىن ئەمان بولغامىز،
مەگەر بارچەمىز ناتەۋان بولغامىز.
كى قۇرئان شەرافاتىدىن بىلىيەقىن،
نە تاڭ قاچسە دەۋ، شەياتىن لەئىن.»
ئۇلۇغلار بۇ سۆزنى دېدى شاھغە،
بۇ سۆز خۇش كۆرۈندى شەھىنشاھغە.
تۇتۇپ نەچە مۇددەت سىغىل ئۇزرە جاي،
كى قۇرئان ئوقۇرلار، ئۆتۈپ نەچە ئاي.
مەئەلقىسسە ئەيتاي سۆزۈم ئازغىنە،
بۇ ۋاقىئنى سوردۇم قىزدىمدىن يەنە:
«ئەيا دىلپەسەندىم، كۆزۈم رەۋشەنى،
ساڭا بولدى نې ئىش؟ بەيان قىل ئانى.»
دېدى قىز: «نە قىلغۇڭ بۇ ئىشنى سوراپ؟
كېتەرمىڭ جان ئولسە تەنىڭدىن قوراپ.»
نەچە دەفئە سوردۇم قىزدىمدىن سۇئال،
جەۋابىن دېدى، ئانچە ئەيلەپ خىيال:
«تۇتاشتى تەنىمغە قەزانىڭ ئوتى،
قەزا دېمەيىن، بەل بەلانىڭ ئوتى.
خۇدا قىلغان ئىشغە تاپىلماس دەۋا،
مۇقەددەرغە تەدبىر ئەمەستۇر رەۋا.
مېنى قىلدى تەزۋىج مەلىك زادەغە،
قىلىپ قەسد سۇندى قولىن بادەگە.
قولىغە ھەنوز ئالمايىن جامنى،
كىرىپ بىر جەمائە يارىپ تامنى.
قويۇپ ھوجرە ئىچرە ئەجايىپ سەرىر،
زىھى خۇشنە مايۇ زىھى دىلپەزىر.
بۇ تەخت ئۇزرە خۇشرو كىشى بەرقەرار،
ئانىڭ نۇرى ئۆيىنى قىلىپ سۇبھىۋار.
تۇرۇپ ئارقەدە ھەم سەبىھ سۇرەتى،
بۇلار ئىچرە ھەم بار قەبىھ سۇرەتى.
گەب ئۇرسە ئاغىزدىن چىقادۇر ئوتى،
فۇتىدۇر مىسالى غەنىمنىڭ فۇتى.
كى ئەقلىمغە يەتتى فەراموشلۇق،
فەراموش ئەمەس ئانچە بىھۇشلۇق.
نە ئىش ئۆتتى ئاندىن ئانى بىلمەدىم،
نە سۇ ئىچتىم ئاندىن نە تۇئمە يېدىم.»

كى تەقدىر قىلدى قىزدىم بۇ سۇخەن،
ئۆزدىن تاشلادى يەرگە نازۇك بەدەن.
بۇ ئىش بائىسىدىن كېتىپ دۆلەتىم،
ئۇلۇسلار ئىچىدىن ئۇلۇغ شەۋكەتىم.
قانى قۇل، دىدەكلەر، قانى ئول ھەشەم؟
ئىگىشتۇردى ئاخىر باسىپ كۇھى غەم.
نە كەيمەككە جامە، نە يۇتماقغە نان،
نە مىنمەككە مەركەب، نە بولغاي مەكان.
نە دوست قالدى مەندە، نە تۇغقانلاردىم،
نە مەھرەم، كۆزۈمدىن ئاقار قانلاردىم.
كۈنۈم دەربەدەرلىك، تۈنۈم ئاھۇ ۋاي،
ئىكەۋلەن تۇتۇپمىز بۇ تام ئىچرە جاي.
بۇ يەرگە يەتتى كى ئەھۋالىمىز،
سورارغە كىشى يوق، بۇ تەڭ ھالىمىز.
تۇلۇئ ئەتمەيىن ھېچ سەئادەت كۈنى،
تاپالماسمەن ئىستەپ فەراغەت كۈنى.
ياۋۇشتى فەلاكەت ماڭا سەر بەسەر،
دېدىم: «كۈن ئۆتەرگە قىلاي بىر ھۇنەر.»
ئالىپ بىر كوزانى تاشۇپ كۈندە سۇ،
ساتارمەن جەفادا شەفەق بولدى رو.
مۇنىڭ بىرلە ھەركۈن كېچەر روزگار،
بۇ ھالەتكە يەتتى ئىشىم خار-زار.
يۈرۈرمەن ئۇلۇغلار قاشىدىن قاچىپ،
فەقىرلارنى، كۆرسەم ئېتەكنى ئاچىپ.
نە كىم كۆرسە ناگەھ شەرافەت ئېلى،
يېتەر دەپ يۈزۈمگە ساۋۇغلۇق يېلى.
بەناگەھ ئەگەر كۆرسە دىلخەستەلەر،
ساڭا ئوخشە غەمكىن يولى بەستەلەر.
ئەگەر مەۋج ئۇرسەچۇ بەھرى كەرەم،
ئىشتىسە ئۈنۈمنى بېرۈرلەر دەرەم.
ئالىپ نانۋادىن بۇ پۇلغە توقاچ،
ئانى يەرمىز ھەركۈن شىكەم بولسە ئاچ.
يامان كۆرسە داۋەر، خۇدا رەھم ئېتىپ،
كېلۇر نان ماڭا يۇ قىزدىمغە يېتىپ.
ئەگەر يەتسە مېھنەت، ئېرۈر جان تىرىك،
ئېرۈر مىسلى ھەلۋا، ئاش ئولسە يىرىك.

www.uyghurkitap.com

خۇدا ھەرنە بەرسە قەنائەت قىلىپ،
ياتىپمىز ئىككەۋلەن ئىبادەت قىلىپ.
يوق ئىدى كىيىەرگە دەردە چەفان،
تاپالماي شەھەردە ياقارغە ئوتان.
خۇدايىم يەتۇردى سىىنى ئەي فەتا،
قىلىپ ئىدىدىڭ ئۇل كۆن زەھەبنى ئەتا.

ئانىڭ بىرلە پۈتتى ھەممە كارىمىز،
زەبۇنلۇقدا بولدۇڭ مەدەدكارىمىز.
كەل ئەي ساقى، بولغىل ماڭا راھبەر،
كى ئۇل جامغە جاننى ئەيلەي گىرەۋ.
قىلاي شەۋقى بىرلە نىگارىمغە سۆز،
ئەگەرچە ئىشىتمەس، تەكەللۇمنى تۈز.

**پىر قىزىنى شەھزادەگە تاپشۇرۇپ ئۆزى دەھردىن فەنا بولغانى، شەھزادە ئۇل قىزنى مۇبارەك بىلە چىن شەھرىگە ئالىپ يۈرگەنى**

چۇ شەھزادە پىرغە تەكەللۇم تۈزۈپ،
تەكەللۇمغە ئۇل پىر تەرەھھۇم تۈزۈپ.
دېدى: قىلماغايمەن قىزىمنى دەرىغ،
ۋەلى كۆزلەرىڭدىن ئاقىزغان ئەرىغ.
بولۇر سەرۋ يەڭلىغ نىھالىڭ خەزان،
بولۇر گۈلئۈزارىڭ بەئەينى سامان.
قىلۇر ئاقىبەت جاننى بۇ قىز خەراب،
نىھادىڭنى ئەيلەر تەمۇغدەك كەباب.
مۇنىڭدىن باشىڭغە يېتەر كۆپ بەلا،
بولۇرسەن بەلا دامىغە مۇبتەلا.
ساڭا تەڭرى قىلسۇن كەرەم ياخشىلىق،
يىراق بولغانىڭدۇر ساڭا ياخشىلىق.
جەۋابىنى ئانداغ دېدىم پىرغە،
دەم ئۇرغان كەبى گۇربەلەر شىرغە:
كىشىكىم تاپار ئابى ھەيۋان سۈيى،
دېمەي ئابى ھەيۋان، مەگەر جان سۈيى.
مۇنىڭ بائىسىدىن ئىچىم دەشنەلىك،
سۇ بولسە مۇيەسسەر زەمان تەشنەلىك.
قاچان نۇش ئەتمەي قويارمەن ئانى،
نە كىم تەشنە قىلسە بۇ دىلبەر مېنى.
دېدى پىر: ھالا ئۆيۈڭ سارى كەت،
جەھان ئاقلىغىدا رەباتىڭغە يەت.
يەنە تاڭلا كەلسەڭ، جەۋابىن دەيىن،
قىزىم قىلسە مەئقۇل، خىتابىن دەيىن.
قوپۇپ ئەزم قىلدۇق رەباتى سارى،
رەبات ئىردى ئەندەك بۇ يەردىن نارى.

كىرىپ ھۇجرەسىغە بولۇپ بىقەرار،
تاڭ ئاتقۇنچە يىغلار ئىدى زار-زار.
دەر ئىردىكى: قىلسام ساڭا ھىيلەئى،
ھەھول ھىيلە بولسە ماڭا سىيلەئى.
دەر ئىردى مۇبارەك: بولۇڭ سىز يىراق،
مۇڭا سىز يەقىن كەلمەگەن ياخشىراق.
مەلىك سادىق ئالسە بۇ ئىشدىن خەبەر،
ئانىڭ كارى بىزگە ئىرۇر كۆپ خەتەر.
ئەگەر سالسە بىزگە غەزەبىنىڭ ئوتىن،
پەرى خەيلى بىرلە تەئەبنىڭ ئوتىن.
قىلۇر ئىككىمىزنى ئوتۇندەك گۇداز،
زىيادە قىلۇر كىم، دېدىم — بەلكى ئاز.
يەنە ئاڭلاسە ھەم ئەمىرى شەھەر،
غەزەب بىرلە بىزنى قىلۇر مىسلى يەر.
يوق ئەتسە بۇ دىلبەر جىگەر پارەسىن،
يۈرەكگە ئۇرسە ئىتتىك خارەسىن.
قاچان بەرگۈسىدۇر بۇ قىزغە ئەمان،
مۇنىڭ بارەسىدىن نە تاڭ تۆكسە قان.
قىلۇر سىنەمىزنى قىلىچ بىرلە چاك،
ئانىڭ زەخمى بىرلە بولۇرمىز ھەلاك.
ئەمىرنىڭ ئىشىدۇر سىتەمكارلىق،
پەرىنىڭ قېبىلى جەفاكارلىق.
قىلۇرسەن قاچارغە بەسى جۇستىجۇ،
تاپار قايدا بارساق بۇ ئىككى ئەدۇ.
تاڭ ئاتتىيۇ قىلدى قۇياش ھەم تۇلۇئ،
چەھار سۇ تەرەفكە قىلىپىمز رۇجۇئ.

مۇبارەك بىلە پىر دېدى ئانچە پەند،
دىلىم ئەيلەمەي سۆزلەرنى پىسەند.
چۇ دىلبەرغە ئالدىم غىزايۇ تەئام،
بۇزۇغ ئۆي سارىغە ئۇرۇپ يانە گام.
كۆرۈپ يىغلادىم ئول سەنەمنىڭ يۈزىن،
دېدىم يانە پىرغە مۇرادىم سۆزىن.
دېدى: ئەي يىگىت بۇ خىيالىڭ يامان،
كېتەر جىسمىڭ ئىچرە تۈمەن بولسە جان.
نە كىم ئەي مۇسافىر تۈزۈكنى يېدىم،
قۇلاغىڭغە ئالغىل بۇ سۆزنى دېدىم.
قاباغىمنى ئېتىپ ئەيتسام جەۋاب،
مۇناسىب ئەمەستۇر ساڭا ئەي شەباب.
نەكىم ئىشق ئوتىدا دىل ئەفرۇز سەن،
مۇرادىڭنى تاپماي غەم ئەندۇز سەن.
سەھەرلەردە يىغلاپ ئەگەر ئۇرساڭ ئاھ،
نەتاڭ بولسە ھالىم بۇ كۈندىن تەباھ.
دېدىمكى: تەنىمدە تۈمەن جان ئېرۇر،
ئانىڭ ھەققىدە بارچە قۇربان ئېرۇر.
پەرىۋەش يولىدا تۆكەي ئانچە قان،
ئانىڭسىز نە لازىم بەدەن ئىچرە جان.
سەن ئەي پىر دەيرسەن، بەھانە قىلاي،
كى مەن ھەم ئۆزۈڭگە فەسانە قىلاي.
ئەگەر ئۆلتۈرۈرسەن رىزا مەن ئاڭا،
دېمە ھەرگىز ئانداغ سۆزۈڭنى ماڭا.
مەئەلقىسسە تۇردۇم قاشىدا بىر ئاي،
دېدىمكى يەنە بىر چەغانە قۇراي.
بۇ تەدبىر ئانداغ ئاڭا دام ئولۇپ،
ئىشىم گەر تۈگەنسە سەرەنجام ئولۇپ.
قاشىغە كىرىپ مىڭ تەمەللۇق قىلىپ،
جەۋاھىر باشىدىن تەسەددۇق قىلىپ.
تۇرۇپ خىزمەتىدە قارا قۇل كەبى،
ئۇچام ئۈزرە كەيدىم ئىگىن جۇل كەبى.
نەچە بارە قىلسام ئاڭا خاستكار،
بېرۈرگە قىزىن قىلمادى ئىختىيار.
بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم ئاڭا ئاقىبەت:
يېتىشسە قەزايى ساڭا ئاقىبەت.

نە كىم دەھر فانى ئېرۇر بىۋەفا،
ۋەفا ئىزدەگەنگە قىلۇر كۆپ جەفا.
قارىپسىز زەئىفدۇركى ئەھۋالىڭىز،
يېتىپدۇر بۇ يەرگە كۆھەن سالىڭىز.
ئەگەر تەگسە ناگەھ سەمۇمى ئەجەل،
كېتەر باشىڭىزدىن بۇ تۇل ئەمەل.
قىزىڭ قالسە تەنھا ئالۇر بىر كىشى،
قاچان راست كەلگەي جەھانىڭ ئىشى.
ئۆزە تۇردۇم ئانداغ قىلىپ ئىلتىجا،
خۇدا ھەققى كەلتۈر سۆزۈمنى بەجا.
ئەگەر يەتسە تەشۋىش پەرىۋەش ئۈچۈن،
رىزامەن نە كەلسە بۇ دىلكەش ئۈچۈن.
دېدى پىر: بۇ سۆزنى قىزىمغە دەيىن،
سۆزۈمنى دېگۈنچە تۇرۇڭ سىز كېيىن.
ئانىڭ بىرلە ئەمدى قىلاي مەشۋەرەت،
ئۆزى ھەم بۇ ئىشدا نەدەر مەسلەھەت.
ئېشىتتىمكى پىردىن كى ئول مۇژدەنى،
تىرىلدۈردى ئەيسا كۆھەن مۇردەنى.
چۇغەم ئېردى تاغدىن ئەغىر مەندەكى،
كۆتەرىلدى باشدىن بۇ غەم ئەندەكى.
چۇ پىرنىڭ سۆزنى قەبۇل ئەيلەدىم،
ھەمۇلدەم ئۆزۈمنى خۇمۇل ئەيلەدىم.
چىقىپ پىر قاشىدىن غۇلامنى ئالىپ،
ئۇيۇماي تاڭ ئاتتى باشىمنى سالىپ.
يەنە كەلدىم ئەرتە چېكىپ بابنى،
خىيالىم كۆرەي دەپ بۇ مەھتابنى.
چىقىپ بابا ئەيدى: «كېلىڭ ئەي يىگىت.
بەيان ئەيلەگەن سۆزلەرىمنى ئىشىت.
بۈگۈن كېچە ئانداغ خىيال ئەيلەدىم،
قىزىم بىرلە قىيلۇ مەقال ئەيلەدىم.
مەئەلقىسسە يەتتى بۇ يەرگە كېڭەش،
پەزىر ئەتتى ئۆزنى ساڭا ماھۋەش.
قارىپدۇرمەن ئەمدى بولۇپ خەستەئى،
ئەجەل دامىغە قول ـ فۇتۇم بەستەئى.
بولۇپ يار تەڭرى تەبارەك ساڭا،
ئىشىڭنىڭ ۋۇقۇئى مۇبارەك ساڭا.

www.uyghurkitap.com

سۆزۈم ئۇلكى مەندىن يىراق ئـولماغىل،
بىرەي قىزنى تەلخى مەزاق ئولماغىل.
تىرىكلىكدە ھالىمدىن ئالغىل خەبەر،
قاچان ئەيلەسەمەن جەھاندىن سەفەر.

ھەمـە ئىشلاردىنى سەرەنجام ئەت،
سۆزۈمنى قەبۇل قىل، كەمالىڭغە يەت.»
نەسىھەتلەرىنى پەرىز ئەيلەدىم،
چۈ بەردى قىزىن، دەستگىر ئەيلەدىم.
بىلۈپ غۇنچە خەندان، تۇرۇپ يەتتە كۈن،
قىلىپ خىزمەتىنى نە كۈندۈز، نە تۈن.

بۇ ئەييامىلاردا كەسەل بولدى ئول،
فەنادىن بەقا سارىغە تۇتتى يول.
ئۆلۈم جابدۇقىنى يەتۈردۈم رەۋان،
قىلىپ مۇردە تەننى يەر ئىچرە نىھان.
ئەزىمەت ئىشىنى قىلىپ ئىختىيار،
ياپىپ ئول سەنەمنىڭ يۈزىگە خىمار.

بۇ مەۋزىدە تاپتۇق تۇرارغە سەراي،
بەش ـ ئالتە كۈن ئىچرە تۇتۇپ ئاندا جاي.
ياتار ئىردى ئۆيدە ھەمول گۈلئۇزار،
قاشىدىن قوپارغە دەمى يوق قەرار.
بۇ نەۋئ سۆزنى ئەيتۇر مۇبارەك ماڭا:
يىراق بول بۇ قىزدىن نەسھەت ساڭا.
دەر ئىردىم: دىلبەر لەبىنى شوراي،
كى پەرۋانە يەڭلىغ ئۆزۈمنى ئۇراي.
قىلۇر ئىردى بۇ قۇل سەياسەت ماڭا:
بۇ فاسىد خىيالىڭ بەلادۇر ساڭا.
بۇ ئىشلاردىن ئىردىم پەرىشان بەسى،
ياۋۇغلۇق ئىشىم ھەم گۇرىزان بەسى.
يوق ئىردى ماڭا لەمھەئى تاقەتى،
بۇ قۇل بولدى ئانچە ماڭا ئافەتى.
خىيالىمدا كەچە بىلايىن ياۋۇق،
غۇلام ئەيتۇر ئىردى تەكەللۇم ساۋۇق:
سەن ئەي بەچچە ئۇكمۇ ۋە ياكىم سارالڭ،
شەفقە كىشىدەك ئۇرارسەن پارالڭ.
بىلەلمەسمە نادان ۋەيا سەن كىچىك،

ۋە ياكىم باشىڭدا مىڭەدۇر فۇچىك.
مۇنىڭ بارەسىدىن جەفا كۆرگەمىز،
نەھايەتدىن ئارتۇق خەفا كۆرگەمىز.
ئوشۇلدەم دىيدىمكى بۇ يەڭلىغ كەلام:

بەلا مەئنى سۆزنى قىلۇرسەن غۇلام.
نە مىھنەتدە كەلدى بۇ دۇررى مۇراد،
بولۇپ مەن بۇ مەھۋەش تاپىلغانچە شاد.
دىيدىكىم مۇبارەك مەنى سادەغە،
جەھاندىن سەۋا بولغان ئازادەغە:

ئەگەر بولماساڭ سەن مۇنىڭدىن يىراق،
كىيىن نەفئ بەرمەس چىكەرسەن فىراق.
كى سادىق سۆزىدىن تەۋەھھۇم قىلىڭ،
دەپ ئىردى، تاپىلسە قاشىمغە كىلىڭ.
ئەمانەتكە سۇنمە خىيانەت قولىن،
تۇتۇڭ راست ئانچە دىيانەت يولىن.
ئۇنۇتتۇڭ سۆزىنى خەبەردار بول،
سەلامەت ئالىپ بار، نەمەكخار بول.
غۇلامغە قىلىپ مەن بۇ يەڭلىغ خىتاب:
ماڭا قىلماغىل سەن بۇ ھەيندە ئىتاب.
سۆزۈڭ راست، ئەمما قىلىپ ئىشق زور،
بولۇپدۇر ئاڭا مەن قاراماق زەرۇر.
ئەگەر سالسە تەگرىم ساڭا ئىشقنى،
ماڭا ئوخشە سەن ھەم يازىپ مەشقنى.
ئوقۇر ئىردىڭ ئانى سەبايۇ مەسا،
قىلۇر ئىردىڭ ئانداغ ئاڭا ئىلتىجا.
ئەگەر تەگسە كىمگە تەئەششۇق ئوتى،
ئالاۋ ئىچرە كىرسە كۆيەرمۇ فۇتى؟
كىشى ئىشق ئوتىغە قۇۋانغان زەمان،
ئەگەر گۇربە بولسا بولۇر ئارسلان.
ماڭا كار قىلماس نەسھەتلەرىڭ،
ماڭا ئەرزىمەس بۇ ئەزىمەتلەرىڭ.

يەنە دىيدى بۇ قۇل: پەرىلەر يامان،
تاپالماسسەن ھەرگىز قاچىپ ھەم ئەمان.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەنى خاكسار،
تۆكۈپ ياش كۆزۈمدىن چۈن ئەبرى بەھار.

کی ئەفسۇس ئەيلەپ دەر ئېردىم: دەرىغ!
فىغان ھەسرەتا-دەپ يەر ئېردىم دەرىغ.
کی نالەمدىن ئۇلدى يۈرەكلەر كەباب،
کی جانىم چىقارغە قىلۇر ئىزتىراب.
بېرۇر ئېردى تەسكىن مۇبارەك ماڭا،
گەھى يىغلابان دەپ: نە بولدى ساڭا؟
دېمە جانغە راھەت، بىل ئافەت مۇنى،
کی سادىقغە يەتكۈر سەلامەت مۇنى.
ئىشتىتىم بۇ سۆزنى تەئەممۇل بىلە،
بولۇپمەن شىكىب تەھەممۇل بىلە.
بۇرۇنقى سۇفەت قىلمايىن ماجەرا،
ئۆزۈمنى ئالىپ بىر كەنارە ئارا.
تۇتۇپ گوشە ئانداغ ياتىپ جۇغدۇار،
تاڭ ئاتقۇنچە يىغلاپ بولۇپ بىقەرار.
ئۆتۈپ ۋەسل ئۈمىدى بىلە ئۇشبۇ تۈن،
جەھان رەۋشەن ئۇلدى تۇلۇئ ئەتتى كۈن.
فىراقىدا بولسام نەچە تەڭدىل،
قىيا باقماس ئېرى ماڭا سەڭدىل.
ئۆزۈپ شوئلە ئانداغ ھەرارەت ئۇتى،
ساۋۇردى كۆلۈمنى شەرارەت ئۇتى.
تەسەللى بېرىپ دەر ئېدى بۇ غۇلام:
ئەگەر چىنغە يەتسەڭ بولۇر ئىش تەمام.
کی ئەسبابى تۈينىڭ ئىشىدۇر شەدىد،
ئالىپ كەلمەكىگە يولىدۇر بەئىد.
قاچان چىنغە يەتسەڭ سەبايۇ مەسا،
ئەگەر كۆرسە ئۇردا ئىچىمنى نىسا.
ئەگەر جۇش ئۇرسە مۇۋەددەت مەيى،
بەسى زەۋق بىرلە مۇھەببەت مەيى.
بولۇر ئاندا شايەدكى مايىل ساڭا،
كېلۇر قولغە، يوق ھېچ ھايىل ساڭا.
يەنە قۇلغە دېدىم بۇ يەڭلىغ جەۋاب:
بۇ ئەرزىمنى ئاڭلا، ئىشىم ئىزتىراب.
قىلىپ ئېتىمىد سەن بۇ كەچ دەھرىغە،
کی دەرسەن يېتىشسەڭ بەجىن شەھرىغە.
ساڭا بارچە سىررىم شۇۋەيدا ئېرۇر،
بۇ قىزغە دىلىم زار-شەيدا ئېرۇر.

ئەگەر چۆلدە بولسە ۋىسالى بەھەم،
ئەگەر كەتسە شەھلىغ ئانىڭدىن نەغەم.
قاچان چىنغە يەتسەڭ بولۇر شوروۋشەر،
مەلىك سادىق ئاندىن تاپار ھەم خەبەر.
ئالىپ قىزنى ھەرگىز ماڭا بەرمەگەي،
نە بەرگەي ماڭا ھەم ساڭا بەرمەگەي.
يەنە قىلدى نۇكتە مۇبارەك ماڭا:
ئەگەر بەرمەسە ئۇل سەنەمنى ساڭا،
بۇ يەردە ئانىڭ ئىلاجىن قىلاي،
ئاتايۇ ئانادەك باشىڭنى سىلاي.
قۇلاق سالكى ئاڭلا بۇ تەقرىرنى،
ئاڭا مەن، قىلۇرمەن بۇ تەدبىرنى.
ئاتاڭ باردى بىر يىل مەلىك قاشىغە،
ئانى كىردى باشلاپ يېمەك ئاشىغە.
ئۆزى كىردى، قويدى مېنى تاشقارى،
پەرىلەر قاشىمغە كېلىپ ياش-قارى.
ھۇجۇم ئەيلەدىلەر ئاراغە ئالىپ،
باشىم ئۈزرە باران كەبى تاش سالىپ.
بۇۋاقىئنى قىلدىم ئاتاڭغە بەيان،
دېدى: «تۇرمە مۇندا، بارىپ تۇر ئۇيان.»
قاچىپ تۇردۇم ئاندىن بولۇڭغە بارىپ،
يەنە كەلمەدىلەر ئۇلار ئاختارىپ.
قۇتۇلدۇم پەرىلەر شىكايەتىدىن،
شىكايەت ئەمەسكى خىيانەتىدىن.
يانىپ كەلدۇڭ ئەمما قىلىپ ئەلۋىدائ،
ماڭىپ يولنى يىلدام قىلىپ ئىنقىتائ.
يەنە ئەزم قىلدۇق ئىككىنچى يىلى،
مۇلاقات بولدى مەلىكنىڭ ئېلى.
دېدىم: پەرىلەر ماڭا تاش ئاتار،
ئانىڭ شورىشىدىن يەنە باش قاتار.
دېدى: بۇ مەكاندۇر پەرىغە ئۇۋا،
بېرىپ ياغنى، ئەيدى: تەنىڭغە سۇۋا.
بۇيى يەتسە جىنغە تەنەففۇر ئېتەر،
يەقىن كەلمەي ئۇق ھەر تەرەفكە كېتەر.
کی بادىم بۇ ياغنى تەنىمغە سۇرۇپ،
قاچار ئېردى جىنلار يىراقدىن كۆرۈپ.

www.uyghurkitap.com

داغى مەندە باردۇر ئۇشۇل ياغدىن،
ئانى ساقلامىشمەن بۇرۇن چاغدىن.
بۇ ئازمۇدە بىرلە قىلۇرمەن قىياس،
بۇ قىز قىلسە ياغدىن تەنىگە مىساس.
ئەگەر ئىشقىدا ئۇل مەلىك ئەشكرىز،
گۇمان يوق مۇنىڭدىن قىلۇر ئۇل گۇرىز.
بۇ تەدبىر بىرلە غەرامەت قىلىپ،
پەرىلەرغە قاتتىق ئەداۋەت قىلىپ.
ۋە لېكىن يوق ئېردى ئاڭا ھېچ ئىلاج،
ئانىڭ ۋەھمى بىرلە جەھان ئېردى داج.
تۇتۇپ يۈك ئىچىدە بۇ قىزنى نىھان،
بىلۇر ئېردىم ئانداغ تەنىم ئىچرە جان.
غۇلام قويماس ئېردى نەزەر قىلغالى،
ئۇچ ئاي بولدى بىزگە سەفەر قىلغالى.
يوق ئېردىكى لەھزە سۇرۇرۇ نەشات،
بەناگەھ كۆرۈندى كۆزۈمگە رەبات.

كېلۇر ئېردى ئاندىن بەغايەت سۈرەن،
بۇ ئاۋاز ئانداغ مىسالى بوران.
مۇبارەك دېدىكىم: بۇلار جىن ئېرۇر،
كى سادىق تەرەفدىن نىشانە ئېرۇر.
يېتىپ كەلدى جىنلار ئالىپ ھەديەلەر،

كۆڭۈلگە مۇۋافىق نەچە فىديەلەر.
كى ئەھۋال سوردىكى رەنجىدىن،
يەنە تەفتىش ئەتتى ھەمول گەنجىدىن.
قىلىپ ئېردى جىنلار بەسى تەھنىيەت،
دەر ئېردى: بۇ يەردە ئەمەس ئەمنىيەت.
قولۇغە كېلىپدۇركى دۇررى مۇراد،
قىلالى مەلىك سارىغە ئىجتىھاد.
نېدىنكىم ئېرۇر ئۇل بەسى ئىنتىزار،
بۇ يەردە نەلازىم تۇرارغە قەرار.
مۇبارەك دېدىكىم: تەۋەققۇف كېرەك،
پەرىۋەشغە سىزدىن تەلەتتۇف كېرەك.
يۈرۈرگە قىلۇرلەر ئەگەر ئىزدىھام،
بۇ رەئناغە يوقتۇر كېيەرگە ھۇتام.
ئالىپ كەلسەڭىزلەر بۇ يەرگە مەتائ،
ئەگەر كەيسە دىلبەر تاپار ئىنتىفائ.
پەرىلەر بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان،
مەكانىغە بولدى قويۇندەك رەۋان.
ماڭا لۇتف بىرلە ئاياقچى مۇدام،
سەبۇھى كەرەم قىل تاپاي مەن مەقام.
ئانىڭ كەيفى بىرلە پەرى سەيد ئېتەي،
مەدەد قىلسە تەڭرى ئانى قەيد ئېتەي.

**پەرىۋەش مەلىك سادىق جىنىڭ خەبەرىنى ئاڭلاپ، شەھزادە تەرەفىگە باقىپ دەرھشت تەكەللۇملار قىلىپ گىريە ۋە زارى قىلغانى ۋە مۇبارەك ئاڭا شىرىن سۆز بىرلە تەسكىن خاتىر بەرگەنى**

خىرەد بەردى مۇنداغ ھېكايەتغە دەرج،
كى بازار مەئنى ئارا قىلدى خەرج.
مۇبارەك چۇ ئانداغ دەپ ئېردى ئەرز،
ئەگەر سۇرسە ياغنى بولۇر قىز مەرەز.
چۇ مەھۋەش ئىشىتتى بۇ گۇفتارنى،
كى ئاغاز قىلدى يەنە زارنى.
دېدى: ئەي مۇبارەك گۇناھىم نېدۇر؟
بۇ ئىشنى قىلۇرسەن پەناھىم نېدۇر؟
مېنى جىنغە ئاخىر قىلىپ سىز ئەسىر،

ماڭا بارەۇ ئاندىن قاچارغە گۇزىر؟
بۇ يەڭلىغ بولۇرمۇ رەفاقەت ئىشى؟
كى مۇنداغ جەفانى قىلۇرمۇ كىشى؟
پەرىلەرنى كۆرگەن ئېدىم مەن بۇرۇن،
يۈرۈر ئېدىم ئاندىن تاپالماي ئورۇن.
دەرىغاكى بولسە ماڭا خەنجەرى،
كى ئۇرسام يوق ئولسە بۇ جان پەيكەرى.
قىلۇرسىزكى مۇنداغ سىتەمكارلىق،
رەۋادۇرمۇ ئاشىقغە غەددارلىق.

كىچىپ كەلسە ئىنسان ئۆزى شەھىرىدىن،
ئۇيات يوقمۇ، قورقۇلۇك خۇدا قەھرىدىن.
كى قىزنىڭ سۆزىنى ئىشىتتى غۇلام،
تەسەللى خاتىر بېرىپ زىرۇبام:
قەدەرگە بويۇن سۇن، كىرەكمەس فىغان،
مۇقەددەرگە رازى ئەمەسلىك يامان.
تەۋەھھۇمدىن ئەتمە توللا ئىزتىرار،
بۇ رەۋغەننى سۆرسەڭ پەرىلەر قاچار.
ئالىپ قىز قولىغە، بۇ ياغنى كۆرۈپ،
ھەمە ئۆزۋلارغە ئالاسىز سۆرۈپ.
مۇنىڭ بىرلە لېكىن سۆكۆت ئەتمەدى،
يەنە ھەم بۇ غەمنىڭ يۈكى كەتمەدى.
ئوشۇل تۈن بۇ ھامۇندا ئەيلەپ ۋەتەن،
ياغىپ باشىمىزغە چۇ بەرقى مىھەن.
ھۇجۇم ئەتتى كەلدىمۇكى لەشكەرى،
يىراق ئولدى قىزدىن ھەزىن ئەسكەرى.
ئۇلار بولدى ئويقۇ بىلە ئىشتىغال،
ۋەلى مەندە ئېردى خىيالى ۋىسال،
قاشىغە كىرۇرگە قىلىپ ئىزتىراب،
كى ئاھىستە قىزنىڭ يۈزىنى سىلاپ.
تەنىمنى خەزاندىن بەتەر تەبرەتىپ،
بەسى ۋەھم بىرلە ئانى ئويغاتىپ.
دېدىم: كەي چىرايلىق ئېلىنىڭ شەھى،
كۆكۆل زۇلمەتىنىڭ ياروتغان مەھى.
فىراقىڭ ئوتىدا بۇ جانىم كۆيەر،
رىزامەن تۆكەرسەن خۇنۇمنى ئەگەر.
بەھەم بولماسا گەر ۋىسالىڭ سېنىڭ،
نەسۇددۇر جەھاندا ھەياتىم مېنىڭ.
بەتەھقىق ساڭا ئاشىقى زارمەن.
قۇيۇندەك سەراسىمە دەۋۋارمەن.
بۇ تۈندە قۇلۇڭغە نەزەر ئەتمەسەڭ،
تەرەھھۇم قىلىپ دادىمە يەتمەسەڭ.
كى زور ئەتسە ئىشقىم ئوتى شىددەتى،
نەتاڭكىم ياپۇشسە ساڭا ھىرقەتى.
سېنى ھەم مېنى بىئەبا كۆيدۈرۈپ،
قارا كۆللەرنى شەمالى ساۋۇرۇپ.

كى تۈتغاي فەلەكنىڭ يۈزىنى غۇبار،
ۋۇھۇشۇ تۇيۇر يىغلاغاي زار-زار.
ئەگەر داد قىلسام قىيامەت كۆنى،
جەۋابىڭ نە بولغاي نەدامەت كۆنى.
بۇ يەڭلىغ تەرانە چېكىپ مەن زىياد،
پەرىشانلىغىم ئەيلەدىم قىزغە ياد.
چۇ ئاھىم ئوتى تۇرفە ئۇردى شەرەر،
پەرىۋەش نىھالىغە قىلدى ئەسەر.
دېدى: ئاشىق ئولساڭ ماڭا مۇنچە زار،
كى جىن شەھرى ئىچرە ساڭا نېمە بار؟
دېدىمكى: مۇڭا ئىككى بائىس ئېرۇر،
باشىم ئۆزرە مۇنداغ ھەۋادىس ئېرۇر.
بىرىسى بۇ دۇركىم قەزاۋۇ قەدەر،
بىرى شاھ سادىقغە يەتسە خەبەر.
قايۇ يەردە بولساق كۆرۈرمىز بەلا،
بولۇرمىز ئانىڭ ئىلكىگە مۇبتەلا.
ئىشىتتى سۆزۈمنى، دېدى: ئەي جەۋان،
ئۇنايمەن سۆزۈڭگە، ۋەلى تۇت نىھان.
سېنى دەپ كۆرۈپمەن بۇ يەڭلىغ جەفا،
جەفا ئورنىغە كىم كىرەكدۇر ۋەفا.
زەماندىن ساڭا ھەم يېتىپدۇر سىتەم،
نەتاڭ قىلسە تەڭرى تەئالا كەرەم.
كى جان رىشتەسىغە تىزىپ دۇر سۆزىن،
بولۇپ شاد-خۇررەم بىر ئۆپتۈم يۈزىن.
دېدىم: ئەي نىگارا، نەفەس تەندە بار،
فىدايىڭغە ئەيلەي سۆچۈك جان نىسار.
كى مەئشۇق قىلغاچ سۆزۈمنى پەرز،
بەسا سەيىھە ئۇردۇم مىسالى نەفىر.
بۇ ھالەتدە كىردى قولاغىمغە ئۈن،
دېدىم: نە بەلادۇر كېلىپدۇر بۇ تۈن؟
ۋەفاسىز جەھاننىڭ ئىشى بولدى ئەۋج،
قاراسام پەرىلەر تۇرار فەۋج-فەۋج.
بىرىنىڭ قولىدا مەتائۇ ھەرىر،
بىرىنىڭ قولىدا مۇرەسسەئ سەرىر.
مەتائلارنى بىرگە قىلىپ ئىلتىفات،
دېدى: قىزنى مىندۇر سەرىر ئۆزرەپات.

www.uyghurkitap.com

بىرىپ بىرگە يانە بەلەند پايە تەخت،
بارىسى ياسالغان ئېرۇر سەكگى تەخت.
كۆتەردى پەرىلەر كېلىپ شۇلزەمان،
كى سادىق قاشىغە مىسالى بوران.
ئالىپ باردى بىرنى تۇتۇپ ئەرجۇمەند،
كېلىپ ئالدىمىزغە، قىلىپ كۆپ پىسەند.
پەرىلەر بىرىدىن بىرى ئالدىراپ،
ئالىپ كەلمەككە قىلىپ ئىزتىراب.
دىماغىغە يەتكەچ بۇ ياغىنىڭ بۇيى،
قاچىپ نارى ئاندىن، بۇزۇلدى خۇيى.
دىماغىدىن ئۆرلەپ غەزەبنىڭ ئوتى،
كى تىترەپ خەزاندەك قولىيۇ فۇتى،
مۇبارەككە ئەيدى بۇ يەكلىغ خىتاب،
قىلىپسەن ئۆزۈڭگە قۇتۇلماس ئەزاب.
كى سەندىن ئەمەسمۇ بۇ ئەيبارلىق،
تۇزۇم يەپ قىلىپسەنكى غەددارلىق.
سالىپ قول ھەمولدەم كى ئىزارىنى،
ئاتا كۆرسەتىپ فۇت ئارا بارىنى.
نەزەر قىلدى سادىق ئوشۇل سائەتى،
مۇبارەكنىڭ ئولمىش ئەدەم ئالەتى.
دېدىكىم: نەۋەجھى كېسىپسەن ئانى؟
ۋەيا قىلدىمۇ جىن بۇ يەكلىغ سىنى؟
مۇبارەك دېدىكىم: ئەلەلئېئتىماد،
بۇيۇردۇڭ ئىشىڭغە قىلىپ ئېئتىقاد.
كېسىپ ئالەتىمنى ئەدەم ئەيلەدىم،
كى سوكرە بۇ ئىشقە قەدەم ئەيلەدىم.
ساقايدىكى مەرھەم بىلە ئول جەرىھ،
سۆزۈم كىزب ئەرمەس بەتەھقىق سەرىھ.
مۇبارەكنى قويدى باقىپ مەن تەرەف،
غەزەب بىرلە قىلغاي مىنى ئول تەلەف:
ئېرۇر بۇ خىيانەت سېنىڭ ئەي ئوغۇل!
نېدىن ئەيلەگەيسەن دىلىمنى مەلۇل؟
بولۇپ زەھر قاتىل كەبى خەشمناك،
ياپۇشتىكى قىلغاي مىنى ئول ھەلەك.
كۆكۈلدە كەچۈردۈم بۇ تەدبىرنى:
«قولۇمغە ئالاي تېز شەمشىرنى.»

تىلىم جارى بولدى خۇدا ئىسمىغە،
كى شەمشىرى سالدىم ئانىڭ جىسمىغە.
قىلىچ تەگدى ئولدەم، يىقىلدىكى ئول،
بارىپ تەپتىم ئانى يەنە ئىككى يول.
بۇ سائەت ئانىڭدىن ئۈزۈلدى نەپەس،
دېدىم: ئۇچتى روھى، كى قالدى قەفەس.
دېدىم: يانە قاتتىغ ئاتا زەخم ئۇراي،
قۇتۇلسام پەرىدىن بۇ يەردە تۇراي.
ئەگەر قىلماسام بۇ ئەدۇۋنى ھەلاك،
مىنى ئۆلتۈرۈر يا قىلۇر زەخمناك.
بۇ ھالەتدە كۆردۈم مۇغايىر ئانى،
بولۇپ توپ مەسەللىك بۇ جىننىڭ تەنى.
يىراق ئولدى كۆزدىن ھەۋاغە ئۇچۇپ،
يانىپ تۇشتى ئاندىن بىلمەنى قۇچۇپ
غەزەب بىرلە ئۇردى ماڭا پۇشت پا،
دېدىم: ئەمدى بولدۇم بۇ جاندىن رەھا.
يىقىلدىمكى ئانداغ ھۇشۇمدىن كېتىپ،
ئۆلۈكلەرغە ئوخشە دەمىم ھەم پىتىپ.
دىماغىمغە يەتتى يەنە بادى سەھۋ،
بولۇپ سائەتدە ئانىڭ دەردى مەھۋ.
ئالىپ ئەنددەكى ھەم ئۆزۈمدىن خەبەر،
كى قىلسام بۇ ياتقان يېرىمگە نەزەر.
ئەجايىب ـ غەرايىب بەيابان ئېرۇر،
بارى سەڭگىخارە مۇغىلان ئېرۇر.
بۇ قىلغان ئىشىمدىن پۇشايمان قىلىپ،
قىلىپ نەۋھە چاك گىرىبان قىلىپ.
تۇرار ئېردىم ئانداغ نەدامەت بىلە،
كۆزۈم كۆرمەگەن ھېچ ئەلامەت بىلە.
بارۇرغە مەكان يوق، يول ئولدى يىراق،
چۇ فەرھاد، مەجنۇن دېدىم ئەلفىراق.
يېمەككە غىزا يوق، نە ئىچمەككە سۇ،
دېدىم: ۋاي، قايداغ بەلادۇركى بۇ؟
نەتۈن ئۇيقۇ بولغاي، نە كۈندۈز مەقام،
يۈزۈم بولدى مىھنەت توغىدىن رەغام.
يۈرۈر ئېردىم ئانداغ مەراھىل كېزىپ،
دەۋانۇ بەيابان ساھىل كېزىپ.

كىم ئۇچىرار بۇ سەھرا ئاراسۇبھشام،
سورار ئېردىم ئول جىن ئۆيىنى دەۋام.
فىراقىدا بولدۇم مىسالى سامان،
تىرىكلىكنى بىلدىم ئۆلۈمدىن يامان.
يوق ئېردىكى تاقەت بۇ ئەندۇھغە،
بەناگاھ يەتتىم ئېگىز كۇھغە.
دېدىمكى: بۇ يەردىن ئۆزۈمنى ئۇراي،
كى فەرسۇدە جاننى ئاڭا تاپشۇراي.
بۇ سىرنى ئىچىمدە قىلىپ ئىختىساس.
بولايدەپ بۇ ھىجران ئوتىدىن خەلاس.
چىقىپ يۈز مەشەققەت بىلە راغ ئۈزە،
كۆرۈندىكى ئابىد ھەمول تاغ ئۈزە.
ياتىپ ئېركەن ئاندا ئىبادەت قىلىپ،
پەيەمبەر سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ.
دېدىمكى: بارايىن ئانىڭ قاشىغە،
سورايىن نە كەلمىش ئانىڭ باشىغە.
يەقىن كەلدىم ئانداغ تۇتۇپ ئېھتىرام،
ئەدەب بىرلە قىلدىم بۇ پىرغە سەلام.
يېتىپ ئېردى ئانچە باشىمغە ئەلەم،
كۆرۈپ بولدى غەملەر باشىمدىن ئەدەم.
بۇ تاغدا بار ئېردىكى دەرۋىشلەر،
فەلەك زۇلمى بىرلە دىلى رىشلەر.
بولۇپ مەرد ئابىد ماڭا رەھنەمۇن،
دېدى: مۇنچە بولمە مۇڭا سەرنىگۇن.
نەتاڭ لۇتف ئەتسە ساڭا زۇلجەلال،
يەتۇرسە ئېلىككە مۇرادۇ ۋىسال.
قۇلاغىڭغە ئالغىل سۆزۈمنى شەفىق،
كى دەرۋىشلەرغە بارىپ بول رەفىق.
ئۇلار سۇھبەتىغە مۇشەررەف بولۇپ،
سوراپ سەرگۈزەشتە مۇئەررىف بولۇپ.
قوپۇڭلار رەۋاقدىن كىرىپ راھغە،
بولۇڭلار مۇلاقى بارىپ شاھغە.
بۇ ئابىد سۆزى بىرلە بولدۇم رەۋان،
بۇ دەرۋىشلەرنى تاپىپ شۇلزەمان.
بۇلار بىرلە باردۇق ئەمىر قاشىغە،
شېرىك ئەتتى تەڭرىم ئانىڭ ئاشىغە.
كۆرۈپ ھال سوردىكى ئول نىكبەخت،
كىم ئول مىر ئېردىكى ئازادە بەخت.
قىلىپ بىنەۋالار بۇ شەھغە دۇئا،
كى دەرگاھى ھەقغە قىلىپ ئىلتىجا.
دېدى: ئامىن، ئول ھەم قىلىپ زارلىق،
غەرىبلەرغە قىلدى مەدەدكارلىق.
كەل ئەي ساقى تۇتغىل زىيائىيغە جام،
ئىرەم باغىغە ئەيلەسۇن ئىزدىھام.
ئېرۇر ئول ئىرەم باغىنىڭ بۇلبۇلى،
نە تاڭكىم ئاچىلسە ۋىسالى گۇلى.

**پادىشاھ ئازادە بەخت فەرزەند بارەسىدىن دەرۋىشلەرغە ئەھۋالىن ئەرز قىلغانى ۋە ئول دەرۋىشلەر دەرگاھى ھەقغە تەۋەججۇھ بىلە ئىلتىجا قىلىپ دۇئاغە قول كۆتەرگەنى ۋە دۇئا ئىجابەتكە مەقرۇن بۇلۇپ، فات فۇرسەت ھەرەمەلەردىن بىرى ئوغۇل فەرزەند تەۋەللۇد قىلغانى ۋە ئول تىفلىنى جىنلار گۇلىستانى ئىرەمگە ئالىپ كېتىپ، نەچچە مۇددەتتىن كېيىن پادىشاھ ھەم ئۆزى ئول يەرگە بارغانى**

فەساھەت ئېلىنىڭ سۇخەندانلارى،
چۇ دەريايى ئۇممان دۇرەفشانلارى.
ساچىپ دۇرلارىنى زەمان دۇرجىغە،
زەمان دۇرجى يوقكىم جەھان دۇرجىغە.
بار ئېردىكى شاھى بەسى مۇھتەرەم،
ئەدالەتدە يەكتا، سەخا ئىچرە ھەم.
ئۇلۇغ ئېردى ئانداغ ئانىڭ دەۋلەتى،
جەھاننى پۈر ئالغان ئېدى شەۋكەتى.
كى خاردىن ئارتۇق جەۋاھىرلارى،
ۋەرەقلەردىن ئەفزۇن فۇلۇس زەرلەرى.

www.uyghurkitap.com

ساناپ بىلمەس ئېردى ئانىڭ لەشكەرىنى،
ئانىڭدەك كى بىلمەس فەلەك ئەختەرىنى.
نەدىسە جەھاندا مۇھەييا ئېدى،
ھەمە كارى-بارى مۇتەررا ئېدى.
يوق ئېردىكى فەرزەند شەھىنشاھغە،
بولۇپ لەفزى ۋارىد دەمى ئاھغە.
بۇ دەرۋىشلەرغە قىلىپ ئىلتىجا،
دېدى: مەتلۇبىمغە قىلىڭلار دۇئا.
كۆتەردى قولىنى تەۋەججۇھ قىلىپ،
كى شاھى زەمان مۇددەئاسىن بىلىپ.
تىلەكىن خـۇداۋەند قىلماي تەلەف،
رەۋان تەگدى سەھمى دۇئا بىلھەدەف.
بۇلار بىرلە سۇلتان تۇتۇپ ئۇلفەتى،
دىل ئاسالىق ئەيلەپ نەچە مۇددەتى.
بەنا گاھ يېتىپ كەلدى خاجە سەراي،
بۇدۇركىم ساڭا خۇشخەبەر ئەي ھۇماي.
شەھا، تەخت-بەختىڭگە پايەندەدۇر،
جەنابىڭغە ئەئدا سەرئەفكەندە دۇر.
تەلەب بىرلە قىلدىڭ خۇداغە خۇزۇئ،
بەھەمدۇللاھ، قىلدى قۇياشىڭ تۇلۇئ.
بۇ سۆزنى ئىشىتتىكى ئازادە بەخت،
نە ئازادە بەخت، بەلكى ئامادە بەخت.
كېتىپ ئۆزدىن ئانداغكى بىھۇش ئولۇپ،
ئۆلۈكلەر كەبى ياتتى مەدھۇش ئولۇپ.
ئۆتۈپ سائەتى كەلدى ھۇشىغە باز،
ۋەزىرغە باقىپ دېدى بۇ نەۋئ راز:
ھەرەم خانەدىن ھېچ قايى ھامىلە —
ئەمەس ئېردى، تۇغمىش قايۇ ئامىلە.
تەۋازۇئ بىلە دېدى خاجە سەراي:
فەلانى ھەرەمگە ئېرۇر نەچچە ئاي.
غەزەب بىرلە بولدى ئىشىكدىن يىراق،
چېكەر ئېردى ھەرتۈن سەدايى فىراق.
كۆرۈنمەي ياتار ئېردى بىر گوشەدە،
خەبەردار ئېدىم مەن ئاڭا توشەدە.
ئۆزى ھامىلە چىقتى، بولدى خۇمۇل،
كى ھەق فەزل ئەيلەپ تۇغۇپدۇر ئوغۇل.

بەسى شاد-خۇررەم بولۇپ پادىشاھ،
قىلىپ شۇكر ھەققە بولۇپ ئىنتىباھ.
ھەرەمخانـە بارماق سارى قويدى گام،
كى باردى سەبادەك قىلىپ ئىزدىھام.
كىرىپ ھوجرىغە كۆردى فەرزەندىنى،
قولىغە ئالىپ جانغە پەيۋەندىنى.
سەرۇپا بىرىپ ئول خاجە مۇزدىغە،
ئالىپ چىقتى غۇربەت ئېلى نەزدىغە.
دېدى: شۇكرىلىللاھ، ئەھبابلار،
ئاچىلدى ماڭا بەستە ئەبۋابلار.
قىلىپ ئېردىڭىزلەر ئۇشۇل كۈن دۇئا،
تەمام ئولدى ئەكنۇن ھەمە مۇددەئا.
بەھەمدۇللاھ، تاپتىمكى ئەزسەر ھەيات،
قويۇڭلار كىرىپ نۇرى دىدەمغە ئات.
كېڭەش قىلدى ئانداغ بۇ دەرۋىشلەر،
قويۇپ بەختىيار ئاتنى دىلرىشلەر.
سۆيۈندىكى سۇلتان خاسۇ ئەۋام،
كىچىك-چوڭ خەلايىق يىغىلدى تەمام.
بولۇپ شاد-خۇررەم قىلىپ تەھنىيەت،
دېدىكىم: خۇدا ئەيلەسۇن ئەمنىيەت.
كى تەفۋىز ئېتىپ تىفلىنى دايەغە،
ئالىپ چىقتى فىلھال بەلەند پايەغە.
غەرىبلەرغە قىلدىكى نەزرى نىياز،
غەنىلەردەك ئولدى بەسى سەرفەراز.
رەئىييەتدىن ئۈچ يىل خىراج ئالمادى،
كى تاجىردىن ئىششار باج ئالمادى.
كى مەھبۇس ئېردى نەچە جۇرمكار،
خەلاس ئەتتى فەرمان قىلىپ شەھريار.
ئۇلۇغلارنى چىرلاپ زىيافەت قىلىپ،
كىچىكلەرگە ئانداغ زىيافەت قىلىپ.
بەسى شاد-خۇررەم ئېدى ئول كۈنى،
ئۇشۇلدەمدە يەتتىكى نەۋھە ئۈنى.
شەھىنشاھ ئاڭلاپ بۇ ئاۋازنى،
بولۇپ لەرزە، تاشلاپ ھەمە رازنى.
تۇرار ئېردى ئانداغ تەۋەھھۇم بىلە،
ئىشى قالماي ئەسلە تەنەئئۇم بىلە.

ھەرەمخانەسىدىن كېلىپ بىر كىشى،
نەدىملىقدا ئېردى ئانىڭ ۋەرزىشى.
بولۇپدۇر ئۇزارى ساماندەك سەرىغ،
قۇلاق سال سۆزۈمگە، شەھا ۋادەرىغ.
ۋەلەدنى قىلىپ ياخشى دىباچە پېچ،
مۇنەققەش مەتاۋ بىرلە زىباچە پېچ.
ئاناسى قۇچاقىغە ئالغان زەمان،
سىيەھ ئەبر كەلدى ھەۋادىن رەۋان.
ئوشۇل سائەت ئولدى جەھان تىيرەلىك،
يېتىشتىكى ئەقلىم ئارا خىيرەلىك.
ئانايۇ بالاغە ئىھاتە قىلىپ،
تۇتۇندەك ئىكەۋنى ئاراغە ئالىپ.
جەۋانىبنى تۇتتى سىياھى شەدىد،
بولۇپ سائەتىدە يەنە ناپەدىد.
ئانا بىھۇش ئولدى، ۋەلەد يوقتۇرۇر،
دەرىغا، نەتەيىن سەنەد يوقتۇرۇر.
بۇ ئەندۇھ سۆزنى ئېشىتتىكى شاھ،
كىچىك ـ چوڭ مۇلازىم بىلە ئۇردى ئاھ.
بۇ دەرۋىشلەر ھەم پەرىشان بولۇپ،
تەزەررۇئ قىلىپ بەلكى گىريان بولۇپ.
بۇلار ھەم بىرسى بولۇپ دادگەر،
دېدى: يائىلاھا، مۇرادىنى بەر.
مۇلازىمۇ خادىم قىلىپ ئىلتىجا،
تاپارغە ۋەلەدنى قىلىپ ئىرتىجا.
يېغى زارى بىرلە بولۇپ سەرنىگۇن،
بۇ يەگلىغ ئۆتۈپ مۇددەتى ئىككى كۇن.
قىلىپ بەچچەنى ئەقد گەھۋارەدە،
ياساغان ئانى دۇررى شەھۋارەدە.
بەناگەھ ھەۋادىن نۇزۇل ئەيلەدى،
ئاتاغە بالانى ۋۇسۇل ئەيلەدى.
كۆرۈپ بەچچەنى شاھ بىغەم بولۇپ،
چۇگۇل غۇنچەدەك شاد ـ خۇررەم بولۇپ.
قىلىپ سەدقەلەرنى، دەپ ھەمدۇ سەنا،
«بېرىپدۇركى تەڭرىم بالامنى يەنا.»
ۋە لېكىن بىلەلمەي بۇ ئەسرارنى،
نە ئىقبال ئىكەننى، نە ئىدبارنى.

ۋەزىرىغە فەرمان قىلىپ پادىشاھ،
دېدىكىم: قىلىڭ بىر ئۇلۇغ تەكيەگاھ.
كى ئامادە ئەيلەپ كەمۇ بېيشلەر،
مەقام ئەيلەسۇن ئاندا دەرۋىشلەر.
مۇئەممەر تۇگەتتى ئۆي ئەسبابىنى،
جىدارۇفىراش ئىلە ئەبۋابىنى.
غەرىبلەر بۇ مەسكەنگە بولدى رەۋان،
مەجالىس تۈزۈپ تۇتتى ئاندا مەكان.
كى سۇلتان كېلىپ جايىدىن ھەر كۇنى،
ئېرۇرشادلىق خاھ مۇزتەر كۇنى.
بۇ دەرۋىشلەر بىرلە سۆھبەت تۇتۇپ،
دىلجان بىرلە مۇھەببەت تۇتۇپ.
بۇ يەڭلىغ زەماننى گۇزەر ئەيلەدى،
مۇكەددەر ۋۇجۇدىن بەھەر ئەيلەدى.
مەئەلقىسسە، شەھزادەدىن ۋاقىئ ئول،
ھەر ئايدا ئىكى كۇن ياتار بۇ ئوغۇل.
كېلۇر ئېردى يانە قەۋائىد بىلەن،
مەتائۇ لىباسۇ مۇسائىد بىلەن.
نەزەر سالسە كۆزلەر بولۇر خىيرە ناك،
تەسەۋۋۇر قىلۇرغە كۆڭۈل تىيرە ناك.
بۇ مۇئتاد بىرلە ئۆتۈپ يەتتە يىل،
ۋەلى بىلمەس ئېردى نە ئېرمىش دەلىل.
غەرىبلەر بىلە شەھ قىلىپ مەشۋەرەت،
ھەر ئايدا بۇ ۋاقىئە بولۇر بىر كەرەت.
قىلالى مۇڭا ئېمدى تەدبىرىنى،
نەتاڭ ئاڭلاساق بىز چۇتەقرىرنى.
دېدى: مۇنىشلارغە پۈتتۈك ئەرزە داشت،
كى بولسۇن رەقەمنىڭ سۆزى خۇش گۇزاشت.
دەبىرلەر بۇ يەڭلىغ سۈرۈپدۇر رەقەم،
بۇ شەھ ئەيلەمىشدۇر ۋۇجۇدىن ئەدەم.
«ئەلا ئەي شەھەنشاھ ئالى نىشان،
يېتەر ئىلتىفاتىڭ ماڭا ھەر زەمان.
ساڭا ھەق بېرىپدۇركى مەخدۇملۇق،
ۋەلى خىزمەتىڭ بىزگە مەھرۇملۇق.
نە ئىشقە بويۇرساڭ قىلاي ئىنقىياد،
كى ئەرزىم بۇدۇر شاھ ئالى نىژاد.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ ياخشى تەھرىر ئىلە ئىھتىمام،
تۈگەشتىكى نامە، دېدى ۋەسسەلام.
ئاسىپ نامەنى تىغلىنىڭ بويىنىغە،
سالىپ ھەم بۇ خەتنى يەنە قوينىغە.
ئەمرۇ شەرىفۇ رەئىسۇ ۋەزىر،
بۇ ئىش ۋاقىئىغە ئېدى مۇنتەزىر.
بۇ فەرزەند غايىب بولۇپ بىر كۈنى،
يېتىپ كەلدى ناگەھ بۇ خەت شىرىل كۈنى.
بارىپ ئېردى شەھ بىنەۋا خەيلىغە،
كى تۈشتى رەقەم شاھنىڭ زەيلىغە.
ئالىپ شۇل زەمان خەتكە قىلدى نەزەر،
كى مەزمۇنىدىن ئالدى مۇنداغ خەبەر.
ئىبەرگەن بۇشەھ بۇرناقى نامەنى،
چېكىپ ئارقەسىغە يەنە خامەنى.
يازىپدۇر بۇ يەڭلىغ: «شەھا، نىكبەخت،
سۆزۈمدىن ۋۇقۇف ئەيلە ئازادە بەخت.
ئەگەر بۇيرۇساڭ خىزمەتىڭغە مېنى،
ئۆزۈمنى قىلاي بەندە، خاجە سېنى.
بۇ فەرزەندىڭىز بىزگە فەرزەند ئېرۇر،
دىلىم ھەم ئانىڭ بىرلە خۇرسەند ئېرۇر.
بولۇپدۇركى مۇنداغ كۆڭۈل خاھىشى،
سېنى يەتكۈرۈرگە ئىبەردىم كىشى.
كى قىلماي تەرەددۇد كېلىڭ تېز تۇند،
ئەگەر بولسە ھەمرەھ نەچە نەۋڭ جۇند.
ئېرۇر خاتىرىم سىز ئۈچۈن ئىنتىزار،
كېلىڭ مۇندا، ئامادەدۇر بارچە كار.»
بۇ مەزكۇر سۇخەن ئېردى نامە سۆزى،
نە نامە سۆزى، بەلكى خامە سۆزى.
كى بىر نامەغە تۇرغان ئېردۈك قاراپ،
ھەۋا سارىدىن تۈشتى نەچچە شەباب.
تۇتۇپ جەيبىمىزدىن بۇلار بارچەسى،
كۆتەردى ھەۋا سارى سۆدرەپ بەسى.
كى بىزگە يېتىشكەچ بۇ ئاغۇشلۇق،
كېتىپ ئەقلىمىز، يەتتى مەدھۇشلۇق.
كېلىپ ئەقلىمىزغە چۇ تاپتۇق خەبەر،
كى قىلدۇق جەۋانىبلارىغە نەزەر.

تۇرۇپىمىز ئەجەب خۇش ھەۋا جايىدە،
كى فىردەۋسدەك باسەفا جايىدە.
زېھى قەسرى ئالى، زېھى سەرفەراز،
كىشى كۆردەگەي، تاپسە ئۇمر دەراز.
قايان سەير ئەتسە رىياھىن ئېرۇر،
كى دىۋانەلەر خانەئى چىن ئېرۇر.
ھەدائىقلارىدا ئېرۇر مېۋە پۇر،
كى ھەر مېۋەسى لەئل ئېرۇر ياكى دۇر.
چېكىپ باغلار ئىچرە بۇلبۇل سەدا،
يەنە قۇمرىلار مۇندا ئەيلەپ نىدا.
قونۇپ شاخىغە بەلكى گۇ-گۇ دەبان،
دېمەي گۇ-گۇ ئانداغكى ھۇ-ھۇ دەبان.
ئاقار سۇلارى ئابىھەيۋان ئېرۇر،
دېمەي ئابىھەيۋان، كى رىزۋان ئېرۇر.
تۈگەنمەس خىرەد ئانچە تەئرىف ئېتىپ،
ئېرۇر گۇڭگۇلال ئانى تەۋسىف ئېتىپ.
مەئەلقىسسە، كەلتۈردى شەھبال تەخت،
دېدى: ئولتۇرۇڭ شاھى ئازادە بەخت:
تەلەتتۇف بىلە پۇرسىش ئەھۋال ئېتىپ،
يەنە بىنەۋالارغە ئەقۋال ئېتىپ.
بۇ ھالەتدە بىلدۈك غەرىبلەر بىلە،
پەرى جايى ئېركەن ئەجەبلەر بىلە.
دېدىكىم جەۋابىغە ئازادە بەخت:
كى ئەي شاھى شەھباز فەرخۇندە بەخت.
كى ئۆتكەن زەماندىن ھېكايەت قىلاي،
غەرىبلەرنىڭ ھالىن رىۋايەت قىلاي.
بولۇپ ئۇمر ئارا بەچچەغە ئارزۇ،
بۇ غەم كۇلفەتى بىرلە سارغاردى رو.
خىيال ئەتتى تۈندە كۆڭۈل ئەختەرى،
تەۋەججۇھغە باردىم گورىستان سارى.
كى ئاندىن ئۆتۈپ، لەھزە ئەيلەپ گۇزەر،
بەناگەھ چەھار تاقىغە قىلدىم نەزەر.
ھەزىنۇ شىكەستە ئېدىم ئول تۈنى،
قۇلاغىمغە يەتتى غەرىبلەر ئۈنى.
كىرىپ مەجلىسى ئىچرە ۋاخۇر ئولۇپ،
ئۇلارنىڭ مەقامى ماڭا تەۋر ئولۇپ.

يەتۈرگەچ خۇداۋەند ھەمرازنى،
بەيان ئەيلەدىم دىلدەكى رازنى.
باشمدا ئېرۇر شاھلىق ئەفسەرى،
ۋە لېكىن نىھالىمدا يوق ئەسمەرى.
كى ئولدەم مۇرادىمغە قىلدى دۇئا،
ئىجابەتكە مەقرۇن بولۇپ ئىلتىجا.
چۇ بەھرى قەدەر ئەتتى ئانداغ ئۇرۇج،
سەدەف بەتنىدىن قىلدى گەۋھەر خۇرۇج.
باشىمغە قىلىپ تاجى ئىززۇ شەرەف،
دېدىمكى مەكانىمدا بولغاي خەلەف.
ئەگەرچە بەسى زار مەھجۇر ئېدىم،
كۆرۇپ ھەر كۇنى ئانچە مەسرۇر ئېدىم.
خۇدادىن يېتىپ ئانچە خەيرىيىيەتى،
بۇ دەرۋىشلەر ئېردى تەربىيەتى.
ئىشتتى بۇ سۆزلەرنى شەھبال شاھ،
بۇ دەرۋىشلەرغە بېرىپ بارگاھ.
ئەدەددىن فۇزۇن قىلدى ئىنئاملار،
مۇرادىغە يەتتى بۇ ناكاملار.
غەرايىب پەرىلەرغە مەقبۇل ئولۇپ،
كى ئەيشۇ نەشات ئىلە مەشغۇل ئولۇپ.
بۇ شەھبال سۇردى ھېكايەتكە تىل،
ئۆتۈپ ئۇمر فەرزەندسىز نەچچە يىل.
ئەلىفدەك قەدىمنى ئېگىپ كۇھى غەم،
كى ئاقغان ياشىم بولدى گوياكى يەم.
دېدىم: ئەي خۇداۋەندى كەۋنۇ مەكان،
بولۇپ قۇدرەتىڭدىن جەمىئى جەھان.
بۇ مىسكىن دۇئاسىنى ئەيلەپ قەبۇل،
ئەتا ئەيلەسەڭ قىز ۋە يا بىر ئوغۇل.
بۇ قىلغان دۇئايىم ئىجابەت بولۇپ،
ماڭا پۇرى دۇختەر كەرامەت بولۇپ.
تۇغۇلسە پەرى يا بەشەردىن ۋەلەد،
دېدىمكى قىزىمنى قىلاي نامزەد.
ئىبەردىم پەرى خەيلىنى ھەر تەرەف،
تاپىلىڭ بىر ئوغۇلنى، دېمەڭ مەرتۇھەف.
پەرىلەر رەۋان بولدى سەرسەر كەبى،
كېزىپ دەھرىنى مېھرى خاۋەر كەبى.

كى بىر كۈندە كەزمىش جەھاننى تەمام،
پەرىلەر بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئېھتىمام.
تۇغۇلمىش بۇ كۈنلەردە فەرزەندىڭىز،
كى بىر سائەت ئىچرە جىگەر بەندىڭىز.
كۆتەرمىش ھەۋا سارى تاپغان زەمان،
يەتۈردى بۇ يەرگە پەسەرنى رەۋان.
خۇداۋەند سالدى ئانىڭ مېھرىنى،
كى ئىچكۈنچە كەتمەس ئۆلۈم زەھرىنى.
پەرىلەرغە بەردىم ئېمىزمەككە سۈت،
دېدىم: تاكى بولغاي بۇ ئوغلانغە قۇت.
بۇ بائىسدىن ئانى ھەر ئايدا تەلەب،
قىلۇرمەن، ئانى پەرۋەرىشغە سەبەب.
بۇ فەرزەندىڭىز بىرگە داماددۇر،
كۆڭۈل شاھى ئانىڭ بىلە شاددۇر.
كى ئازادە بەخت ئاڭلاپ ئەفسانەسىن،
قوپۇپ سۆيدىلەر شاھ كاشانەسىن.
قىلىپ يەتتە كۈن ئىچرە ئەيشۇ نەشات،
نەۋازىشغە ئانچە قىلىپ ئىنبىسات.
مەجالىس يېتىشتى تۈگەر چاغىغە،
ئالىپ كەلدى ئاندىن ئىرەم باغىغە.
بۇ مەئۋانى ئەيلەپ بۇلار بەزمگاھ،
بەسى شادۇ خۇررەم ئېدى ئىككى شاھ.
تەفەككۇر بىلە شاھ قىلدى قىياس،
كى دەرۋىش مۇرادىن قىلىپ ئىلتىماس.
چۇمەئلۇم ئېتىپ شاھى شەھبازغە،
ئاغىز ئاچتى ئولدەم نىھان رازىغە.
بۇلار غايىبى قاف ئارا بەند ئېرۇر،
ئەتا قىلساڭىز ئانچە خۇرسەند ئېرۇر.
چۇ شەھباز ئاڭلاپ بۇ شەھ سۆزىنى،
قەبۇل ئەيلەدى ھەم ئۆپۈپ يۈزىنى.
يىغىلسۇن، دېدى شاھ، پەرىزادلار،
يېتىپ كەلدىلەر بارچە مۇنقادلار.
كى فەرمان قىلىپ شاھ سادىقغە ھەم:
يەتۈرگىل پەرىۋەشنى، بولمە دىژەم.
قوشۇپ بىر يەساۋۇلنى سۇرئەت بىلە،
بارىپ ھەيدەگىل ئانچە جۇرئەت بىلە.

www.uyghurkitap.com

چۇ سادىق بولۇبان بەسى پىچتاب،
يەتۈردىكى قىزنى قىلىپ ئىزتىراب.
كى ئۇمان پەرلەرغە سەردار ئىدى،
ۋەلى شەھبازغە نىگۇنسار ئىدى.
يەنە بىر شەھرى ئادەمىزاد ئارا،
كى نىمروز شەھرىدە تاپمىش نەۋا.
ئانىڭ ئوغلى ياشلىقدا بىمار ئولۇپ،
كى ئۇمان قىزىغە گىرىفتار ئولۇپ.
كى تەسخىر ئىلە قەيد قىلغان ئىدى،
دۇئا دامىدا سەيد قىلغان ئىدى.
كى ئىفرىت دېۋەنىڭ قىزى ئول زەمان،
ئاڭا قەسد ئېتىپ يۈرگەن ئېردى نىھان.
چۇ ئۇمانىنىڭ ئوغلى ئاڭا جۇفت ئولۇپ،
يۈرۈر ئېردى قەسدىدە ھەم گۇفت ئولۇپ.
زەمانىكى غافىل تاپىپ ماھنى،
كى شەھزادەئى مەرد ئاگاھنى.
فۇسۇن بىرلە قىزنى سالىپ ئۇيقۇغە،
كى شەھزادەنى تاشلادى قايغۇغە.
كى شەھزادە ھەم دەم سالىپ ئىسمىنى،
بەقەدەردەك قىلىپ سىھرگەر جىسمىنى.
كۆرۈپ ئېردى ئانى شەھى فارسا،
بىلىپ ئېردى ئىل سەرگۈزەشتىن رەسا.
كى بۇ تۆرت دەرۋىش بىرى ئېردى ئول،
چۇ مەئلۇم ئېتىپ شاھ قىلدى قەبۇل.
بۇ دەرۋىشغە ھەم شەرتىن ئىزھار ئېتىپ،
كى شەھ ئالدىدا فاش ئەسرار ئېتىپ.
بۇ بىچارە ئالەمدە تاپسە مۇراد،
بولۇپ ۋەسل يارى بىلە بولسە شاد.
فەقىر ھەم مۇرادىمغە يەتكۈدۈرۇر،
يوق ئېرسە نەدامەتدە كەتكۈدۈرۇر.
مېنىڭ بەسرە شەھرىدەدۇر مەقسەدىم،
كۆڭۈل مۇددىئاسىنى سىزگە دېدىم.
ھەمە ماھۇۋەلۇاقىئە بولدى پاش،
كى مەفھۇم ئېتىپ شاھ ساھىب فەراش.
پەرلەرغە قىلدى چىنان يارلىق:
تاپىڭ مەقسەدىن قىلماق ئەيبارلىق.

كى ھازىر قىلىڭ بارچەسىن دەرمەھەل،
يۈرۈڭ تېز، فەرمانىنى تۇتماڭ سەھل.
بۇلارنى تاپىڭلار پەرىزاددىن،
ئانى كەلتۈرۈڭ ئادەمىزاددىن.
پەرلەركى قوزغالدى پەرۋاز ئېتىپ،
كى مەقسەدنى تاپماقغە ئاغاز ئېتىپ.
كېلىپ نەچچەسى ئادەمىزادغە،
كى ئۇمان قىزى بىرلە شەھزادەغە.
يەنە بەسرەگە كەلدى چەندان پەرى،
كى ئىنسان نەزەردە پىنھان پەرى.
بۇيۇرغانىنى ئېلتىپ چۇ باغى ئىرەم،
كى ئۇمان قىزى بىرلە شەھزادە ھەم.
ئىرەمدە تۇلۇئ ئەيلەدى ماھى بەسر،
شەھى فارسغە ئېردى مەھبۇبى ئەسر.
يەنە نىمروز شاھىنىڭ دۇختەرى،
كى بەھزادنىڭ ئېردى ئول دىلبەرى.
يەنە جىنغە بولغان گىرىفتارلار،
ئۈزۈلگەن جەھان ئەھلىدىن يارلار.
بارىن قىلدى ھازىرچۇ سۇرئەت بىلە،
جەھان ئاقتارىپ تاپتى دىققەت بىلە.
ھەرەمگە نىسالارنى داخىل قىلىپ،
چۇ ئول ۋەقتكىم بەزمى كامىل قىلىپ.
مۇھەييا قىلىپ ئاندا ئەسبابى توي،
بۇ ھالەتدە بولدى يەنە گۇفتىگۇي.
تەجەسسۇس بىلە ئەيلەدى سەر ھىساب،
تەرەددۇد قىلىپ شاھى ئالىجەناب.
كى شام ئەھلى قىزى يوق ئېمىش،
كېزىپ كۇھى قافدىن تاپىڭلار، دېمىش.
چۇ مەئلۇم قىلىپ شاھغە ئەھرەمەن،
مۇسەلسەل قولىدا ئېرۇر ئۇشبۇ تەن.
كى ئول جادۇبىرلە قىلىپ ناپەدىد،
يامان سىھرگەردۇر ئاچىلماس كىلىد.
دېدى شاھ: بارسۇن ھەمە ساھىران،
تۇتۇپ دەرمەھەل ئانى كەلسۇن بۇيان.
يۈرۈپ نەچچە ساھىر، نەچچە ئەھرەمەن،
مۇسەلسەلنى ئەيلەپ بۇلار بىۋەتەن.

مەلىكە بىلە تاپتى بەھزادنى،
ھەمول ماھۋەش سەرۋ ئازادنى.
خەزايىن ـ دەفايىنلاردىن سەيد ئېتىپ،
فۇسۇن رىشتە تابى بىلە قەيد ئېتىپ.
تۇتۇپ كەلتۇرۇپ ئانى شەھ قاشىغە،
ئوقۇبەت قىلىپ جۇرم پاداشىغە.
خەلاس ئەتتى مەھبۇبنى ئېلكىدىن،
چىقاردى ئانى جادۇنىڭ سىلكىدىن.
بۇلار بارچەسىن قىلدى ھازىر تەمام،
قىلىپ بەزم شاھانەئى جەشن ئام.
مۇھەييا قىلىپ سۆز ئەنجامىنى،
ئىرەدگە يەغىپ خاس ئىلە ئامنى.
كى رەقسۇ سەمائۇ نەفىرۇ فىغان،
كى مەسرۇر ئۆلۇپ بارچە خۇردۇ كەلان.
چۇ فەرمان قىلىپ شاھى جىن، شاھى ئىنس،
بولۇپ بۇ ئىكى شاھ بىر ـ بىرىگە جىنس.
تاپىپ ياخشى سائەتنى بۇ شەھرىيار،
كى ئەقد ئەيلەمەكنى قىلىپ ئىختىيار.
قىلىپ ئەقد ئەۋۋەل كى شەھزادەنى،
قىران ئەيلەدى ئاڭا مەھزادەنى.
شەھى شامنىڭ قىزدىن ئەيلەپ سىلاھ،
چۇ ئەۋۋەلقى دەرۋىشكە قىلدى نىكاھ.
ئىككىنچى غەرىبنى قىلىپ ئاندا نەقد،
فەرەڭ شاھىنىڭ دۇختەرىن قىلدى ئەقد.
ئۈچۈنچىنىڭ ئەيلەپ بەلەند قەسرىنى،
ئاڭا ئەقد ئېتىپ دىلبەر بەسرىنى.
يەنە ئۆلكى مەھبۇبى ساھىب جەمال،
ئانىڭ بىرلە تۆرتۇنچى تاپتى ۋىسال.
چۇ ئۇممان قىزدىن ھالىغە كەلتۇرۇپ،
كى شەھزادەنى ئالىغە كەلتۇرۇپ.
پەرىزادغە قىلدى ئادەمنى جۇفت،
كى ھەككاكدەك قىلدى گەۋھەرنى سۇفت.
يەنە دىلرەبايى بەلەند ئەختەرى،
شەھى نىمروزنىڭ ئېدى دۇختەرى.
كى بەھزاد خانىنىڭ نىگارى ئېدى،
ئانى كەلتۇرۇپ ئاڭا بەخش ئەيلەدى.
ئەجىننە شەھرىنىڭ قىزدىن ئول زەمان،
مەلىك سادىق ئەمرىدە ئەتتى ئەيان.
بۇلار بارچەسى تاپتى بەزمى ۋىسال،
قىلىپ مىھنەتىن ئاندا ئىشرەت زەۋال.
كىرىپ خىلۋەتى خاسغە ھەر بىرى،
كى ئىشرەت قىلىپ ئادەمىيۇ پەرى.
غەزالىنى ئەيلەپ غەزەنفەر شىكار،
قىلىپ نافەسىن سۇفت ئېتىپ مۇشكبار.
مۇرادىغە يەتتى بۇ بىچارەلەر،
كى ھىجران قىلىچىدا سەد پارەلەر.
ئىرەمدە تۇرۇپ نەچچە كۈن شادمان،
ئىجازەت بېرىپ شاھى ئالى نىشان.
چۇ فەرمان قىلىپ ئادەمىزادغە،
قويۇڭ يەتكۇرۇپ جايى ئابادغە.
بۇلارنى قىلىپ لۇتف ئىلە سەرفەراز،
كەرەم بەخش ئېتىپ مال ئىلە بىنىياز.
ھەشەم بىرلە كەلتۇردى فەرمان تۇتۇپ،
پەرىزادلار ھۇكمى سۇلتان تۇتۇپ.
فەراغەت بىلە ياندى ئازادە بەخت،
مەقامى بولۇپ شاھىنىڭ ئەۋجى تەخت.
غەرىبلەرنى يەتكۇردى ئۆز جايىغە،
ئۇلاندۇردى ئەۋلادۇ مەئۋايىغە.

**مەۋئىزە**

مۇرادىن تاپىپ بارچە ئازادەلەر،
كى ئازادەلەر، بەلكى شەھزادەلەر.
جەھان كارۇ بارىدا يوق ئېتىدال،
بە دەۋلەت مۇناز (ئىد) بە مىھنەت مەنال.
زەمانى بىرەۋگە بېرىپ شادلىق،
ئانىڭ ئەقىبىدىن غەمگە مۇنقادلىق.
قايۇ بىرنىڭ ئىقبالىن ئەتتى بەلەند،
قىلىپ ئاقىبەت ئانى خارۇ نەژەند.

www.uyghurkitap.com

بىرەۋنى قىلىپ ئىشق ئارا زەئىپران،
بىرەۋنى قىلىپ ۋەسل ئىلە كامران.
بىرىنى يىغلاتىپ، بىرنى خۇررەم قىلىپ،
بىرىنى سۇفل، بىرنى مۇكەررەم قىلىپ.
چۇ نەيرەڭ ئىلە چەرخ ئېرۇر جىلۋەساز،
خىرەدمەند ئېتەر شىۋەسىن ئىمتىياز.
نە پەرۋا زەمانىنىڭ لەگەد كوبىدىن،
نەبىيمۇ جەھان كارى مەرھۇبىدىن.
فەرىشتە قىلۇر ئەلنى غەمازى دەھر،
كى زىمنىدا يوقتۇر داغى ھىچ بەھر.
ئەدەم ساھىلىغە چىيكەر ئاقىبەت،
بۇ دەۋران ئىشى بەندەگە ئارىيەت.
جەفا شارىئىدۇر بۇ دەۋران گۇلى،
مىھەن زارىئىدۇر ئانىڭ سۇنبۇلى.

دەجازى مۇھەببەتدە تۇرلۇك جەفا،
ھەقىقەت ھەرىمدە چەندان ۋەفا.
مەجازى ـ ھەقىقەت كى شارەك ئېرۇر،
كىشى پاكدۇر ئول مۇبارەك ئېرۇر.
ئايا ساقىيا جامى تەھقىق تۇت!
جەفا شىۋەسىن بىر زەمانى ئۇنۇت.
كەرەم جامىدىن ئانى ئاشام ئېتەي،
كى ھەر سۇبھىنى ۋەسلى ئەيىام ئېتەي.
بولۇپمەن جەھان ئەھلىدىن ناتەۋان،
كى لۇتفۇڭ بىلە ئەيلەگىل كامران.
ماڭا جام تۇت، داغى سىيراب قىل،
مۇھىبلار گۇرۇھىغە ئەھباب قىل.
غەرىبلەر كەلامى چۇ بولدى تەمام،
بولۇپ خەتم ئامىن بىلە ۋەسسەلام.

(تۈگىدى)



جاھان كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن




مۇھەممەد خارەزمى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئەنئەنىۋى ژانىرى بولغان شېئىرىيەت كۆپلىگەن نادىر ئۈلگىلىرى بىلەن ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان مەدەنىيىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ كەلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى «ھىبەتۇلھەقايىق» ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ نامايەندىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى داستان گەرچە، قەشقەر ۋە بالاساغۇندا بىنا بولۇپ، كېيىنچە بۇخارا ۋە خوتەن شەھەرلىرىنىمۇ يىرىك مەدەنىيەت مەركەزلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنى ھاسىل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەنىۋى قامۇسى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر — قارلۇق شېئىرىيىتىنىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرى يالغۇز بۇ ئىككى داستان بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر — قارلۇق ئەدەبىياتى قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىدىن 15—16 - ئەسىرلەردىكى «چاغاتاي» دەۋرى مەدەنىيىتىگىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىدىن لۇتفى ۋە نەۋائىلارغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئەكسىچە بۇ ئەدەبىيات ئۇيغۇر سەركەردىلىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ چىڭگىزخان سۇلالىسى دەۋرىدە تۇتقان ئالاھىدە ئورنى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نوپۇزى تۈپەيلى تېخىمۇ راۋاجلاندى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تىل - يېزىقى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنى تۈركلەشتۈرگەن مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولدى. ئۇيغۇر — قارلۇق تىلىنىڭ بۇ خىل رولى پۈتۈن ئالتۇن ئوردا دەۋرى جەريانىدىمۇ ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەنىدى.

13—14 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان، ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان ئۇيغۇر — قارلۇق ئەدەبىياتى قاراخانىلار دەۋرى مەدەنىيىتىنى چاغاتاي دەۋرى ۋە كېيىنكى سەئىدىيە دەۋرى مەدەنىيىتىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭسىز قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تارىخلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا ئاساس سالغان «ئىسىنكىئانلىق» رولىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە ئالتۇن ئوردا دەۋرىدە ئۇيغۇر تىل يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن يەتتە سۇ ۋادىسىدىلا ئەمەس، بەلكى مەرۋى، غەزنە، بەلىخ، ھىرات ۋە يەزىد شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي خۇراسان رايونىدىمۇ ئۈستۈنلۈك ئالغانىدى. بۇ رايونلاردىكى قەدىمكى سوغدى قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنى توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتايتتى.

ئەپسۇسكى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بولغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەم ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلىنغىنى يوق. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا «ھىبەتۇل ھەقايىق» دىن لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى ۋە نەۋائى ئەسەرلىرىگىچە بولغان ئۈچ ئەسىرلىك ئارىلىقنى ئېچىلمىغان بوزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. مەن نۆۋەتتىكى ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىدە بۇ بىر دەۋرگە جىددىي دىققەت قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېسابلايمەن. ئەخمەت يەسەۋىنىڭ (1166 - يىلى ۋاپات بولغان) «دىۋان ھېكمەت» ناملىق نەزمى ئەسىرى، رەبغۇزىنىڭ (14 - ئەسىر) «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق نەزمى-نەسرى ئەسىرى بۇلاردىن تاشقىرى، 13 — ۋە 14 - ئەسىرلەردە يېزىلغان («سىراجىل قۇلۇب» (قەلب چىرىقى)، «راھەتۇلقۇلۇب» (قەلب راھىتى)، «مەسالى كىتابى»، «بەختىيار نامە»، «تەئەششۇق نامە» (ئاشىقلىق كىتابى)، «قەمبەر ئوغلى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر — قارلۇق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نەمۇنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىسى خارەزمىينىڭ لىرىك داستانى «مۇھەببەتنامە» سىر دەريا ساھىلىدا ھىجرىيىنىڭ 754 - يىلى (مىلادى 1353 - يىلى) يېزىلغان. بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەپ ئۇچۇر بېرىدۇ:

«بۇ دەفتەر كىم بولۇپتۇر مىسر قەندى،
يەتە يۈز ئەللىك تۆرت ئىچرە تۈگەندى.»
«مۇھەببەتنامە سۆزىن مۇندا ئەيتتىم،
قامۇغىن سىر ياقاسىندا بىتتىم.»

«مۇھەببەتنامە» ئاقساق تۆمۈر 17 ياشتىن ئەمدى ھالقىغان چاغدا يېزىلغان. بۇ چاغدا، خارەزمىگە خوجەندىنىڭ «لەتافەتنامە» سىلا تونۇشلۇق ئىدى. ئاتاقلىق پارس شائىرى تەبىئەت، گۈزەللىك، مۇھەببەت ۋە ئىنسان قىسمىتى ھەققىدىكى مەزمۇندار شېئىرىيىتى بىلەن داڭ چىقارغان ھاپىز شىرازى (1320 — 1389) تېخى ئۆزىنىڭ «دىۋان ھافىز» (1368 - يىلى) توپلىمىنى قۇراشتۇرمىغانىدى.

بۇ داستان بىر مۇقەددىمە ۋە ئون پارچە مۇھەببەتنامىدىن تەشكىل تاپقان. شائىر داستاننى «ئارسلانخان ئۇرۇقى» مۇھەممەت خوجابېككە تارتۇق قىلغان. شائىر مۇھەممەت خوجابېكنى «شاھىنشاھ جانى خان» دەپمۇ ئاتىغان. مۇھەممەت خوجاجانبېك موسكۋا كىنەزى ئىۋان ۋىلكى II بىلەن زاماندىش جانىبېك بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ كېيىنكى ۋارىسى ئىدى.

«مۇھەببەتنامە» 14 - ئەسىر ئۇيغۇر — قارلۇق شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۆلگىسى بولۇپ، ئۇنى شېئىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىنسانى ھېسسىياتىنىڭ يارقىنلىقى، شېئىرى ۋەزنى بىلەن ئۇسلۇبىنىڭ نازۇك، لىرىك ۋە ئاھاڭدارلىقى، شېئىرى تىلىنىڭ يېقىملىق ۋە راۋانلىقى جەھەتتە ھاپىز شىرازىغا تەققاس قىلىش مۇمكىن.

«مۇھەببەتنامە» ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۇنجى مۇھەببەت تېمىسىدىكى داستان بولۇپ، بۇ داستاننىڭ تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ پۈتكۈل ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى ھاياتىنى ئۆز تەسىرىگە ئالغان شارائىتتا يېزىلىشى بىر ئىجادىي قەيسەرلىك ئىدى. بىز «دىۋان ھېكمەت» دىن سوفىزىم تەشەببۇسلىرىنى، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىن پەيغەمبەرلەر تارىخىنى، «سىراجىل قولۇب»دىن «ئەزرائىل»، «مۇنكىر - نەكىر»، «بەيتۇل - مەمۇر» قاتارلىق دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى سوئال - جاۋابلارنى، «راھەتۇل قۇلۇب»دىن چىن مەلىكىسى ۋە غەرب شاھزادىسى، شۇنىڭدەك لوقمان ھېكىم توغرىسىدىكى تارىخىي رىۋايەتلەرنى كۆرسەك، «مۇھەببەتنامە»دىن جانلىق ئىنساننىڭ ھەقىقىي ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ شېئىرىي ئىپادىسىنى كۆرىمىز. روشەنكى، بۇ ئەنئەنە «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ داۋامى، لۇتفىي، سەككاكى، ئاتائى ۋە نەۋائىلارنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ پېشىۋاسى ئىدى.

«مۇھەببەتنامە»نىڭ تىلى شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىنى ياراتقان مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرىدۇر. «مۇھەببەتنامە» ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. چەت ئەل ئالىملىرىدىن ئاكادېمىك ۋ. رادلوۋ، ۋ. ۋ. بارتولد، ئا. ن. سامايلوۋىچ، چ. زېۋ، ت. گاندجېي، ئا. م. شېرباك، گېرارى كلا ئوسون، ي. ئېكمان، ئي. ن. نەجىب، ئوسمان سىرتقارا قاتارلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىزچىل مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شېرباك «مۇھەببەتنامە»نى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىي تىلىنىڭ داۋامى دېسە، سامايلوۋىچ ئۇنى ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىدىكى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ «ئۇيغۇرىزىم» گۇرۇپپىسىغا تەۋە، دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇ، يەنە لۇتفى، نەۋائى، بابۇر ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ «ئۇيغۇرىزىم» ئاساسىدا يېزىلغان دەپ تەكىتلەيدۇ. بىز «مۇھەببەتنامە»نى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تىلىنىڭ تولىمۇ راۋان ۋە چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ ئالامەت «مۇھەببەتنامە» ۋە «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۈچۈنمۇ خاراكتېرلىكتۇر.

«مۇھەببەتنامە» 314 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان. بېيىتلار مەسنەۋى شەكلىدە بېرىلگەن، داستاندا يەنە غەزەل ھەم ساقىنامە شەكلىدىكى نەزمىلەرمۇ قوللىنىلغان.

«مۇھەببەتنامە»نىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى 1924 - يىلى بارتولد ئېلان قىلغانىدى. بۇ داستان — ئۇيغۇر زىيالىيسى مەنسۇر باقشى تەرىپىدىن ھىجرى 835 - يىلى رەجەپ ۋە شەبان (1432 - يىلى مارت - ئاپرېل) ئايلىرىدا كۆچۈرۈلگەن كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ئىدى. بۇ نۇسخىنىڭ تولۇقسىز تېكىستى برىتانىيە مۇزېيىدا 8193 — or نومۇرلۇق ئىندىكستا ساقلانغان. بارتولد ئۆزىنىڭ داستان توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى «پەنلەر ئاكادېمىيىسى دوكلاتلىرى» ناملىق ژۇرنالىنىڭ 1924 - يىلى ئاپرېل - ئىيۇن سانىدا بېسىلىپ چىققان «برىتانىيە مۇزېيىدىكى يېڭى ئۇيغۇر باسما تېكىستى» ناملىق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويىدى.

«مۇھەببەتنامە»نىڭ ئىككىنچى نۇسخىسىنى 1957 - يىلى گېرارى كلائۇسون بىرىتانىيە مۇزېيىدا 7914 - .Ad نومۇرلۇق ئىندىكستا ساقلانغان ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بويىچە ئېلان قىلدى. شۇ يىلى «مۇھەببەتنامە»نىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەنە بىر نۇسخىسى رومادىن تېپىلىپ قالدى. بۇ نۇسخىسىنى يانوس ئېكمان ئىزاھات ماقالىسى ۋە سۆزلۈك بىلەن بىللە ئېلان قىلدى.

ئا. م. شېرباك 1959 - يىلى «مۇھەببەتنامە»نىڭ بارتولىد ۋە گېرارى كلائۇسون تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئىككى نۇسخىسى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ «ئوغۇزنامە ۋە مۇھەببەتنامە» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلدى. شېرباك ئۆز كىتابىدا ئۇيغۇر، قارلۇق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە ئورنىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كۆرسىتىپ بەردى. «مۇھەببەتنامە»نىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلىغان بىر پۈتۈن ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1961 - يىلى ئى. ن. نەجىب بۇ تېكىستلارغا ئىزاھلار، سۆزلۈكلەر ھەم يەر ئىسىملىرى كۆرسەتكۈچلىرىنى قوشۇپ، داستاننىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

يېقىندا، يەنە تۈركىيە ئىستانبۇل مىللەت كۇتۇپخانىسىدىن «مۇھەببەتنامە» نىڭ 4 - ۋە 5 - نۇسخىلىرى تېپىلىپ ئېلان قىلىندى. بۇلار ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار بولۇپ، ئۇلار گەرچە بەت - سەھىپىلەر بويىچە تولۇقسىز نۇسخىلار بولسىمۇ، ئەمما بۇ نۇسخىلاردىكى نۇرغۇن بېيىتلار ئىلگىرىكى 3 نۇسخىنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

مەن بۇ قېتىم ئىلگىرىكى ئۈچ نۇسخىنى دوكتور فۇئاد كوفرۇلۇ مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «تۈركىيات مەجمۇئەسى»نىڭ 1972 - يىللىق سانىنىڭ 185 — 199 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان كېيىنكى نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ، داستاندىكى قىسىملارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەرتىپلەپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە خېلى مۇكەممەلرەك بولغان تېكىستىنى ئىشلەپ چىقتىم. مەن بۇ ئەمگىكىمنى ئەدەبىياتىمىز تارىخى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاز - تولا مەنپەئەتلىك بىر ئىش بولار، دەپ ئويلايمەن.

ئۇلۇق تەڭرىنىڭ ئاتىن ياد قىلدىم،
مۇھەببەتنامەنى بۇنياد قىلدىم.
ئىكى يەكتۇ گۇھەر ئالەمگە بەرگەن،
مۇھەببەت گەنجىنى ئادەمگە بەرگەن.
فەلەكنىڭ دەفتەرىدىن تۈننى يۇيغان،
جەھان بۇنيادىنى سۇ ئۈزرە قويغان.
يەتى قات زەرنىگار ئەيۋانى دالا،
ياراتتى ئالتى كۈندە ھەقتەئالا.

ھەۋا ئۈزرە بېرۇر شۇڭقارغا قۇنى،
تولۇن ئايدەك قىلۇر بىر قەترە سۇنى.
قارا تۇپراقدىن سۈمبۇل ياراتتى،
تىكەنلەر ئاراسىندا گۇل ياراتتى.
قاتىق تاشتىن قىلۇر گەۋھەرنى پەيدا،
قۇرۇق نەيدىن قىلۇر شەككەرنى پەيدا.
يەر ئۈزرە قۇدرەتى دەريا ياراتتى،
سەدەپتىن لۇئلۇئى لەلە ياراتتى.

ئارى گۇلنى ئەرىنىڭ ئاشى قىلدى،
سەبا يەلىن چەمەن فەرراشى قىلدى.
بولۇتلار قىلدەگ گوكرەپ يۇرۇرلەر،
قايۇ يەرگە بۇيۇرسا سۇ ئۇرۇرلەر.
بەرۇر يارىم سىڭەق ئەلگىنە ساتۇر،
كىم ئول نەمرۇدنىڭ مەغزىن ئوشاتۇر.
قىلۇر يەلنى سۇلەيمانىنىڭ بۇراقى،
كىم ئول يەلدۇر يەشىنىنىڭ تۇمتەراقى.
بەرۇر قوي قۇتمەگە مۇساغە سۇئبان،
قىلۇر يۇسۇفنى مىسر ئەلىندە سۇلتان.
قىلۇر ئەييوبنى مىھنەت بىلە يار،
تەقى ئوت ئىچرە ئازەر ئوغلىن ئاسرار.
قوياشنى قىلدى ئىسا فەرقىنە تاج،
مۇھەممەد مۇستەفاغە بەردى مىئراج.
مۇھەببەد ئەنبىياغە شاھ بولدى،
مۇھەممەددىن ھەبىبۇللاھ بولدى.
مۇھەممەددىن مۇھەببەت بولدى پەيدا،
مەنى مۇنداق مۇھەببەت قىلدى شەيدا.
ئىلاھا قىل نەزەر خارەزمى نەزما،
مۇھەببەتنى كۇڭۇلدىن سەن ئەكسىما.

× ×

تۇن ئاخشامكىم كۇرۇندى بەيرەم ئايى،
مۇھەممەد خاجە بەگ دەۋلەت ھۇمايى.
بۇيۇردى ئۇرگە شادىرۋان ئورۇلدى،
قەدەھ كەلتۇردىلەر مەجلىس قۇرۇلدى.

## غەزەل

ھۇسەينى پەردەسى ئۇزرە تۇزۇپ ساز،
مۇغەننى بۇ غەزەلنى قىلدى ئاغاز.
چە مەھرۇيى تۇئەي سەرۋى سەرەفراز،
كى مەمانەد بەرۇيەد گۇل دەھەنباز.
بەيادى قامەتەت مىبۇسەمەش پەي،
نىخالىدا كي مەبىنەم سەرەفرار

بەدان مانەد تۇرادۇر دەربەنا گۇش،
كى گەردەد زۇھرە با خۇرشىد ھەمراز.
تولۇنئاي تەئبىيە سۇ ئۇزرە قىلدى،
ئاي ئىچرە غۇنچەئى خەندان ياراتتى.
جەمالىڭنى جەھانغە جىلۋە قىلدى،
مەنى ئول سۇرەتە ھەيران ياراتتى.
ئەشىتمىش بولغاسەن يۇسۇف جەمالىن،
سەنى كۇرك ئىچرە سات چەندان ياراتتى.
كەرىم تەگرى كەمالىن قىلدى ئىزھار،
سەن ئاينى بۇيلەچى نۇقسان ياراتتى.
زىھى قادىركىم ئول بىر قەترە سۇدىن،
مۇھەببەت گەۋھەرىگە قان ياراتتى.
ئەزەلدە قىلدى خارەزمىنى مۇھتاج،
تەقى مەنزۇردنى سۇلتان ياراتتى.

## بىرىنچى نامە

كىتابات باشلادىم ئەنجامە يەتكەي،
مۇھەببەتنامە مىسرۇ شامە يەتكەي.
بىسات ئۇزرە سەلايى ئامە قىلدىم،
مۇھەببەتنامەنى ئون نامە قىلدىم.
قىلايىن ئىككى يايىن بارەسى ھۇم،
كىم ئەتلەس تون ياراشۇر بولسە مەئلۇم.
بۇرۇن ئەلقىسسە بەگ مەدھىن ئايايىن،
ئۇشاندىن سۇگرە نامە باشلاغايىن.

## مۇھەممەد خاجە بەگ سىفاتى

ئايا ئارسلان يۇرەكلىك خان ئۇرۇقى،
كىچىك ياشتىن ئۇلۇقلارنىڭ ئۇلۇقى.
مۇھەممەد خاجە بەگ ئالەم قۇۋانجى،
سەئادەت مەئدەنى ئىقبال گەنجى.
ئۇزە جانىسىز تەن ئەردى مۇلك سەنسىز،
شەھەنشاھ جانىبىك مۇلكىن يىگەنسىز.
سۇلەيمان سەلتەنەتلىك پادىشاھسەن،
مەسىھ ئەنفاسلىق يۇسۇف لىقاسەن.

www.uyghurkitap.com

زەبانىڭ تەقۋى ياتلار دىنگە بېرۇر،
فەرىدۇن گەنجىنى مىسكىنگە بېرۇر.
ئېسەر تاڭ يەلىدەك يەلكەندە ئاتىڭ،
قۇياش يەكلىغ جەھاننى تۇتتى زاتىڭ.
ئەگەر مىڭ يىل تىرىلسە ھاتەمى تەي،
سېنىڭ ئاتىڭ ئىشتكەچ يەرلەر ئۆپكەي.
ئېرۇر دەۋلەتكە دىدارىڭ تەفائول،
بولۇپتۇر تەلئەتىڭگە مۇشتەرى قۇل.
ئۇلۇس تۇتتۇڭ قامۇت ئەقلىڭ كۈچىندىن،
چەرختە قان تامار قامچىڭ ئۇچىندىن.
ساقا جۇدۇ سەخاۋەت بولدى پېشە،
شىجائەتتۇر سېنىڭ ئىشىڭ ھېمىشە.
گەھى ھاتەم ئۇيانۇر بەزم ئىچىندە،
گەھى رۇستەم يۇبانۇر رەزم ئىچىندە.
قاچانكىم ئىككى سەف تۇرسە بەجەۋلان،
سېنىڭ چاكەرلەرىڭ گۆكرەر چۇ ئارسلان.
كىرۇرلەر رەزمە تويغا كىرگۈ يەكلىغ،
ئاچىقمىش بۆرى قويغا كىرگۈ يەكلىغ.
قىلىچىڭ بىرلە سەفلەرنى بۇزارسەن،
ئەگەر مەھدى دېسەم سېنى، ئېرۇرسەن.
ئەگەر مەدھىڭنى بىتسە كۆك دەبىرى،
بىتىلمەس يۈز يىل ئىچرە مىڭدە بىرى.
نېچەكىم بولسالار كۆك ئۈزرە جاۋىد،
ئۇتارىد بىتكەچى بەربەتچى ناخىد.
قوياشتەگ دەۋلەتىڭ پايەندە بولسۇن،
تابىندە يەتتە ئىقلىم بەندە بولسۇن.
كەرەمدىن ھەر زەمان قىلغىل ئەتالەر،
ئەيتسۇن بەندە خارەزمى دۇئالەر.
سەنادىن ئۆزگە نەۋئ ئەتلەس توقۇيىن،
قىش ئۇردادا بەھارىيات ئوقۇيىن.
كىم ئۇچماقتۇر سېنىڭ بەزمىڭ بىناسى،
ھەمىشە ياز ئېرۇر جەننەت ھەۋاسى.

## غەزەل

قەدەھ چەۋرۇلدى ئاش بوستان ئىچىندە،
خۇش ئىچكىل رەھنى رەيھان ئىچىندە.
چەمەن فەرراشى يەنى تاڭ نەسىمى،
گۈلەفشانلىق قىلۇر بوستان ئىچىندە.
ئاچىلدى ياز كەچتى ئول كىم ئېردى،
چەمەن يۇسۇفلەرى زىندان ئىچىندە.
چېچەك ياپراقلارى يەرگە تۆشۈپتۇر،
ئەنىڭدەككىم ئەقىقلەر كان ئىچىندە.
كەل ئەي ئۇچماق گۈلى چىمكەنگە چىققىل،
بۆگۈن ئولتۇرماغىل ئەيۋان ئىچىندە.
ئىشىتكىل ئەي بېگىم بەندەڭ سۆزىنى،
نەچەكىم بولماساق بىر سان ئىچىندە.
مۇھەممەد خاجە بەگ ئول كىم ئەلىدەك،
ئوكۇش جەۋلان قىلۇر مەيدان ئىچىندە.
ئوقى ناگاھ ئەگەر سەندانغە تەگسە،
باشاقى تىكىلىنۇر سەندان ئىچىندە.
ئايا ساھىبقىرانى كىم ئۈزەرلەر،
قىلىچىڭدىن ئەدۇلەر قان ئىچىندە.
ئوكۇش يىللار ياراتقان باقى تۇتسۇن،
ھەياتىڭنى بېگىم دەۋران ئىچىندە.
نىشان بەرمەس كىم ئېرسە مىسلىڭىزنى،
ئىراقۇ رۇمۇ ھەم كەنئان ئىچىندە.
خارەزمىنىڭ كېتىپ ئەقلى باشىندىن،
تۇرۇر تىك سۈرەتى يوق جان ئىچىندە.

× ×

يىگىت سەن بادە ئىچ كۆڭلۈڭ ياساغىل،
بۇ كۈندىن سوڭ يۈز يىگىرمى ياشاغىل.
نىشاتۇ ئەيشۇ نۇشا ـ نۇش قىلغىل،
خىرەدنى مەي بىلە مەدھۇش قىلغىل.
كىم ئەسرۇ بىۋەفا ئېرۇر زەمانە،
جەھان قالماس كىشىگە جاۋىدانە.
ئۇلۇسقا رەھم ئېتىپ غەمخور بولغىل،
ھەمىشە شادۇ بەر خۇردار بولغىل.
جەھاننى ئەدگۈ ئاتىڭ تۇتتى مۇتلەق،
يامان كۆزدىن يىراق تۇتسۇن سېنى ھەق.
مۇھەببەت بىرلە جانىندىن بۇ مىسكىن،

دۇئا قىلدى ئىجابەت بولسۇن ئامىن.
مۇھەممەد خاجەبىك مەدھىن تۈگەتتىم،
مۇھەببەتنامەنى بۇنياد ئەتتىم.

## ئىككىنچى نامە

ئايا كۆرك ئىچرە ئالەم پادىشاھى،
جەھان تۇتتى سىنىڭ ھۇسنۇڭ سىپاھى.
پەرى رۇخسارلارنىڭ كۆرككە بايى،
يۈزۈڭ نەۋرۇزۇ قاشىڭ بەيرەم ئايى.
كۆڭۈل شىرىن سۆزۈڭگە بولدى فەرھاد،
كۆزۈڭ كەشمىر جادۇسىغە ئۇستاد.
قارا مەڭ ئال ياڭاقىڭغا ياراشۇر،
باشىم دايىم ئاياقىڭغا ياراشۇر.
بويۇڭ سەرۋى سەنەۋبەردەك بىلىڭ قىل،
ۋەفا قىلغان كىشىلەرگە ۋەفا قىل.
ئەقىقدەك ئىرىنگە جان بولدى سۇ سۇز،
قەمەردەك چىھرىڭە باقسا قەمەر كۆز.
ئۇرار نەرگىسلەرىڭ ناۋەكنى جانغا،
كۆلەر چىھرىڭ چىچەكدەك ئەرغۇۋانغا.
مۇھەببەت نارى جاندىن كەتمەدى ھىچ،
قولۇم سىيم ئالماقىزغا يەتمەدى ھىچ.
سارايدىن باردى چىن ـ ماچىنغا چاۋۇك،
قىيا باقساڭ بولۇر ئارسلانلار ئاۋۇك.
جەمالىڭ يەتتى ئالەمغە سىپاھلار،
قاتىڭدا يەر ئۆپەرلەر جۇملە شاھلار.
تەبەسسۇم قىلساڭىز شەككەر ئۇيالۇر،
تىشىڭ ئىنجۇسىدىن گەۋھەر ئۇيالۇر.
فەلەك ئىشقىڭ يولىندا بىسەرۇ پاي،
ئىسىرغاڭ دانەسى زۇھرا يۈزۈڭ ئاي.
لەتافەت مۈلكىنە سۇلتانسەن ئەي جان،
قامۇق باشتىن ئاياققا جانسەن ئەي جان.
قاتىق كۆلسەڭ مەگەر، ئاغزىڭ بىلۈرگەي،
پەرى كۆرسە سىنى مەندەگ تىلۈرگەي.
ساچىڭ بىر تارىنە مىڭ ھۇر يەتمەس،
يۈزۈڭنىڭ نۇرىنە ھىچ نۇر يەتمەس.

ئەگەر بەرسە سۈيۈرغاب ھەقتەئالا،
كىرەكمەس سەنسىزدىن فىردەۋس ئەئلا.
كۆڭۈلنىڭ قانى قايناپ بارچە تاشقاي،
كۆزۈمنىڭ ياشىدىن كەۋسەر بۇلاشقاي.
كىشىنىڭ سەن سىزدىن نە جانى بولسۇن،
ئانىڭدەك ئۇمرىنىڭ نە سانى بولسۇن.
شەكەر ئىرىنىڭ نە باتى خىزرە ئوخشار،
ئاياقىڭنى كىم ئۆپسە مەنگۇ ياشار.
جەمالىڭدەك كىشىنىڭ يوق جەمالى،
دەرىغا، بولماسا ئىردى زەۋالى.
قىيامەت كۆركلۇسەن ھۇسنۈڭغە نە سۆز،
يىراق بولسۇن جەمالىڭدىن ياۋۇز كۆز.
بۈگۈن يوق دۇنيادا سەندەك نىگارا،
قولۇڭ بىچارە خارەزمىنى ئاسرا.
كەل ئەي ساقى كىتۈرگىل بادەئى ناب،
كۆلە ئوينايۇ ئىچسۇنلەر بۇ ئەسھاب.
كىم ئۇش يىلتەك كىچەر ئەييامى فانى،
ئەجەلدىن ھىچكىشىنىڭ يوق ئامانى.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

## ئۈچىنچى نامە

سەلامىم كۈلگە ئىلىت ئەي تاڭ نەسىمى،
كىم ئىرۇر ئاي قۇلى ئەختەر نەدىمى.
سەلامى كىم كۆڭۈل جانانە ئايسا،
يارۇر كۆزلەر سەۋادىنى بىتىسا.
سەلامىمنى تىگۈر ئول دىلىستانە،
رەھىمسىز بىۋەفا جانۇ جەھانە.
سەلامىمنى تىگۈر ئول خۇشلىقاغە،
قومۇق باشتىن ئاياق ئابى بەقاغە.
ئايتقىل ئاي بۇيۇڭ تۇبى بۇ تاقى،
قولۇڭنىڭ ھەددىن ئاشتى ئىشتىياقى.
ئايتقىل ئەي ۋىسالىڭ ئۇمىر باغى،
ئىشىكىڭ تۇپراغى كەۋسەر بۇلاغى.
ئايىتقىل ئەي سۆزى يالغان جەفاكار،

قاراقلارى قاراقچى ئۆزى ئەيىيار.
ئايىت ئەي مېھرى ئاز ھۆسنى فەراۋان،
نەدۇر ئول تار ئاغىزدا مۇنچە يالغان.
ئايىت مەندىن كىم ئول مىسكىن ئۇرۇر ئاھ،
قاچان ئىنگەي گەدانىڭ ئەيۋىنە شاھ.
قاچان قىلغاي كۆزۈمنى ياقۇت ئول ئاي،
ئىبرۇر يۈزى قۇياشتەگ ئالەم ئاراي.
قاچان لەئلىڭ قەدەھلەر نۇش قىلغاي،
كەرەشمەڭ بەندەنى مەدھۇش قىلغاي.
ئايا فەرخۇندە تالىئ بەختىيارى،
كىم ئول ھەزرەتتە بىركۈن تاپسا بارى.
يۈزۈڭدە بىلگۈرۈر دەۋلەت نىشانى،
ئۇرامىڭ تۇپراقى بەخت ئاشيانى.
جەھان تۇتتى جەمالىڭ داد بەرگىل،
بۇ مىسكىننى بىرەر ھەم ياد قىلغىل.
سېنىڭدەك پادىشاھنىڭ مەرھەباسى،
مېنىڭدەك مىڭ گەدانىڭ خۇن بەھاسى.
كۆچۈم يەتكۈنچە كۆپ قىلدىم ۋەفالار،
ۋەفالىق قۇلنى ئاسرار پادىشاھلار.
ماڭا سەنسىز ئۆلۈمدۇر بۇ ھەياتىم،
سېنىڭ ھىجرىڭ ئىلە يۇغرۇلدى زاتىم.
كۆڭۈلگە ئۆزگەنىڭ مېھرىن ياۋۇتمان،
يىراقلىق بىرلە مەن سىزنى ئۇنۇتمان.
ئىبرۇرمەن ۋەسلىڭگە دايىم تەلەبكار،
نىچە تۈنكىم ئۇزۇن بولسا تاڭى بار.
تاپىلغاي مەقسۇدۇم تابغۇڭدا بارى،
سەئادەت قىلسا خارەزمىغە يارى.
ئاغىر ئۇيقۇچى بەختىم نىچە ياتقاي،
ۋىسالىڭ مەشرىقىدىن ھەم تاڭ ئاتقاي.
كەل ئەي ساقى كېتۈرگىل جامى جەمنى،
كىشىنىڭ كۆڭلىدىن كەتۈر بۇ غەمنى.
كىم ئاشتى كۆككە ئاھۇم ئىشتىراقى،
كۆيۈردى كۆڭلۈمى دىلبەر فىراقى.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

## تۆرتىنچى نامە

ئايا خۇرشىددەگ ئالەم چىراغى،
مۇنەۋۋەر چېھرەڭىز فىردەۋس باغى.
قامۇق كۆركلۈكلەر ئۇزرە پادىشاھ سەن،
مەسىھ ئەنفاسلىك يۇسۇف لىقاسەن.
ئاچىلسا لەئلىڭىز شەككەر ساچىلۇر،
كۆرۈپ گۇل غۇنچەنىڭ ئاغزى ئاچىلۇر.
بويۇڭدەك سەرۋى يوق بوستان ئىچىندە،
يۈزۈڭ نۇردا ئاي نۇقسان ئىچىندە.
جەھان بولدى جەمالىڭدىن مۇنەۋۋەر،
زىھى ھۆسنۇ جەمال ئەللاھۇئەكبەر.
قىلۇر زۇلفۇڭ قامۇق ئالەمنى شەيدا،
بولۇر جادۇ كۆزۈڭدىن فىتنە پەيدا.
ئىبرۇر مىڭ جان بىر ئەشكالىڭ پىداسى
كۆزۈمنىڭ مەردۇمى ھالىڭ گەداسى.
سېنى كۆرگەن ئۆزىندىن يات بولۇر،
روھۇڭنى كۆرسە مىڭ شاھ مات بولۇر.
ئىكى زۇلفۇڭ كۆڭۈللەرنىڭ فەناھى،
ئىشىكىڭ تۇپراقى جان سەجدەگاھى.
رەقىبىڭدۇر تىكەنسىز تازا گۇلسىز،
چېچەك بوستان ئارا بولماس تىكەنسىز.
شەكەردىن تاتلى سۆزلى دىلرەبا سەن،
دەرىغا كىم چېچەكتەك بىۋەفاسەن.
سېنىڭ يادىڭ قىلۇرمەن كۆپ غەزەلدە،
كىم ئەردىم ھۆسنۈڭگە ئاشىق ئەزەلدە.
ماڭا ھەددىن ئاشۇرما بۇ جەفانى،
كۆزۈڭدىن سالما بۇ مىسكىن گەدانى.
ئىشىتكىل بىر غەزەل يار ئىشلارىدىن،
مۇھەممەد خاجە بىك ئايىمشلارىدىن.

## غەزەل

جەھاندا سەن كەبى جانان يوق، ئەي جان،
سېنىڭدەردىڭغە ھېچ دەرمان يوق، ئەي جان.
سېنىڭدەك يەرگە ئاي سۇندى ئىلىك كىم،

يىراقتىن باقماغا ئىمكان يوق، ئەي جان.
بۇگۈن مىلڭ جان بىلە كىمكى كۆڭۈلنى،
ساڭا بەرمەس تەنىندە جان يوق، ئەي جان.
يەتى ئىقلىم ئىچىندە كۆركىڭنىڭ هالى،
سىنىڭدەك بىرتەقى سۇلتان يوق، ئەيجان.
ئۇنۇتتۇڭ بۇ مۇهەممەد خاجەنى ئاه،
بىر دىڭدەكىلەرگە ئاندا سان يوق. ئەي جان.
بىرلىڭ مەزهەبتە ئاشىقلارنى سىزلەر،
ئەگەر تۆلتەرسەڭىز تاۋان يوق، ئەي جان.
سىنى جانىمدىن ئارتۇقراق سىۋەرمەن،
بۇ سۆزدە هەق بىلۇر يالغان يوق، ئەيجان.
سىنىڭ ئىشقىڭدا سايرايۇر خارەزمى،
ئانىڭدەك بۇلبۇلى بوستان يوق، ئەي جان.

× ×

قەنى گۇل چىهرە ساقى مەي كىتۈرگىل،
مىنى هەيران مۇقامىنغە يەتۈرگىل.
هەبىبىم نەقشىدە مەئنى بولايىن،
تەسەۋۋۇردە ئۆزۈمدىن قۇرتۇلايىن.
ئىرۇر بىچارە خارەزمى مۇرادى،
جەهاندە دىلبەرىنىڭ ئىئتىقادى.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

**بەشىنچى نامە**

ئايا گۇلچىهرەلەر مالىك رەقابى،
قامۇق ئالەم سىنىڭ غەمزەڭ خەرابى.
لەتافەت مۈلكىنىڭ ساهىبقىرانى،
مۇۋافىق سۈرەتىڭ بىرلە مەئانى.
خىرەدنى ئازدۇرۇر غەمزەڭ خۇمارى،
ياڭاقلارىڭ خەلىلۇللاه نارى.
سىنىڭ هۇسنۈڭ قامۇق ئالەمدە مەشهۇر،
يۈزۈڭدىن كىزلەنىپتۇر خۇلد ئارا هۇر.
كۆڭۈلگە جاندىن ئارتۇقراق كىرەكسەن،
پەرىيۇ هۇردىن هەم كۆركلۈرەكسەن.
پەرىشتە كۆرسە بولغاي سىزگە مايىل،
سىزىڭدەك كىمدە بار شەكلۈ شىمايىل.
يارار جان دىسەلەر ياقۇتۇڭىزغا،
تەڭ ئەتمەڭ زوهرانى هارۇتۇڭىزغا.
مەن ئەسرۇ بىنەۋاسىز مۇهتەشەمسىز،
لەتىفۇ نازۇكۇ زىبا سەنەمسىز.
قىلۇر ئۆز جانىغە قەسد ئۆزى فايىق،
گەدايى كىم بولۇر سۇلتانى ئاشىق.
مىنىڭ دەردىمغە دەرمان ۋەسل ئىرۇر بەس،
ۋەلى هەرگىز ئۇلاشماس گەۋهەرە خەس.
سەبادەك بىلمەس ئاخىر ئۆز چاقىنى،
باسار هەردەم ئىشىكىڭ تۇپراقىنى.
كۆيەر كۆڭلۈم سەبانىڭ ئۆز ئىشىدىن،
نىچۈككىم كۆيسە خىرمانلار يەشىنىدىن.
كۆلەر ئاي هۇسنىغە گۇلدەك ئەگىڭىز،
قارادۇر لەلە كۆڭلىدەك مەگىڭىز.
ماڭا ئۇچماق ئىرۇر ۋەسلىڭ هوزۇرى،
يۈزۈڭدە شۇئلە ئۇرۇر تەڭرى نۇرى.
ئۇرامۇڭ ئىتلارىنىڭ ئىتتىهادى،
كۆڭۈللەر مەقسۇدى جانلار مۇرادى.
چىچەكتەك يۈزىڭە بەندە قەمەرهەم،
خەلايىق سۆيگەنىن خالىق سۆيەر هەم.
سىنىڭ ئىشقىڭ كەمەندى بىزنى تارتار،
جەمالىڭ رەۋنەقى ئالەمنى ئۆرتەر.
ئوشۇل كۈنكىم سىنى خالىق ياراتتى،
سىنى دىلبەر، مىنى ئاشىق ياراتتى.
ماڭا تاپقۇندا هەرگىز بولمادى سان،
كىشى ئول سەلتەنەتنى بىلمەس ئاسان.
ئانىڭكىم سىدقى بولسا سىزگە زاهىر،
ئانى سىزتەكلەر ئاسرار بولۇر ئاخىر.
نىچەكىم بەرسە چىهرەڭ كۆزلەرى نۇر،
چىچەكتەك بولماغىل هۇسنۈڭغە مەغرۇر.
خارەزمى ئىشقىڭ ئوتىغە ياقىلدى،
ۋەلى هەم يەر يۈزىدە ئاتى قالدى.
كەل ئەي ئاي يۈزلى ساقى تۆت بىرەركۇش،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرەركۈش بىرلە قىلغىل بىزنى مەدھۇش.
قىلالى ئەيشۇ ـ ئىشرەت پىشەلەردىن،
قۇتۇلسۇن كۆڭلىمىز ئەندىشەلەردىن.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

### ئالتىنچى نامە

ئايا قەددى سەنەۋبەر چېھرەسى ئاي،
قۇياش يەڭلىغ جامالىڭ ئالەم ئاراي.
خەتىڭ تۇتىسى لەئل ئۇزرە قونۇپ بار،
بىرىپتۇر بىستەگە قەندۇ ـ شەكەر بار.
سىنىڭ چېھرەڭدە ئاي فىردەۋس سەرۋى،
ئەگىن قان بىرلە يۇرچىمكەن تەدەرۋى.
تۇرۇپتۇر كۆزدە قەددىڭىز خىيالى،
ئانىڭدەككىم سۇ ئۇزرە تال نىھالى.
يۈزۈڭ نۇرى قۇياشنىڭ نۇرىن ئۆرتەر،
سەقاقىڭ شىۋەسى ئالەمنى ئۆرتەر.
ئۇتۇرساڭ ئولتۇرۇر فىتنە كېتەر غەم،
ئەگەر قوپساڭ قىيامەتلەر قوپار ھەم.
سۇمەندەك ئارەزىڭ گۇلدۇر تىكەنسىز،
ماگا دەۋزەخ ئېرۇر ئۇچماق سەنسىز.
يۈزىڭىزدە كۆرۈنۇر كۆزگۇدەك يۈز،
بويىڭىزغە لەتافەت تونىدۇر تۈز.
تىشىڭ لەئلىڭ گۇھەر جان دۇرجى ئىچرە،
يۈزۈڭ قاشىڭ قۇياش ئاي بۇرجى ئىچرە.
نە بىلسۇن قەدرىڭىزنى تەگمە نادان،
گۇھەر قەدرىنى ئامى بىلمەس ئەي جان.
كۆزۈمدىن ھەر زەمان يولدەك فەراۋان،
ۋىسالىڭ ئارزۇسىدا كۆپ ئاقار قان.
كۆڭۈللەر ئاھىدىن ئەيمەنغىل ئەي ماھ،
كىم ئايىنە تۇنەر كۆپ قىلسەلەر ئاھ.
جەھان تولدى سىنىڭ زۇلفۇڭ قاراسى،
كۆيۈردى كۆڭلۈمى چېھرەڭ جۇلاسى.
بويۇن سۇندۇم بۇ يولدا مىڭ بەلاغە،
كۆڭۈل پەرۋانە بولدى ئول جۇلاغە.

بىلۇرسىز كىم ئېرۇر ئەييام فانى،
نەلۇك ھەددىن ئاشۇرۇرسىز جەفانى.
جەھاندا سەلتەنەتلەر قۇل بىلە خۇش،
چەمەننىڭ گۇللەرى بۇلبۇل بىلە خۇش.
قاچانكىم شادسەن غەمگىنە رەھم ئەت،
ئەگەر سۇلتان ئىسەڭ مىسكىنە رەھم ئەت.
بولۇر جانا زىيادات دىدە نۇرى،
قاچان كىم تاپسا مەن دىلبەر ھۇزۇرى.
يۈرۈرمەن يەردە ئىزنى كۆرمەك ئۈچۈن،
سىۋەرمەن كۆزنى سىزنى كۆرمەك ئۈچۈن.
سىنىڭ زۇلفۇڭ كەمەندى بىزنى تارتار،
جەمالىڭ رەۋنەقى ئالەمنى ئۆرتەر.
قۇلۇڭ نە قىلسۇن ئۆز ئەھدىنى تەقسىر،
كۆڭۈل بىر، قىبلە بىر، جانانە ھەم بىر.
مۇھەببەتتىن تۇغار مىڭ تۈرلۈ ئەسرار،
كۆڭۈل ئەسرارىنى جان بىرلە ئاسرار.
چېچەكسەن بەندە سايرار بولبۇلۇڭدۇر،
جانى بارىنچە خارەزمى قۇلۇڭدۇر.
كەل ئەي ساقى كېتورگىل لالە گۇن مەي،
كىم ئول مەي قىلدى كۆپنى ھاتەمى تەي.
سىراھى تولسە كۆپ ئاغزىن ئاچالىڭ،
بۈگۈن مەيخانەدە يارماق ساچالىڭ.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

### يەتتىنچى نامە

ئايا زىبا سەنەم جان ساڭا مايىل،
تەئاللاھ زىھنى شەكلى شىمايىل.
شەكەر ئېرنىڭ قاچان سۆز قىلسا ئاغاز،
قىلۇر جان تۇتىسى ئول دەمدە پەرۋاز.
شەكەرۇ لەئلىڭىز يا قەند يا جان،
ئۇيالۇر لەئلىڭىزدىن ئابىھەيۋان.
قاچان كىم بولسا تار ئاغزىڭ شەكەر بار،
سەباگۇل غۇنچەنىڭ ئاغزىنى يىرتار.
قارا قاشىڭدا يۈزمىڭ پىتنەلەر بار،

كۆزۈڭ ئاھۇسى ئارسلانلارنى ئاۋلار.
ساڭا پەيۋەستە ئەي كانى مەلاھەت،
كۆزۈڭ قاشىڭ بىلە ئوق يايى ھاجەت.
سۆزۈڭ شىرىن ئۈزۈڭ خۇسرەۋدىن ئەفزۇن،
بولۇر لەيلى سىنىڭ ھۇسنۇڭغە مەجنۇن.
بىلىڭ بىلمەك ئىچىندە جەۋھەرى سەن،
ۋەلى ھۇسن ئىچرە جەۋھەردىن ئارى سەن.
قۇياش ھەركۈن يۈز ئۇرۇر ئول قاپۇقىغە،
جەمالىڭ سالدى يۇسۇفنى قۇدۇققە.
قارا كىرپىكىڭە قۇندۇز تەگەلمەس،
قاراقىڭ شىۋەسىن ھىچ كىمسە بىلمەس.
دۇداغىڭدىن كۆڭۈل جان ھاسىل ئەتمەس،
ئاياقىڭ تۇپراغىن ئۆپسەم نى يەتمەس.
تىلەر مەنكىم يۈزۈڭگە سەجدە قىلسام،
ۋىسالىڭ نىئمەتىنىڭ شۇكرىن ئايسام.
سىنىڭ ئىشقىڭدە باغرىمدىن ئاقار قان،
جەمالىڭنىڭ تاماشاسىن تىلەر جان.
جەمالىڭدىن خىرەد شەيدا بولۇپتۇر،
ئىچىم ئىچرە قامۇق سەۋدا تولۇپتۇر.
قاچان ئۆلسەم ساڭا قەدرىم بىلۈرگەي،
بۇ يولغا تۈشسە ئەفلاتۇن تىلۈرگەي.
كەرەشمە بىرلە ئاشىق ئۆلتۈرۈرسىز،
سىز ئۆلتۈرگەن ئاشىق ئۆلگەيمۇ ھەرگىز.
قىلىپتۇر خەلقنى شەيدا كەرەشمەڭ،
قىيامەتلەر قىلۇر پەيدا كەرەشمەڭ.
نەچۈك ئىشقىڭنى جانىمدىن يۇيايىن،
كۆڭۈل سىزدىن ئالىپ كىمگە بېرەيىن.
بىھەمدۇللاھ سىنىڭ ھۇسنىڭ چاقىندا،
يېرىمىز بار ئاياقىڭ تۇپراقىندا.
تىرىك بولۇڭ شەھا دەۋران بارىنچە،
قۇلۇڭىزمەن تەنىمدە جان بارىنچە.
ئۈمۈر كەچتى قامۇق سەۋدا ئىچىندە،
نىچە ئۈزگەي كىشى دەريا ئىچىندە.
كۆڭۈل ئىككى جەھاننى كۆزگە ئىلمەس،
سىنىڭ ئىشقىڭ بۇ ئۆمرۈم ھاسىلى بەس.
جەھاندىن ئاشۇ مىڭ يىل قالدى خالىق،
سىنىڭ ھۇسنۇڭگە خارەزمىنى ئاشىق.
كەل ئەي ساقى نەزەردىن سالماغىل كەل،
كېتۈر ئول مەيگە بولغاي بىزگە سەيقەل.
ئېرۇر بىچارە خارەزمى مىرادى،
ئىكى ئالەمدە دىلبەر ئىلتىپادى.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پېشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

## سەككىزىنچى نامە

ئايا ئاھۇ نەزەرلەر شەھرىيارى،
لەتافەت مۈلكىنىڭ چابۇك سۇۋارى.
لەتىفۇ تەنىسقۇ زىبا سەنەمسىز،
زەرافەت ئالەمى ئىچرە ئالەمسىز.
قىلىچ ئۇرساڭ قولۇڭمەن جاۋىدانە،
ئەگەر ئوق ئاتسىڭىز باغرىم نىشانە.
قامۇق ئۇمرۇم سىنىڭ نازىڭ فىداسى،
مېنىڭ كۆڭلۈم قۇشى بازىڭ فىداسى.
جانىم بارىچە سىزدىن يۈز چەۋۇرمەن،
ئىشىكىڭ تۇپراغىدىن باش كۆتۈرمەن.
نىچە كىم ئىلمەسەڭىز كۆزگە بىزنى،
كۆڭۈل جان ئىچرە ئاسرار مېھرىڭىزنى.
غەنىمەتتۇر بۇ ھۇسن نەۋ قانى بىزگە،
مۇباھدۇر بۇكۆڭۈللەر كانى سىزگە.
جەمالىڭ مەدھىدىن ئافاق تولدى،
كۆڭۈل ئالماق ساڭا - دە، خەتمە بولدى.
ئاچىق سۆزى قىرىم شەھدىغە ئوخشار،
جەمال ئەيىامى گۇل ئەھدىغە ئوخشار.
سىنى كۆرسە كېچەر تەرسا سەنەمدىن،
جەھانغە كەلمەدى سىزدەك ئەدەمدىن.
قاچان زۇلفۇڭ نەسىمى رومە ئېسكەي،
كىم ئول يا قاشلارىڭ زۇننار كەسكەي.
ياراتتى مىسلى ئاي زىبا سىنى ھەق،
كىم ئول چېھرەڭ بىرۇر ئالەمگە رەۋنەق.
ماڭا ئىشقىڭ يولىدا قان كۆرۈنۈر،
يۈزۈڭ ئايىنە سەندە جان كۆرۈنۈر.

مېنى قىلدى فەلەكدەگ بىسەرۇ پاي،
تەقى مىڭ يىلدا سەندەگ تۇغماغاي ئاي.
جەھاننىڭ فىتنەسى ئۇسرۇك كۆزۈڭدە،
ئېرۇر ئېيسا دەمى شىرىن سۆزۈڭدە.
ھۇسىن خۇد پاكدامەندلىقدىن ئارتار،
كىشىنىڭ پاكلارغە كۆڭلى تارتار.
ئەگەر كۆرسە يۈزۈڭنى لاله سۇلغاي،
سىنىڭدەك گۇل مەگەر ئۇچماقدا بولغاي.
ئاياغىڭ ئۆپمەگىن قۇل قىلدى ئادەت،
سۇلەيمان تاپماغاي مۇنداق سەئادەت.
ۋىسالىڭنىڭ بۇكۇن شۇكرىن قىلۇرمەن،
خىيالىڭ كۆزدە ئۇچقانىن بىلۇرمەن.
قۇياش ئەكسى يۈزۈڭدىن راھ ئىچىندە،
سىنىڭدەك يوق چىچەك ئۇچماق ئىچىندە.
قۇلۇڭ كۆپتۇر ۋەلى مەن ئىنجۇ قۇلمەن،
ۋىسالىڭ قەدرىنى بىلمەس دىگۇلمەن.
كۆڭۈل سەنسىز تىلەمەس تەندە جاننى،
كۆرەر يۈزۈڭدە خارەزمى جەھاننى.
كەل ئەي ساقى كېتۇر پەيمانە بىزگە،
ئىنايەتلەر قىلۇر جانانە بىزگە.
ئىچەلى بادەنى جانان يۈزىگە،
خىزىر سۈيىن ساچالى جان يۈزىگە.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پېشە قىلسام،
بۇ يولدا يىق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

### توققۇزىنچى نامە

ئايا نامېھرىبان ئەھدى ۋەفاسىز،
جەھان يەلدەك ئۇمۇر گۇلدەك بەقاسىز.
قامۇق ياقۇت ئېرىنلىق سۆزى دۇرلەر،
ۋەفاسىزلىقنى سۆزدىن ئۆگرەنۇرلەر.
ئۇمۇر مېھنەت بىلە پايانە كەلدى،
كۆڭۈل جەۋرۇڭ ئېلىندىن جانە كەلدى.
مېنى ئۆلتۈردى ئىشقىڭ بەرمەدىڭ داد،
بارۇرمەن ئاستانەڭدىن خەيرباد.
كۆزۈم كۆردى جەمالىڭ شىۋەسىنى،
كۆڭۈل تاپمادى باغىڭ مېۋەسىنى.
ئېرۇر جان مەقسۇدى ئېرنىڭ نەباتى،
جەمالىڭنىڭ بولۇر ئاخىر زەكاتى.
ساڭا تا بولدۇم ئەي جان ئاشنامەن،
جەفاڭ ئىلكىندە ئەسرۇ مۇپتەلامەن.
سالايىن ئۆزىمى ئۆزگە دىيارە،
كۆڭۈلنى باغلايىن مەن ئۆزگە يارە.
تىلەم گۇلچېھرە نەرگىس كۆزلەرى بار،
شەكەر دوداقلۇ شىرىن سۆزلەرى بار.
ۋەلىك كۆڭلۈم قۇتۇلماس دامىڭىزدىن،
قامۇق شەككەر تامار دۇشنامىڭىزدىن.
باغىشلاساڭ قامۇق سۇلتان سەن ئاخىر،
كۆزۈمگە نۇر تەنىمگە جان سەن ئاخىر.
دەۋۇر سىزنىڭ دۇرۇر دەۋران بارىنچە،
قۇلۇڭىزمەن تەنىمدە جان بارىنچە.
بىلۇرمەن كىم سىنىڭدەك تاپمەن ئەي جان،
بويۇن سۇندۇم جەفاڭغە قۇلمەن ئەي جان.
كىشى قايدا ئۆلەردىن بىلسە بولماس،
ھەقىقەت ياردىن ئايرىلسا بولماس.
خىرەد بىرلە جەھان ئەفسانەسى مەن،
ۋەلىك زەنجىرىڭىز دىۋانەسى مەن.
ئۆلۈمدۇر بىزگە جانانسىز تىرىلمەك،
مەھالدۇر بۇ تەنە جانسىز تىرىلمەك.
كۆڭۈل مېھرى نەزەر يولىندىن ئار - تار،
نىگارىن جەۋرىنى جان بىرلە تار - تار.
ھۇسىننى تا ھەۋەيدا قىلدى خالىق،
ھۇسىن بىرلە ۋەفا بولماس مۇۋافىق.
جەفادىن ئىگرەمەس بۇ يولدا ئۇششاق،
ۋەفادىن جەۋرىڭىز مىڭ قەتلە خۇشراق.
ئايۇرمەن يۈزىنچە كىم كەلسە مېھنەت،
جەفاسىزدىن تەقى بىزدىن مۇھەببەت.
ئوغان يۇسۇف جەمالىن سىزگە بەردى،
مۇھەببەت كىمياسىن بىزگە بەردى.
بۇ خارەزمى مۇھەببەتنامەسىنى،
ئەتارۇد كۆردى سالدى خامەسىنى.
كەل ئەي ساقى قىلالى خۇش سەبۇھى،

كىم ئۇشبۇدەم ئېرۇر جانىڭ فۇتۇھى.
ئېچەلى بادەكىم گۇللەر سولۇنسار،
تەنىمىز ئاقىبەت تۇپراق بولۇنسار.
بۇ يەرگە يەتتى سۆز تەغيىر بولدى،
بۇرۇن ئۇن دېدىمۇ ئۇن بىر بولدى.
سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پېشە قىلسام،
بۇ يولدا يوق سەبۇر ئەندىشە قىلسام.

### ئونىنچى نامە

ئىلاھا يەكتۇ قىلغىل جانىمىزنى،
ھەلالدىن ساقلاغىل ئىمانىمىزنى.
تىكەندىن قۇدرەتىڭ پەيدا قىلۇر گۇل،
خەتا كۆپ قىلدى مەن قۇلدىن كەچۇرگىل.
سەئادەتنى ھۇنەرغە يار قىلغىل،
ھۇنەردىن بىزنى بەرخۇردار قىلغىل.
سۆزۈم فىكرىنى كۆرگۈز شاھغە شېرىن،
شاھى كىم قىلدى خۇسرەۋلەرنى مىسكىن.
مۇھەممەد خاجەبىك جەمشىدى سانى،
جەھانىڭ ئارزۇسدۇر خەلق شانى.
ئايا فەرخۇندە تالىئ تەلئەتى كۆن،
سېنى تەڭرى مۇرادىڭغا يەتۇرسۇن.
ئايايىن ئەمدى بىر قىتئە ئىشىتكىل،
نېچۈكمەنىكىم بىر ئەھۋالىمنى بىلگىل.

### قىتئە

تەمەئ دامىندا قالۇر قۇش ئەمەسمەن،
تىلىم ئەيۋان ئۇزە ئۇچقان ھۇمامەن.
قىلىچتەك تىل بىلە تۇتتۇم جەھانى،
قەنائەت مۇلكى ئىچرە پادىشاھمەن.
خەرابات ئىلە مەسجىددە يېرىم بار،
كىم ئۇش ھەم رىندە مەن ھەم پارسامەن.
نېچە ھىممەتلى سۇلتان بولسا بولسۇن،
ئايت مەن مال ئۇچۇن مەدھۇ سەنامەن.
قىيامەتكە تەگى كەلسۇن ئاتىڭ دەپ،
سېنىڭ تاپقۇڭدا بولدۇم ئاشنامەن.

### خاتىمە

مۇھەببەتنامە سۆزىن مۇندا ئەيتتىم،
قامۇغىن سىر ياقاسىندا بىتتىم.
نەزەر بىرلە ئوقۇيسەن ئەي مۇقەللەڧ،
مۇھەببەتنامەنى قىلساڭ مۇششەررەڧ.
ئوقۇبان فاتىھە ھۇر قىبلە يانى،
سۆيۇنسۇن مۇندا خارەزمى رەۋانى.
بۇ دەپتەرنىكىم بولۇپتۇر مىسرى قەندى،
يەنە يۈز يىل تۆرت ئىچرە تۈگەندى.
تۈگەتمەكلىكىكە ھەق قىلدى ئىنايەت،
ئىشىتكىل ئەمدى ھەم بىر خوش ھېكايەت.
مۇنى كىم ئىشق بىرلە بىر ئوقىغاي،
ھەقىقەت ئالەمىنى مۇندا بىلگەي.
ئوقۇغاي بۇ كىتابنى ھەمدە بىتكەي،
تىلەرمەنكىم دۇئادا ياد قىلغاي.

### فەرد

نىيازىم بۇ تۇرۇر سەندىن نىگارا،
ئونۇتما بەندەنى بەھرى خۇدارا.

قۇتلۇق بولسۇن، تارىخ سەكىز يۈز ئوتتۇز بەشتە، ساچقان يىل رەجەب ئايىنىڭ ئالتەسىندە يەزىد. شەھرىندە مىر جەلالىددىن بويۇرغى ئۈچۈن، بۇ فەقىر مەنسۇر باقشى بىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەشرەپ — ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر شائىر

«تېپىپ مەشرەپ يولىن، تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام،
ئەمەسمەن ماھى تەلئەت، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەپمەن.»

1

بۇنىڭدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇر—چاغاتاي ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئاجايىپ تالانت ئىگىسى، يالقۇنلۇق ئىسيانكار، ئىنسانپەرۋەر، ئەركىن پىكىرلىك لىرىك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر بابارەھىم مەشرەپ ئۆزىنىڭ يېقىملىق شېئىرلىرى ۋە جەڭگىۋار پائالىيىتى بىلەن تونۇلغانىدى.

بابارەھىم مەشرەپ موغۇلىستان خانلىرىدىن سۇلتان يۇنۇس—خان، سۇلتان مەھمۇتخان، سۇلتان سەئىدخان ئۇزاق بىر زامان ھۆكۈمدارلىق قىلىپ ئۆتكەن پەرغانە ۋادىسىدىكى نەمەنگان شەھىرىنىڭ ئەندىجان يېزىسىدا بۆزچى ئائىلىسىدە ھىجرىيىنىڭ 1050 - يىلى، مىلادىنىڭ 1640 - يىلى دۇنياغا كەلگەن. (مەشرەپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى بەزى مەنبەلەردە 1657 - يىلى دەپ تىلغا ئالغان.) ئۇنىڭ دادىسى موللاۋەلى، ئانىسى سەلىمەخان بولۇپ، دادىسى ساۋاتلىق كىشى ئىدى. مەشرەپ باشلانغۇچ تەربىيىنى نەمەنگان مەدرىسىلىرىدىن بىرىدە ئالغان. كېيىن دادىسى ئۇنى ئۆزى مۇخلىس بولغان ئۇيغۇر روھانىيلىرىدىن موللا بازارئاخۇن (ھاجى ئۇبەيدۇللا) تەربىيىسىگە تاپشۇرغان. بۇ چاغلاردا بابارەھىم مەشرەپ پارس — تاجىك ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغانىدى.

«ئەۋۋەل قەدەم پىرى مۇغاندا ئىشق ئەست،
دۇۋۋۇم سەرۇپا بەرەھنەگاندا ئىشق ئەست.
رىندانى بۇخارا بەنگىيانى كەشمىر،
شاھ مەشرەبى تۇرك ئەندىجاندا ئىشق ئەست.»

مەشرەپنىڭ ئەركىن پىكىرلىك مۇھاكىمىلىرى موللا بازارئاخۇننىڭ گۇمانىنى ئاشۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى روھانىيلىقنىڭ قويۇق مۇھىتىدا تەربىيىلەش ئۈچۈن قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ ئىشان ھىدايىتۇللا ئافاق خوجىغا شاگىرتلىققا ئەۋەتكەن. بۇ چاغدا ئۇ دادىسىدىن يېتىم قالغانىدى. ياش مەشرەپ قەشقەرگە كەلگەندە سەئىدىيە سۇلتانلىقى ئاخىرقى

مەزگىلگە قەدەم قويغانىدى. بۇ چاغدا سەئىدىيە خانلىقى جۇڭغار خانلىرىنىڭ تەھلىكىسىگە دۇچ كەلگەن، ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش پىتنىلىرىگە چۆككەن ۋە ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىق خوجا - ئىشانلارنىڭ قالايمىقان چىقىرىش ۋەزىيىتىگە يۈزلەنگەنىدى.

مەشرەپ ئافاق خوجا ھۇزۇرىغا كېلىپ، دەسلەپكى 7 يىل ئىچىدە يىلقا باققانلىقى مەلۇم. شۇندىن كېيىن ئىغىر ئەمگەكتە پۇچۇلغان مەشرەپكە ئىشانلىق تەسىرى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. مەشرەپ ئافاق خوجا تالىپلىرى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئەركىن پىكىرلىك، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىقى بىلەن ئاشكارىلاندى. 17 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغا كەلگەندە، مەشرەپنىڭ ئوتلۇق، لىرىك ھەم ھەجۋى شېئىرلىرى جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ئافاق خوجا ئۇنىڭ ئۆز كېنىزەكلىرى ئارىسىدىكى بىر قىزغا مېھرى چۈشكەنلىكى باھانىسى بىلەن ئەركىن پىكىر شائىرنى ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىككە بەنت قىلىپ، ئۆز دەرگاھىدىن سەرسانلىق - سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ مەشرەپ سەئىدىيە خانلىقى ھالاك بولۇشتىن 6 يىل ئىلگىرى يەنى 1672 - يىلى سەرسانلىق - سەرگەردانلىق يولىغا چۈشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ماكانسىز قالغانىدى. ئافاق خوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانلىرىدىن ئىسمايىل خان تەرىپىدىن قەشقەردىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، تىبەتتىكى دالاي 5 - نىڭ قوللىشى، غالدان قۇنتەيجىنىڭ بىۋاسىتە قوشۇن ئەۋەتىشى بىلەن 1678 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرىز قىلىپ، خانلىق تەختىگە چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي، 1685 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

مەشرەپ 1672 - يىلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە 39 يىل سەرگەردانلىقتا ياشىدى. بۇ ئارىدا ئۇ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى، ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ئۆلكىلىرىنى، ئوتتۇرا - يېقىن شەرق دىيارىنى كېزىپ، كۆپلىگەن شەھەر - يېزىلاردا بولدى. ئۇ:

«نە غۇربەتلەرنى چەكتىم، چەرخى بىبۇنياد دەستىڭدىن،
تەمام ماتەمدە ئۆتتۈم، بولمادىم دىل شاد دەستىڭدىن.»

دەپ زارلىنىدۇ ۋە:

«مەشرەبا ئۆمرۈڭ خوتەن دەشتىدە ئۆتتى قان يۇتۇپ،
پوستۇنۇمنى چىنى كاكولۇڭ بىلە چالماق ئىدىم.»
«كېلىپمەن بىر قەلەندەر ئەنجۇمەن ئاراغا سىغماپمەن،
يېتىپ دەستىمگە دەۋلەت مۇلكەتى داراغا سىغماپمەن.»

دەپ ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

مەشرەپ سەرگەردانلىق ئۆمرىدە كۆپ ھادىسىلەرنى كۆردى، پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىردەكلىكىنى؛ ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇكنىڭ بىردەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇنىڭ قاراشلىرى مىللەت ۋە ئېتىقاد توساقلىرىدىن ھالقىغان ۋە جاھالەتلىك ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ تېرەن ماھىيەتلىرىنى تونۇپ بىلىشكە يېقىنلاشقانىدى. ئۇ:

www.uyghurkitap.com

«خوجا، سەييد، بەگ ـ ۋ ـ خان سەردارلەر بەدكارئىسە،
زۇلم تىغىن تىيز ئېتەردە ھەر بىرى نامدار ئىسە،
كاسە لەب كەززاب شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار ئىسە،
كۇفر ئېلىگە مەشرەبىدەك رەھنەما پەيدا بولۇر!»

دەپ، قەيەردە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدىغانلىقىنى، شۇ يەردە زۇلۇمغا قارشى خەلق رەھبەرلىرى مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

مەشرەپ ھىجىرىيىنىڭ 1123 ـ يىلى، مىلادىنىڭ 1711 ـ يىلى فېئودااللار ۋە روھانىيلارنىڭ پىتنىسى بىلەن ئەشتارخانىلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ قۇندۇز شەھىرى ھۆكۈمرانى مەھمۇد قاتاغانى تەرىپىدىن قۇندۇز شەھىرىدە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە «مەجمۇئەئىي ئەبۇ تالىب خوجافەخمىي» دە: «مەشرەپ دەرسالى 1123 دەر قۇندۇز ۋە فەتدائى ئۇلەما ۋە ھۇكمى مەھمۇدبېك قاتاغان شەھىدكەردە شۇدە» (مەشرەپ 1123 ـ يىلىدا قۇندۇزدا ئۆلىما پەتىۋاسى ۋە مەھمۇدبېك قاتاغان ھۆكمى بىلەن شەھىد قىلىندى) دەپ يېزىلغان.

«چۇن قولۇم بىرلە ئاياغىم باغلاماق ھاجەت ئەمەس،
مەن ئۆلۈمگە رازىدۇرمەن، بۇ ئۇمۇر تاقەت ئەمەس.
مۇنچە شىددەت بىرلە باشىم كەسكەلى زور ئەيلەمە،
بىلكى، ئادەم قانى تۆكمەك ساڭا ھەم تائەت ئەمەس.

............

چۇن مۇبارەك بولسۇن ئەي، مەشرەپ قىزىل قانىڭ سېنىڭ،
ساڭا خوب ئىش بولدى بۇ جان بەرگىنىڭ ئاپەت ئەمەس.»

مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىگە قالغان مەردانە خىتابى ئىدى!

2

مەشرەپنىڭ مەنىۋى تەرجىمىھالى ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرى بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئەلبەتتە. ئۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرى ۋە ئىسيانكار سەنئەتچىسى سۈپىتىدە ئەينى زامان ئىپىك تارىخىي مۇھىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن قەھرىمانى ئىدى.

مەشرەپ ياشىغان يىللاردا پۈتۈن ئىسلامىيەت شەرقىدە ئاخىرقى فېئودااللىق مۇناسىۋەتلەر جىددىي بوھرانغا دۇچار بولغانىدى. ئەگەر 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە، باشقىچە ئېيتقاندا، تۆمۈرىلەر، بابۇر ۋە سۇلتان سەئىدخان دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىشى» كۆرۈلگەن، ئۇلۇغبېك، ئەلىشىر نەۋائىينى نامايەند قىلغان بىر قاتار ئىلىم ۋە سەنئەت تۆھپىكارلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسا، 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ فېئودااللىق ھاكىم مۇتلەقلىق، دىنىي روھانىيەتچىلىك ۋە ئىجتىمائىي جاھالەت قارا بولۇتتەك

ھەممە يەرنى قاپلاشقا باشلىدى. ئىلىم ئۇچاقلىرى ۋەيران قىلىنىپ، ئىلىم - سەنئەت نامايەندىلىرى تەقىپ قىلىنىشقا باشلىدى. سوفىزىم پۈتكۈل ئوتتۇرا- يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدېئولوگىيىسىدە كۈچلۈك ئاڭ ئېقىمىغا ئايلاندى. سىنىپىي كۆرەش بارغانسېرى ئۆتكۆرلەشىشكە باشلىدى. نەتىجىدە، مەشھۇر شەيخ بايەزىد بەستامى، مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى ئىمادىدىن نەسىمى، بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەت سىدىق زەلىلىگە ئوخشىغان ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر، ئىسيانكار تارىخىي شەخسلەر تەسەۋۋۇپچىلىق يولى بىلەن ئاشكارە مەيدانغا چىقتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئىدىيىلىرىنى سوفىزىم پەلسەپىۋى قارىشى ئاساسىدا ئىزھار قىلىشتى. بايەزىد بەستامى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئىمادىدىن نەسىمى تىرىك ھالدا تېرىسى سويۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى. مەشرەپمۇ ئۆز شېئىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك پاجىئەگە دۇچار بولدى. ئۇ:

«مەنسۇرى ھەللاجىدەك ئىچىپ شەرابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇرمەن ئۇشبۇدەم دار ئالدىدا.»

دەپ يازغانىدى. زەلىلى بولسا:

«كەل ئەي مەنسۇر بولۇپ ساقى سىرىمنى ئاشكار ئەيلەي،
ئىچىپ كۆر لالە يەڭلىغ خۇنى ھەسرەتتىن ئاياغىم بار.»

دەپ يازغىنىدەك «خۇنى ھەسرەت» دېڭىزىدا غەرق بولدى.

مەشرەپ ئەينى زامان جاھالەت مۇھىتىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ چىقتى. ئۇ:

«ھەقىقەت كوچاسىدا رەھنەمائى ئىنتىزارىڭمەن،
تەمامى ئەھلى غەفلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي دەيمەن!»

دەپ يازغانىدى.

مەشرەپ ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىدىيىۋى ئېھتىياجلار تەقەززاسى بىلەن ئۆگەندى. ئۇلاردىن ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك غايىلىرى ۋە تۇيغۇلىرىنى ئۆزلەشتۈردى. بىز مەشرەپ ئىدىيىلىرىنىڭ يىراق مەنبەلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا 9— 12 - ئەسىر ۋە 14 — 15 - ئەسىر شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى (رېنېسانس) تەسىرىنىڭ نەقەدەر ئىزچىللىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئەبەيدۇللا لۇتپى، ئەلىشىر نەۋائى، سەئىدى شېئىرلىرى شەرق كلاسسىكلىرىدىن سەئدى، ھافىز شىرازى، مۇھەممەت فۇزۇلى ئىمادىدىن نەسىمى، بەدرىدىن ھىلالى شېئىرلىرىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە پەقەت لۇتپى، نەۋائى ۋە سەئىدىدىن مىسال كەلتۈرۈش بىلەن چەكلىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەشرەپنىڭ لۇتپىغا قىلغان تەرمىنلىرىدىن:

«سەن، سەن سېۋەرىم، خاھى ئىنان، خاھى ئىنانمە.
قاندۇر جىگەرىم، خاھى ئىنان، خاھى ئىنانمە.
غەم شامى پىراقىڭدا كەباب ئەتتى فەلەكنى،
ئاھى سەھەرىم، خاھى ئىنان، ئىنانمە.»

دېگەن شېئىرىنىڭ 1 - 2 - 4 - مىسراسى لۇتپىغا تەئەللۇق بولۇپ، 3 - مىسرا بويىچە يېڭىلانغان. لۇتپىدا بۇ مىسرا:

«ھىجران كېچەسى چەرخى فەلەككە يېتەر ئەي ماھ» دەپ يېزىلغانىدى. مەشرەپنىڭ «كەلمىدى» رادىفى بىلەن يېزىلغان:

«ۋەدە قىلدى بىر كېلەي دەپ، كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەدى،
تەلمۈرۈپ چۆلدە قالدىم شوخى بەدخۇ كەلمەدى.» غەزىلى نەۋائىنىڭ:

«كېچە كەلگۈمدۇر دېبان ئۇل سەرۋى گۈلرۇ كەلمەدى،
كۆزلەرىمگە كېچە تاڭ ئاتقۇنچە ئۇيقۇ كەلمەدى».

دېگەن غەزىلىگە يانداشقان. مەشرەپنىڭ:

«قايسى پەرىنىڭ سەن كەبى دىلبەرى گۈلئۇزارى بار؟
قايسى چەمەننىڭ گۈل ئۇزە تىمىرى مىژگانىچە خارى بار؟»

دېگەن غەزىلى سۇلتان سەئىدنىڭ:

«قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار؟
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.»

دېگەن غەزىلىگە يانداشقان. مۇنداق ياندىشىش زەلىلى شېئىرلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

مەشرەپ ئەينى زامان ئىجتىمائىي مۇھىتى تەقەززاسى، ئۆزگىچە بولغان ئىنسانپەرۋەر گۇمانىستىك ئىلغار ئىدىيىلەر تەسىرى ۋە شەخسەن ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتى ئاساسىدا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش تۇتقان.

3

مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مەۋھۇمات ئالەمى بولماستىن، ئەكس ھالدا رېئال ھايات ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭدىكى قىسمەت - تەقدىرى، غايىۋى ئىنتىلىشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپ سوفى - زاھىدلار، سۇلتان - ھاكىملار، سوتخور - زالىملارنى پاش قىلىشى، مەسخىرە قىلىشى، خەلقنى، خەلقنىڭ پاك ھىس - تۇيغۇلىرىنى كۆيلەپ، ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە ئورتاقلىشىشى مۇشۇ توپ كىشىلىك قارىشىدىن تۇغۇلغانىدى. بۇ — ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى يالقۇنلىتىپ، نەپرىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈردى. ئۇ:

«ئانقەدەر دەريا بولۇپمەن ئاسمانغە سىغمادىم،
تاقى ئەرشۇ كۇرسىيۇ لەۋھو جەھانغە سىغمادىم.

كىمگە سايەم تۈشسە بىر تۈرى يەقىن بولدى ئۇھەم،
دەفتەرى رۇھى قۇددۇستۇرمەن زەبانغە سىغمادىم.
دەۋزەخى سەقەر مەنەم، جەننەت ئىلە كەۋسەر مەنەم،
بىر ئۆزۈمدۇرمەن بۇ كۈن ھەفت سەماغە سىغمادىم.
بار ئىدىم نۇھ ۋاقتىدا غەرق ئەتمەدى تۇفانى ھەم،
ھەمرەھى مۇسا بولۇپ تۇرى سىناغە سىغمادىم.
ئەللىك يىل ئىيسا بىلەن يۈردۈم ئۆلۈكنى تىرگۈزۈپ،
بائىسى بىر نۇقتىدىن، مەشرەپ زەمانغە سىغمادىم.»

دەپ يازىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئادەمگە ـ ئىنسانىيەتكە ۋەكالەتەن ئېيتقان ئالەمشۇمۇل تاردىخى تەنەسى ئىدى. مەشرەپنىڭ بۇ ئىدىيەسى ئىمادىددىن نەسىمىنىڭ:

«گەرچى مۇھتى ئەزەمەم، ئاتىم ئادەمدۇر، ئادەم،
تۇرئىلە كەۋنۇ مەكان مەنەم، مەن بۇ مەكانغە سىغمەدىم.»

دېگەن مىسرالىرى بىلەن ئاھاڭداش بولغان.

مەشرەپ ئۆز ئىدىيەلىرىنىڭ خەلققە قارىتىلغانلىقى ھەققىدە توختۇلۇپ:

«بۇ مەشرەپ سۆزىنى دۇردانەئى قىممەت باھا دەرلەر،
جەمئى خەلق ئارا سۆز بابىدا ساھىب سۇخەن كەلدى.»

«مەشرەبىڭ ھەربىر سۆزىدۇر گەۋھەرى قىممەت بەھا،
ئەيتما بۇ سۆزلەرنى ھەر ناكەسكە نادانلىق بىلەن.»

دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ زاھىد ـ سوفىلارنى مەسخىرە قىلىشمۇ خەلقنى، خەلقنىڭ نوپۇزىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن بولغان. ئۇ:

«زاھىد ماڭا بىر شىشەئى مەي، ساڭا نەمازىڭ،
مىڭ تەقۋانى بىر شىشەئى مەيگە ساتا قالدىم.»

«سەن، ئەي زاھىد، نەسىھەتنى بۇگۈن مىھراب ئارا قىلغىل،
جەھاندە كۆرمەدى ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىقنى!»

دەپ يازىدۇ، ھەتتا ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دېگەندى:

www.uyghurkitap.com

«ئاھى دىلىمگە، زاھىدا، مەسچىدۇ مۇنبەرىڭ كۆيەر،
قاچمىساڭ ئەندى، زاھىدا، تەسبىھۇ دەفتەرىڭ كۆيەر.»

مەشرەپ لىرىك شائىر سۈپىتىدە ئىنساننىڭ پاك مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى كۈيلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى. ئۇنىڭ:

«بىر باقىشىڭغە جۇملەئى جانانە تەسەددۇق،
شەھلا كۆزۈڭگە ئاقىلۇ دىۋانە تەسەددۇق.»

ياكى:

«مەنى دىۋانە مەشرەپكە مۇھەببەتتىن بەيان ئەيلەڭ،
نەمازۇ رۇزەدىن فارىغ بولۇپ بىگانە مەشرەپمەن.»
«مەلەكسەن يابەشەر، ياھۇرۇ غۇلمانسەن، بىلىپ بولماس،
بۇ ھۇسنۇ، بۇ نەزاكەت بىرلە سەندىن ئايرىلىپ بولماس.»

دېگەن مىسرالىرى ھەقىقىي، ئىنسانىي، پاك گۈزەللىك ۋە مۇھەببەتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجۋى شېئىرلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغان.

مەشرەپ:

«گۇناھىم غەيرىدىن ئېرمەس، كۆزۈمدىن، ئىختىيارىمدىن،
مېنى بۇ ئوتقە سالغان ئىختىيارىم ھەم نىگارىمدۇر.»

دېيىش ئارقىلىق، كونكرېت، ئىنسانىيكۆز بىلەن كونكرېت ئىنسانىي گۈزەللىكنى سېزىش ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيار ھېس قىلىش مەسىلىسىنى — ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەشرەپنىڭ مۇنداق مۇھەببەت لىرىكىلىرى شائىرنىڭ پۈتكۈل دۇنيا قارىشى ئېتىبارى بىلەن قىممەتلىك، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ شەخسىي ئىشقى پاجىئەلىرى ئېتىبارى بىلەن ئېچىنىشلىق بولغان. ئۇنىڭ ئىشقى لىرىكىلىرى تەركى دۇنياچىلىقا زىت ھالدا رېئال دۇنياغا مۇھەببەت باغلاش، رېئال دۇنيادا ئىنساننىڭ رېئال بەختى-سائادىتىنى بەرپا قىلىش يولىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىلغار ئەدەبىلەرگە ئىلھام بېغىشلىدى. ۋەھالەنكى، تەسەۋۋۇپ — تەركى دۇنياچىلىق — تەقۋاگەرلىك قاراشلىرى ئاساسىدە ئەبۇبەكرشىبلى نامىلىق بىر روھانىي «كۆزۈم گۈزەللىككە چۈشۈپ، روھىمنى گۇناھكار قىلمىسۇن» دەپ كۆزىگە تۇز قويۇپ، قەستەن كور بولۇۋالغاندى.

4

مەشرەپ مىسرالىرى شېئىردىي پىكىردە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ، ماھارەتتە بەدىئىي بالاغەتنىڭ ئۈلگىسى بولدى. ئۇ ئارۇزنىڭ ھەزەج، رەجەز، رەمەل، خەفىف، مۇزارىئ، مۇن-

سىئەر... قاتارلىق كۆپلىگەن شەكىللەردە شېئىرلار يازدى. ئەمما ئۇنىڭ شېئىرىي پىكرى ۋە ماھارىتىنى شېئىرىيەتنىڭ ھەممە ۋەزىنلىرىدە، زامانىۋى شېئىر شەكىللىرىدە ئۆلگە قىلىش مۇمكىن.

مەشرەپنىڭ پاجىئەلىك ھاياتىدىن بىزگە قالغان ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىي بايلىقى بىزگە ئۇلۇغۋار ئىدىيە ۋە قىزغىن ھېسسىيات ئاساسىدىلا كىشى قەلبىنى مەھلىيا قىلىۋالغان بەدىئىي ئەسەر يارىتىش مۇمكىنلىكىنى تەستىقلاپ بەردى.

مەشرەپ مىراسلىرىنى ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى، غايىۋى ئالاھىدىلىكى، شېئىرىي كامالىتى ۋە تىل جەھەتتىكى سەنئىتىنى ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كۆپ قىرلىق تەتقىقات تېمىسى.

مەشرەپ ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ، خەلق قەلبىدە غايەت زور مۇھەببەت، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مۇقام تېكىستلىرىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ سەرگەردان، ئەمما ئىسيانكار ھاياتى خەلق تەرىپىدىن غۇرۇر-ئىپتىخار ھېكايىتى سۈپىتىدە ئېيتىلىپ كەلگەن. شۇنداق بولغانلىقى تۈپەيلى، ئەكسىيەتچىلەر مەشرەپنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە، ھەتتا ئۇنى مۇتەئەسسىپ شەكىلدە ئىزاھلاشقا كۈچەپ ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ دىۋانىغا ئاز قىسىم غەيرىي ئەسەرلەر كىرگۈزۈلۈپ كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەشرەپ تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان باشقا مۇئەللىپلەر باباراھىم مەشرەپ نامىغا قارىتىلغان. بۇ جەھەتتە غاپۇر غۇلام 1959-يىل 12-ئىيۇلدىكى «قىزىل ئۆزبېكىستان» گېزىتىدە «ئىككى مەشرەپ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، «مەبدەئى نۇر» (نۇر مەنبەئى) ناملىق روھانىيەتچىل ئەسەرنىڭ باباراھىم مەشرەپكە ئالاقىسىز ھالدا 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان «مەشرەپ سانى» ھافىز روزىباي مەشرەپنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى يورۇتتى. «كىمىيا» ناملىق ئەسەرمۇ مەشرەپ ئىدېئولوگىيىسى سىستېمىسىغا يات بولۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئاپتورى ئېنىقلانغىنى يوق.

مەشرەپ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا كۆپ تارقالغان، ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىمۇ نۇرغۇن. ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش، غەيرىي ئاپتورلار ئەسەرلىرىدىن ئاجرىتىپ چىقىش، مەشرەپنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل دىۋانىنى ئىشلەش، مەشرەپ ھەققىدىكى خەلق رىۋايەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىسيانكار-ئىنسانپەرۋەر ئوبرازىنى يېڭى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش، مەشرەپ توغرىسىدا ئىلمىي مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بېرىش — مەشرەپشۇناسلىرىمىز ئالدىدىكى مول مەزمۇندار ۋەزىپە. مەشرەپ ۋە مەشرەپكە ئوخشىغان مۇتەپەككۇر قەلەمكەشلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىپادىلىنىش شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن روشەنلەشتۈرۈش، ئۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ پاسسىپ پىكىر ئېقىمى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە تارىخىي چەكلىمىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنكار قىلىنماسلىقى ۋە بۇ تارىخىي چەكلىمىلەر ئارقىلىق مەشرەپنىڭ ئىلغار پىكىرلىرى ئىنكار قىلىنماسلىقى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مشهور كلاسسكلار

# ئەبۇلھەسەن رۇداكى

تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى، ئۇستاز ئەبۇلھەسەن رۇداكى 884-يىلى تاجىكىستان س س ر پەنجىكەنت رايونى كۆلال يېزا سوۋېتىغا قاراشلىق پەنجىرودتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا كەسپى دېھقانچىلىق ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلىم-ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىشكە قىزىققان. تەزكىرىلەردە، شۇنىڭدەك بەزى ئىلمىي ماقالىلەردە رۇداكى ھەققىدە ھەرخىل مەلۇماتلار بېرىلگەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، رۇداكىي 8 يېشىدىلا شېئىر ئېيتىشقا باشلىغان. بۇ توغرىدا 13-ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسى بۇخارالىق مۇھەممەد ئەۋفى مۇنداق يازغان: «رۇداكى شۇنداق تالانتلىق ۋە پاراسەتلىك ئىدىكى، 8 يېشىدىلا شېئىر ئېيتىشقا باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭغا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇغان.»

رۇداكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىلىملىك بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئەرەب تىلى، يېڭى تاجىك ئەدەبىي تىلى (دەرى تىلى) ۋە شۇ دەۋرىدىكى ئەدەبىيات، پەلسەپە، تارىخ، ئەخلاق پەنلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەندى. رۇداكى تاجىك سەنئىتىنىڭ تۇنجى نامايەندىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، شۇ زامانىڭ مەشھۇر، تالانتلىق مۇزىكا ئۇستىسى ئەبۇل ئەبباس بەختىيارىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگەنگەنىدى. رۇداكى چاڭ، بەربەت، رود، ئۇد قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى زور ماھارەت بىلەن چالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ زامانداشلىرىدىن بىرى:

رۇداكى چاڭ بەرگىرىپتۇ نەۋەخت،
بادە ئەندازكى ئۇ سۇرۇد ئەندەخت.

(سازنى قولىغا ئېلىپ ناخشا باشلىغان رۇداكى شەرىپىگە مەي قەدەھىنى تولدۇر) دەپ يازغان.

رۇداكىنىڭ مۇزىكا ۋە پوئېزىيىدىكى شۆھرىتىنى ئاڭلىغان شاھ ناسىر I ئىبنى ئەخمەت سەمانىي ئۇنى ئۆزىنىڭ سارىيىغا چاقىرغۇزۇپ ئەكەلدى.

رۇداكى ساراي شائىرى بولدى. ئۇ ساراي بەزمىلىرىگە قاتنىشاتتى ۋە ئۆزىنىڭ غەزەل، رۇبائى ۋە قەسىدىلىرى بىلەن بەزمىنى جانلاندۇراتتى. سارايدىكى ئەيش-ئىشرەتلەر ۋە ئىنئام-ئېھسانلار رۇداكىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى سوۋۇتالمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپتى:

بى فىنود تەنەم دەر دىرەمۇ ئەبۇ زەمىن،
دىل بەر خىرەدۇ ئىلمۇ بەدانىش بىغنود.

(جەسىدىم پۇل، يەر-سۇدىن ئارام ئالسا، كۆڭلۈم ئەقىل، ئىلىم ۋە بىلىمدىن ئارام ئالدۇ.)

رۇداكى ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدا سارايدىن قوغلاندى. ئۇ بۇخارادىن ئۆز ۋەتىنى رۇداكقا قايتتى ۋە ناھايىتى ئېغىر شارائىتتا ياشىدى، ئاتىسىدىن قالغان باغچىدا ھايات كەچۈردى.

رۇداكى ئۆزىنىڭ مۇسىبەتلىك كۈنلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

بەساكى مەست دەرئىن خانە بۇدەمۇ شادان،
چۇنان كى چاخى مەن ئەفزۇن بۇد ئەز ئەمىرۇ مۇلۇك.
كۇنۇن ھەمانەمۇ خانە ھەمانۇ شەھر ھەمان،
مەرامە گۇيكى ئەزچى شۇدەست شادى سوگ①.

(مەن بۇ ئۆيدە شىركەيىپ ھەم شاد ئىدىم. مىنىڭ مەئىشىتىم ھەتتا ئەمىر-پادىشاھلاردىنمۇ ئارتۇق ئىدى. ئەمدىلىكتە، مەن ئىلگىرىكىدەك ئۆيمۇ، شەھەرمۇ شۇ پېتىچە، ئۆزگەرگىنى يوق. لېكىن شادلىقنىڭ ئورنىنى ماتەم ئىگىللىگەن.)

رۇداكى 70 يېشىدا، تەخمىنەن 954-يىللاردا ۋاپات بولدى. ئۇلۇغ شائىرنىڭ ۋاپاتى ئۇنى سۆيگەن ۋە ھۆرمەت قىلغان ئىلىم-مەرىپەت ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. كۆپ شائىرلار ئۇنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرسىيەلەر يازدى. ئەنە شۇنداق مەرسىيەلەرنىڭ بىرىدە:

رۇداكى رەفتو ماند ھېكمەتى ئۇي،
گۇل بىرىزەد نەرىزەد ئەزۋەي بۇي.

(گۇل بەرگلىرى تۆكۈلگەندەمۇ ئۇنىڭ ھىدلىرى تۆكۈلمەيدۇ، رۇداكى ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ھېكمەتلىرى يوقالمايدۇ) دېيىلگەن. بۇ مەرسىيەلەر شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ شائىرغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

رۇداكى كلاسسىك پوئېزىيەنىڭ ھەممە ژانىرىدا — قەسىدە، غەزەل، رۇبائى، قىتئە، مەسنەۋى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەدىئىي شەكىللەردە ئەسەر يازدى. 10 ئەسىردە ياشىغان شائىرلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ئۇ ناھايىتى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان. شائىر رەشىد سەمەرقەندىي (11- ئەسىر) رۇداكىغا يۈكسەك باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن:

گەرسەرى يابەد بەئالەم كەس بەنېكو شائىرى،
رۇداكى رابەر سەرى ئان شائىران يابەد سەرى.
شېئىرى ئۇرا ەن شۇ مۇردەم سىزدەھ رەھ سەد ھەزار،
ھەم فۇزۇن ئايەد ئىگەر چۇنانكى بايەد بىشمەرى.

(ئەگەر دۇنيادا ئەڭ ياخشى شائىرلار تېپىلسا، رۇداكىنى ئاشۇ شائىرلارنىڭ سەردارى قىلىپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مەن سانىدىم. يۈزمىڭ مىسرادىن ئون ئۈچ قېتىم ۋە يەنە بىر قېتىم ساناپ چىقساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.)

بۈيۈك شائىرنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەقەلەر سەۋەبىدىن يوقۇلۇپ كېتىپ، بىزگىچە پەقەت ئازغىنا (مىڭ بېيتتىن كۆپرەك) قىسمى يېتىپ كەلگەن. رۇداكىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇ كىچىك ھەجىملىك لىرىك

① سوك — ماتەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەسەرلەردىن تاشقىرى، مەسنىۋى شەكىلىدىكى يىرىك ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئەنە شۇلاردىن بىرى «كەلىلە ۋە دىمنە»دۇر. رەشىد سەمەرقەندىي رۇداكىنىڭ يەتتە قەسىدىسى بارلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى «كەلىلە ۋە دىمنە»دۇر. شائىر رۇداكى تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا مانا شۇنداق گۈزەل ئەسەرنى بىرىنچى قېتىم نەسىردىن نەزمىگە ئايلاندۇرغان ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ جەزبىلىك ئەسىرى ھالىغا كەلتۈرگەن ئۇستازدۇر.

بۇ نەسىرنى نەزمىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇنداق بولغان: ۋەزىر ئەبۇدۇل فەزل بەلئامىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەرجىمان ئەبۇل مەئالى مەزكۇر نەسىرنى ئەرەب تىلىدىن تاجىك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى رۇداكىغا ئوقۇپ بەرگەن ۋە رۇداكى ئۇنى نەزمىگە ئايلاندۇرغان. ئەپسۇسكى، رۇداكىنىڭ بۇ ئەسىرى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. تەزكىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئەسەردىن پەقەت ئىككى مىسرالا قالغان، خالاس.

ھەركى نامۇخت ئەز گۇزەشتى رۇزگار،
ھىچ نامۇزەد زى ھىچ ئامۇزگار.

(تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن ياخشى ساۋاق ئال، چۈنكى بۇنداق ساۋاقنى ھېچقانداق مەكتەپ ساڭا ئۆگىتەلمەيدۇ.)

رۇداكىنىڭ پىكرىچە، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى چوڭ مەكتەپتۇر.

رۇداكى 10 ـ ئەسىر تاجىك نەزمىسىنى ناھايىتى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، شۇنداق قەسىدىلەرنى ياراتتىكى، بۇنداق پوئىتىك ماھارەتنى نە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شائىرلار، نە ئۇنىڭ زاماندىشلىرى ياراتالمىغان. رۇداكىنىڭ قەسىدىلىرى مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىكى بىلەن شائىرنىڭ زور تالانتىنى نامايان قىلىدۇ.

رۇداكىنىڭ ئاساسلىق قەسىدىلىرىدىن بىرى «شىكايەت ئەزپىرى» (قېرىلىقتىن شىكايەت) دۇر. بۇ قەسىدە شائىرنىڭ ياشانغان چاغلىرىدا، سامانىلارنىڭ ئۆزئارا ئىچكى ئۇرۇشلىرى ئەۋج ئالغان پەيتتە يېزىلغان. بۇ قەسىدىنىڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپى شۇ يەردىكى، ئۇ پومېشچىكلارنى، مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنى ۋە ئىسلام ۋەكىللىرىنىڭ رېئاكسىيون تەبىقىلىرىنى پاش قىلغان. رۇداكى شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئىشارە قىلىپ:

تۇ، رۇداكىرا، ئەي مۇغ، كۇنۇن ھەمبىنى،
بەدان زەمانە نەدىدى، كى زىن خەسسان بۇد...

(ئەي مۇغ، سەن ئەندى رۇداكىنى ناكەسلەر، پەسكەشلەر دەۋرىدە مانا شۇنداق كۆرىدىسەن.)

يەنە:

كۇنۇن زەمانە دىگەر گەشتۇ مەن دىگەر گەشتەم،
ئەسە بىياركى ۋەقتى ئەساۋۇ ئەنبان بۇد.

(ئەندى زامانە ئۆزگەردىيۇ، مەنمۇ ئۆزگەردىم. ھاسا كەلتۈركى، ئەندى ھاسا ۋە گەدالىق خالتىسىنى كۆتۈرۈش ۋاقتى كەلدى) دەپ يازغان.

«قېرىلىقتىن شىكايەت» قەسىدىسى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە تولۇق يېتىپ كەلمىگەن

بولسىمۇ، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ خارابلاشقانلىقىنى ۋە ئۆز هاياتىنىڭ خازان بولغانلىقىنى ناهايىتى ياخشى تەسۋىرلىگەن. شائىر ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنى، فېئودال خاندانلىق ۋە شۇ شارائىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى هەممە ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن.

رۇداكى ئۆز ئەسەرلىرىدە ناهايىتى چوڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، تەربىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئىنسانلارنى ئىلىم-مەرىپەتكە، دادىللىققا، غەلىبىگە، مۇهەببەت ۋە ۋاپادارلىققا چاقىردى. ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىلىم-مەرىپەتنى كۈيلىدى. ئۇ ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىش، بولۇپمۇ ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش — مەرتلىك ۋە گۈزەل خىسلەتتۇر، دەيدۇ:

گەر بەرسەرى نەفسى خود ئەمىرى-مەردى،
بەر كۆرۈ كەر ئەر نۇقتە نەگىرى-مەردى.
مەردى نەبۇۋەد فىتادەرا پەي، زەدەن،
گەر دەستى فىتادەي بىگىرى-مەردى.

(سېنىڭ مەرتلىكىڭ — ئۆز نەپسىڭدىن كېچەلىشىڭ، كەمبەغەل، يېتىم-يېسىرلاردىن هارام پۇل ئالماسلىقىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەن، مادارى قۇرۇغان كىشىنى ئاياغ ئاستى قىلىش مەرتلىك هېسابلانمايدۇ، بەلكى، سېنىڭ مەرتلىكىڭ چارىسىز قالغان، ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولغان كىشىنى قۇتۇلدۇرۇشۇڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.)

چەهارچىز مەرا زادە ئەزغەم بىخىرەد،
تەنى دۇرۇستۇ خۇيى نىكۇ نامى نىكۇ خىرەد.
هەران كى ئىزىدەش ئىن هەر چەهار روزى كەرد،
سەزەدكى شاد زىيەد جاۋىدانۇ غەم نەخۇرەد.

(ئىنساننىڭ ئەبەدىي شاد-خۇرام ياشىشى، غەمۇ-كۈلپەتلەردىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن شائىر تۆت نەرسىنى — ساغلام بولۇشنى، ياخشى خۇلقلۇق بولۇشنى، ياخشى نامغا ئېرىشىشنى ۋە ئەقىللىق بولۇشنى — زۆرۈر دەپ هېسابلايدۇ.)

رۇداكى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە دۇنيانىڭ ماهىيىتى توغرىسىدىمۇ قىتئەلەرنى يازغان. بۇلاردا شائىرنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇ شەرقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى رەسمىي ئەقىدىلىرى، يەنى، ماهىيەت ۋە تەرەققىيات توغرىسىدىكى قارشىلىقلارغا نىسبەتەن قەتئىي پىكىرلەرنى بايان قىلالىغان. بۇ كۆزقاراشلار تەدرىجىي تەرەققىيات پەلسەپىسىگە يېقىنلىشىدۇ:

جەهان هەمىشە چۇننەست ئەستۇگىرد-گىردان ئەست،
هەمىشە تابۇد ئايىنەش گىرد گىردان بۇد.
هەمان كى دەرمان بۇد، بەجايىي دەرد شەۋەد،
بە باز دەرد، هەمان كەز نەخۇست دەرمەن بۇد.
كۆهەن كۇنەد بەزەمانى هەمان كۇجا نەۋ بۇد،
ۋە نەۋ كۇنەد بەزەمانى هەمان كى هۇلقان① بۇد.

① هۇلقان — كونا.

www.uyghurkitap.com



بەساشىكەستە بىيابان، كى باغى خۇررەم بۇد،
بەباغى خۇررەم گەشت، ئان گۇجا بىيابان بۇد.

بۇ مىسرالاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇستاز رۇداكىي پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى ماددىلارنىڭ دائىم ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ۋە بىر شەكىلدىن باشقا بىر شەكىلگە ئۆزگىرىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەن. بۇ پىكىر شائىرنىڭ ماتېرىيالىزمدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

رۇداكىي شاد ـ خۇراملىقنىڭ ئاجايىپ كۈيچىسى. ئۇنىڭچە، خۇشاللىقنىڭ ئۈچ ئامىلى بار: ناخشا، مۇزىكا ۋە مۇھەببەت. رۇداكىي ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەۋەس بىلەن كۈيلىگەن.

رۇداكىي پوئېزىيىسى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىغا خاس بولغان ئەڭ گۈزەل ئامىللارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. رۇداكىنىڭ بەدىئىي سەنئەت ماھارىتى كۆپىنچە سىمۋول ۋە مۇبالىغىلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇ سىمۋول بىلەن مۇبالىغىنى بەدىئىي زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. ئۇلار، نەرسىلەرنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شارائىتى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئوقۇغۇچىغا ياخشى تەسىر ۋە ئىنىق تەسەۋۋۇر بېغىشلايدۇ.

بىخەندەد لالە بەر سەھرا،
بە سانى چېھرەيى لەيلا.
بىگىر يەد ئەبر بەر گەردۇن،
بە سانى دىدەئىي مەجنۇن.
زى ئابى جۇي ھەرسائەت،
ھەمى بويىي گۇلاب ئايەد.
دەر ئۇ شۇ شتەست پىندارى،
نىگارى مەن رۇھى گۇلگۇن.

(دالادا لالە كۈلۈپ باقىدۇ، ئارقىدىن لەيلى چېھرىسىدىمۇ كۈلكە تۇغۇلىدۇ. كۆكتىكى بۇلۇت بولسا يىغلايدۇ، كېيىن مەجنۇن كۆزىدىن ياش تۆكىدۇ. يەنە ئېرىق سۈيىدىن ھەر سائەت گۇلابنىڭ ھىدى كېلىدۇ، چۈنكى مېنىڭ نىگارىم ئاشۇ سۇدا ئۆزىنىڭ گۈزەل يۈزىنى يۇغان بولسا كېرەك.)

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر سىمۋولنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىشلەتكەن. مەسىلەن، «لالىنىڭ كۈلۈشى»، «بۇلۇتنىڭ يىغلىشى»نى سىمۋول سۈپىتىدە كەلتۈرۈپ، لالىنىڭ ئېچىلىشىنى لەيلىنىڭ گۈزەل چىرايىغا ۋە بۇلۇتتىن ياغقان يامغۇرنى مەجنۇننىڭ كۆز ياشلىرىغا ئوخشاتقان. شائىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى بىرەر مەسىلىگە جەلب قىلىش ئۈچۈن ئۆز شېئىرلىرىدا مۇبالىغىنىمۇ ئورۇنلۇق ئىشلەتكەن:

ئىن غەمكى ماراست، كۇھى كاپەست نەغەم،
ئىن دىلكى تۇئاست، سەنگى خاراست، نەدىل.

(بۇ غەمكى ماڭا بار، بۇ غەم ئەمەس، بەلكى «كاپ» تاغىدۇر، بۇ يۈرەككى ساڭا بار، بۇ يۈرەك ئەمەس، بەلكى قۇرام تاشتۇر.)

شائىر ئۆزىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى چوڭ، ئېغىر غېمىنى تاغقا قىياس قىلىپ، دەھـ

بۇبىنىڭ يۈرىكىنى قۇرام تاشقا ئوخشىتىدۇ ۋە مۇشۇ ئارقىلىق يارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى رەھىمسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

رۇداكى شېئىرلىرىدا تەكرار ۋە ئارتۇقچە سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار ئېنىق ئۆلچەمگە ۋە ئۆزئارا مەنتىقى باغلىنىشقا ئىگە.

ئومۇمەن، رۇداكى پوئېزىيىسى بەدىئىي ۋە غايىۋى جەھەتتىن ھازىرغا قەدەر ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى كۆپ جەھەتتىن ئەھمىيەتلىكتۇر.

رۇداكى ئىجادىيىتىنى 9 — 10 - ئەسىر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ئاتاش مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۇزاق تارىخىي يىللاردا پەقەت تاجىك ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ راۋاجلىنىش ۋە تەرەققىيات يولىنىمۇ يورۇتۇپ كەلدى.

رۇداكى ئۇلۇغ شائىرلا ئەمەس، بەلكى تاجىك كىلاسسىك پوئېزىيىسى ۋە ئەدەبىي تىلىنىڭ دەسلەپكى ئاساسچىسىدۇر.

رۇداكى تالانتلىق كومپوزىتور، ئۇلۇغ دانىشمەن، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، نەزەرىيىچى ئالىم ۋە تەڭداشسىز ئىنسانپەرۋەر بولۇش بىلەن بىللە، تاجىك كىلاسسىك پوئېزىيىسىنىڭ پېشىۋاسى، تاجىك خەلقىنىڭ پەخرى ۋە غورۇرىدۇر.

م. شەرىفزادە

(«شەرق يۇلتۇزى»نىڭ 1957 - يىل 10 - سانىدىن)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزى مۇھەممەت جۇمە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەر

قاسىم ئارىشۇ

## (1)

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقات قانات يېيىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلەر ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى چوڭقۇرلاشقىنى يوق. بىز بۇ كىچىك ماقالىمىزدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئومۇمىي جەريانىنى يورۇتۇپ بېرەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بەزى مۇھىم نەمۇنىلىك ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى ئۈستىدە ئۆز كۆزقارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكە تىرىشىمىز.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تۈرلۈك تارىخىي جەريانلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر مىللىي شەكىل بىلەن بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ باردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، يەنى يازما ئەدەبىيات ئېغىز ئەدەبىياتى زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ كەلگەن. مەسىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن كىلاسسىك داستانلار ۋە باشقا كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئېغىزىغا كۆچۈشى قاتارلىقلار. «ئوغۇزنامە» داستانى مانا شۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

### 1. «ئوغۇزنامە» داستانى

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك داستان. ئۇ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى 13-ئەسىردە تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، بۇ كىتاب قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ھازىر پارىژدا ساقلانماقتا. بۇ داستان 14-ئەسىردە ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى رەشىدىدىن تەرىپىدىن قەدىمكى نۇسخىغا ئاساسەن ئىسلام تۈسى كىرگۈزۈلۈپ ئىشلەپ چىقىلغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن تۈركولوگ ئالىم رادلوۋ تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىككە كىرىش سۆز» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلدۇرۇلغان. كېيىن «ئوغۇزنامە»نىڭ بىر قاتار يېڭى نۇسخىلىرى مەيدانغا

كېلىشكە باشلىدى. يېقىنقى يىللاردا بۇ ئەسەرنىڭ يېڭى تەرجىمىلىرىمۇ مەيدانغا چىقتى. 1959 - يىلى شېرباك «ئوغۇزنامە»نىڭ سلاۋيانچە ترانسكرىپسىيىسىنى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. 1912 - يىلى ئىستانبولدا توغان تەرىپىدىن تەييارلانغان تۈركچە نۇسخىسى چىققاندى.

«ئوغۇزنامە» دۇنياغا مەلۇم بولغاندىن باشلاپ، دۇنيا تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلغان، نۇرغۇن ئالىملار بۇ ھەقتە كۆپلىگەن تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقاتلار كۆپىنچە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئېلىپ بېرىلدى. تارىخىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشتا تىل ئامىلى ئىنتايىن مۇھىم، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئۇنى يەنە تارىخىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىش، بەدىئىي سەنئىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش تېخىمۇ مۇھىم، ئەلۋەتتە.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇز قاغاننىڭ دۇنياغا كېلىشى، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى بالايىئاپەتلەرنى يوقىتىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى، ھەربىي يۈرۈشلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ. داستان روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە. ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئوبرازلىق ۋە جانلىق ئەكس ئەتكەن. بۇ قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىلا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

لېكىن داستاننىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ كۆزقاراشلىرى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر، بۇ داستان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن مىلادىنىڭ باشلىرىغا قەدەر بولغان ھونلارنىڭ كۈچەيگەن ۋاقتىدا پەيدا بولغان، داستاندىكى ئاساسىي قەھرىمان شەخس «ئوغۇز قاغان» ھون تەڭرىقۇتى باتۇر شۇ دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر، مىلادى 6 — 7 - ئەسىرلەردىكى تۈركلەرنىڭ كۈچەيگەن ۋاقتىدا پەيدا بولغان، «ئوغۇز قاغان» مەشھۇر ئىستېمى شۇ دەيدۇ؛ بەزىلەر بولسا، ئوغۇز قاغاننى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە تاقايدۇ. لېكىن كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭ ھون تەڭرىقۇتى باتۇر ئىكەنلىكىگە قوشۇلىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. چۈنكى، ئوغۇز قاغاننىڭ ئۆز ئاتىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسى، ئۆگەي ئانىسى ۋە ئۆگەي ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەڭرىقۇت بولۇشىغا ئوخشايدۇ («خەننامە. ھونلار تەزكىرىسى» گە قاراڭ). تۈرك مەنبەلىرىدە تەڭرىقۇت باتۇرنىڭ م. ب. 177 - يىلى ئىدىل (ھازىرقى ۋولگا) بويىغا قەدەر يۈرۈش قىلىپ، م. ب. 176 - يىلى قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنى «ئۇيغۇر قاغانى» دەپ ئاتىغانلىقى بىلىنىدۇ.

ئادەتتە قەھرىمانلىق داستانلىرى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن زور ۋەقەلەر، مۇھىم شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. داستان مانا شۇ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە ماتېرىيال قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى قوشۇپ، ئۇزۇن يىللار پىششىقلىنىش ۋە قايتا ئىشلىنىش داۋامىدا ئاستا - ئاستا يېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمانلىق داستانىدا بىرقەدەر ئېنىق تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىزناسى بولىدۇ ۋە ئۇ، يەر ئاستىدىن چىققان ھەممە قەدىمكى خارابىلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ۋە ھۆججەت - ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بىرىنچىدە، «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى داستاندا ئىپتىدائىي جەمئىيەت يېمىرىلىپ قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

زەكى ۋەلىد توغان «ئوغۇز داستانى» 85-بەت 53-ئىزاھاتا: «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسىدىن بۇ ھېكايىنىڭ بولغانلىقىغا قانائەت قىلىمەن، يەنى، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىن① موڭغۇلىيىگە بېرىشتىن بۇرۇن زەرەپشان ۋادىسى بىلەن تالاس ۋادىسى ئارىلىقىدا ياشىغانىدى. پىتولېمېينىڭ مىلادى 2-ئەسىرگە ئائىت خاتىرىلىرىدە ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇردىس (Vyxardes) دەپ ئاتىغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىدا ياشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوغۇزنىڭ ئۆز ئاتىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدا ياردەم قىلغان ئۇيغۇرلار ئېھتىمال سەمەرقەند، بۇخارا ۋە تالاس رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا كېرەك. ئەبۇلغازى، كلاۋسون ۋە دوئېرفەرلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ سۆزلەر بار» دەيدۇ. مانا بۇ بىرىنىڭ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتىدا كېلىپ چىققان بولۇشى كېرەك، دېگەن كۆزقارىشىمىزنى ئەستىقلايدۇ.

«ئوغۇز» سۆزىگە كەلسەك، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە كالا، قوي تۇغقاندىن كېيىنكى بىرىنچى سۈت — ئوغۇز سۈتى دېيىلىدۇ. بۇنىدىن تاشقىرى، «ئوغۇز» قەدىمكى تۈرك قەۋملىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى بولۇپ، خەنزۇ تارىخلىرىدىن «سۈينامە»دە، مىلادى 6-ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدا «قومۇلنىڭ غەربى، قارا شەھەرنىڭ شىمالى، ئاق تاغ (تەڭرى تاغلىرى— نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن)دىن تاكى رىمنىڭ شەرقىگە قەدەر ئوغۇزلار جايلاشقان» دېيىلگەن. مىلادى 8-ئەسىردىكى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»، «تۈرك بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا «ئوغۇز»، توققۇز «ئوغۇز» سۆزلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرىدە بۇ نام ئورنىغا «ئۇيغۇر»، «توققۇز ئۇيغۇر» سۆزلىرى قوللىنىلغان. تومسېن «ئوغۇزلار» توققۇز ئورۇغدىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوغۇز» ئۇيغۇر دېگەن سۆز، «توققۇز ئوغۇز» بولسا، توققۇز ئۇيغۇر دېگەن سۆز دەيدۇ. ئىبن ئاشىر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ غەربىي ئوغۇزلارنى توققۇز ئوغۇزلاردىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. چىن جۈكيەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخىي تۈپلىمى» ناملىق ئەسىرى، خەنزۇچە، 858 — 868-بەتلىرىدە: «شەرقىي (غەربىي ئەمەس) تۈركلەر تارىخىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلارنى پەرقلەندۈرۈش ھاجەتسىز، پەرقلەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ مەڭگۈ تاشتىكى ‹ئوغۇز› سۆزى خەنزۇچە ‹ئۇخۇ» 乌护)دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ.

يۇقىرىقى تارىخ ماتېرىياللىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، ئەسلىدە ئوغۇزلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن گەۋدە، مەيلى ئۇيغۇرلار ئوغۇزلارنىڭ بىر تارمىقى ياكى ئوغۇزلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى بولسۇن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن يېقىن ئېتنىك مۇناسىۋەت بار.

① ھازىرقى شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بەزى ئالىملار ئوغۇزلار ياكى ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەجدادى بولۇپ قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قازاق، ئۆزبېك ۋە تۈركمەنلەرنىڭمۇ ئەجدادىدۇر، دەيدۇ. لېكىن تارىخ ماتېرىياللىرىدىن شۇ نەرسە چۈشىنىشلىككى، توققۇز ئوغۇزلار بىر قەبىلە گۇرۇھى، ئۇلار تىل جەھەتتە ئۆزئارا ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، باشقا تۈرك قەبىلىلىرى (مەسىلەن، قىپچاق) تىلىدىن پەرق قىلىدۇ. هازىرقى جەنۇبىي ئالتاي قەۋملىرىدە (قازاقلار بۇنىڭ ئىچىدە) «ئوغۇز» دېگەن نام يوق. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، ئوغۇزلار غەربكە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبىدىمۇ ئوغۇز تەركىپى يوق. بۇ هال يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تىل ماتېرىياللىرىدىن قارىغىنىمىزدا ناهايىتى چۈشىنىشلىك. جەنۇبىي ئالتايلىقلار (جۈملىدىن قازاقلار) نىڭ تىل ۋە شىۋىلىرى تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ، ئوغۇز تىلىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. هازىر ئوغۇز تىلىغا كىرىدىغان تىللار: تۈركىيە تىلى، ئەزەربەيجان تىلى ۋە تۈركمەنلەر تىلىدۇر. «ئۇرخۇن - يەنسەي يادىكارلىقى»دىكى تىل (بۇرۇن چارۋىچى ئاق سۆڭەكلەر قوللىنىدىغان تىل) تۈرك تىل سىستېمىسى ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. بۇ تىل تەلەپپۇز ۋە گىرامماتىكا قائىدىسى جەھەتتە هېلىمۇ تۈركمەن، ئەزەربەيجان ۋە تۈركىيە تىللىرىدا ساقلانماقتا. لېكىن قىپچاق تىلى بىلەن ئوغۇز تىلى لۇغەت تەركىبى جەھەتتە بىرمۇنچە ئورتاقلىقلارغا ئىگە. بۇ هال بۇ ئىككى تىلنىڭ قېرىنداش تىل ئىكەنلىكىنى، قىپچاقلار بىلەن ئوغۇزلارنىڭ تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئورتاق تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

جەنۇبىي ئالتايلىقلار ئارىسىدا «قىپچاق» دېگەن بۇ نام ئەڭ ئومۇمىي، بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ (قازاقلار بۇنىڭ ئىچىدە) قەدىمكى مىللەت تەركىبى قىپچاق. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، جەنۇبىي ئالتايلىقلار موڭغۇللارغا قويۇق ئارىلاشقان قىپچاقلاردىن كېلىپ چىققان. هازىرقى قازاق قەبىلىلىرى ئىچىدىكى كىرەي، نايمان، مېركىتلەر ئەسلى موڭغۇل①. ئالتايدا تۈركلەرمۇ بار. بۇنى جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ تىلى ئىسپاتلايدۇ. هازىرقى جەنۇبىي ئالتايلىقلار تۈرك تىلى سىستېمىسى قىپچاق تىل گۇرۇپپىسىغان كىرىدۇ. تىل جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ مىللىي كېلىپ چىقىشىنى هەل قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل ۋە دەلىلدۇر.

جەنۇبىي ئالتايلىقلاردا هېلىمۇ قىپچاق ئۇرۇغى بار، بەلكى بۇ سانى ئەڭ كۆپ ئۇرۇغدۇر. دېمەك، مانا بۇ هازىرقى جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ (قازاقلار بۇنىڭ ئىچىدە) قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى قىپچاقلار بىلەن كېلىپ چىقىش جەھەتتە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ②.

بەزى ئالىملار قازاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى خەن دەۋرىدىكى ئۇسۇڭ، كانگا (康居)، ئالان ۋە هەتتا ساكلارغا باغلايدۇ. لېكىن قازاق قېرىنداشلىرىمىز 1448 - يىلى سىر دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن چاغلاردا بۇ قەۋملەر ئاللىقاچان باشقىلارغا

① «موڭغۇللىيە ئومۇمىي تارىخى» 1958 - يىل، خەنزۇچە، بېيجىڭ نەشرى. 81— 84 -بەتلەر.

② ل. پۇتاپوۋ: «جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (سوۋېت. «مىللەتشۇناسلىق» ژۇرنىلى، 1952 - يىل، 3 - سان.)

سىڭىپ تۇگىگەن، بەزىلىرى باشقا تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەن. مەسىلەن، ھازىرقى كاۋ- كازدىكى ئوسسېتلار قەدىمكى ئالانلار شۇلار. خەن تارىخىدىكى ئۇسۇنلار ھازىرقى قازاق- لارنىڭ «ئۈيسۇن» قەبىلىسى بولۇشى ناتايىن، بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇسۇنلار ئالدىقاچان ھونلار، تۈركلەر، كېيىن ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ تۇگىگەن. مىلادى 4 - ئەسىردىن كېيىن تارىخ مەنبەلىرىدە ئۇسۇن تىلغا ئېلىنمايدۇ. بەزى- لەر سۇڭ تارىخىدا، پامىرنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىدە ئۇسۇن دەپ بىر خەلق بار، دېيىلگەن دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا ئاز بىر قىسىم ئۇسۇنلار شۇ تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ شىمالىغا — ئالتايغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇ- مات يوق. دېمەك، قازاقلار يۇقىرىقى قەۋملەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقان ئەمەس. بەزى ئالىملار قازاقلارنىڭ ئۇلۇغ يۈز، ئورتا يۈز، كىچىك يۈز دەپ بۆلۈنۈشلىرىنى چوڭ ياۋچى، كىچىك ياۋچى دېگەن سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ سۆزلەر قازاقىستاندا بېسىلغان قازاق تارىخىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇلۇغ ئوردا، كىچىك ئوردا دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە كېرەك.

8 - ئەسىردىكى قەدىمىي تارىخ ماتېرىياللاردىن (توخارچە) قارىغاندا، تۈركمەنلەر بىلەن ئۇيغۇرلار «ئوغۇز» دېگەن ئورتاق نامغا، ھەمدە جۇڭگو تارىخى «سۈينامە» دىن قارىغاندا، ئۇلار قۇدرەتلىك غەربىي تۈرك خانلىقى ھارپىسىدىكى «تېلې» (تۇرا) دېگەن ئورتاق نامغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورتاق قەھرىمانلىق داستانى — «ئوغۇزنامە» داستانىغىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇزلار تۈركمەنلەرنىڭمۇ ئەجدادى بولۇپ، «ئوغۇزنامە» داستانى بولسا، تۈركمەنلەر بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشىنىشكە بولىدۇ①.

2

قاراخانىلار قولىدىن بەزى سىياسەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. قاراخانىلار دەۋرى — ئىسلام - تۈرك مەدەنىيە- تىنىڭ پارلاق نۇر چاچقان دەۋرى بولۇپ، قەشقەر شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدە- نىيەت مەركىزى ئىدى. بۇ يەرگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئىران ئېگىز لىكىدىن نۇرغۇن ئالىملار ۋە ھەر خىل بىلىم ئالغۇچىلار كېلىپ توپلانغانىدى. ھۆكۈمرانلار ئىچىدە مۇساغا ئوخشاش مەرىپەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغۇچى خانلارمۇ بولغانىدى.

قاراخانىلار دۆلىتى ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر — ئىسلام - ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىنى ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋر ئەدەبىياتى «قاراخانىلار ئەدەبىياتى» ياكى «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى.

① بىرنىششام: «تۈركمەنلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بىر قانچە ماتېرىيال» (سوۋېت «مىللەتشۇناسلىق» ژۇر- نىلى 1951 يىل - نەشرى، 4 - سان.)

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامەدىن ئاۋۋالقى بۇددا ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرى بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولغان ۋە ئۇنى چەكلىگەن ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرىنى پۈتۈنلەي يىمىرىۋېتەلمىدى، ئۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خېلى يۈكسەك تەرەققىيات پەللىسىگە ئېرىشكەن قەدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىسلام دىنىنىڭ رامكىسى بىلەن ئىسلاھ قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ زىچلىشىشى سەۋەبىدىن، ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە بىر مەدەنىيىتى — «ئۇيغۇر - ئىسلام مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلدى. قەشقەر چوڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترو نومىيە، ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك ساھەسىدە ئۇلۇغ نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. مەشھۇر ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 9 — 11 - ئەسىرلەردە ئىسلام دۇنياسىدا ئەرەب يېزىقىدا ئەسەر يازغان مەشھۇر ئالىملار مانا شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەشقەردىن چىققان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمان ئالىملار ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ قەشقەرگە توپلانغان ۋە شۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى كۆپ جەھەتلەردە ياۋروپادىن ئېشىپ كەتكەن.

بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرى مۇھەممەد ئەبۇ ناسىر فارابى (870— 950)، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈگنەكى قاتارلىقلار ئىدى.

11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ قاراخانىلارنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسىملىرى تەڭلا گۈللەندى. ئەبۇلفەتتاھ ئەبدۇغەفۇر قەشقەر تارىخىنى مانا شۇ دەۋردە يازغان (ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى)، دېمەك، بۇ دەۋردە ئۇيغۇر پەن - مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا زور بىر يۈكسىلىش بارلىققا كېلىپ، ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە بىر «قەشقەرىيە دەۋرى»نى تەشكىل قىلدى ۋە يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

لېكىن بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئورخۇن يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە تېخى دېيەرلىك ئۇچرىمىغان ساپ ۋە نەپىس بىر تۈركىي تىل ئىدى. بۇ تىلنى شۇ دەۋردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبى ئەھمەت يۈكنەكى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتىغان①.

بۇ نۇقتىنى 11 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېزىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئىككى يىرىك ئەسەر — ئىسلام تۈرك ئەسىرى — مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن

① ئەھمەت يۈكنەكى «ھىبەتۇل ھەقايىق» نىڭ ئاخىرىدا:

«تەمامى ئەرۇر قەشقەرى تىل بىلە،

ئەيتمىش ئەدىب رىققەتى دىل بىلە» دەپ يازىدۇ.

www.uyghurkitap.com



يۇسۇپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنـ
قىسى (گەرچە كېيىنكىسىدىن بىرنەچچە يىل كېيىن بولسىمۇ) ناھايىتى قەدىمىي ماتېرىدـ
ياللار خاتىرىسى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە، تەلتۆكۈس ھالدا ئىسلامدىن بۇرۇنـ
قى تۈرك ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان؛ كېيىنكىسى (گەرچە تۈرك ئەنئەنىسى تەسىرى يەنىلا
ساقلانغان بولسىمۇ) يېڭى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە پارس ئەدەبىياتى تەسىرىدگە ئاز ـ تولا
ئۇچرىغاندى.

### 1 . مۇھەممەد ئەبۇناسىر فارابى

ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد ئەبۇناسىر فارابى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسۇپ ۋە شاـ
ئىر ئىدى. ئۇ ناھايىتى كۆپ تىللارنى بىلگەن ۋە ئارستوتىل پەلسەپىسىنى ئىزاھلىغان،
شۇنداقلا پەلسەپە جەھەتتىن يېڭى ئىقىم ياراتقان. فارابى ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەر
يېزىپ، ئەدەبىي ھاياتتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. فارابىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە
ئىلمىي ئەسەرلىرى شۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆزگە كۆرۈنەرلىك
تەسىر كۆرسەتكەن. تاجىك ئالىمى ئىبن سىنا فارابىنى ئۇستاز تۇتقاندى①.

فارابى ئاتاقلىق سەنئەتكار، كومپوزىتور ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرى ئىدى. تارىخـ
شۇناسلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ پەلسەپىۋى سوئاللارغا كۆپىنچە شېئىر ئارقىلىق جاۋاب
قايتۇرغان. فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇزىكا ساـ
ھەسىدە ئۇيغۇر سازلىرىدىن قالۇن② قاتارلىق بىرقانچە ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى
ئىجاد قىلغان.

فارابى فاراب شەھىرىدىن بولغاچقا فارابى دەپ ئاتالغان. فاراب شەھىرى بۇرۇن
قەشقەر خانلىقىغا، كېيىن قاراخانىلارغا قارىغان. قاراخانىلار يەتتە سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىـ
يانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى توققۇز چاۋۇپ (خەن سۇلالىسى تارىخىدىكى كانگا
(康居 ئۇيغۇرلىرى ئاساسىدا بۇ رايونلارنىڭ تېخىمۇ ئۇيغۇرلىشىشى جەريانىنى
تېزلەتكەن③ 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىبن خەللىكان «ۋەفىياتۇل ئەيان ۋە ئەنبەرۇز
زەمان» ناملىق ئەسىرىدە، سەئىد مۇھەممەد باقىر «رەۋزەتۇل جىنان» ناملىق ئەسىرىدە
ئەھمەد ئەيسا «ئەلمەشۇر مىن كەلامىل ئەھىببە»④ ناملىق ئەسىرىدە بىردەك فاراب شەھىرـ

① ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ ئارستوتىل پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلغاندا، فارابىنىڭ «ئارستوتىل مېتافىزىكىسىغا ئىزاھات»
دېگەن كىتابىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتقان.

① سامىي ھافىز (مىسىرلىق): «ئەرەب مۇزىكا تارىخىي»، خەنزۇچە نەشرى.

③ 842 ـ يىلى يېزىلغان «لىئونراۋ توپلىمى» دا ئىسمى ئاتالغان بىر قانچە ئوتتۇرا ئاسىيا چاۋۇپلىرى
ئۇيغۇر دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەنلىكى، تاشكەنتلىك شى جىززەي ئوستىدىكى شىكايەت نامىدا ئۇنىڭ «توققۇز چاۋۇپ
ئۇيغۇر» لىرى دەپ يېزىلغانلىقى، شىمەن ۋە لوياڭدىن تېپىلغان قەۋرە خەتلىرىدىكى توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى
نەسەبى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

② مۇلكى چىن كاشغەر ـــ قەدىمكى زاماندا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ چىن دەپ نامى بولغان. (شىنجاڭ داشۆ
«ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» 81 ـ يىل 4 ـ سان، «چىن»، «ماچىن» ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا)غا
قاراڭ.

نىڭ «مۇلكى چىن كاشغەر» گە تابە بالاساغۇنغا قارايدىغان قەلئە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن (دوكتور ھۈسەيىن ئەلى مەھفۇز «ئەل فارابىي توغرىسىدا ئەرەب مەنبەلىرى» 119 — 210 — 333 - بەتلەر).

ئۆزبېكىستان فارابىشۇناس ئالىمى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى مۇزەپپەر موھەممەددىن خەيرۇللايېۋ ئۆزىنىڭ «فارابىي دەۋرى ۋە تەلىماتى» ناملىق كىتابىدا: «سىر دەريا بويىدىكى فاراب شەھىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈرك قەبىلىلىرىدىن قارلۇق ۋە ئوغۇزلار ياشىغان»، «فاراب تۈركلىرى قارلۇق ۋە ئوغۇزلاردىن تەشكىل تاپقانىدى» دېگەن. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 365 - بەتتە، karaquk سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا: «بۇ فاراب شەھىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئوغۇز شەھەرلىرىدىن بىرىدۇر» دەيدۇ. شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تۈرانىي — تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار — ئوغۇزلار ئەڭ قەدىمىي ئولتۇراقلاشقان خەلق بولۇپ، ئۇيغۇر دېگەن نام ئوغۇز (غۇز) قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قەبىلىلەر تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا، ئالتاينىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدا، يەتتە سۇ ۋە پەرغانە رايونلىرىدا ياشىغان. ئۇيغۇرلار «توققۇز ئوغۇز» دەپمۇ ئاتالغان. فارابىي مانا شۇ ئۇيغۇر قارلۇقلىرىدىن ئىدى.

ئاتاقلىق جۇڭگو ساياھەتچىسى جاڭ چيەن ۋە گېنېرال لىي گۇاڭلىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە يەتتە سۇغا قارىتا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە ئائىت پاكىتلار بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشىدە «خۇد خور»لار بىلەن بولغان ئۇرۇشى① توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىككى دەريانىڭ جەنۇبىي (ئامۇ — جەيخۇن دەريا ۋادىسى جەنۇبىي) بىر رايون سۈپىتىدە قەدىمكى سوغدىستان، باكتېرىيە ئىدى؛ ئىككى دەريانىڭ شىمالىي (سىر — سەيخۇن دەريا ۋادىسىنىڭ شىمالىي) ۋە يەتتە سۇ رايونى جەڭگىۋار تۈركىي خەلقلەر ياشىغان رايون ئىدى. ئىككى دەريانىڭ ئارىسى ئۆز ئىچىدىن پەرغانە (جۇملىدىن ئىسسىق كۆل) ۋە ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىغا بۆلۈنگەن. يەتتە سۇ، پەرغانە ۋە قەشقەر دائىرىسىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىپچاق تىل گۇرۇپپىسىدىكى قەبىلىلەر ياشىغانىدى②. ئاخمانىلار سۇلالىسىگە قەدەر بولغان ئىراننىڭ كيانىدىتلار شاھى كەيخىسراۋ بىلەن جەڭ قىلغان تۇران شاھى ئەفراسىياپ ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بۇنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. دېمەك، فاراب ئۇيغۇر — ئوغۇز، ئۇيغۇر قارلۇق شەھىرى ئىدى.

## 2. مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىدا مەھمۇد قەشقەرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. نېمىس ئالىمى مارتىن ھارتمان: «ئەرەب - پارس ئالىملىرىنىڭ مەھمۇد ھەققىدە ھېچنەرسە

① مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋان لۇغەت تۈرك»، 1 - توم، ئۇيغۇرلار قىسمى.

② «سوۋېت چوڭ قامۇسى»، «تۈركىي تىللار» قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يازمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىمەن» دېگەنىدى. مەھمۇد ھەققىدە مەھمۇدنىڭ ئۆزىنىڭ «دىۋان» دېگەن ئەسىرىدىنلا بەزى مەلۇماتلارنى ئالغىلى بولىدۇ.

دىۋاننىڭ مۇقەددىمىسىدە ھەمدۇ - سانادىن كېيىن مۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئىككەنلىكىنى يازغان. مەھمۇدنىڭ مۇچەل ھەققىدە يازغانلىرىدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، بۇ كىتاب ھىجرى 464 - يىلى جامادىيەل ئەۋۋەل ئېيىدا يېزىلىپ، 4 يىلدىن كېيىن جامادىيەل ئاخىرىدا پۈتكەن.

مەھمۇد كىتابىنى مىلادى 1070 — 1074 - يىللىرى يېزىپ تۈگەتكەن. دىۋاندا «بارساغان» شەھىرى توغرىسىدىكى ئىزاھاتتا «بۇ شەھەر مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ يۇرتىدۇر» دېيىلگەن. بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق رىۋايەت بېرىلگەن: بىرى، بۇ شەھەرنى ئۇيغۇر بەگلىرى سالدۇرغاچقا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر بەگلىرى يىللىقچىسىنىڭ نامىغا قويغان، دېيىلگەن؛ يەنە بىرى، ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمىغا قويۇلغان، دېيىلگەن ۋە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ شۇنداق ئوغلى بارلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

مەھمۇدنىڭ ئاتىسى بارساغانلىق. مەھمۇد ئۇپال توغرىسىدا ئىزاھ بەرگەندە «قەشقەر يېنىدىكى بىزنىڭ يېزىمىز» دېگەن. يەنە «ئازاق بىزنىڭ يۇرتىمىز» دەيدۇ. دېمەك مەھمۇدنىڭ يۇرتى قەشقەر، ئۇ ئۇپالدا تۇغۇلۇپ، ئازاقتا چوڭ بولغان. مەھمۇد ئۆزىنىڭ قەبىلە تەۋەلىكى توغرىسىدا «مەن ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىدىن» دەيدۇ. قاراخانىلارنىڭ ئاساسىي قەبىلىسى بارتولد بىلەن هارتماننىڭ پىكرىچە «قارلۇقلار»، لېكىن يەنە باشقا تۈركولوگلاردىن ئەھمەت زەكى ۋەلىدىنىڭ ئېيتىشىچە، «ياغما قەبىلىسى» دېيىلىدۇ. بىز مانا شۇ كېيىنكى پىكىرگە قوشۇلىمىز. چۈنكى، مەھمۇد خان جەمەتىدىن ئىدى. قاراخانىلارنىڭ خانلىرى ياغمىلاردىن چىققانىدى؛ قارلۇقلار قاراخانىلار دەۋرىدە خانلىقنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا يوق ئىدى. ئۇ قاراخانىلارغا تەۋە ئايرىم يابغۇلۇق بولۇپ تۇراتتى. «ھۇدۇدۇل ئالەم» نىڭ نامەلۇم ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «قەشقەردىن تارتىپ پەرغانىغىچە ياغمىلار ياشىغان».

مەھمۇد قەشقىرى قارلۇقلار ھەققىدە ئازراق، ياغمىلار ھەققىدە كۆپىرەك سۆزلەيدۇ. مەسىلەن، «مەن بۇ سۆزنى ياغمىلاردىن ئىشىتتىم» دەيدۇ. بۇنىڭدىن مەھمۇد ياغما قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىككەنلىكى بىلىنىدۇ. ئۇ: «مەن ئۇلارنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىدىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەيدىغانلىرىدىنمەن» دەيدۇ. ياغما توققۇز ئۇيغۇلارنىڭ بىرى① جۇڭگو تارىخىدا توققۇز ئۇيغۇلار:

1) ياغلىقار (药罗葛)؛ 2) قۇتىغۇر (胡咄葛)؛
3) تۇرلاۋىيۇر (咄罗勿)؛ 4) بۇقاسىر (貊歌息讫)؛
5) ئاۋچاغ (阿勿嘀)؛ 6) هازار (葛萨)؛
7) خوغۇرسۇ (斛温素)؛ 8) ياغما (药勿葛)؛

① ياغمىلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ خانى توققۇز ئوغۇز خانلىرى بىلەن بىر ئۇرۇغ («ھۇدۇدۇل ئالەم» 95 - بەت).

9) ئاياۋىر (奚耶勿) دەپ كۆرسىتىلگەن①

مەھمۇد ئۇيغۇرلارنى «ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار» دەپ قارىسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇلارنى «ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەر» دەپ يازىدۇ. بۇ خىل دىنىي جەھەتتىكى قارىسىمۇ قارشىلىق ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئىنتايىن روشەن مەدھىيە تەلەپپۇزى قارىماققا بىر تۈرلۈك زىددىيەتلىك ھادىسە بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئاپتور دىۋاندا ئۇيغۇرلارنى يەنىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇپ خېلى كەڭ سۆزلىگەن. كېيىنكى بىرمۇنچە ماددىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، تارىخىي ئەنئەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە توختالغان. شۇ نەرسە دىققەتنى جەلپ قىلىدۇكى، دىۋاندا نۇرغۇن ئەپ-سانە ۋە رىۋايەتلەر سۆزلەنگەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا چۈشىنىپ بولمايدىغان دەرىجىدە سىرلىق، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرى جەھەتتىكى بايانلاردىن ئاساسەن شىمالىي قۇدۇقتىكى ئۇرخۇن - ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. دىۋاندا بۇ ھەقتە ئاپتور ئىنتايىن چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن توختىلىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت قىلغان ئادەم شۇنى چۈشىنىۋالىدۇكى، دىۋاندا ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغان 20 تۈرك قەبىلىسى ئىچىدە «ئوغۇز»لار بىلەن «ئۇيغۇر»لار ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ دىۋاننىڭ «ئۇيغۇر»لار ماددىسىدا② : «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ 5 شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.»

«ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «اینان خزخرند (inan huz hurənd)، بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدىكەن» دەپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەل «خزخر» دەپ ئاتىلىپتۇ......» دەيدۇ.

مەزكۇر ئەلنىڭ شەھەرلىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ، «بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار، ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىر، ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سلمی sülmi — سولمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان؛ قوچو koqu — قوچو، جنبلق qanbalik — چانبالىق؛ بیش بلق bəx balik — بېشبالىق؛ ینکی بلق yangi balik — ياڭى بالىق» دەپ يازىدۇ.

بۇ خاتىرىلەردىكى شەھەر ناملىرىدىن قارىغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر دۆلىتى

① «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

② «دىۋان لۇغەت تۈرك»، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 151 - بەت.

www.uyghurkitap.com



چىقىم «قوچۇ» نى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىرچۇ بىلەن بېشبالىقنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر — ئىدىقۇت دۆلىتىدۇر. 10 - ئەسىردە ئۆتكەن جۇڭگو سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچۇ دۆلىتىدە «ئۇيغۇرلار ئىنتايىن كۆپ» دېگەن.① قوچۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخلىرىدا ناھايىتى كۆپ ۋە ئېنىق خاتىرىلەر بار. «ھۇدۇدۇل ئالەم»، «دوسان موڭغۇل تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا قالدۇرۇلغان بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بىلەن جۇڭگو تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

بەش شەھەرنىڭ ئورنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. «سۇلمى» شەھىرى گېڭ شىمىڭ ۋە جاڭ گۇاڭدا يولداشلارنىڭ ئېنىقلىشىدىن قارىغاندا، ھازىرقى قارا شەھەر بولسا كېرەك②؛ قوچۇ — قارا خوجىدۇر؛ چانبالىق — سانجىدۇر؛ يېڭى بالىق بولسا، «جۇڭگو تارىخ خەرىتىلىرى توپلىمى» دا ھازىرقى ماناس ناھىيىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن؛ بېشبالىق دېگەن نام 8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، ئورخۇن دەريا ۋادىسى بويىدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا كۆرۈلىدۇ. تاشنىڭ «شەرق» (28 -) قۇرىدا «مەن (بىلگە قاغان ئۆزى — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) 30 يېشىمدا، بېشبالىققا يۈرۈش قىلىپ، 6 قېتىم ئۇرۇشتۇم..... ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى تامامەن يوق قىلدىم»③ دەيدۇ.

«بالىق» تۈركچە سۆز بولۇپ، شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بېشبالىق 5 شەھەر دېگەن سۆز. دىۋاندا مەخسۇس بىر ماددىدا «بالىق» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ، «بالىق» ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردا شەھەر ۋە قەلئەلەرنى كۆرسىتەتتى، دېيىلگەن. بۇ يەردە ئاپتور ئىسلامدىن ئىلگىرىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرنى «بالىق» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. بۇنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە شىمالىي قۇملۇقتىكى ئورخۇن — ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بىۋاسىتە باغلاپ قارىساق، ئاپتور ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرى بىلەن ناھايىتى تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

دىۋاندىكى تىل ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مەھمۇدنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى تېخىمۇ بىلىۋالالايمىز. قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر جۇڭگو مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى «ئىدىقۇت سۆزلۈكى» دىكى سۆزلەر بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، «دىۋان» ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 43 - بەتتە، ئۋ[i] — əw (ئۆي)؛ 426 - بەتتە، قُر — kur (بەلباغ)؛ 539 - بەتتە، قاغون — kaoqun (قوغۇن)؛ 467 - بەتتە، بقير — bakir (مىس)؛ 469 - بەتتە، تَوَر — tavar (تاۋار)، 80 - بەتتە، اكز — oguz، (دەريا)؛ 62 - بەتتە، اوذ — od (ۋاقىت) دېيىلگەن؛ جۇڭگو مىڭ سۇلالىسى ۋاق-

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، «قوچۇ».

② «تارىخ تەتقىقاتى» 1980 - يىل، 2 - سان، گېڭ شىمىڭ، جاڭ گۇاڭدا ماقالىسى: «سۇلمى شەھىرى توغرىسىدا تەتقىقات».

③ «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى» مىللەتلەر تىلى فاكۇلتېتى تۈزگەن «قەدىمكى تۈرك يازما ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار»، 1 - قىسىم.

تىدىكى «ئىدىقۇت سۆزلۈكى» (14 - ئەسىر ئاخىرلىرىدا تۈزۈلگەن) 44 - بەتتە، əw (ئۆي)، 47 - بەتتە، kuur (بەلۋاغ)، 37 - بەتتە، kaqun (قوغۇن)، 48 - بەتتە، bakir (مىس)، 47 - بەتتە tawar (تاۋار)، 35 - بەتتە، ət (ۋاقىت)، 34 - بەتتە، əguz (دەريا) دېيىلگەن. دىۋاندىكى سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلۈكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل ۋە لوپنۇر شىۋىلىرىدە ھېلىمۇ قوللىنىلماقتا، شۇنىڭدەك تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا مىللەتلەر تىلىدىمۇ ساقلانماقتا. بىز تۆۋەندە يولداش نىغمەت مىڭجانىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 82 - يىل، 2 - سانىدىكى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نىڭ «ھازىرقى زامان قازاق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا بېرىلگەن دىۋاندىكى سۆزلەرنىڭ باشقا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تىلى بىلەن سېلىشتۇرمىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

| دىۋاندا | ئوقۇلۇشى | ئۇيغۇر | قازاق | قىرغىز | ئالتاي | ئۆزبېك | تاتار | تۈركمەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاغ | taq | taq | taw | too | tuw | taq | taw | daaq |
| قوي | koy | koy | koy | koy | koy<br>hoy | koy | kuwy | koyin |
| بلدو | badta | qalta | balta | balta | baldi<br>pali | balta | balta | palta |
| كشي | kixi | kixi | kisi | kixi | kiji<br>kizi | kyxy | kixi | adam |
| اتكّ | ətük | ətük | ĕtik | ətik | edik | etik | iytik | ədik |
| اردكّ | ürdək | ərdək | üyrêk | ərdek | ədurək | ürdak | ürdək | əərrdek |

ئەلۋەتتە، ھازىرقى تۈركى تىللار بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانى ئارىلىقىدا 900 يىلدىن ئوشۇق تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بار. مۇشۇ بىر تارىخىي دەۋردە بۇ تىللار ئۆزىنىڭ بېشىدىن تۈرلۈك زامانلارنى، نۇرغۇنلىغان بىرىكىش ۋە ئايرىلىشلارنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سان - ساناقسىز باسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ تىلدىكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ دىۋاندىكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر ھادىسىسى. شۇنداق ئىكەن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان 7 مىللەتنىڭ ھازىرقى تىلىنى دىۋاندىكى 6 سۆزگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، «دىۋان» تىلىغا ئەڭ يېقىن تىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز①.

لېكىن بەزى ئالىملىرىمىز قازاق خەلقىنىڭ 10 - ئەسىردىكى تىلى بىلەن 14 -

① نىغمەت مىڭجان: «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان قازاق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا غا قاراڭ. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 82 - يىل، 2 - سانىغا بېسىلغان.

ئەسىردىكى سۆزىنى سېلىشتۇرساق، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلى بىلەن 14 - ئەسىردىكى سۆزلەر تۇرماق، بۈگۈنكى سۆزلىرىمىزمۇ ھېچقانچە پەرقسىز يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، دەيدۇ ۋە تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرىدۇ.

مەھمۇد قەشقىرى بويىچە:

تۈغدى يارلىق يۇلدۇزى
تاغلار سۇيى ئاقىشتى
كۆكشىل بۇلۇتلار ئەرشىدى
سىغىر، بۇقا مۈگراشۇر
قانچە يەر بار بەلگۈسىز.

قازاق خەلق جىرلىرىنىڭ تىلى بويىچە:

تۇۋدى جارىق جۇلدىزى
تاۋلار سۇۋى ئاغىستى
كوكشىل بۇلۇتتار ئورلەدى
سيىر، بۇقا مۆگرەستى
قانشا جېر بار بەلگىسىز①

يۇقىرىقى ئىككى تېكىستىنى سېلىشتۇرساق، بۇنىڭدا پەقەت «كۆكشىل» دېگەن سۆزلا قازاقچىغا ئوخشاپ قالىدۇ، (ئۇيغۇرچىدا ھازىر كۆكشى دېيىلىدۇ) قالغان سۆزلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشايدۇ. «ئەرشىدى» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئەرش» دېيىلىدۇ. «سىغىر» سۆزى ھازىرقى تۇرپاندا «سىگىر»، غۇلجىدا «سىيىر» دېيىلىدۇ. قالغان سۆزلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجەتى بولمىسا كېرەك. ئۇنى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلماستىنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر (خاقانىيە) تىلى ئاساسىدا تۈزۈلگەندۇر.

مەھمۇد قەشقەرى قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ شۇ دەۋردىكى پەننى، دىنىي ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەن. ئۇ پارس تىلى، ئەرەب تىلىنى مۇكەممەل بىلگەن. «دىۋان» نى ئەرەب تىلىدا ئىزاھلىغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئالىمىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن باغدات شەھىرى ئاbbas خەلىپىلىكى سەلجۇق تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرغان چاغدا سەلجۇقلارنىڭ پايتەختى بولغان ۋە ئەرەبلەر بىلەن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ۋە تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شۇڭا تۈرك تىلى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزى ئېيتقاندەك «ئەرەب تىلى بىلەن

① «بۇلانتاي دوسجان: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 82 - يىل، 4 - ساندا «قازاق تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى رولى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

بەيگىگە چۈشكەن» ۋە ئۇرنى كۆتىرىلگەن. شۇڭا ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ تۈرك تىلى ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى چۈشكەن. تىل جەھەتتىن ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. مەھمۇد قەشقەرى شۇ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن تۈركىي تىللارنىڭ بۇ زور قامۇسىنى يېزىپ چىققان.

مەھمۇد دىۋاندا، «مەن ئۇلارنىڭ شەھەر - يېزىلىرىنى كېزىپ تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، رەتلەپ چىقتىم» دەيدۇ. ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، يېزىمۇ يېزا، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇ، تۈرك، تۈركمەن، ئوغوز، چىگىل قەبىلىلىرى ياشىغان جايلارنى — قەشقەردىن ۋولگا بويلىرىغىچە كېزىپ، ئاندىن باغداتقا بارغان.

مەھمۇد «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزگە مۇنداق ئىزاھ بېرىدۇ: «تۈرك شەھەرلىرىنى سامانىلار قولىدىن ئالغان ۋە بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز بولغان بەگنى بەھرى دەپ ئاتايدۇ». بۇنىڭدىن ھارۇن بۇغراخان، ئىلىكخانلار مەھمۇدنىڭ بوۋىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. دېمەك، مەھمۇد قەشقەرى خان جەمەتىدىندۇر. مەھمۇد: «كىتابنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا ئارمۇغان قىلدىم» دەيدۇ.

«دىۋان» 11 - ئەسىر تۈركىي تىللىرىنىڭ تۇنجى لۇغىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىزنى ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت مول ماتېرىيال ۋە بىلىم بىلەن تەمىنلەيدىغان زور بىر ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى دۇنيادا ساقلانغان «دىۋان» نىڭ قولىيازمىسى ئۇنىڭ بىردىنبىر قولىيازمىسى بولۇپ، بۇ مەھمۇدنىڭ ئۆز يازمىسى ئەمەس. بۇ قولىيازمىنى سۈرىيىلىك مەھمۇد ئەبابەكرى دېگەن كىشى مەھمۇد قەشقەرىدىن 200 يىل كېيىن كۆچۈرۈپ قويغان. بۇ قولىيازمىنى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا، 1916 - يىلى ئىستانبۇلدا ئىلگىرىكى مالىيە مىنىستىرى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىر كىشى بۇرھان دېگەن كىتابپۇرۇشقا 36000 لىراغا سېتىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. كىتابنى رىفئەت دېگەن كىشى سېتىۋېلىپ ئۆز كىتابخانىسىدا ساقلايدۇ. كېيىن سەدرى ئەزەم (تۈركىيىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش مىنىستىرى) كۆپ تازىم - سالاملار بىلەن رىفئەتنى كۆندۈرۈپ بۇ كىتابنى مەتبۇئاتتا باستۇرىدۇ. مۇھەممەد ئابابەكرى دېگەن كىشى كىتابنى كۆچۈرۈپ مەتبەئەگە تەييارلايدۇ. ھازىر كىتاب ئىستانبۇل دۆلەت كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

«دىۋان» ئەرەبچە ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈلۈپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ياۋروپادا نۇرغۇن ئالىملار بۇ كىتابنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. بېسىم ئاتالاي «دىۋان» نى ئەرەبچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەزەربەيجان پەنلەر ئاكادېمىيىسى خالىد سەيىد باشچىلىقىدا 30 - يىللاردا ئەزەربەيجان تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى باشلىغان. ئۆزبېكىستاندا سالىھ مۇتەللىپوۋ «دىۋان» نى ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغان. ياپونىيىدە بولسا، خويافۇ ياپونچىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتاب ھەققىدە ئىنگلىزچە، نېمىسچە، فرانسۇزچە تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئىشلەنگەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق بۇ بۈيۈك ئەسىرى قاراخانىلار

www.uyghurkitap.com

دەۋرىدىن بىزگە قالدۇرۇلغان مەدەنىي مىراسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشى توغرىسىدىكى زور بىر تارىخىي ھۆججەتتۇر.

## 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى

قاراخانىلار دەۋرىدىكى يەنە بىر چوڭ يىرىك ئەسەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدۇر. مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ مۇئەللىپى بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

بەدئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ جانلىق نەمۇنىسى، ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت ھاياتىنىڭ ئەڭ كونا يادىكارلىقى «قۇتادغۇ بىلىك» بۇنىڭدىن ئازغىنە كەم 1000 يىللار ئىلگىرى يېزىلىپ، 19-ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، بىز تېخى يېقىندا! بۇ قىممەتلىك تارىخىي مىراسىمىز بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ تۈگىتىپ (1069 — 1070) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 2-خاقانى بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان①. تاۋغاچ سۇلايمان بۇغراخان ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكىنى قەدىرلەپ ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئەسەرنىڭ بەزى بابلىرىدىكى ياشلىققا ئېچىنىپ، قېرىلىقتىن شىكايەت قىلغىنىغا قارىغاندا، ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى خېلى ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

يارۇق يازدىم ئېردىم تۆمەن تۇچە جەگلىگ،
خازانمۇ تۈشۈتتۈم، قامۇغنى قۇرۇتتۇم.
قايىن تەگ بۇدۇم ئەردى ئۇقتەگ كۆنى يۈز،
ياتەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم تۈگەتتىم.

(قىيىندەك مۇستەھكەم ئىدىم، ئوقتەك تۈز ئىدىم،
يادەك ئەگرى بولۇپ، پۈكۈلدۈم ئېگىلىپ.)

بىرگىچە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنياغا دەسلەپ مەلۇم بولغىنى — ھىرات نۇسخىسى بولۇپ، ھىراتتا كۆچۈرۈلگەنلىكى

① «قۇتادغۇ بىلىك» پەرغانە نۇسخىسى. 17-بەت.

ئۇچۇن «ھىرات نۇسخىسى» دەپ، ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقى ئۈچۈن «ۋېنا نۇسخىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ نۇسخا ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدىن ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈپ ئىشلەنگەن. كۆچۈرۈلۈش ۋاقتى «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان ۋاقىتتىن 370 يىل كېيىن. بۇ نۇسخا باشتا توكات ۋىلايىتىگە، ئاندىن 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كىرگەن. ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ماممىر يۈرگىستال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ ۋېنا كىتابخانىسىغا تاپشۇرغان. ۋېنگىرىيە ئالىمى ئارمىن ۋامبېرى، رۇس ئالىمى رادىلوۋ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇنى پارچىلاپ تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان.

ئىككىنچى نۇسخىسى پەرغانە نۇسخىسى بولۇپ، بۇ ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ئىشەنچىلىك نۇسخىدۇر. بۇ نۇسخىنى 1914 - يىلى زەكى ۋەلىدى نەمەنگاندىن تېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرئاز ئىشلىگەن. شۇڭا بۇ نۇسخىنى «نەمەنگان نۇسخىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئۈچىنچىسى مىسىر نۇسخىسى بولۇپ، 1896 - يىلى قاھىرىدىكى خىدىۋ (سۇلتانلىق) كۇتۇپخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇدىرى مورتىز تەرىپىدىن كۇتۇپخانە كىتابلىرىنى رەتلەشتە قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن تاپقان ۋە بۇنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ رەتلىگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» چوڭ ھەجىمدىكى (13000 مىسرادىن ئارتۇق) دىداكتىك داستان. لېكىن ئۇنىڭدا يەنە باشقا تەلىم - تەربىيىۋى ئېلېمېنتلار، ئالىي تىلەك - غايىلارمۇ بار. بۇنىڭدا ئاپتور، ئاساسەن، دۆلەتنى باشقۇرۇش يوللىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ھەم ئەخلاق قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسۇلدا، يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاسىتىسىدا، كۆركەم ئەدەبىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. ئەسەردە تاللاپ ئېلىنغان ئوبرازلار: پادىشاھ كۈن تۇغدى — ئادالەت ۋە قانۇنغا، ۋەزىر ئايتولدى — بەخت - سائادەتكە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل - ئىدراككا، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى — ئۇزغۇرمىش بولسا، قانائەتكە سىمۋول قىلىنىپ، ئەسەر باشتىن - ئاخىر مانا شۇ 4 شەخس ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋاب ۋە مۇنازىرە بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. بىز مانا شۇ سوئال - جاۋاب ۋە مۇنازىرىلەردىن ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى (پەلسەپە ۋە ئەخلاق قارىشى) ئۈستىدىلا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىيالغا ئېرىشەلەيمىز. ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتى مانا شۇ يەردە.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆز زامانىسىدا، دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئوبدان قوللانمىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ مۇنداق شۆھرەت قازىنىشى سەۋەبسىز ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئەسەردە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئەڭ ئىلغار ئىدىيىلەر ئالغا سۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشى خىسلەت، ھايا - ئادالەتنى ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق؛ تەييارتاپلىق، يالغانچىلىق، خەسىسلىكنى ئىنسان ئۈچۈن زىيانلىق دەپ ھېسابلايدۇ. ئاپتور يەنە شۇنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئادالەت، بەخت - سائادەت، ئەقىل - ئىدراك ۋە قانائەتتىن ئىبارەت 4 سىمۋولنى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خىسلىتى ئورنىغا قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى قاراشلىرى يەنى، دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن ئىش يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ئۆز زامانى-

www.uyghurkitap.com



سىدىكى فېئودال دۆلەتچىلىكى شارائىتىدا زور تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ شۇ دەۋردە ئوينىغان رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىسىدىكى كىشىلەرى توغرىسىدىمۇ، يەنى شۇ دەۋردىكى سىنىپلار توغرىسىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈلگەن ۋە ئۇلارغا باھا بېرىلگەن. بولۇپمۇ دېھقان ۋە چارۋىچىلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى قاتلامغا بېرىلگەن باھادىن ئاپتورنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقىنى ياراتقۇچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ رولىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىپ كېتەلىگەن ۋە توغرا باھالىيالىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ئۇلۇغ بىر مەرىپەتپەرۋەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ كېسەللىرىنى ئىلىم بىلەن داۋالىماق بولىدۇ. ئۇ، بىلىم — كىشى ئەقلىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ روھىي ئوزۇقى، كىشى تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىمگە ئىگە بولىدۇ؛ بىلىم بولسا، ئىنسانىيەتنى يۈكسەلدۈرىدۇ؛ پىكىر ۋە ئىلىمنىڭ تەرجىمانى تىلدۇر؛ گۈزەل تىل بىلەن ئىنسانلار سائادەت تاپىدۇ، تىل بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەدىر-قىممىتى ئاشىدۇ، تىل شۇنداقلا ئادەمنىڭ بېشىغىمۇ چىقىدۇ؛ «ئەقىل — ئىشىكتە ياتقان ئارسلان» دەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا تۇتقان ئورنى غايەت زور. ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت قەشقەر ئەتراپى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بار. «ھىبەتۇل ھەقايىق» ئاپتورىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دىن ئىلھام ئالغانلىقى ئېنىق. ھەتتا بەزى بابلار ۋە مىسرالىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» دىن 250 يىل كېيىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى باھار تەسۋىرى «قۇتادغۇ بىلىك»دە بېرىلگەن باھا تەسۋىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېزىلغانلىقىنىمۇ ئەدەبىياتشۇناسلار ئىسپاتلاپ چىقتى. تېخىمۇ دىققەتنى قوزغايدىغىنى شۇكى، 1909 - يىلى ئالتۇن ئوردىنىڭ مەركىزى — سارايچىق خارابىسىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» دىن كۆچۈرۈلگەن بىر بېيىت تېپىلغان. سامايلوۋىچ بۇنى 13 - ئەسىرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شۇ دەۋرلەردە ئالتۇن ئوردىدىمۇ مەشھۇر بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تىلىغا كەلسەك، مالوۋ ئۇنى ئۇيغۇر مۇسۇلمان يادىكارلىقى دەپ كۆرسىتىدۇ①. دېمەك، ئەسەرنىڭ تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ نەسرى مۇقەددىمىسىدىكى «...ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى قۇمۇغ (پۈتۈن) ئىتتىپاق بولدىلار كىم، شەرق ۋىلايىتىدە تۈركىستان ئىللىرىدا بۇغراخان تىلىنچە بۇ كىتابتىن ياخشىراق ھەرگىز كىمەرسە تەسنىف قىلمادى...» دېيىلگەن.

بىزنىڭچە، بۇ مۇقەددىمىدە «بۇغراخان تىلىنچە» دېيىلگىنى توغرا. ئەسەر شۇ چاغدا قەشقەردە بۇغراخان تىلى دەپ ئاتالغان خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىلغان. شۇ چاغلاردا قەشقەردە بۇغراخان دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان ئاساسىي خەلق ئۇيغۇرلار ئىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي - مەدەنىيىتى، تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇمات بەرگەندە:

① س. يې. مالوۋ: «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى» 1951 - يىلقى نەشرى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ، بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى»، «ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۈسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى» سۆزلىنىدۇ. بۇنىڭدا مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر دېگەندە، ئازچىلىقنى كۆرسىتىدىغان «بەزى» سۆزىنى قوشۇپ، ئۇيغۇر دېگەن سۆزدىن كېيىن تىلغا ئالىدۇ.

دېمەك، «بۇغراخان تىلىنچە» بۇ سۆزدە ئاساسەن ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇندىن باشقا بۇ ئەسەر يېزىلىپ ھازىرغىچە 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، قەشقەردە «قۇتادغۇ بىلىك»تە قوللىنىلغان سۆزلەر ھېلىمۇ ئۇيغۇرلار ئاغزىدا يۈرمەكتە. مەسىلەن: ئۇز — ئۇز (چىرايلىق)، ئۆگۈز — ئەگىز (دەريا)، بۇتاق—پۇتاق (دەرەخ پۇتىقى، شېخى)، كېلىن — كىلىن، ئاغاچ — ياغاچ، يېلىك — يىلىك (يالىڭاچ)، ئەش—ئەش (بالا تۇغۇلغاندىكى بالىنىڭ ھەمراسى)، تۇرا—تۇرا (تۇر—قورغان)، يېمىش — يىمىش، تۇل— تۇل (تۇل خوتۇن)...

ئومۇمەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرى قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىدا چوڭ ئىززەت تۇتىدۇ.

## 4) ئەھمەت يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ھىبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) داستانى

«ھىبەتۇل ھەقايىق» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر چوڭ دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇ، قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر شائىر يۈكنەكى تەرىپىدىن يېزىلغان.

ئاپتورنىڭ ھاياتى توغرىسىدا كۆپ مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن كىتابنىڭ ئۆزىدىن شائىرنىڭ ۋە ئاتىسىنىڭ، يۇرتىنىڭ نامىنى بىلىش مۇمكىن. ئاپتور ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۆزى توغرىسىدا مۇنداق ئىزاھات بېرىپ ئۆتىدۇ:

ئەدىب ئەخمەت ئېتىم ئەدىپ پەند سۆزۈم،
سۆزۈم بۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم.
.........................................
ئەدىبنىڭ يىرى ئاتى يۈكنەك ئېرۇر،
سەفالىق ئەجەب يەر كۆڭۈللەر بىرور.
ئاتاسى ئاتى مەھمۇت يۈكنەكى،
ئەدىپ ئەخمەت ئوغلى، يول ئول ھېچ شەكى.

بىر يۈقىرىقى قۇرلاردىن — ئەسەرنىڭ ئىگىسى ئەھمەت ئىكەنلىكىنى، يۈكنەك دېگەن يەردە (پەرغانىدا) ياشىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابتىكى 3 - بىر ئەسلەتمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

تۇغا كۆرمەس ئىدى ئەدىبنىڭ كۆزى،
تۈزەتتى بۇ ئون تۆرت باب ئىچرە سۆزى.

بۇنىڭدىن داستاننىڭ 14 بابتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ۋە ئاپتورنىڭ كۆزى تۇغما قارىغۇ ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

كىتابتىكى ئەسلەتمىلەردە ئەسەرنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. داستاننىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇنىڭ ھېچقانداق تارىخىي كۆرسىتىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستاننىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۇنىڭ قاچان يېزىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. ئەسەر تىلىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»كە يېقىن بولۇشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭمۇ بولغانلىقى — داستاننىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كېيىنرەك ياكى پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولغان بىر دەۋردە يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئەدىب ئەھمەت «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا قارىغاندا ئەرەب ۋە پارس سۆزلىرىنى خېلى كۆپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر 15-ئەسىردە يارىتىلغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك. ئەنە شۇنىڭ نەتىجىسىدە شائىر ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ ئىمالار دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسۇلدىن يەنى تۈرك تىلىدىكى بەزى ئۇنلۇك ھەرپلەرنى ئۇچۇق بوغۇملاردا ئۇزۇن ئۇنلۇك ھەرپلەر ئورنىدا پايدىلىنىش يولى بىلەنلا بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. خۇددى شۇ ۋاقىتتا، داستاندا قىتالار (غەربىي لياۋ) ۋە موڭغۇللار ھەققىدە ھېچقانداق گەپ بولمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇنى 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

بىزگىچە ئەسەرنىڭ 3 قولىيازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن. ئۇلار ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا. ئەسەر بىرنەچچە قېتىم چەت ئەلدە نەشىر قىلىنغان.

«ھىبەتۇل ھەقايىق» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ھەمدە قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمىر ئارسلان خۇجا قاراخان تەرىپىدىن بۇ ئەسەرگە يېزىلغان ئىلاۋەدە ئەسەرنىڭ قەشقەر تىلى (خاقانىيە تىلى)دا يېزىلغانلىقى ئېيتىلغان. شائىر ئۆزىمۇ داستاننىڭ قەشقەر تىلىدا يېزىلغانلىقىنى ئېيتقان①

ئەدىب ئەھمەت يۈكنەكى ئۆز ئەسىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىب باشلاپ بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىزىدىن مېڭىپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ دىداكتىك داستانىنى ياراتتى.

شائىر داستانىنى ئەينى زاماندىكى بارلىق ئىسلام ئەدەبىياتىغا ئادەت بولغان رەسمىيەت بويىچە ئاۋۋال خۇدانى ماختاش بىلەن باشلايدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ. ئاپتور بىلىمنى مەدھىيەلەپ، نادانلىقنى قارىلايدۇ. بىلىم ئارقىلىق سائادەتنىڭ يولى تېپىلىدۇ دەيدۇ:

① «ھىبەتۇل ھەقايىق» ئاخىرلىرىدا:

«تەمامى ئەرۇر قەشقەرى تىل بىلە،
ئەيتمىش ئەدىب رىققەتى دىل بىلە.»

«باھالىق دىنار ئول بىلىكلىك كىشى،
بۇ جاھىل بىلىكسىز باھاسىز بېشى.

..........................................

سۆگەككە يىلىك تىلك ئىرەنگە بىلىك،
ئىرەن كۆركى ئەقل ئول، سۆگەكنىڭ يىلىك.
بىلىكسىز يىلىكسىز سۆگەك تىلك خالى،
يىلىكسىز سۆگەككە سۇنالماس ئىلىك.»

شائىر تىل توغرىسىدا توختىلىپ، تىلنى ئەدەب - ئەخلاقنىڭ بېشى دەپ قارايدۇ. سۆزگە ئېھتىيات بولۇشنى، مەمەدانلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆچۈكتۇرمە ئىرەن تىلىن، بىل، بۇ تىل،
باشاقتۇرسا، بۇتمەس، بۇتار ئوق بېشى.

شائىر ئەنە شۇ قۇرلاردىن كېيىن راستچىل بولۇشنى مەدھىيىلەشكە ئۆتىدۇ. بۇ بابنى سىر ساقلاش ۋە بۇ سىرنى ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستىغىمۇ ئېيتماسلىقنى نەسىھەت قىلىش بىلەن تاماملايدۇ. شائىر سېخىيلىقنى ئوبدان خىسلەت دەپ قارايدۇ، بېخىللىقنى سۆكىدۇ. ئەھمەت يۈكنەكى تەشەببۇس قىلغان بۇ پەزىلەتلەر ئۆز دەۋرى ئۈچۈن زور ئىلغارلىق ئىدى.

«ھىبەتۇل ھەقايىق»نىڭ تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇر شائىرى ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئەسەر بىلەن تونۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «نەسايىمۇل مۇھەببەت» (مۇھەببەت شامالىرى) دېگەن ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەتنى ئوتتۇرا ئاسىيا شەيخلىرى قاتارىدا ساناپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قارىغۇلىقى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. بۇ نەرسە تېپىلغان قوليازمىلاردىن ئېنىق مەلۇم بولغان. نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئوغلى بەدىئۇززامانغا يازغان ئۆز خەتلىرىدىمۇ بۇ داستاندىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ.

ئومۇمەن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ماۋەرا ئۇننەھىر پەن - مەدەنىيىتى تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنىپ بولغىنى يوق. بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋەرا ئۇننەھىر) پەن - مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئىران (تاجىك) پەن - مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالدى بىلەن قاراخانىلار دۆلىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىدى. ئىران تاجىك مىللەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۈركلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى ئىسلام - تۈرك مەدەنىيىتىگە سىڭىپ كىرگەن. بۇ دەۋردىكى ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئىمارەتچىلىكنىڭ زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقى قاراخانىلار دەۋرىدە پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ

بىلىك» قاتارلىق شانلىق ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇ دەۋردە تۈرك-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئىسلام-تۈرك مەدەنىيىتى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى رەڭگارەڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قاراخانىلار دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئىجتىمائىي ئىنگىلىك ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەلگەن دەۋر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇنداقلا پەن-مەدەنىيەتمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان دەۋردۇر. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئەمگەكچى خەلقلىرى ۋە زىيالىيلىرى بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋائىي① لۇتپى، يۈسۈپ سەككاكى قاتارلىقلار مانا شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا دۇنياغا كەلدى.

---

① مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى» (1533 — 1569) دە «ئەلىشىر نەۋائىي ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى (ئۇستازى) غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان» دېيىلگەن (ئىززەت سۇلتان، ئەسەرلەر، تاشكەنت، 1973 - يىل، «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتەرلىرى» 28 - بەت).



# ئىلكى شائىرەنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئىزلەپ

**توختاسىن جالالوۋ**

تەقدىر ئوقىنى نىشانى قەمبەرنىسا جەفاكەش
(قەمبەرنىسا)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھەسەن ھېلىم

«ئۆزبېك شائىرەلىرى» كىتابىغا ماتېرىيال توپلاش نىيىتىدە رېسپۇبلىكىنىڭ تۈرلۈك شەھەرلىرىدە ياشىغۇچى فازىل مۇيەسسىپەدلىرىمىزگە ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا خەتلەر يازغىنىمىزنى «ئەشئارى نىسۋان» ھەققىدىكى ماقالىدە زىكرى قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەندى مانا شۇ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلەردىن بىرى توغرىسىدا تەپسىلىرەك ھېكايە قىلىشقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. چۈنكى بۇنداق تەپسىلىرەك توختالمىغاندا، ھۆرمەتلىك كىتابخاننى شائىرە قەمبەرنىسا ۋە سەمەربانۇ بىلەن تونۇشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

ۋەقە مانا مۇنداق بولغان:

«ئۆزبېك شائىرەلىرى» كىتابى پۈتۈپ قالغان پەيتتە خىزمەتدىشىم — ئۆزبېكىستان دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ رېداكتورى ئابدۇلئەھەد ئەزىزوۋدىن يېڭى خەۋەر ئاڭلىدىم. ئۇ كىشى:

— مېنىڭ ئابدۇلھەمىد رازاقوۋ ئىسىملىك بىر دوستۇم بار، ئۇ سەمەربانۇ ئىسىملىك بىر شائىرە توغرىسىدا ھېكايە قىلىپ يۈرەتتى. شائىرەنىڭ دىۋانى بارلىقىنى سۆزلەيتتى. ۋەھالەنكى شائىرەلەر ئىجادىيىتى ئۈستىدە شۇنچە مېھنەت قىلىپسىز، شۇ سەرۋەربانۇ توغرىسىدىمۇ بىر سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دېدى.

ئابدۇلھەمىد ئاكا نەمەنگان ئوبلاستىنىڭ ئۇچقورغان رايونىدىكى بىر مەكتەپتە باغۋەن بولۇپ ئىشلەيتتى. ئىلھام پەرىسى قىيا باققان چاغلاردا خۇررەم تەخەللۇسى بىلەن شېئىرمۇ يازىدىكەن. مەن بۇ خەۋەردىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئابدۇلھەمىد ئاكىغا دەرھال تۆۋەندىكى خەتنى يازدىم:

مولla ئابدۇلھەمىد ئاكا!

ناتونۇش مۇخلىسىڭىزنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغايسىز. سىزنى ماڭا غايىبانە تونۇشتۇرغان كىشى مېنىڭ خىزمەتدىشىم، سىزنىڭ دوستىڭىز — شائىر ئەزىزوۋ بولدى. شۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىرىغا قارىغاندا، سىز شائىرە سەرۋەربانۇ (1) نىڭ

---

(1) كېيىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ شائىرەنىڭ نامى سەمەربانۇ ئىكەن.

ئىجادىيىتى ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى بىلىدىكەنسىز، ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ دىۋانى كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بار ئىكەن. بۇ خەۋەر مېنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. چۈنكى مەن ئۆزبېك شائىرەلىرى ھەققىدە بىر رىسالە يېزىۋاتىمەن. ھازىر ئىنقىلابتىن بۇرۇن ياشىغان 27 شائىرە ھەققىدە مەلۇمات توپلىدىم. ئەگەر جانابىڭىز بىر ھىممەت قىلىپ سەرۋەربانۇ ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار ۋە شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر ئەۋەتسىڭىز، ھەم سىزنىڭ، ھەم سەرۋەربانۇنىڭ ئىسمى ئەدەبىيات تارىخى سەھىپىسىگە يېزىلىپ قالغان بولار ئىدى. مېنىڭ تەكشۈرۈشلىرىم شۇنى كۆرسەتتىكى، تارىخىمىزدا شائىرەلەر كۆپ بولسىمۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ناھايىتىمۇ ئېچىنارلىق ئەھۋال، ئەلبەتتە، سەرۋەربانۇ ئەسەرلىرىنى ئەنە شۇنداق پالاكەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىزگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى لازىم.

مېنىڭ ئىلتىماسىمنى يەردە قويماسسىز دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

مەڭگۈ ئېھتىرام بىلەن: ت. ج

1958 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى. تاشكەنت.

بۇ خەت ئەزىزوۋقا ناھايىتى ياقتى. ئۇ كىشى ئۆزىمۇ شۇ مەزمۇندا بىر خەت يېزىپ دەرھال ئۈچقورغانغا — ئابدۇلھەمىد ئاكىغا ئەۋەتتى. مەن تاقەتسىزلىك بىلەن جاۋاب كۈتسەممۇ لېكىن جاۋاب خەت ھە دېگەندە كەلمەي تاقىتىم تاق بولدى. ئاخىرى ئىككى ئاي دېگەندە ئەزىزوۋنىڭ نامىغا بىر خەت كەلدى. بۇ خەتتە ئابدۇلھەمىد ئاكا خەتلەر ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، بۇ قۇرلارنىڭ ئاپتورىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىپتۇ: «موللا ئاكامغا سالام دەڭ. ئەتە ئەندىجانغا بارىمەن، ئۇ يەردىن دەستۇرخانچىغا چۈشىمەن، يېتەرلىك مەلۇمات ئالالىسام ئۇشقا بارىمەن».

مېنىڭ ئىلتىماسىمغا تەئەللۇق بولغان شۇ ئازغىنە مەلۇمات مېنى چەكسىز سۆيۈندۈرگەنلىكىنى كىتابخان ياخشى ھېس قىلسا كېرەك. دېمەك، ئابدۇلھەمىد ئاكا ھەرىكەتتە، ئۇ مېنىڭ ئىلتىماسىمنى ئورۇنلاش ئۈچۈن سەپەرگە ھازىرلانغان!

لېكىن ھېچقانداق جاۋاب يوق. ئاردىن يەنە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. ئاخىرى 1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئابدۇلئەھەد ئەزىزوۋنىڭ نامىغا ئامانۇللا ۋەلىخانوۋدىن چوڭ بىر پاكەت كەلدى. بۇ مەكتەپ دېرىكتورىنىڭ بىر ۋارىقىغا يېزىلغان دۇئايى سالام ۋە ماشىنكىدا ئىككى كالونكا قىلىپ ئون بەتكە بېسىلغان «شائىرەنىڭ تەقدىرى» سەرلەۋھىلىك ئوچېرك تەرىزىدىكى بىر ماتېرىيال ئىكەن. خەتتە دۇئايى سالامدىن كېيىن بىزگە تەئەللۇق تۆۋەندىكى سۆزلەر بار:

«ئېيتقاندەك توختاسىن ئاكىنىڭ شائىرەلەر يۈزىسىدىن ئىمادىدىن ئاكامغا قىلغان تەلىپى مۇناسىۋەتى بىلەن قەمبەرنىسا دېگەن شائىرەنىڭ بىر مۇشائىرەسىنى تاپقاندىم. ھاشىمجان ئاكامنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تارىخىي ئوچېركقە ئوخشاش بىرنەرسىگە ئايلاندۇردۇم ۋە ئۇنىڭدىن بىر نۇسخىنى توختاسىن جاللوۋ ئاكىغا بەرسە دەپ ئۆزلىرىگە ئەۋەتتىم.»

شۇ تەرىقىدە بىز شائىرە سەرۋەربانۇنى ئىزلەپ قەمبەرنىسانىڭ مۇشائىرەسىنى تاپتۇق.

ئامانۇللا كىم؟ دېيىسىزغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەزىزوۋنىڭ ئېيتىشىچە ئامانۇللا ۋەلىخانوۋ ئەندىجان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، شائىر تەبىئەتلىك، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىكەن.

ئوچېرك — پاكىتلار ھېكايىسىدۇر. ئامانۇللانىڭ «شائىرەنىڭ تەقدىرى» ئوچېرىكىدا پاكىتلار يېتىشمەيدۇ، بەزى ئېنىقسىزلىقلار ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز ئوچېرىكنى ئوقۇغاندا، بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماي، ئامانۇللا ۋەلىخانوۋقا تۆۋەندىكى خەتنى يېزىپ ئەۋەتتۇق:

ھۆرمەتلىك ئامانۇللاخان!

مەرھەمەت قىلىپ ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى ئالدىم. شائىرە قىمبەرنىسا ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىڭىز ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. ماتېرىيالنى كۆرۈپ چىقىپ مەندە بەزىبىر سوئاللار پەيدا بولدى. يەنى ئوچېرىكنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدىم:

1. قىمبەرنىسا بىلەن مۇشائىرە قىلغان شائىر ئاشىق ئۆز قىزىنىڭ ئەئلىمىمۇ ياكى باشقا شەخسمۇ؟

2. شائىر ئاشىقنىڭ باشقا غەزەللىرى سىزگە مەلۇممۇ - يوقمۇ؟

3. نېمىشقا سىز ئۆز ئوچېرىكىڭىزدە شائىر ئاشىققا سەلبىي مۇناسىۋەتتە بولدىڭىز؟

4. قىمبەرنىسانىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغان سەمەربانۇنىڭ شېئىرىيەتكە ئالاقىسى بارمۇ - يوقمۇ؟

سىز ئەۋەتكەن ئوچېرىكتىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىلمىي ماقالە يېزىش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب ئېلىش ناھايىتى زۆرۈر.

ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ، بۇ سوئاللارغا تېزرەك جاۋاب يېزىپ ئەۋەتسىڭىز مېنى ناھايىتى مىننەتدار قىلغان بولاتتىڭىز.

سىزگە سالامەتلىك تىلەپ: ت. ج

1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.

ئارىدىن ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتمەي، ئامانۇللا ۋەلىخانوۋدىن تۆۋەندىكى جاۋاب خەتنى ئالدىم:

ھۆرمەتلىك توختاسىن ئاكا!

ئىلتىپات يۈزىسىدىن ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى ئالدىم ۋە مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ، زور دەرىجىدە خۇشال بولدۇم.

خېتىڭىزدە كۆرسىتىلگەن بەزى ئېنىقسىزلىقلارغا بىلگىنىمچە جاۋاب قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىمەن.

1. قىمبەرنىسا بىلەن مۇشائىرە قىلغان شائىر ئاشىق ھەققىدە بىلگەنلەر ئۇنى ئۆز قىزىنىڭ ئەئلىمى دېيىشىدۇ.

2. شائىر ئاشىقنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدا بار پارچىلىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى ھازىرچە مېنىڭ قولۇمدا يوق ۋە ئىزدىنىپ ئىزلىنىشلەر ئىجابىي نەتىجە بەرمىدى. بەلكى بىرەر سەۋەب بىلەن يوقۇلۇپ كەتكەندۇر ياكى بىرەر جايدا كۆكرىكىنى نەمگە يېقىپ ياتقاندۇر.

3. ئاشىق توغرىسىدا بىز ئاڭلىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا بولسا، ئۇنىڭ سەلبىي شەخس ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شائىرلىقى توغرىسىدا شۇنى ئويلايمەنكى، ئۇنداق شەخسلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا قارىغاندا خېلى «سۆيۈق» ئىكەنلىكى كېلىپ چىقىدىغانغا ئوخشايدۇ. (مەن بۇ يەردە قىمبەرنىسانىڭ يۈكسەك ۋە مەنتىقىلىق مىسرالىرىغا جاۋابىن ئورۇنسىز «ئۈچۈق» سۆزلىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتىمەن.)

4. ناھايىتى چىرايلىق ۋە بەكمۇ جەلپ قىلغۇچى سوئال ئوتتا ياشىغان بىر مەرھۇمە سەمەربانۇ ئىسىملىك شائىرە ئۆتكەن بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ يىرىك ئەمما مەشھۇر شائىرلىرىدىن بولغان ھۆۋەيدا ئىشانىنىڭ نەۋرىلىرىدىن، سىراجى دېگەن خېلى ئىقتىدارلىق شائىرنىڭ قىزى ۋە ساقىب ئىسىملىك شائىرنىڭ سىڭلىسى ئىكەن. شائىرەنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى توپلىمىدىن ئىبارەت بولغان دىۋانى سىتالىنىزم يىللىرىدا تۇرىدىغان ئەسلى ئوشلۇق ئىبراھىمجان دېگەن شەخستە دەپ ئاڭلىدۇق. ئەمما شائىرە قىمبەرنىسانىڭ ئىشىكىدە تۇرغان سەمەربانۇ شۇمۇ يا باشقىمۇ، بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، مەزكۇرەنىڭ چىمىيانغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم. (ھۆۋەيدانىي چىمىيانىي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېمەك، شۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق مەن بۇنى ئېيتىشتىن چەتنەپ ئۆتمەكچىمەن. چۈنكى، ئېنىق بىلمەيمەن.

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

خېتىمنىڭ ئاخىرىدا شۇنى ئېيتالايمەنكى، قەمبەرنىسانىڭ ئاشىقىنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلماسلىقىمۇ، ئەگەر شۇ دەۋر شارائىتى نۇقتىئىنەزەرىدىن قارالسا، ئاشىقنى ئەجايىپ قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ. ئېھتىمال.

سالام ۋە ئېھتىرام بىلەن:

ئامانۇللا

1959 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

گەرچە بۇ خەت بىلەن مەسىلە خېلىلا ئايدىڭلاشقان بولسىمۇ، باشقا ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس. يەنى ئامانۇللانىڭ «شائىرەنىڭ تەقدىرى» ئۈچېرىكىدە قەمبەرنىسا مۇقىمىنىڭ قىزىنىدىشى ۋە شاگىرتى دېيىلگەن. ئەگەر بۇ رىۋايەت راست بولسا، ئۇ ھالدا مۇقىمى بىلەن قەمبەرنىسانىڭ قېرىنداشلىق دەرىجىسىنى ئېنىقلاش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن قوقانغا بېرىپ، مۇقىمىنىڭ ئەۋلادلىرىنى بىلىدىغان پېشقەدەملەرگە مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ھۆۋەيدانىڭ نەۋرىسى، شائىر سىراجىنىڭ قىزى سەمەربانۇنىڭ دىۋانى بولسا، ستالىنئابادتا ئىبراھىمجان دېگەن يىگىتتە ئىمىش. ئەگەر مەن ستالىنئابادقا بېرىپ، ئىلتىماس قىلسام ئىبراھىمجان ئۇ قولىيازمىنى بېرەرمىكىن؟ ئېھتىمال بەرمەس. دېمەك ستالىنئابادقا بارغاندا قۇرۇق قايتماسلىقنىڭ چارىسىنى ئىزلەش كېرەك. مانا شۇ سوئال بېشىمنى قاتۇرۇپ تۇرغان چاغدا ئىمادىددىن قاسىمۇۋ داچىغا كېتىۋېتىپ، تاشكەنتتە — ئەزىزوۋنىڭكىدە بىر كېچە قونۇپ ئۆتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە سەمەربانۇنىڭ ئۇكىسى ئامانخان مەخسۇم (ھازىر 85 ياشلاردا ئىمىش). ئابدۇلھەمىد ئاكىنىڭ: «ئىبراھىمجان دىۋانىنى سوراپ بارغان ئادەمگە بېرەرمىكىن؟» دېگەن سوئالىغا: «ئەگەر مەن خەت يېزىپ بەرسەم بېرىدۇ»—دەپتۇ. دېمەك ئامانخان مەخسۇم ھۇزۇرىدا بولۇپ، بۇ مويسىپىتنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇش لازىم. شۇ چاغدىلا ئۇ كىشىدىن خەت ئېلىپ بارغۇچىغا دىۋانىنى بېرىك، دېگەن مەزمۇندا خەت ئېلىش مۇمكىن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇشقا بېرىپ، سەمەربانۇنى بىلىدىغان مومايلار بىلەن سۆھبەتلىشىمۇ شائىرەنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان يەنە بىر تەرەپ ئامانۇللانىڭ: «مەن توختاسىن ئاكىنىڭ شائىرەلەر يۇزىسىدىن ئىمادىددىن ئاكامغا قىلغان تەلىپى مۇناسىۋىتى بىلەن قەمبەرنىسا دېگەن شائىرەنىڭ بىر مۇشائىرەسىنى تېپىۋالدىم» دېگەن جۈملىسىدۇر. ئامانۇللا مۇشائىرەنى قايسى مەنبەدىن، كىمدىن ئالدى؟ شۇ مەنبەلەردە شائىرەنىڭ باشقا ئەسەرلىرى يوقمىكىن. بۇ سوراقلارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئەنديجانغا بېرىپ، ئامانۇللا بىلەن تەمكىن ھالدا سۆھبەتلىشىش زۆرۈر. مانا شۇ مۇلاھىزە بىلەن ئامانۇللا ۋەلىخانوۋقا تۆۋەندىكى خەتنى ئەۋەتتىم:

ھۆرمەتلىك يولداش ۋەلىخانوۋ!

شائىرە قەمبەرنىسا ۋە سەمەربانۇلارنىڭ شەخسىيىتىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن ئەۋەتكەن سوئاللىرىمغا جاۋابەن يازغان خېتىڭىزنى ئالدىم. جاۋاب خېتىڭىزنى «ئۆزبېك شائىرەلىرى» ناملىق كىتابىمغا ئەينەن كىرگۈزىمەن.

يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ماي ئېيىدا قوقان، ئەنديجان ۋە ئۇشقا بارماقچىمەن. قايسى كۈنى بېرىشىم ھەققىدە سىزگە تېلېگرامما ئەۋەتىمەن.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: ت. ج

1959- يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## II

سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن ئىدارىدىن رۇخسەت ئېلىش زۆرۈر. مەن بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزبېكىستان دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ رەھبەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇلار مېنىڭ بۇ تەشەببۇسىمدىن غايەت مەمنۇن بولۇپ، رۇخسەت بېرىشتى.

مەن 1959-يىل 31-ماي كۈنى ئەندىجانغا بېرىپ، ئىمادىددىن قاسىموۋ، ئامانۇللا ۋەلىخانوۋ، ئابدۇلھەمىد ئابدۇرازاقوۋ ۋە ئۆز خىزمەتدىشىم ئا. ئەزىزوۋنى تاپتىم. (ئەزىزوۋ بۇ ۋاقىتتا بىر ئىش بىلەن ئەندىجانغا بارغانىدى). سۆھبەت ۋاقتىدا مەن دەرھال مەقسەتكە كۆچۈپ، ئامانۇللادىن قەمبەرنىسا توغرىسىدا سۈرۈشتۈرۈپلا كەتتىم. مەلۇم بولۇشىچە ئامانۇللا ئاشىق بىلەن قەمبەرنىسا ئوتتۇرىسىدىكى مۇشائىرە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىنى ئاشىقنىڭ ئوغلىدىن ئاڭلاپ يېزىۋالغانىكەن. ئاشىق بىلەن قەمبەرنىسا ھەققىدە باشقا تەپسىلاتلاردىن خەۋىرى يوق ئىكەن.

مەن ئەندىجاندا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئەتىسىگىلا ئابدۇلھەمىد ئاكا ۋە ئەزىزوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوشقا ماڭدىم. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن ئوشتا ھېچكىمنى تونۇمايتتىم. بۇ يولداشلارنىڭ بولسا، ئوشتا يارۇ-بۇرادەرلىرى كۆپ ئىدى. شۇ سەۋەبلىك مەن بۇلارنىڭ دوستلۇقىغا ۋە ۋاقتى كەلگەندە دالالەتلىرىگە مۇھتاج ئىدىم. ئوشتا ھەمراھلىرىم مېنى شەراپىددىن سەلاھى دېگەن كونا قەدىنىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشتى. شەراپىددىن ئاكا سودا سېستىمىسىدا ئىشلىسىمۇ شېئىرىيەتكە زوقمەن ئادەم ئىكەن. شەراپىددىن ئاكا كلاسسىكلىرىمىز ۋە سوۋېت شائىرلىرىنىڭ ئالاھىدە شېئىرلىرىنى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈپ، تەرمە بايان قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ دەپتىرىنى ئوقۇۋېتىپ، تۇساتتىن ئۆزىمىز ئىزدەپ يۈرگەن، شائىر ئاشىقنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ قالدۇق. بۇ دەپتەرگە ئاشىقنىڭ قازىلار ھەققىدىكى ھەجۋىسى ۋە باسمىچىلارغا قارشى يازغان ئۆتكۈر شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەن.

ئوشتا «سۇلايمان» ئاشىق نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ زات شەراپىددىن ئاكىنىڭ يېقىن دوستى ئىكەن. شەراپىددىن ئاكا دوستى سۇلايمان ئاشىق ھەققىدە بىزگە تۆۋەندىكى مەلۇماتلارنى بەردى: سۇلايمان مىرزا مەھمۇد ئوغلى «ئاشىق» 1860-يىلى ئوشتا كەمبەغەل ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ۋە 84 ياشقا كىرىپ، 1944-يىلى ئوشتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ئوش شەھىرىنىڭ ئەلىم تۆپە دېگەن جايىدا ئىكەن. سۇلايمان ئاشىقتىن مۇكەممەل دىۋان قالغان. ئۇ دىۋان ھازىر ئوغلى ئىبراھىمجاننىڭ قولىدا. ئىبراھىمجان ئوش شەھىرىنىڭ جىگدىلىك كوچىسىدا ئىستىقامەت قىلىدۇ.

سۇلايمان ئاشىق خۇش پېئىل، چاقچاقچى شائىر ئىكەن. ئۇنىڭ قازىلار ھەققىدىكى ۋە «كەل» رادىپلىق ھەجۋىلىرى بۇ پىكىرنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. شائىر ئاشىق ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئوش قازىخانىسىدا «ۋەكىل» (قانۇنشۇناس) بولۇپ ئىشلىگەن. نەتىجىدە، بۇ دائىرىدىكى ناھەقلىق، ئادالەتسىزلىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن، قازىلارنى مەسخىرە قىلىپ، ھەجۋىلەر يازغان. ئاقىۋەتتە، ئوش قازىسى خوجاخان قازى شائىر ئاشىقنى 80 كۈن قاماققا ھۆكۈم قىلغان.

سۇلايمان ئاشىق دوستى شەراپىددىن ئاكىغا قەمبەرنىسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇشائىرە-

www.uyghurkitap.com

سى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلغانىكەن:

ئىنقىلاب ھارپىسىدا سۇزاق رايونىدا① قازىلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. مەنمۇ ئۇش قازىسى بىلەن بىللە شۇ قۇرۇلتايغا بارغانىدىم. سوت ئىشلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر تاماملىنىپ، ھەممە قازىلار مۇپتى ۋە ئەئلەملىرى بىلەن چىقىپ كېتىشتى. قازىخانىدا خوجاخان قازى، مەن ۋە باشقا ئۇشلىق ھەمراھلىرىمىز قالدۇق. شۇ ۋاقىتتا بىر ئايال بىلەن بىر ئەر كىرىپ ئاجرىشىش خېتىنى تەلەپ قىلىشتى. ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولغىنى ئۈچۈن قازى ئاجرىشىش خېتىنى يېزىشقا بۇيرۇدى. خەت يېزىلىپ، قول قويۇش ئۈچۈن پەرەنجىلىك ئايالغا بېرىلدى. ئايال ئاپئاق نازۇك قوللىرىنى ئۇزىتىپ قەلەم سورىدى. مەن قەلەمنى دۇۋەتكە تەككۈزۈپ ئايالغا بەردىم. ئايال ئاجرىشىش خېتىگە قول قويۇپ قازىغا ئۇزاتتى. قازى خەتكە قاراپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى ۋە يۈزلىرىدە تەئەججۈپ ئالامىتى پەيدا بولۇپ ئاجرىشىش خېتىنى ماڭا ئۇزاتتى. مەنمۇ خەتكە قاراپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمىدىم. ئايال ئەڭ ماھىر خەتتاتلىق قەلىمى بىلەن:

«تەقدىر ئوقىن نىشانى قەمبەرنىسا جەفاكەش» دەپ قول قويۇپتۇ. بۇ يەردە قالغان ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. مەن ھۆرمەت بىلەن ئايالدىن:

— سىڭلىم، خەتنى كىمدىن ئۆگەنگەنىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

ئايال قىسقا جاۋاب قايتۇردى:

— قوقانلىق قېرىندىشىمىز شائىر مۇقىمىدىن.

ئەنە شۇ سوئال-جاۋابلاردىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا قارىتىپ دەرھال باشقا بىر قەغەزگە

ئاشىقنى مۇددەئاسى قەمبەر پەرى نىسادۇر،
ئارەزلەرى قىزىلگۈل، كاكۇللەرى قارادۇر.

بېيىتنى يېزىپ:

— سىڭلىم، ئاجرىشىش خېتىگە خاتا قول قويۇپسىز. باشقا يېرىگە قول قويۇشىڭىز لازىم ئىدى، — دەپ بېيىت بىلەن ئاجرىشىش خېتىنى قەمبەرنىساغا ئۇزاتتىم. ئايال خەتنى چۈمبىتى ئىچىگە ئېلىپ ئوقۇدى-دە، يەنە قەلەم سورىدى: مەن قەلەم ئۇزاتتىم. ئايال شۇ زامانلا جاۋاب يېزىپ ماڭا ئۇزاتتى.

كاكۇلگە قول ئۇزاتمە، ئەي ئاشىقى بەلاكەش،
ئىشىق ئەھلىگە بۇ كاكۇل گويا كى ئەجدەھادۇر.

شەراپىددىن ئاكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مۇشائىرە شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. قازىخانىدا باشقىلار ھۇزۇرىدا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش ئەپسىز تۇيۇلىدۇ. ئەمما كېيىنچە شائىر ئاشىق قەمبەرنىسانى ئىزلەپ تاپىدۇ ۋە قازىخانىدا باشلانغان مۇشائىرەنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مانا شۇ مۇشائىرەنىڭ تولۇق تېكىستى:

ئاشىق:

ئاشىقنىڭ مۇددەئاسى قەمبەرنىسا پەرىدۇر،
ئارەزلىرى قىزىلگۈل، كاكۇللەرى قارادۇر.

① سۇزاق — جالالئاباد شەھىرىگە يېقىن بىر رايون.

قەمبەرنسا:

كاكۇلگە قول ئۇزاتمە، ئەي ئاشىقى بەلاكەش،
ئىشىق ئەھلىگە بۇ كاكۇل گوياكى ئەجدەھادۇر.

ئاشىق:

زۇلفىڭ قارالىغىدىن كەسب ئەتتى لەيلى يەلدا،
زۇلفىڭ ھەۋاسى بىرلەن تەندىن بۇ جان بارادۇر.

قەمبەرنسا:

كاكۇللەردىم «ئەنەلھەق»① داردىنى رىشتەسىدۇر،
مەنسۇر ئاسىلسە ئانگە قەيدى ئارا ئەدادۇر.

ئاشىق:

جان بىرلە مال ھەددىيە، بولسۇن ساڭا نىگارا،
خاكى رەھىڭ كۆزۈمگە بەس بولسە تۇتىيادۇر.

قەمبەرنسا:

مال ئىلە جانىنى نېتكۇم ھاسىلسىز ئەرسە مەقسەد،
كەچتىم ئۇلەر بارىدىن، بۇ بارچە بىبەھادۇر.

ئاشىق:

ئاشىقىغە رەھم قىلغىل ئەي رەھمىسىز جەفاجۇي،
قالمە ۋۇبالىمىزگە، ئىشقىڭ بىردە بەلادۇر.

قەمبەرنسا:

ئەللامەئى زەمانغە ئەندىشە زىينەت ئېرمىش،
بېھۇدە ھەرزە ئەيىتماق بىل، تەۋرى نارەسادۇر.
ئاچىلسا غۇنچە كەلمىش ـ ساچىلماغى مۇقەررەر،
ئارتىق لەب ئاچماق ئەندى، قەمبەرنسا خەتادۇر.

بۇ مۇشائىرەنىڭ ئامانۇللا ۋەلىخانوۋ بىرگە ئەۋەتكەن تېكىستى بىلەن شەراپىدىدىن ئاكىنىڭ دەپتىرىدىكى **تېكىستى** بىر ـ بىرىدىن خېلى پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىز ئاشىقنىڭ:

سايەڭدىن ئىستىراھەت ئالماق ئۇمىد ئېتەرمەن،
پۇرقەت ئوتىدا جانا، جانىم كۆيۈپ بارادۇر.

---

① مەنسۇر ــ شەرق پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. بۇ كىشى «ئەنەلھەق» يەنى «مەن خۇدا» دېگىنى ئۈچۈن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېگەن بېيىتى شەراپىددىن ئاكىنىڭ دەپتىرىدە:

سايەڭدىن ئىستىراھەت ئالماق ئىلاجى بارمۇ؟
پۇرقەت ئوتىدا جانا، جانىم كۆيۈپ بارادۇر.

شەكلىدە يېزىلغان. بۇ بېيىتقا قەلەم تەككۈزۈلگىنى ۋە بىرمۇنچە تەھرىرلەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىراق قەمبەرنىسانىڭ ئۇنىڭغا جاۋابەن يازغان بېيىتىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى تامامەن بۇزۇپ تەھرىرلەنگەن. بۇ جاۋاب بىر كۆچۈرگەن نۇسخىدا:

سايەمدىن ئىستىراھەت ئالماق ئۈمىد قىلما،
ئۈممىدى ئىستىراھەت ئاشىقغە نارەۋادۇر.

بولسا، شەراپىددىن ئاكا نۇسخىسىدا:

سايەمدىن ئىستىراھەت ئالماق ئۈمىد قىلساڭ،
مال بىرلە جانىنى سەرپ ئەت، سايەم ساڭا رەۋادۇر.

تەرىزىدە يېزىلغان. شەراپىددىن ئاكىنىڭ دەپتىرىدە قەمبەرنىساغا قارىتىلغان يەنە مۇنۇ بېيىت بار:

ئىش قىلكى چىقما يولدىن، بول پەيرەۋى شەرىئەت،
تەقدىر بولسە ئىشرەت ـ دائىم ساڭا ـ ماڭادۇر.

بۇ بېيىت ئامانۇللانىڭ ماڭا ئەۋەتكەن نۇسخىسىدا يوق. ئويلىشىمچە مۇشائىرە قايتا تەھرىرلەنگەندە بۇ بېيىتنى باشقا بىر شەخس ئۆزى توقۇپ، شائىرەنىڭ غورۇرى، شەنى، نومۇسىنى قەستەن يەرگە ئۇرغان. ھەققەتەن ئاشىق مال ـ جېنىنى قۇربان قىلاي دەپ تۇرغاندا:

مال ئىلە جانىنى نېتكۈم ھاسىلسىز ئېرسە مەقسەد،
كەچتىم ئۇلەر باردىن بۇ پارچە بىبەھادۇر.

دېگەن. شائىرەنىڭ: «مال ئىلە جانىنى سەرپ ئەت...» دېيىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھېچقانداق مەنتىقىغە سىغمايدۇ.

بۇ مۇشائىرەنى دىققەت بىلەن ئوقۇغان ھەر بىر كىشى ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىسىدارىدا قەمبەرنىسا سۇلايمان ئاشىقتىن بىرنەچچە پەللە يۇقىرى تۇرغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىدۇ. قەمبەرنىسانىڭ بېيىتلىرىدە ئۆزبېك ئاياللىرىغا خاس غورۇر ۋە ھايا يالتىراپ تۇرىدۇ. مەن ئاشىق بىلەن قەمبەرنىسا شېئىرلىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ تۇرمايمەن. بۇ توغرىدا ئامانۇللا ۋەلىخانوۋنىڭ خېتىدە بايان قىلىنغان پىكىرلەرگە تولۇق قوشۇلىمەن.

شەراپىددىن ئاكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قەمبەرنىسا ئېرىدىن ئاجرىشىش خېتىنى ئېلىپ، قوقانغا كېتىدۇ. شائىر ئاشىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، قەمبەرنىسانىڭ ئارقىسىدىن قوقانغا بارىدۇ. لېكىن شائىرە سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، قەمبەرنىسا ئەنە شۇ داۋاسىز كېسەل تۈپەيلى ۋاپات بولىدۇ.

قەمبەرنىسادىن يەنە قانداق ئەسەرلەرنىڭ قالغانلىقى ۋە مۇقىمى بىلەن قانداق قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. بۇ توغرىدا تەكشۈرۈش ئىشلىرى داۋاملاشماقتا. مەسىلىنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى ئېنىقلاش قوقان زىيالىيلىرىنىڭ ھىممەت ۋە غەيرەتلىرىگە باغلىقتەك تۇرىدۇ.

## III

سەپەرگە چىقىشتىن مەقسەت قەمبەرنىسا بىلەن ئاشىق ھەققىدە ماتېرىيال توپلاشتىن تاشقىرى ھۆۋەيدانىڭ نەۋرىسى شائىرە سەمەربانۇ دىۋانىنى تېپىش ئىمكانىيىتى كىتابخانلارنىڭ خاتىرىسىدە بولسا كېرەك. ھۆۋەيدانىڭ ئوغلى سىراجى، نەۋرىسى ساقىبىلارنىڭ شائىر ئىكەنلىكى ئەدەبىيات تارىخچىلىرىغا مەلۇم. ئەمما ئۇنىڭ نەۋرىسى سىراجىنىڭ قىزى سەمەربانۇنىڭ شائىرە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە نامەلۇم ئىدى. سەمەربانۇنىڭ دېرىكىنى قاچان، كىمدىن ۋە قانداق ئاڭلىغىنىمىز مېنىڭ ئابدۇلھەمىد ئاكىغا يازغان خېتىمدە زىكىر قىلىنغىنى ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە تەكرارلاش ھاجەتسىز. سەمەربانۇنىڭ ئۆكىسى ئامانخان مەخسۇمنى ئەندىجاننىڭ زەۋراق قىشلىقىدا دەپ ئاڭلىغاندۇق. لېكىن ئەندىجانلىق خەيرىخاھلىرىمىز ئامانخان مەخسۇمنىڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ، زەۋراقتىن ئوشقا كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى. شەرايىدىن ئاكا بىزنىڭ بۇ سەپەردىكى مۇددىئايىمىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ، ئامانخان مەخسۇمنىڭ ئۆزىگە يان قوشنا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ھەمراھلىرىم شەرايىدىن ئاكا ۋە شائىر مەھجۇر قاتارلىق بەش كىشى ئامانخان مەخسۇمنى كۆرگىلى كىردۇق. ئامانخان مەخسۇم 87 ياشتا ئىكەن. ئېغىر كېسەللىكتىن كېيىن، ھازىر بىر ئاز ئۆزىگە كەلگەن بولسىمۇ، تېخىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرالمايدىغان، كەلگەن ـ كەتكەنلەرنى بەزىدە تونۇپ، بەزىدە ئەسلىيەلمەيدىغان ھالەتتە ئىكەن. كېسەل بوۋاي كۆزلىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېچىپ، بىزگە قارايتتى. لېكىن ھېچقايسىمىزنى تونۇيالماي تەئەججۈپ بىلەن تىكىلەتتى. شائىر مەھجۇر بىلەن شەرايىدىن ئاكا بوۋاينى مۈرىسىدىن يۆلەپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى تونۇتۇشتى. بوۋاينىڭ چىرايى ئېچىلىپ، خۇش كېلىپسىز دەپ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى. مەھجۇر بىزنى كۆرسىتىپ، بۇ كىشىلەر تاشكەنتتىن سىزنى زىيارەت قىلغىلى كېلىشىپتۇ، دېدى. بوۋاي تامامەن ھەيرانلىقتا قېلىپ گاھى ماڭا، گاھى ھەمراھلىرىمغا باقاتتى. بوۋاينىڭ قۇلاقلىرى ئېغىر، پۇت ـ قوللىرى دەرمانسىز، بېلىدىن قۇۋۋەت، كۆزلىرىدىن نۇر كەتكەن. لېكىن يۈزلىرى شۇ قەدەر نۇرانە، شۇ قەدەر خۇش خۇي ئىدىكى، ئۇنىڭغا كىشى قاراپ تويمايتتى. مەن بۇ بوۋاينىڭ سۈرىتىنى ئېلىۋالمىغانلىقىمغا تېخىچە ئەپسۇسلىنىمەن.

شائىر مەھجۇر:

— بۇ بوۋاي ياشلىقىدىن تارتىپ ناھايىتى خۇش چاقچاق ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ھەۋەس قىلاتتى. مەخسۇم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن، تىبابەت بىلەن شۇغۇللانغان، كۆپلىگەن كېسەللەر ئۇنىڭ قولىدىن شىپالىق تاپقان، — دېدى.

مەن ئامانخان مەخسۇمغا قاراپ تۇرۇپ ئۆمەر ھەييامغا ئوخشاش خىياللارغا چۆمدۈم. كۆپلەرنىڭ دەردىگە داۋا تېپىپ ئۇلارغا ھايات بېغىشلىغان بۇ نۇرانە بوۋاي ھازىر ئۆزى «قېرىلىق» دەپ ئاتالغان داۋاسىز دەردكە گىرىپتار!... ناھايەتكى «قېرىلىق» دېگەن بۇ مۇدھىش كېسەلنىڭ داۋاسى بولمىسا!

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى



بوۋايغا سوئاللار بېرىلسە، چۈشىنەتتى. لېكىن پىكىرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ جاۋاب قايتۇرالمايتتى. شۇ چاغدا شەراپىددىن ئاكا ئەمىرنىڭ يىگانە بىر غەزىلى ۋەزنىدە ئامانخان مەخسۇم يازغان چاقچاق تەرىزىدىكى بېيىتنى ئەسلەتتى. بوۋاينىڭ يۈز ۋە كۆزلىرىگە نۇر يۈگۈرۈپ كۈلۈپ - كۈلۈپ تۆۋەندىكى بېيىتلەرنى ئوقۇدى:

ئەمىر:

قەدەھ بىشكەست ساقىي، مەن شىكەستەم شىشەئى دىلرا،

تۈھەم تۇرفى كۈلاھ بىشكەن، كى بىشكەن - بىشكەن ئەست ئىمشەب.

ئامانخان مەخسۇم:

قاۋۇن پىشتى، ئەنارۇ ئالما پىشتى، ناك ھەم پىشتى،

مەنەم پىشتىم، سەنەم پىشكىن، كى پىشكەن - پىشكەن ئەست ئىمشەب.

كېيىنكى بېيىت بوۋاينىڭ ياشلىق شوخلۇقلىرىنى ئەسلەتكۈچى ئۇنىڭ سۆھبەتخۇمار-لىقىنى كۆرسەتكۈچى بىر دەلىل، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل بوۋاي كۈلەتتى. بىز-مۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ خۇشاللىناتتۇق.

مۇنداق ئويلاپ قارىسام بوۋاي راستىنلا «پىشىپ» قاپتۇ. شۇ ئەلپازدا ئۇنىڭدىن سەمەربانۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدا سوئال سوراش ئەپسىز تۇيۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئامانخان مەخسۇمنىڭ ئوغلى سەلاھىددىنغا مۇراجىئەت قىلىپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدۇق. بىز ستالىنئاباتتا دەپ خەۋەر تاپقىنىمىز بويىچە ئىبراھىمجاننىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى سورىدۇق. مەلۇم بولۇشىچە ئىبراھىمجان ستالىنئاباتتا ئەمەس، سۇرخاندەريا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئۇزۇن رايونىدا تۇرىدىكەن. بۇ ئائىلىدىن سەمەربانۇ ھەققىدە باشقا ھېچقانداق مەلۇمات ئالالماي، خوشلىشىپ چىقتۇق. دېمەك، مەن ستالىنئاباتقا ئەمەس، سۇرخاندەرياغا بېرىشىم لازىم. شۇ پەيتتە شائىر مەھجۇر يېڭى بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ كىشى:

— ئۇستا ئامانخان مەخسۇمدىن باشقا شائىر ساقىبنىڭ ئوغلى رازىددىن مەخسۇم ياشايدۇ، سەمەربانۇ ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسى بولىدۇ. ئېھتىمال شۇ كىشىدىن بىرەر يېڭىلىق ئاڭلارمىز،— دەپ قالدى.

سۈرۈشتۈرۈپ رازىددىن مەخسۇمنى تاپتۇق. 50 ياشلار چامىسىدىكى بۇ كىشى كولخوز تراكتور رېمونت كارخانىسىدا سېلىسار بولۇپ ئىشلەيدىكەن. رازىددىن مەخسۇم دىۋاننىڭ ستالىنئاباد ۋە سۇرخاندەريادا بولۇش ئېھتىماللىقىنى رەت قىلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

— سەمەر ئاچامنىڭ دىۋانلىرى بىرنەچچىدە ئىدى. بۇندىن ئون يىل ئىلگىرى چوڭ ئاچام بەھرىنىسا چىمىيانغا ئېلىپ كەتكەنىدى. ئالتە يىل ئىلگىرى چوڭ ئاچىمىز ئالەمدىن

ئۆتتى. ئۇ كىشىدىن بىر قىز قالغان، ئىسمى مۇنىسخان. ئەنە شۇ جىيەنىم «مۇنىس» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازىدۇ، مۇنىسخان ئۆزى شائىرە بولغىنى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ قولىدىكى كىتابلار جۈملىدىن سەمەربانۇ ئاچامنىڭ دىۋانلىرى شۇنىڭ قولىدا بولۇشى مۇقەررەر. شۇڭلاشقا سىز ئاۋارە بولۇپ، ستالىنئاباد ۋە سۇرخاندەرياغا بارماي، ئۇدۇل چىمىيانغا بېرىپ، مۇقىمىددىن مەخسۇمنى تېپىڭ. ئۇ كىشى بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىلتىماس قىلسىڭىز دىۋاننى سىزگە كۆرسىتىدۇ.

رازىددىن مەخسۇمنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنى روھلاندۇردى. مەن ئۇ كىشىدىن موقىمىددىن مەخسۇم نامىغا بىر خەت يېزىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. رازىددىن مەخسۇم مەمنۇنىيەت بىلەن تۆۋەندىكى خەتنى يېزىپ بەردى:

«مۇقىمىددىن ئاكام ۋە ھەمجىگەرلىرىمگە سالامدىن سوڭرە سۆز شۇلكى، بارغان مېھمانلارغا ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ ۋە سەمەربانۇ ئاچامنىڭ كىتابى نەدىلىكىنى بىلگىنىڭىزچە ئېيتىپ بېرىڭ، دەپ ئۆتكىنىز:

رازىددىن.»

مەن خەتنى ئېلىپ چەكسىز سۆيۈندۈم. نەزەرىمدە چىمىيانغا بېرىشىم بىلەن (مەن سەككىز ئايدىن بۇيان سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەن) سەمەربانۇ دىۋانىنى ماڭا چىقىرىپ بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

سەمەربانۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ئاققا كۆچۈرۈپ، ئىككى نۇسخا دىۋان تۈزگەن، دىۋاندا «ئەلىف»دىن «يا» غىچە شېئىرلار بار. بۇنىڭدىن تاشقىرى قېرىنداشلىرى ئۆزلىرىگە ياققان شېئىرلىرىنى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈپ ئېلىشقان، دەپ ئاڭلىدۇق. شائىر مەھجۇر مانا شۇ دەپتەردىكى غەزەللەرنى ئوقۇغانىكەن. مەن مەھجۇردىن سىز ئوقۇغان شېئىرلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى قانداق ئىدى؟ دەپ سورىدىم. مەھجۇر دەپتەردىكى مەسنەۋىياتلار سوپىلارچە، غەزەللىرى بولسا، راۋان ۋە شوخ دەپ جاۋاب بەردى. ئاشۇ دەپتەر ھازىر ئەندىجان ئوبلاستىنىڭ ۋورۋوشىلوۋ رايونىغا قاراشلىق قىشلىقىدا تۇرغۇچى موللا باتۇردا دەپ ئاڭلىدۇق. شۇنداق قىلىپ ئوشتىن قايتىشتا ئابدۇلھەمىد ئابدۇرازاقوۋنى قاراسۇغا ئۇزىتىپ، ئەزىزوۋ ئىككىمىز ئەندىجانغا قايتتۇق. ئەتىسىگە ئابدۇلھەمىد ئاكا كېلىپ: «دەپتەر شۇلاردا. لېكىن بەرمەيۋاتىدۇ، مىدىرلىغان قوزۇققا ئوخشايدۇ. مىدىرلايدۇ يۇ، چىقمايۋاتىدۇ» دېدى.

شۇ ۋاقىتتا ئەندىجانغا يازغۇچىلار سايوزىنىڭ يوللانمىسى بىلەن شائىر ھەبىبىي بېرىپ قالدى. ئۇ كىشى ئەندىجان ۋە نەمەنگاندە بولۇشى لازىم ئىكەن. مەن ئۇ كىشىدىن يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئابدۇلھەمىد ئاكا بىلەن ئوش ۋە قاراسۇغا چۈشۈپ، سەمەربانۇنىڭ دەپتىرىنى تېپىشتا ماڭا ياردەم بېرىشىنى سورىدىم. ھەبىبىي ماقۇل بولغانىدىن كېيىن مەن چىمىيانغا يولغا چىقتىم. ئەندىجاندىن پەرغانىگە، پەرغانىدىن ۋادىل رايونىغا بېرىپ، ئاندىن چىمىيانغا ئۆتتۇم. چىمىياندا «لېنىنگراد» كولخوزىنىڭ ئېكسپېدىتورى① ھ. مەخسۇتوۋ مېنى مۇقىمىددىن مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. مەن مۇقىمىددىن ئاكىغا قانداق ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەنلىكىمنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ، رازىددىن

① ئېكسپېدىتور — ئورگانلاردىكى خەت - چەك، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ خادىمى.

www.uyghurkitap.com



مەخسۇم يېزىپ بەرگەن خەتنى تاپشۇردۇم. ئەپسۇسكى قېرىنداشىنىڭ خېتىمۇ، مېنىڭ ئىلتىجالىرىممۇ پايدا بەرمىدى. مۇقىمىددىن مەخسۇم: «كىتاب بىزدە ئەمەس، ئەراۋاندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭكىدە بولسا كېرەك» دەپ تۇرۇۋالدى.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى سىزنىڭ ئەۋلادىڭىز ئۈچۈن شان - شەرەپ دېسەممۇ كار قىلمىدى. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغان تەقدىردە ماددىي جەھەتتىن مەنپەئەتدار بولۇشىنى ئۇقتۇردۇم. كار قىلمىدى. ئەسەر قالدۇرۇش — پەرزەنت قالدۇرۇشتۇر. بۇ ئەسەرنى يوشۇرۇپ، خەلقنى ئۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلماسلىق — بىراۋنىڭ پەرزەنتىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش جىنايەت دەپمۇ باقتىم، كار قىلمىدى. بولمىسا، رەپىقىڭىزنى چاقىرىڭ، بەلكى ئۇ كىشى بەزى غەزەللىرىنى ياد بىلىدىغاندۇر، مەن ئۇ كىشىدىن ئاڭلاپ يېزىۋالاي دېسەممۇ كۆنمىدى.

شۇ تەرىقىدە سەمەربانۇ دىۋانىنى ھالاكەتتىن ساقلايمەن، دەپ قىلغان تىرىشچانلىقلىرىم نەتىجىسىز ئاياقلىشىپ، تاشكەنتكە قايتتىم.

ئارىدىن 3 - 4 كۈن ئۆتمەي، رازىددىن سەلاھىددىنوۋ ئۆزبېكىستان دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشى مېنىڭ چىمياندىن ھېچنەرسە تاپالماي خاپا بولۇپ قايتقىنىمنى بىلىپ:

— مەن ئەتە ئوشقا قايتىمەن، يەرنىڭ تېگىدە بولسىمۇ سىزگە بىرنەرسە تېپىپ ئەۋەتىمەن،— دېدى.

رازىددىن ئاكا بىزنى ئالدىمىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەي، ئۇ كىشىدىن تۆۋەندىكى خەتنى ئالدۇق:

«سىزنىڭ ئالدىڭىزدىن كەلگىنىمدىن كېيىن، توغرى ئەراۋان بىلەن تۆپە قورغانىغا باردىم. ئاچام ھاجىنىسا سەلاھىددىن قىزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىر ئاغار كونا كىتابلارنى بىر چەتتىن قاراپ، مۇنۇ شېئىرلارنى تېپىپ ئەۋەتتىم. قالغىنىغا نېمە دەي. ئەسسالام ئەلەيكوم: رازىددىن»

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

سەمەربانۇ مەشھۇر شائىرىمىز ھۇۋەيدانىڭ نەۋرىسى، شائىر سىراجىنىڭ قىزى، شائىر ساقىبنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 60 ياشقا كىرىپ، بۇنىڭدىن 65 يىل ئىلگىرى ئوشتا ۋاپات بولغان. دېمەك: سەمەربانۇ 1834 - يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1894 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. شائىرەنىڭ جىيەنى رازىددىن سەلاھىددىنوۋنىڭ بىزگە يازغان خېتىدە، سەمەربانۇنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بەزى دىتاللار بار. مانا ئۇ كىشى تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

«سىراجىنىڭ تۆت قىزى بولۇپ ئەڭ چوڭى سەمەربانۇ بولغان. ئۇ دەسلەپ بىر داموللىغا نىكالىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىپ، ھۇسەيىن ئاكا دېگەن بىر دېھقانغا چىقىشقەن. ئۇنىڭ بىلەن 40 يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، پەرزەنت كۆرمەستىن ئوشتا ۋاپات بولغان.»

ئامانخان مەخسۇم بۇنىڭدىن 7 - 8 ئاي ئىلگىرى ئابدۇلھەمىد ئابدۇرازاقوۋغا ئاچىسى سەمەربانۇ توغرىسىدا سۆز ئېچىپ:

— مەن تۆت يېشىمدىن تارتىپ شۇ ئاچامنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستۈم. ئاچام زامانىسىنىڭ

ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىك ئاياللىرىدىن ئىدى. شېئىرىيەتتە زىبۇننىسادىن كەم ئەمەس ئىدى، — دەپتۇ.

شائىرەلىك سەمەربانۇغا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مىراس. ئۇنىڭ بوۋىسى ھۇۋەيدا ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۇلۇغ سىمالاردىن بىرى. ھۇۋەيدا مۇتەپەككۇر سوپىتىدە ئىدىيالىزم بىلەن ماتېرىيالىزم ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ يۈرگەن. ئۇ گاھى ساماۋىي گۈزەللىكلەردىن زوقلىنىپ، گاھى يارنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇ ھەققىتە مەدھىيەلەر يازاتتى. ھۇۋەيدا شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبى يەڭگىل، راۋان ۋە رەڭدۇر. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا يېقىندۇر. تۆۋەندىكىلەر ھۇۋەيدا شېئىرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەمۇنىلەر:

ئەرزىمەنى ئەيدىم بادى سەباغە،
يەتكۈزسە ھالىم ئۇل دىلرەباغە.
قىلسە خۇدايىم كۆڭلىن مۇلايىم،
رەھىم ئەيلەگەيمۇ مەن مۇپتەلاغە.

يەنە:

رەھىم ئەيلىسەڭچۇ دىۋانەلەرغە،
ئىشقىڭدە بولغان ئەفسانەلەرغە.
.................................
.................................

ئەي، مەيپۇرۇشىم بىركاسە مەي بەر،
كەلدى ھۇۋەيدا مەيخانەلەرغە.

يەنە:

باقسام بۇ جەھاندە ھەمەدە دەردۇ ئەلەم بار،
ھەر ئادەمىنىڭ كۆڭلىدە بىر زەيلىدە غەم بار.
دۇنيادە ھۇۋەيدا نەفەسى ئۇرمەدى شادى،
ھەيھات ئانىڭ باغرىدە كۆپ خارى سىتەم بار.

ھۇۋەيدانىڭ ئوغلى سىراجىمۇ كۈچلۈك شائىر ئىدى. تۆۋەندىكى نەپىس بېيىت سىراجىنىڭدۇر:

سىراجى بېدىلۇ ھەيرانلىگىنى بىسەبەب بىلمەڭ،
مېنى بېدىلدىن ئالغان دىلنى ئۇل دىلدار ھەر سائەت.

www.uyghurkitap.com

ھۆۋەيدانىڭ نەۋرىسى، سىراجىنىڭ ئوغلى سەلاھىددىن ساقىب ئۆز دەۋرىنىڭ ياخشى شائىرلىرىدىندۇر. بۇ كىشىنىڭ دىۋانىنى ئوغلى رازىددىن سەلاھىدىنوۋ تاجىكىستان دۆلەت مۇزېيىغا تاپشۇرغان. «دىۋانى ھۆۋەيدا» ساقىبنىڭ تەشەببۇسى، سۆز بېشى بىلەن نەشىر قىلىنغان. ساقىب «كۆك چاي» رادىفلىق شېئىرىدا ئاچىسى سەمەربانۇنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

بۇ چاي ئەشئارىنى ساقىب، بىلىڭ ئەۋۋەل تۈگەتىپدۇر.
دېبان بانۇ: «جەمئى ي مۇشكۇل ئىشلەرگە كوشا كۆك چاي».

سەمەربانۇ (بۇندىن كېيىن بانۇ تەخەللۇسى بىلەن ئاتايمىز) ئۆز شېئىرلىرىنى دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئىككى نۇسخا كۆچۈرگەنلىكىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەندۇق.

رازىددىن سەلاھىدىنوۋنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن بانۇ شېئىرلىرى ناھايىتى كونىراپ كەتكەن بىر دىۋانىڭ يەتتە ۋارىقىدىن يىرتىپ ئېلىنغان پارچە-پارچە قەغەزلەردىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ پارچە قەغەزلەردىكى شېئىرلارنى باشتىن-ئاخىرغىچە ئوقۇش ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش. چۈنكى شېئىرلارنىڭ يا بېشى، يا ئاخىرى يوق. بەزى پارچىلاردا مىسرالارنىڭ يېرىمىلا قالغان.

بانۇ دىۋانىنىڭ شۇ يىرتىق پارچىلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ تۆرلۈك غەزەللىرىدىن تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق:

ئىشق ئىشىن تۈگەتكەن ئەلنىڭ جۈملەئى كارى مۇباھ،
ئاھى سەردۇ، رۇيى زەردو نالەئى زارى مۇباھ.
ۋەسلى مەھتابىندە ئاشىق دائىما زارۇ ھەقىر،
شاھى ھۇسنىن ئالدىدە بولغۇسى ئەغيارى مۇباھ.
ئەرشى ساقىدە بۈتۈكلۈك بولسە ئاشىق گىريەسى،
يارىغە ئاشقىلەرىنى بولسە، سەرشارى مۇباھ.
بىر ئۆلۈپ مىڭ يول تىرىلگەي ئىشتىياقى ياردىن،
دەردى بىدەرمان ئولۇپ بانۇيى بىمارى مۇباھ.

يەنە:

زۇلەيخائى زەمانىدە تۇغۇلدى مىسرى① ئۇش ئىچرە،
ئاڭا ئول يۇسۇفى كەنئان كەبى قويدى بەھا ئول شوخ.
تەمامى باش ئەياغى خۇبدۇر ئۆزگە ياراشۇقدا،
بىلىپ بولماس ئانىڭ زىندانى ئىشق ئىچرە فەنا ئول شوخ.
كۆرۈپ چاھى زەنەخدانىن ھەممىشە بەندى زىندانىمەن،
غۇبارى مەقدەمىن كۆزگە قىلۇردىم تۇتىيا ئول شوخ.

يەنە:

يۈزىڭنى ساغىنىپ دىلبەر ئەرەك تەن ئىچرە جان كېلدىم،
ئۆلەرگە چاغلادىم ئۆزنى بەھەمدۇللاھ ئامان كېلدىم.

① «مىسر» سۆزى بۇ ئورۇندا شەھەر مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. مىسر ئۇش شەھەرى.

يۈزىڭنى ئارزۇسىدە يىتىشگۈنچە چۇنان يىغلاب،
سىنى يادىڭنى ئەيلەپ كېچەۋۇ كۈندۈز نىھان كېلدىم.
نەچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتدى، لەبىڭنى خەندەسىن كۆرەەي،
قىزىلگۇل غۇنچەسىدەك تەھ-بەتەھ باغرىمدە قان كېلدىم.
يۈزىڭدەن ئۆرگىلەي دىلبەر ماڭا سەن بولماغىل زالىم،
جەمالىڭنى كۆرەي دەپ قاشىڭە ئۇشبو زەمان كېلدىم.

يەنە:

كېتدىڭ يارىم مېنى تىرىك ئۆلدىرىب،
چىرايىمنى زەئفىراندەك سولدىرىب،
يۈرەگىمنى غەمۇ قانگە تولدىرىب.

كەتتى يارىم كۆڭلۈم بىجا ئەيلەبان،
ھىجران داغىن باغرىمدا جا ئەيلەبان،
كۆز ياشىمنى ئاقغان دەريا ئەيلەبان.

بانۇ 40 يىلدىن ئارتۇق بىر دەۋر ئىچىدە بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شۇڭا بۇ پارچىلارغا قاراپ بانۇ دىۋانىنىڭ قىممىتىنى ئېنىقلاش مۈشكۈل ئىش. شۇنىسىمۇ باركى، مىرزابىدىل: «مەن خەرىتىگە قاراپ دېڭىزنى كۆرىمەن» دېگەن. دېمەك، ھەر بىر زېرەك ئوقۇغۇچى بۇ پارچىلارغا زېھىن قويۇپ، بانۇ كىچىك شائىر ئەمەس، دېگەن پىكىرگە كېلىشى مۈمكىن. ھەقىقەتەن «مۇباھ»، «ئول شوخ»، «كەلدىم» رادىفلىق شېئىرلار شائىرەنىڭ ئەقىل ۋە ئىستىداتىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى دەلىللەردۇر.

«ئىككى شائىرەنىڭ ئەدەبىي مىراسىنى ئىزدەپ» توپلىغان مەلۇماتىمىز ۋە تاپقان نەمۇنىلىرىمىز ھازىرچە مانا شۇلار.

لېكىن بىز ئىزدەش ئىشلىرىنى توختاتقىنىمىز يوق، تەتقىقات داۋاملىشىدۇ.

**ئوچېرىكتىكى ئاساسىي پىرسوناژلار توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات**

سىراجى — شائىر ھۇۋەيدانىڭ ئوغلى.
سەمەربانۇ — سىراجىنىڭ چوڭ قىزى.
ئامانخان مەخسۇم — سىراجىنىڭ ئوغلى، سەمەربانۇنىڭ ئۇكىسى.
ساقىب — سىراجىنىڭ ئوغلى، سەمەربانۇنىڭ ئاكىسى.
سەلاھىددىن — سىراجىنىڭ ئوغلى.
رازىددىن مەخسۇم — ساقىبنىڭ ئوغلى، سەمەربانۇ رازىددىنىنىڭ كىچىك ئاپىسى.
بەھرىنسا — ساقىبنىڭ قىزى، رازىددىننىڭ چوڭ ئاپىسى.

(تاشكەنت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن 1959 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك شائىرەلىرى» ناملىق كىتابىدىن)

www.uyghurkitap.com

# مەلىك مېھرىباشقا



(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىنجان ئەخمىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مەزكۇر داستان 1982 — 1983 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر فوندىغا ئېلىنغان، تىزىملانغان نومۇرى — 002842.

قوليازما داستاننىڭ مۇقاۋىسى يوق، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا بۇ داستان قولدىن قولغا ئۆتۈپ ياخشى ساقلانمىغان. 1 - بېتىگە ھەرخىل سەۋەب - ئېھتىياج، كېسەللىكلەر ئۈچۈن پۈتۈلىدىغان تۇمار ئايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى ئۇششاق، زىچ قىلىپ پۈتۈلگەن. ئۇ، پەقەت ئەنە شۇ ئايەتلەر توپلىمىنىڭ ئاخىرقى بېتىلا ئىدى. داستان قولىيازمىنىڭ 2 - بېتىدىن باشلانغان. داستاننىڭ 2 - بېتى ۋە ئاخىرقى بېتى چاپلانغان يېرىدىن ئاجراپ، ئەتراپى خېلىلا يىرتىلغان. داستاننى قەلەمگە ئالغۇچى دىققەتسىزلىك بىلەن سىيا تەككۈزۈپ بەزى سۆزلەرنى سۇگاشتۇرۇۋەتكەن، قەلىمىدىكى ئارتۇق سىيانى قەغەزنىڭ چەتلىرىگە سۈركىگەن، ئىملاسى باشتىن - ئاخىر بىرخىل سۈپەتتە ئەمەس. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى بەتلەرنى باشقا كىشى يازغاندەك تۇرىدۇ، لېكىن بۇنداق بەتلەر بىرقانچىلا.

داستاننى ساقلىغۇچىلاردىن بىرىنىڭ 2 - بەتنىڭ چېتىگە يېزىپ قويغان «تەۋارىخى بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك ئىككى...» (ئاخىرى يىرتىلىپ كەتكەن) دېگەن سۆزلەرگە، 45 - بەتنىڭ چېتىگە داستاننى كۆچۈرگۈچى تەرىپىدىن «موللا ئىسمايىل ئىبن سەدىردىن تەۋارىخنىڭ يىگىرمە ئىككىسىدە تۇغۇلۇپ، يەنە تەۋارىخنىڭ ئاتمىش بەشىغىچىلىك ئۆمۈر كۆرۈپ، يېتىملىك بىلەن ھېچ ئىش، نە راھەت كۆرمەي...» (ئاخىرى ئۆچۈپ كەتكەن) دېگەن سۆزلەرنىڭ (موللا ئىسمايىل ئىبن سەدىردىن كۆچۈرگۈچىنىڭ يېقىن دوستى، بۇرادىرى بولسا كېرەك) ھەمدە 46 - بەتكە «ھېساب قىلىڭ خالايىقلەر ياشىم قىرىق بەشكە يەتكەندۇر، ئاجايىپ بىۋەفا دۇنيا مەڭا كەلتۈرۈپ پەلاكەتلەر...» دېگەن مىسرالارنىڭ چوڭقۇر قايغۇ ۋە ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن يېزىپ قويۇلغىنىغا ئاساسلانغاندا، داستاننىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتـ

تۇرلىرىدا قەلەمگە ئېلىنغانلىقى، ياكى كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق.

داستان ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا خاس ئۇسلۇب بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دىنىي ئىدىئولوگىيىسى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. بۇنى، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە توغرا چۈشىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

داستاننى نەشرگە تەييارلاشتا، مەزكۇر داستاننىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولغان مۇشۇ بىردىنبىر قولىيازما نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. تەتقىقاتتا پايدىلىنىش يۈزىسىدىن مۇمكىن قەدەر ئەسەرنىڭ ئۆز تىلى (چاغاتاي تىلى) ئاساس قىلىندى، جۈملىدىن، چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلىگە سادىق بولغان ئاساستا، مەلۇم دەرىجىدە ئاممىباب خەلق تىلىغىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلدى.

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

ئەمما راۋىيان ئەخبار ۋە ناقىلان ئاسار، مەھدىسان فەسل داستان سۆز ئىشتمەك كېرەك:

شەھرى قۇزۇۋىندا بىر پادىشاھ بار ئېردى، ئاتىنى پادىشاھ مەئمۇر دەر ئېردى. ئول پادىشاھغە ئۈچيۈز ئاتمىش ئالتە شەھەر تابىئ ئېردى. لەشكەرى بىھېساب، دۇنيايى هەم ئەدەدسىز ئېردى، ئىززەت-فەراغەت بىرلە ئۆتتۈر ئېردى. هېچ فەرزەندلەرى يوق ئېردى. كېچە ۋە كۈندۈز خۇدايى تەئالادىن فەرزەند تەلەب قىلۇر ئېردى. ئەللاھتەئالا تەلەبىنى ئىجابەت قىلدى، مەلىكەسى هامىلەدار بولدى. شاھ مەئمۇر بىسيار خۇرسەند بولۇپ فەرزەندى هەققىدە فەقىر يېتىملەرگە خەيرى-ئېھسانلار قىلدى. ۋەقتىكى هامىلەسى يېقىنلاشتى. **بىر** كۈنى پادىشاھ مەئمۇر فەرزەندىنىڭ فىكرىدە خىيال قىلىپ، قۇزۇۋىنىنىڭ هۆكۈمالەرىنى جەمئ قىلىپ ئىنئاملار ئىسار ئەيلەپ ئەيدىكى: «ئەي هۆكۈمالار، ئەھلىيەمىز مەلىكەھامىلە بولۇپدۇر، تەۋەللۇد قىلۇر ۋەقتى يېقىن يېتىبدۇر، قۇرئى سېلىپ كۆرۈڭلار. نېچۈك فەرزەند ۋۇجۇتغە كېلۇر؟ ئوغۇلمۇ يا قىزمۇ مەئلۇم قىلىڭلار!»

بىر مىڭ ئۈچيۈز دانا، ئاقىل، دانىشمەند هۆكۈمالار ياخشى سائەتىدە قۇرئى سالىپ، كىتابلارنى بىر-بىرلەرىگە زەرب قىلىپ، ئىتتىفاق بىرلە پادىشاھ مەئمۇرغە ئانداغ جەۋاب بەردىكىم: «ئەي پادىشاھىم، بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىلكىم ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دەۋلەتىڭ فۇزۇن بولسۇنكىم ئوغۇل فەرزەند ۋۇجۇدغە كېلۇر ئىكەن. تۇغۇلماق زەمان بۇ شەھەرگە كۇھقافدىن پەرىلەر كېلىپ شەھزادەنى كۇھقاف گۈلىستان ئىرەمگە ئالىپ كېتەر، بىزنى سىزنى ئىشتىياقدا قويار، كۇھقافدىن ئون ئىككى ياشقە كىرمەگۈنچە كەلمەس. ئانداغ بىر نۇرانە خۇشرۇي ساھىب**جەمال** فەرزەند تەۋەللۇد قىلۇركىم ئانىڭ **شەققەسىغە** ئافتاب ۋە ماھتاب غەلىبە قىلۇر ئاڭا ئاگاھ بولماق كېرەك.»

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، **غەمگە** مۇبتەلا بولۇپ، فەرزەندىنىڭ فىراقىدا زار-زار يىغلاپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى:

نەچۈكدىن غەرىبلىق ماڭا يېتەرمۇ؟
تەمام بولمايىن ئىشىم ئۆتەرمۇ؟
بۇ جانلار قىرنالىب مۇنداغ بۇلۇرمۇ؟
فەقىر قىلسە تەڭرىم، شاھ قىلغۇنچە.

ئەۋۋەلىدە بىرلۇپدۇرمەن پادىشاھ،
ياخشىراقدۇر پادىشاھلىقدىن گەدا،

بۇزۇلۇر كۆڭلۈم جۇدا بولسە بەلا،
چىقىپ كېتەي يۇزۇمىزنى قارا قىلغۇنچە.

يىغلاپ يۈرسەم سەھرالەردە ئاھ ئۇرۇپ،
ئاھ دېسەم يۈرەكىم قانغە تولۇپ،
تىرىك يۈرگۈنچە بالام ئىلگەرى ئۆلۈپ،
رەقىبلەر سېنى مەندىن جۇدا قىلغۇنچە.

بۇ جۇدالىق ھىجرى ئوتى ياماندۇر،
ئايرىلمايىن يەنە ئۆلسەم ئارماندۇر،
تىرىك يۈرۈپ جۇدا بولسام ياماندۇر،
يۈرەك بىرلە باغرىم يارا قىلغۇنچە.

فەرزەند يۈزىن كۆرمەيىن قالدىم بەلاغە،
ئۆتەر بولدۇم دۇنيادا يەتمەي قاراغە،
شاھ مەئمۇر يىغلاغىل ئەمدى خۇداغە،
سېنى مەندىن ئايرىپ جۇدا قىلغۇنچە.

مەئمۇر شاھ ئەيدىكىم:
«ئەي ۋەزىر - ئۇمەرالارىم، بۇ ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلماساق كېيىن پۇشايمان قىلۇرمىز، فايدە بەرمەس. مۇنىڭ تەدبىرىنى قىلالى»— دەپ، جەمئىي ھۆكۈمالارنى يىغىپ تەدبىرىنى سورىدى. ھۆكۈمالار ئانداغ جەۋاب ئەيتتىكى: «بۇ شەھەرنىڭ تاشىدا بىر كەڭرۇ مەيدان راست قىلدۇرساق، ئىلمىي ھېكمەت بىرلە مەيدانغە بىر چەھارباغ بىنا قىلساق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىردىن توققۇز قات پەردە تارتساق؛ تۆرت ئەترافىغە ئەبرىشىم بىرلە تەناب تارتىپ ئىلمىي ھېكمەت بىرلە چەندان قۇببە قىلساق، ھەر قۇببەدە ئىككى بالاخانە قىلساق؛ ئانىڭ ھەر بىرىگە ئىككى ئۇلۇمانى مۇئەككەل قويساق؛ كۈندۈزى كەلامۇللاھنى دەئۋەت قىلسە كېچەلەرى بولسە قەسىدەئى رەھمان دەئۋەت قىلسە مەلىكەنى ئانىڭ ئىچىندە قويساق؛ تىنجى ئامان تەۋەللۇد قىلۇر، شەھزادە ھەم ئۆز ئەمانىدا بولۇر» — دېدى.

شاھ مەئمۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «دەرھال شۇل تەقلىت قىلىڭلار!» — دەپ ئەمرى قىلدى. ۋەزىر - ئۇمەرالار خەزىنەنىڭ ئىشىكىنى ئاچىپ ھەرنە لازىملىقلارىنى ئالىپ چىقىپ سەرف قىلىپ، قۇببە ياساماقنىڭ فىكرىدە بولدى. شەھەرنىڭ تاشىدا بىر كەڭرۇ مەيدان راست قىلدى. ۋەزىر - ئۇمەرالار ئۈچمىڭ يەتتە يۈز ھۆكۈمالارنى جەمئ قىلدى، ئانىڭ خىزمەتىدە ئون تۈمەنمىڭ ئادەمنى تەئيىنلەپ بەردى. ھۆكۈمالار ياخشى ئەتدە قۇرئە سالىپ چەھارباغقە قەدەم قويدى. ئىلمىي ھېكمەت بىرلە ئۈچ ئايدا بىر چەھارباغ تەييار قىلدى. ئول باغنىڭ تاملارىنى ئالتۇن - كۈمۈش خىشتلاردىن بەرپا قىلدى. تاملارىغە لەئلى - ياقۇتىدىن كۆز قويدى. ئۈستىگە توققۇز قات ھەرىر فەردە تارتتى، ئىلمىي ھېكمەت بىرلەن ئانىڭ ئۈستىدىن ئەبرىشىمدىن تەناب تارتىپ ئۈچيۈز ئاتمىش قۇببە قىلدى. ھەر قۇببەدە ئىككى بالاخانە تەييار قىلدى ۋە يەنە تۆرت تامنىڭ ھەر بىرىگە ئەللىكتىن كۈنگرە باغلادى. ھەر كۈنگرەدە ئىككى بالاخانە قىلدى. ھەر بالاخانەدە ئىككى ئۇلۇمانى قۇرئان تىلاۋەت قىلماقغە قويدى. ئانىڭ ئىچىندە ئالتۇن بىرلە زەرخۇش قىلىپ ئەيۋانۇ كەيۋان سەراي ھۇجرەلەر بىنا قىلدى. ئىلمىي ھېكمەت بىلەن يەرنىڭ تومۇرىنى تېپىپ سۇلار چىقارىپ ھەر تەرەپكە چەشمەلەرنى جارى قىلدى. ئىلمىي ھېكمەتدىن چەھارباغنىڭ ئىچىگە رەڭگارەڭ دەرەختلەرنى تىكىپ ۋە مېۋەلەرنى پەيدا قىلدى، ھەر دەرەخنىڭ تۈبىگە ئىلمىي ھېكمەت بىلەن شەھ سۇفەلەر تەييار قىلدى. ھەر سۇفەنىڭ ئۈستىگە توققۇز قات ئەتىلادىن تۆشەك،

كىمخابدىن تەكيەلەرنى قويىدى. ئول باغـ
نىڭ ئىچىدە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نازۇ ـ نېئمەتـ
لەر پىشتى. رەڭگارەڭ گۈللەر ساچىلدى.
بۇلبۇللار سايراغالى مەشغۇل ئېردى. پادىشاھ
ئەرەمگە كىرىپ فەرزەندىنى كۆرۈپ باغلارنى
سەيرى تاماشا قىلىپ يانۇر ئېردى.

سۆز ئىشىتمەك كېرەككىم، كوھقاف
گۇلىستانى ئەرەمدە دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ بىر
پادىشاھى بار ئېردى، ئاتىنى شاھ فەرىدەر
ئېردى. يەتتە ئىقلىم كوھقاف ئاڭا تابىئ
ئېردى. نەچچە يىل كوھقافدا دىۋە ـ پەرد ـ
لەرگە پادىشاھ بولۇپ ئۆمرى ئاخىرىغە
يەتتى. ئەمما خۇدايى تەئالا شاھ فەرىگە
فەرزەند ئەتا قىلمادى. بىر كۈنى شاھ فەرى
دىۋە ـ پەرى، ۋەزىر ـ ئۇمەرا، ئۇلۇما ۋە
ھۇكۇمالارنى يىغىپ ئەيتتىكى: «ئەي
ھۇكۇمالارىم، مەن شەھرى كوھقافغە پادىشاھ
تۇرۇرمەن، ئۆمرۈم ئاخىرىغا يېتىبدۇر.
مەندە ھېچ فەرزەند يوق، مېنىڭ تالىئىم
قانداغ، قۇرئى كۆرۈڭلار، بىزلەردىن فەرزەند
بولامدۇر، يا دۇنيادا نەسلىسىز مۇنقەتىئ
بولامدۇر؟». ھۇكۇمالار: «خوش بولغاي»—
دەپ، بىر مىڭ تۆرت يۈز ھۇكۇمانىڭ ھەر
بىرى بۆلەك ـ بۆلەك قۇرئى سالىپ بىر ـ
بىرىنىڭ كىتابىنى زەرب قىلىپ باقتى،
ھەر كىمسەنىڭ سۆزى ئوخشاش چىقتى ۋە
«ئەي پادىشاھىم، ئۆزلىرىنىڭ دۇئالارى ۋە
ئەھدى ـ پەيمانلارى ئادەمىزاددە تۇرۇر،
تاكىم مەلىكە ئوغۇل تەۋەللۇد قىلسە
ئادەمىزادنىڭ قىزىنى ئالىپ بېرەلى، ئەگەر
قىز تۇغسە ئادەمىزادنىڭ ئوغلىغە ئالىپ
بېرەلى دەپ دۇئا قىلماغۇنچە مەلىكە ھامىلە
بولماس»— دېدى. شاھ فەرى بۇ سۆزنى
ئىشىتىپ: «ئىلاھا، ماڭا فەرزەند ئەتا
قىلغىل، ئەگەر مەلىكە قاف بىرلە ئادەمىزاد ـ
نىڭ خاتۇنى بىر كۈندە، بىر سائەتدە، بىر
دەقىقەدە، بىر دەرجەدە تەۋەللۇد قىلسە،
ئەگەر مەلىكە قاف ئوغۇل تۇغسە ئادەمىزادنىڭ
خاتۇنى قىز تۇغسە مېنىڭ ئوغلۇمنى
ئادەمىزادنىڭ شەھرىگە ئالىپ بارىپ، ئون
ئىككى ياشقا كىرگۈنچە فەرۋەرىش قىلىپ،
توي ئەسبابىنى ئۆزەم راست قىلىپ،
كوھقافدىن نىكاھ قىلغالى مولا ئالىپ
بارىپ نىكاھ قىلىپ، كوھقافغە ئالىپ كېلىپ
ئۆز يانىمدا مەكان قىلىپ بېرۇرمەن. ئەگەر
ئادەمىزادنىڭ خاتۇنى ئوغۇل تۇغۇپ مەلىكە
قاف قىز تۇغسە، ئادەمىزادنىڭ فەرزەندىنى
مۇندا ئالىپ كېلىپ ئون ئىككى ياشقە
كىرگۈنچە ئۆزەم فەرۋەرىش قىلىپ توي
ئەسبابىنى ئۆزەم راست قىلىپ، نىكاھ
قىلغالى ئادەمىزادنىڭ، ئۆز شەھرىدىن مولا
ئالىپ نىكاھ قىلدۇرۇپ، نىكاھ ھەققىغە
ئالتۇن يۈگەنلىك ئارغىماق ئات، بىر تۇلۇم
بېرىپ، ئادەمىزادنىڭ مولاسىنى يەنە ئۆز
جايىغە ئالىپ بارىپ قويارمەن دەپ ئەھدى
قىلدى. مەلىكە قافنى چىرلاتتى. دەرھال
دۇئا قىلدى. ئەللاھ تەئالادىن فەرزەند
تەلەپ قىلىپ بىسيار كالا ـ ماللار ئۆلتۈرۈپ
خۇدايى تەئالانىڭ يولىدا نەزىر ـ چىراغ
قىلدى. خۇدايى تەئالا شاھ فەرىنىڭ
دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. بىر كۈنى شاھ
فەرىنىڭ خاتۇنى ھامىلە بولدى. توققۇز
ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتدە شاھ
فەرىنىڭ خاتۇنى بىر قىز تۇغدى. ئول
قىزغە مېھرىلقا دەپ ئات قويدى. ۋەئدىگە
ۋەفا قىلماق كېرەك دەپ ئەتراپ ـ ئالەمگە
پەرىلەرنى ئىبەردىكى: «ھەر يەردە ئادەمى ـ
زادنىڭ خاتۇنى شاھ فەرىنىڭ خاتۇنى
بىرلە بىر كۈندە، بىر سائەتدە، بىر دەقىقەدە،
بىر دەرجەدە تەۋەللۇد قىلغان بولسە،
ئىستەپ تافىپ ئالىپ كېلىڭلار!»— دەپ
ئەمر قىلدى. كوھقافدىن يەتمىش مىڭ

دىۋە-پەرى چىقىپ ئەتراپ-ئالەمنى ئىزدەگەلى تۇردى. بىر مۇنچە دىۋە-پەرى شەھرى قۇزۇۋىنغا كېلىپ: «پادىشاھ مەئمۇرنىڭ مەلىكىسى بىلەن شاھ فەرىنىڭ مەلىكىسى كۈنى بىلەن سائىتىدە تەڭ تۇغۇپدۇر» — دېگەن سۆزنى خالايىقتىن ئاڭلاپ بارىپ شاھ فەرىگە ئېيتتىكىم: «ئەي پادىشاھى ئالەم، ھېچ ۋىلايەتتە ئادەمىزادنىڭ خاتۇنى مەلىكە بىرلە بىر كۈندە، بىر سائەتتە، بىر ۋەقتىدە، بىر دەرىجەدە تەۋەللۇد قىلمايدۇر، ئەمما قۇزۇۋىن شەھرىنىڭ پادىشاھى شاھ مەئمۇرنىڭ خاتۇنى مەلىكە بىرلە بىر كۈندە، بىر سائەتتە، بىر دەقىقەدە، بىر دەرىجەدە ئوغۇل تۇغۇبدۇر» — دېدى. شاھ فەرى خۇشال بولدى ۋە: «شاھ مەئمۇرنىڭ خاتۇنى تۇغقان ئوغۇل فەرزەندنى ئالىپ كېلىڭلار، مەن ئۆزەم فەرۋەرىش قىلىپ كامالىغا يەتكۈزۈرمەن، ۋەدەمگە خىلاپ قىلمايمەن!» — دەپ ئەمر قىلدى. دىۋىلەر قۇزۇۋىن شەھرىگە كېلىپ تۈشتى، دىلشاد ئەرەمگە كىرەلمەسدىن ئاچىنان تىرىشتى، ھېچ ۋەجھى بىرلەن شەھزادە دىلدارنى دامىغا تۈشۈرەلمەي، پەرىلەر دىلشاد ئەرەمنىڭ ئەتراپىنى مەكان قىلىپ ياتتى. شاھ فەرى دەرغەزەپ بولدى: «بۇ كەتكەن پەرىلەر نە ئۈچۈن كەلمەيدۇر؟» — دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە مىڭ پەرىنى ئەۋەردى. ئۇلار ھەم كېلىپ دىلشاد ئەرەمگە كىرەلمەي نائىلاج ياندى. بۇ خەبەرنى شاھ فەرىگە يەتكۈزدى. شاھ فەرى: «دىلشاد ئەرەمنىڭ تۆرت ئەتراپىنى قورشاپ يېتىڭلار، ۋەقت يار بەرگەندە شەھزادەنى ئالىپ كېلىڭلار!» — دەپ يەنە مىڭ پەرىنى شەھرى قۇزۇۋىنغا ئەۋەردى. ئۇلارمۇ بارىپ شەھرى قۇزۇۋىنغا كىرەلمەي يانىپ كېلىشتى. شاھ فەرى يەنە بىر مىڭ پەرىنى ئەۋەردى. پەرىلەر قۇزۇۋىننىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ياتتى، ئالەمنى پەرىلەر قاپلىدى، كېچە ۋە كۈندۈز ئاچىنان ھىيلە-مىكرىلەر قىلدى. ئۇلۇمالار دەئۋەتتىن خالى بولمادى. پەرىلەر دەرغەزەب بولۇپ ھەر تەرەفدە مەكان تۇتۇپ ياتتى.

ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر نەچچە زەمان ئۆتتى. شاھ مەئمۇرنىڭ كۆڭلىگە شىكار قىلماق ھەۋەسى تۈشتى، بىر مۇنچە يول يۈرۈپ ئىدى، ئالدىدىن كۆپلىگەن قىرغاۋۇل چىقتى، قارچۇغىنى سالدى بىر قىرغاۋۇلنى ئالدى. باخشىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى كەباب قىلىپ پادىشاھغا تۇتتى. پادىشاھ قىرغاۋۇل گۆشىنى تەناۋۇل قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىردى، ناگاھ مەغرىپ تەرەفدىن بىر قارا قۇيۇن پەيدا بولدى. پادىشاھ مۇنداقمۇ زور قۇيۇن بولۇرمۇ؟ دەپ تۇرار ئىردى، قۇيۇننىڭ ئىچىدىن ئۈچ پەرى چىقىپ پادىشاھ مەئمۇرنىڭ گەردەنىدىن تۇتقىنىچە بىر تاغنىڭ باشىغە ئالىپ چىقتى. پەرىلەر بىر مۇنچە ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت ياقتى، ئوت ئاسمانغا شەرەر تارتىپ چىقتى. پەرىلەر ئېيتتىكى: «ئەي شاھ مەئمۇر، بىزنىڭ مەقسىدىمىز شەھزادە دىلداردا ئىدى، سەن ئۇلۇمالارنى يىغىپ كەلامۇللاھ بىلەن قەسدە رەھماننى دەئۋەت قىلدۇرۇپ بىزلەرگە يول بەرمەدىڭ. سېنى ئۇشبۇ ئوتقا سالىپ كۆيدۈرۈرمىز، ئەگەر فەرزەندىڭنى چىقارىپ بەرمەسەڭ مىڭ جانىڭ بولسە بىرى قۇتۇلماس. چىقارىپ بەرسەڭ ئامان تاپارسەن» — دېدى. شاھ مەئمۇر ئەيدى: «ئەي خاجەلەرىم، بىر لەھزە جان غەنىمەت، شەھزادەمنى چىقارىپ بېرەي، مېنى قويۇپ بېرىڭلار» — دېدى. پەرىلەر ئەيدى: «ئەي شاھ، مەئمۇر، ئەگەر شەھزادەنى چىقارىپ بەرسەڭ فەرزەندىڭنىڭ يۈزىنى



ئون ئىككى ياشقە كىرگىچە كۆرەلمەسەن، ئۆمرۈڭ ئون ئىككى يىلغىچە باقى بولسە كۆرەرسەن، بولماسا قىيامەتغە قالدىڭ، بالاڭغە دۇئا قىلغىل، بىزلەردىن بېھىل بولغىل. ئەمدى ئامانىڭدا بولۇرسەن» — دېدى. پادشاھ مەئمۇر زار-زار چۇن ئەبرۇ نەۋبەھار يىغلاپ نېمە دەيدۇر قېنى:

ۋەفاسى يوقتۇر دېسەم غەيرىگە ۋەفا قىلاسەن.
بۇ خەستە، غېرىپ كۆڭۈلگە نېمە دەپ جەفا
قىلاسەن.
ھەر نە قىلساڭ بىر ئۆزەڭگە قىلاسەن،
ئەجەلنىڭ شەربەتىن ئىچرۇپ، بىر يولى
ئەدا قىلاسەن.

ۋەفا قىلۇرمىكىن دېسەم يوقدۇر ئالەمنىڭ
ۋەفاسى،
ئاتانى بالادىن ئايرىپ، بىر بىر جۇدا قىلاسەن.
ئىرادە ئەيلەدى تەڭرىم بۇ خەستە غەرىبنى شاد،
تەڭرىگە شۈكرى قىل ئەي شاھ نېمە دەپ
زار-زار قىلاسەن.

دەپ ئورداغە يانىپ كېلىپ ۋەزىر ئۆمەرالارغە ئەيتتىكى: «ئەي ۋەزىر-ئۆمەرالار، ئەگەر ئون ئىككى يىلغىچە ئۆمرۈم بولسە خوپ، ئەگەر قەزايى-تەقدىر يەتسە مېنىڭ بۇ كۆرگەن ئۆمرۈم بېھۇدەدۇر. بېھراق ئولدۇركى، كەئبەنى تەۋاف قىلغايمەن، ئۆمرۈم بولسە شەھزادەنى يەنە كۆرەرمەن، بولماسا ئىرادەنى كۆرەرمەن. ماڭا مۇنداغ پادشاھلىقنىڭ دەركارى يوق» — دەپ ئۆز ئورنىدا بىر ۋەزىرنى پادشاھ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئائىلەسى، كېنىزەكلىرى بىرلەن كەئبەگە راۋان بولدىلەر. شاھ مەئمۇرخان كەئبەنى زىيارەت قىلىپ كىلەدۇرغانىدە ئالەمدىن ئۆتتىلەر.

www.uyghurkitap.com

ئەلقىسسە، شەھزادە دىلدارنى پەرىلەر گۈلىستان ئەرەمگە ئالىپ باردى. شاھ فەرى. شەھزادەنى كۆرۈپ بىسيار خۇش بولدى، شەھزادە بىلەن مەلىكەنى ئىنىگەلەرگە بېرىپ، بىسيار ئىززەت-ئىكراملار بىرلە ئىككى فەرزەندنى باقماققە كۈشىش قىلدى. ۋەقتىكى، شەھزادە بىرلە مەلىكە مېھرىلىقا تۆرت ياشقە كىردى، ئۇلار پەرىزادلار ئاراسىدە قول تۇتۇشۇپ بىللە ئوينار ئىردى. بىر سائەت بىر-بىرىدىن ھەرگىز جۇدا بولماس ئىردى. ۋەقتىكى يەتتە ياشقا كىردى، بۇلار ھۆسنى لەتافەتكە تولدى، ئادەمىزاد خاھ پەرىزادلار تەھسىن ۋە ئافەرىنىش قىلۇر ئىردى. ئۇلارنى ئوقۇغالى مەكتەبغە بەردى، بىر-بىرىگە قاراشىپ ھەرگىز ئوقۇغالى مەيل قىلماس ئىردى. بىركۈنى موللا مۇئەللىم شاھ فەرى قاشىغە كىردى ۋە: «پادىشاھى ئالەم، بۇ ئىككى فەرزەند بىر-بىرىگە قاراشىپ ئوقۇغالى ئۇنۇمايدۇر، كۆڭلىگە ئازار بەرگەلى تەخى بولمايدۇر» — دېدى. شاھ فەرى: «ئەگەر ئانداغ بولسە كۆڭلىگە ئازار بەرمەگىل، ھەر قايىسىنى بۆلەك ھۇجرادا قويۇپ ئوقۇتقىل» — دېدى. موللا مۇئەللىم خۇش بولغاي، دەپ چىقىپ ھەر قايىسىنى بۆلەك ھۇجرادا قويدى. ئۇلار بىر-بىرلەرىنىڭ فىراقىدا ئەسلا تاقەت قىلالمادى. بىر كۈنى شەھزادە دىلدار مەلىكە مېھرىلىقانىڭ كىتاب ئوقۇغان ئاۋازىنى پەرىزادلار ئاراسىدىن تونۇپ زار-زار يىغلادىلار.

نەزم:

شىرىن سۆزلۈك، قارا قاشلىق نىگارىم،
بۇ ئوتلارنى سالىپ جانغە خۇدايىم.
سەنى مەن ياد ئېتىپ ئەۋۋارە بولدۇم،
پەرىۋەش پىكرىدە دىلخاھ بولدۇم.
ئاتىڭنى ياد ئېتىپ ئەيلەي بەيانە،
بۇ جانىمنى سەڭا قىلسام نىشانە.

كۆيۈپ ئوتۇڭدا كۆل بولدى بۇ جانىم،
غەرىبلىقدە خەزانەك بولدى ھالىم.
بۇ يەردىن چىقماقىمغە يوق بەھانە،
سەڭا قۇربان قىلاي تەندە بۇ جانىم.

دەپ زار-زار يىغلادىلار. مەلىكە مېھرىلىقا شەھزادەنىڭ ئۈنىنى تونۇپ ئوقۇشنى تاشلادى. قارا كۆزنى شەھزادە چۈن ياشلادى. مەلىكە دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ قولىغە بىر يەغاچ ئالىپ تامنى تەشتى. شەھزادەنى كۆرۈپ مەلىكەنىڭ بار ئەزاسى قورغۇشۇندەك ئېرىدى، ئاغزىدە كۆلدى، كۆزدە يىغلادى. بىر-بىرىگە قاراپ ئوقۇماقنى ئونۇتتى. مەلىكە شەھزادەگە قاراپ نېمە دەيدۇر قېنى:

نەزم:

ئوتنى ياقىپ جانىمغە،
رەھم ئەيلەگىل ھالىمغە.
قارا كۆزدىن ياش ئاقتى،
بىر كۆلسەڭىز ھالىمغە.
جەرەن كۆزلۈك قاراقاش،
باقسەڭىزچۇ ئاھىمغە.

ئەلقىسسە، بىر نەچچە كۈن مۇنداغ ئۆتتى. ئاقشامى ئورداغە يانىپ كېلۇر بولسەلەر بىر-بىرىنىڭ قوللارىنى تۇتۇشۇپ ۋە بەئىزى بىر-بىرىنىڭ بويانلارىغە قول سالىپ بۆسە قىلاشىپ كېلۇر ئىدى ۋە ياتار بولسە ھەشقىپىچەك تالغە چىرماشقاندەك چىرماشىپ تاڭ يورۇغىچە ھەرگىز ئۇيقۇلىماس ئىردى. ۋەقتىكى، توققۇز ياشقە

كىردى. بۇ ۋاقىئەلەر پادىشاھغە ئاڭلاندى. دايەلەرگە ئەيدىكى: «شەھزادە بىلەن مەلىكەنى بەلاغەتكە يەتكۈنچە بىر - بىرىگە قوشماڭلار، پەردىلەر ئاراسىدا سۆز بولماغاي»— دىدى. ئاندىن ئىككىسىنى بۆلەك ھۇجرەدە قويدى. ئۇلار بىر - بىرىنى يادلاشىپ ھەرگىز ئۇيقۇلامادى. ئەرتەسى يەنە بىر-بىرىنى كۆرۈپ بوينىنى قۇچاغلاشىپ، مەكتەبغە بارغانىدا تامىنىڭ تۆشۈكىدىن قاراشىپ ئوقۇماي تۇرغانلارىنى كۆرۈپ ئوستادى كېلىپ شاھ فەرىگە ئەرز قىلدى. شاھ فەرى: «بۇ ئىككى فەرزەندنى چىرلاغىل»— دېدى. ئۇلارنى دەرھال ئالىپ كەلدى، شاھ فەرى فەرزەندلىرىنىڭ كۆنىنى خىجىل قىلادۇرغان ھۇسنى - جەمالىغە قاراپ ئۇلارغە رەھمى كەلدى. شاھ فەرى دايەلەرگە: «بىرى مەكتەبغە بارغاندا بىرى بارماسۇن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭلار!» —دەپ ئەمر قىلدى. دايەلەر شاھ فەرىنىڭ ئەمرى بويىچە بىرنى مەكتەبغە ئىبەرگەندە بىرنى ئىبەرمەدى. بىر كۈنى شەھزادە دىلدار تاقەت قىلالماي ئالتۇن بىرلە زەر قىلغان ئايىنەلىق بالاخانەغە چىقىپ مەكتەبغە قاراپ دەرد ئىشتىياقىدا فەرىزادغە نىمە دەيدۇر.

نەزم:

شەيدايى گىرىفتارىم،
ئول ماھى پەرىۋەشتۇر.
ئەي پەرى بارىپ ئەيغىل،
مەھرەمگە سەلامىمنى.

يۈز فىكرى خىيال بىرلە،
جانىمغە جەفا ئەتكەن،
ئەرزىمنى بەيان ئەتكىل،
مەھرەمگە سەلامىمنى.

ئىشقىدا گەدا بولدۇم،
ئۆرتەندىم ئەدا بولدۇم،
مەھرەمگە بارىپ ئەيغىل،
دىلدارى سەلامىمنى.

دەپ زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلادى. ئول پەرى بارىپ مىھرىدىلىقاغە خەبەر قىلدى، مىھرىدىلىقا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھۇشىدىن كەتتى، يەنە ھۇشىغە كەلدى. بىر كۈن بىر يىلچە كۆرۈندى، ئاقشامى ئورداغە كەلدى. ئەرتەسى شەھزادە مەكتەبغە باردى، ھەر ئىكەۋلەن ئاش - سۇدىن قالدى. مەلىكە مىھرىدىلىقا تاقەت قىلالماي بالاخانەگە چىقىپ مەكتەبغە قاراپ شەھزادەنىڭ دەردى فىراقىدا نىمە دەپ ئەرز قىلادۇر.

نەزم:

ئاھ يارىم مەن نېتەي،
بولدى فەرىشانىم مېنىڭ،
سېنى دەپ فەرياد ئېتەي،
يۈز ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ.

بۇ رەقىبلەر نە قىلىپ،
مەندىن سېنى ئاجراتتىلەر،
بۇ قەمەر يۈزلۈك يارىمغە،
ۋەئدە يالغانىم مېنىڭ.

ئەي پەرى ئەيغىل بارىپ،
ئول يارغە يۈزمىڭ دۇئا،
ھالىمە بولدى خەراب،
نېچۈك ئۆتەر ھالىم مېنىڭ.

دەپ يانىپ تۈشتى. ئول پەرى بارىپ شەھزادەگە بەيان قىلدى، شەھزادە بىخۇد

www.uyghurkitap.com





بولدى، يەنە ھوشىغە كەلدى. بۇ تەرىقەدە بىر نەچچە زەمان ئۆتتى. ئاخىرۇلئەمر بۇلار ئون ئىككى ياشقە كىردى.

ئەلقىسسە، شاھ پەرى بۇ ئىككەۋلەنىڭ ياشىنى ھېساب قىلىپ كۆردى ۋە توي ئەسبابىنى راست قىلىش توغرۇلۇق پەرىلەرگە ئەمر قىلدى. پەرىلەر توي ئەسبابىنى تەييار قىلدى، شاھ پەرى قىرىق كۈنگىچە توي قىلىپ بەردى. شاھ پەرى پەرىلەرگە: «شەھرى قۇزۇدىنغە بارىپ ئۆز خەلقىدىن بىر موللا ئالىپ كېلىڭلار، نىكاھ قىلسۇن. ئەۋۋەلقى ۋەئدەم شولدۇر»— دېدى ۋە بىر پەرىنى موللا تاپىپ كېلىش ئۈچۈن قۇزۇدىنغە يولغە سالدى. ئول پەرى شەھرى قۇزۇدىنغە بارىپ بىر مەزىن ئاخۇننى نىسپى شەب بىرلە خاتۇنىغە تۇيدۇرماي كوھقافغە ئالىپ باردى. شەھزادەگە مېھرىلىقانى نىكاھ قىلدۇردى.

ئەلقىسسە، پەرىلەر تويىدىن فارىغ بولۇپ، مېھرىلىقا بىرلە شەھزادەنى زىبۇزىننەت بىرلە ئاراستە قىلىپ بىر مۇنچە كېنىزەكلەر بىلەن بىللە شەھرى قۇزۇدىنغە ئالىپ بارىپ دىلشاد ئەرەمگە تۈشۈردى. ئاڭغىچە پەرىلەر ئادەم فەرزەندىنى كۆرگۈزمەي ساقتەلىق بىرلە ئايىنە بەندىلىك قىلىپ تۇرغان ئېردى. پەرىلەر مەزىن ئاخۇننى خاتۇنىنىڭ قۇچاقىغە تۇيدۇرماي ياتغۇزۇپ قويۇپ، بىر تۇلۇم ئەشرەفىنى① قازناقتا قويدى. ئاق ئارغىماق ئاتنى ئېگەرلىگەن بىرلە ئاتخانىغا باغلاپ قويۇپ پەرىلەر يانىپ كەتتى. سەھەر فەسىل بولۇپ ئېدى، مەزىن ئاخۇن ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ: «ئەي مەزلۇم، قوپقىل، مەن ئەجايىپ تۈش كۆرۈبدۇرمەن. ساڭا بەيان قىلاي»— دېدى. خاتۇن دەرھال ئورنىدىن ساچراپ قوپتى. غۇسل - تەھارەت قىلىپ ئىككى

① ئەشرەفى — ئاقچىنىڭ نامى.

رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ئىردىنىڭ ئالدىغە كەلدى. ئىري ئەيتتىكى: «بىر تۇش كۆرۇبدۇرمەن، مىنى بىر پەرى گۇلىستان ئەرەمگە ئالىپ بارغان ئىمىش، مىھرىلىقانى شەھزادە دىلدارغە شاھ فەرى باشلىق دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ ئاراسىدا نىكاھ قىلغان ئىمىشمەن، نىكاھ ھەققىغە ئىگەر ـ يۇگەنلىرى ئالتۇندىن بىر ئاق ئارغىماق ئات، يەنە بىر تولۇم ئەشرەفىنى ماڭا بەرگەن ئىمىش. شەھزادە ۋە مىھرىلىقا ئون بەش كىنىزەك بىرلە دىلشاد ئەرەمگە تۇشكەن ئىمىش، پەرىلەر ئۇلارنىڭ خىزمەتىدە تۇرغان ئىمىش. بۇ قانداق تۇشدۇر»— دىدى. خاتۇنى ئەيدى: «ئەللاھ تەئالا بىزگە دەۋلەت ـ ئەزىم بەرگۇسىدۇر. كۇللى دەۋلەتغە چىقارمىز. پەرى دىگەن پاك نەرسە تۇرۇر. دىلشاد ئەرەم، شەھرى قۇزۇۋدىن ئاباد بولادۇرغان ئوخشايدۇ»—دىدى. ئاڭغىچە ئەزەن ۋەقتى بولدى، مەزىدىن ئاخۇن تاشقارى چىقتى. كۆردىكى، ئاتخانەدە بىر ئارغىماق ئات ئالتۇن يۇگەن بىرلە باغلاغلىق تۇرادۇر. مەزىدىن ئاخۇن دەرھال ئارقاسىغە يانىپ ئۆيگە كىردى. بىر تولۇم ئەشرەفىنى كۆرۇپ تىخىمۇ ھەيران قالدى. ئەيدى: «ئەي مەزلۇم، بۇ تۇش بىرلە دەۋلەتكە مۇشەررەف بولدۇق دەپ خام خىيالنى قىلىپ بىر بەلاغە گىرىفتار بولغان ئوخشايمىز. ئۆي بارقەغە ئوغرى قەسد قىلىبدۇر. يا بىر سىياسەتلىك سىپاھىنىڭ قەدىمى يەتكەن ئوخشايدۇر، نە ئىلاج قىلۇرمىز؟»—دىدى. خاتونى ھەم چىقىپ كۆرۇپ ھەيران قالدى. ئۆيگە ئوغرى كىرگەن بولسا ئۆيدە ھىچ نەرسە كىرەك قالماس ئىردى، دەپ قازناقغە كىردى. بىر بۇلۇڭدا ئۇچ چارەك ئەشرەفى تۇرار ئىردى، دەرھال چىقىپ دەرۋازىغە قاراپ باقتى دەرۋازە ئۆزى ئەتكەندەك

مەھكەم تۇرادۇر. ئاڭغىچە بامدات ۋەقتى بولدى. مەزىن ئاخۇن دۇنيانىڭ مەشغۇللىغىدا مەسجىدگە چىقمادى. نەمازنى ئۆيدە ئۆتەپ، دەرۋازىنى ئاچماي چاشكا ۋەقتىغىچە ئولتۇردى. ھىچ ئادەمنىڭ نىشانىسى يوق ئىردى. مەزىن ئاخۇن كۆرگەن تۇشىگە تەبىر بىردىپ، بۇ خۇدايى تەئالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغانى ئىكەن. خۇدايى تەئالا بەرمەسە ئات، ئەشرەفى مەندە نىمىش قىلادۇر؟ — دەپ ئويلىدى. ئاتنى كۆرۇپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىرلە بارىپ ئىگەر ـ يۇگەننى ئىچكەرى ئالىپ كىردى، ئاتنى ئوتغە قويدى، ئول ئەشرەفىنى ئالىپ چىقىپ ئۆيگە خەرج قىلدى، دۇنيادىن بىھاجەت بولدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى شاھ فەرى دىلشاد ئەرەمگە كىلىپ شەھزادەگە: «ئەي فەرزەند، گۇلىستان ئەرەمدە ئوقۇغالى ئانچە مەيلى قىلمادىڭىز. ئەمدى بىر ئۇلىمانى تاپىپ ئوقۇڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتىڭىز مەئمۇر بولغۇسىدۇر» — دىدى. ئاندىن يانىپ كەتتى. شەھزادە دىلدار مەلىكە مىھرىلىقاغە: «ئەي مەلىكە، مەڭا بىر مۇنچە جەراغ نان ئىتىپ بىردىڭ»— دىدى. مەلىكە «خۇش بولغاي» دەپ جەراغ نانغە خىمىر يۇغۇردى، ئوچاقغە ئوت سالدى. كەنىزەكلەر تۇقاچنى راستلاپ بەردى. مەلىكە مىھرىلىقا نانغە تۇكۇچنىڭ ئورنىدا بەش قولىنى باستى. زەرباب دەستۇرخانغە قىردىق بىر تۇقاچنى يۆگەپ، يەتتە تەنگە پۇل بىرلە شەھزادەگە بەردى. شەھزادە ئەيتتىكى: «بۇ شەھەردە ئەلامىددىن قازى دىگەن بىر ئۇلۇما كىشى باردۇر، ئۇنىڭدىن بىرمىڭ تۆرت يۈز شاگىرد دەرس ئالادۇر. شول قازىدا بىر نەچچە زەمان ئوقۇي» — دەپ ئىردى، مەلىكە ماقۇل كۆردى. شەھزادە

پۇل، نان، دەرس كىتابىنى ئالىپ مەدرەسەگە باردى. قازى ئەلامىددىنىنىڭ قاشىغا كىرىپ سەلام قىلدى. قازى ئىلىك ئالدى. شەھزادە يەتتە تەنگە پۇل ۋە تۇقاچنى قازىنىڭ ئالدىغا قويدى. قازى دۇئا قىلدى. شەھزادىگە سەبەق-تەئلىم بېرىپ، جەراغ ناننى ساندۇققا سالدى. ئاقشامى شەھزادە چەھارباغقا كەلدى. ئەرتەسى قازىنىڭ خاتۇنى شەھزادە ئالىپ كەلگەن تۇقاچنى ناشتىلىققا ئالىپ كەلدى. قازى تۇقاچقا بېسىلغان بەش قولنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. قارىسا قىرىق بىر تۇقاچنىڭ ھەممىسىدە بەش قولنىڭ ئىزى بار ئىكەن. قازى بۇلارنى كۆرۈپ مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق بولدى. ئاب-ئاشىدىن قالدى. چىرايى زەئپىراندەك سارغاردى. شەھزادە-نىڭ چەھارباغقا بارماقنى ئىختىيار قىلدى ۋە شەھزادە دىلدارغا ئەيدىكى: «ئەي بالام، سىز مېنىڭ شاگىردىم بولغاندىن كېيىن مەن سىزنىڭ چەھارباغىڭىزغا بارىپ فاتىھە ئوقۇپ يانماغىم لازىمدۇر»— دېدى. شەھزادە «خوش بولغاي» دەپ ئۆيىگە باردى، مەلىكە مېھرىدىلىقاغا قازى فاتىھەگە كېلىدىغانلىقىنى خەبەر قىلدى، مەلىكە تۈرلۈك مەھازىرنى تەييار قىلدى. قازى تۆرت يۈز شاگىردىنى باشلاپ مەلەكەنى كۆرمەك ئۈچۈن زوقلانىپ دىلشاد ئەرەمگە رەۋان بولدى. شەھزادە دىلدار قازىنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئىززەت-ئىكرام بىرلە قازىنى ھۇجرىغا تەكەللۇف بىلەن ئالىپ كىردى، تۈرلۈك-تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلەرنى قازىنىڭ ئالدىغا قويدى. قازى كۆڭلىدە «مەلىكە قايسى ئۆيدە ئىكىن» دەپ مەھازىرگە ئەسلا قارامادى. سەھەردە بارىپ ئېردى، ئاقشامغىچە ئولتۇردى. ياتار مەھەلدە ئۆيدىن تاشقارى چىقتى. قازى شاگىردلىرىدىن بىرىگە: «شەھزادەنىڭ خاتۇنىنى كۆرمەك ئۈچۈن كېلىپ ئېردىم، كۆرەلمەدىم، ساڭا ‹بىر جام سۇ ئالىپ چىقغىل› دەرمەن، سەن كىرىپ بىر جام سۇ ئالىپ چىقغىل. مەن كۆرمەسەممۇ سەن كۆرۈپ چىقىپ ماڭا بەيان قىلغىل. ئول نەچۈك پەرىۋەشدۇر. بۇ مەجرۇھ كۆڭلۈمنى ئانىڭ غايىبانە ھۇسنى-لەتافەتى بىرلە تىرگۈزەي» — دېدى. شاگىردى «خوپ بولۇر» دېدى. شەھزادە ئۇزاتقالى چىقتى، قازى شەھزادەنى سۆزگە مەلىكە قىلدى. شاگىردىگە: «ئەي ئوغلۇم، بىر جام سۇ ئالىپ چىقغىل، بىر ئىچەي» — دېدى. شاگىردى بىر جام كۆتەرىپ ئۆيگە كىردى، كۆردىكى: مېھرىدىلىقا ئافتابى ماھى تابانىدەك تۇرۇر. مەلىكە ماھرۇي كەلگەنىچە ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچ ئۇردى. شاگىرد بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ باقسەلەر ئۆزىنى تاشقىرىدا كۆردى. قولىدىكى جامغە سۇ قۇيۇغلۇق تۇرادۇر. شاگىرد سۇنى قازىغە تۇتتى، قازى سۇنى ئىچىپ خوشلاشتى. قازى مەدرەسەدە قەرار تاپتى ۋە شاگىردىغە: «كۆرگەنىڭنى بەيان قىلغىل!» — دېدى. شاگىردى قازىغە باقىپ، مەلىكەنىڭ ھۇسن-لەتافەتىغە نەزم ئەيغانى:

بىر كىچىك دىلبەر كۆرۈندى،
قامەتى نازۇكىغىنە.
لەبلەرى غۇنچە مەسەلدەك،
يۈزى قىزىل ئەتلىكغىنە.

غۇنچە بويلۇقدۇر ئۆزى،
شىرىن شەكەردۇر ھەم سۆزى،
بىر باقىشدا جاننى ئۆرتەر،
كۆزى گۆھەردەكغىنە.

بىر كۆلۈپ باقسە قىيا،
ئۆلتۈرسە ھەم رەھم ئەيلەمەي
يۈزى ئەنبەر كۆزى چولپان،
غەمزەسى نازۇكغىنە.

نا ئۈمىد بولماس كىشى،
كۆرمەي جەمالىنى ئانىڭ،
ھەر تەرەفكە جىلۋە قىلسە،
ئاغىزلارى كىچىكغىنە.

ئىزتىراب بىرلە كېلىپ،
ئۇردى يۈزۈمگە ئىككى كاچ،
يىقىلىپ تۈشتۈم شۇدەم،
تۈگۈلۈپ غازدەكغىنە.

سورماغىل مەندىن ئۇشرۇل،
دىلبەر جەمالى-ھالىنى،
ئۇن چىقارماي ئاخۇنۇم سەن،
ئەمدى بولغىل شۈكغىنە.

دەپ زار-زار يىغلاپ تۇردى. قازى ھەيران قالدى، بىر ئىشتىياقى ئۇن ھەسسە زىيادە بولدى، تۇرارغە ئەسلا تاقەتى قالمىدى. قازى شاگىردلىرىنى جەمئ قىلىپ ئەيدىكى: «ئەي شاگىردلارىم، مېنىڭ سىزلەرگە بىر ھاجىتىم بار، ئانى رەۋا قىلساڭلار مەن سىزلەردىن رازى بولغان بولار ئىدىم. شەھزادە دىلدارنىڭ خاتۇنىغە ئۆزنى كۆرمەي، پىشۇرغان نانىنى كۆرۈپ ئاشىق بىقەرار بولدۇم، ئەگەر ئۇل دىلبەر ماڭا مۇيەسسەر بولسە خوپ، ئەگەر مۇيەسسەر بولمىسا ئۆلمەكدىن ئۆزگە ھېچ چارە يوقتۇر. تاكى شەھزادە دىلدارنى يوق قىلماغۇنچە مەلىكەگە مۇيەسسەر بولماسمەن، بىر ھىيلە-تەدبىر بىرلە شەھزادەنى كۆزدىن يوقاتساڭلار!» — دېدى. بىرمىڭ تۆت يۈز شاگىردلار «خوپ بولغاي، تاڭلا جەۋاب بېرەلى» — دېيىشتى.

شاگىردلار بىر يەرگە جەمئ بولۇپ، شەھزادەنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلىدى. لېكىن ھېچ ئامالىنى تاپالمادى. ئاخىرى ئۇلار قۇرئى كىتابىنى كۆتۈرۈپ قازى قاشىغە كىردى ۋە قازىغە: «ئەي ئاخۇنۇم، ئادەم فەرزەندىنى بىگۇناھ ئۆلتۈرسە ئانى پادىشاھ ئۆلتۈرۈر. قۇرئى كىتابتا يېزىلىشىچە: «جانگىلى مازەندەراندا بىر ئات باردۇر، ئانىڭ خاسيەتى بىنەھايەتتۇر، پادىشاھزادە ئۇل ئاتنىڭ ھەسرەتىدە كىشى ئىبەر گەندۇر، ئەمما ئۇل ئاتنى ئالىپ كەلگەلى بارغان كىشىنىڭ قايتىپ كەلگەنى يوقتۇر. شەھزادەنى شول ئاتنى ئالىپ كېلىشكە ئىبەرسەڭىز ئاندىن ھالاك بولۇر، ئاندىن ئۆزگە چارە يوقتۇر» — دېدى.

بۇ سۆز قازىغە مەئقۇل بولدى. قازى شەھزادەنى چىرلاتىپ ئەيدىكى: «ئەي ئوغلۇم، جانگىلى مازەندەراندا بىر ئات بار ئىمىش، ئانىڭ ئاجايىپ خاسيەتلەرى بار ئىمىش. سىز ئاقىل-زېرەك تۇرۇرسىز، بۇ ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدە ھاسىل بولۇر، ئۆزگەلەرنىڭ قولىدىن كەلمەس. ھەممىدىن سىزگە كۆڭلۈم يېقىن، شول ئاتنى ئالىپ كېلىپ بەرسەڭىز، قېرىغان ۋەقتىمدە مىنىسەم. ھەققىڭىزگە دۇئا قىلسام دۇنيا ۋە ئاخىرەتىڭىز بار بولۇر» — دېدى. شەھزادە «خوپ بولغاي» دېدى. چەھارباغقە بارىپ، ۋاقىئەنى مەلىكە مېھرىلىقاغە بەيان قىلدى. مەلىكە ئەيدى: «ئەي شەھزادە دىلدار، ئۇل ئات ھەزرەتى ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ ئاتلارى تۇرۇر، ئۈچ ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسار. ئەگەر جەڭ كۈنلەرىدە مىنسە ئۇن لەك لەشكەرگە تەقابىل كېلىپ ھەممەسىنى ھەلاك قىلۇر. سەن غەم يېمەگىل. ئاتام

www.uyghurkitap.com

قاشىغە بارغىل، ئاتام ساڭا جادۇگەرلەر
ئىلىم ـ ھېكمەت بىرلە بەرپا قىلغان سەك ـ
سەن غۇلاچ كېلىدىغان مۇرۇۋۋەتلىك ئالتۇن
كەمەندىنى بەرسۇن» دەپ شەھزادەگە بىر
پەرىنى ھەمراھ قىلىپ ئاتاسىنىڭ قاشىغە
ئىبەردى. بىر سائەتتە شەھزادە دىلدار
بىرلە پەرى كەمەندىنى ئالىپ كەلدى. مە ـ
لىكە: «ئۇستادىنىڭ خىزمەتىنى ھەر كىم
ئۆزى قىلۇر. ئاللاغە تاپشۇردۇم، بارغىل،
جانگىلى مازەندەراندا بىر تۈپ چىنار بار ـ
دۇر، ھەممە دەرەختلەردىن ئېگىزدۇر. ئانىڭ
يانىدا بىر دۆبە قىغ ۋە بىر بۇلاق بار.
سۈيى قازاندەكى ئاشدەك قايناپ تۇرادۇر.
بۇ كەمەندنى ئۇل بۇلاقنىڭ كۆزىگە قوي ـ
غىل، ئۆزۈڭ قىغنىڭ ئاراسىغە كىرىپ ياتـ ـ
قىل، تۈش ۋەقتىدە ئۇل ئات سۇ ئىچكەلى
كېلۇر. ئۇل مەھەلدە كەمەندنى تارتساڭ
ئات بويىنىغە بەند بولۇر، شول چاغدا سەن
ئۆزۈڭنى ئاشكارە قىلساڭ ئۇ ساڭا ھەملە
قىلۇر، سەن دەرھال ھەزرەتى ئىسھاق پەيـ ـ
غەمبەرنىڭ سەلامىنى ئۇل ئاتغە يەتكۈز ـ
سەڭ ئۇل ئات ساڭا زىيان ئۇرماس» —
دەپ نەسىھەت قىلىپ يولغا سالدى. شەھزا ـ
دە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ جان ـ
گىلى مازەندەرانغە يەتتى. شەھزادە چىنار
تۈبىگە كېلىپ، كەمەندنى بۇلاقنىڭ كۆزىگە
قويدى. ئۆزى قىغ ئاراسىغە كىرىپ ياتتى.
بىر سائەت تۇرۇپ ئىردى، ئۇل ئاتنىڭ
شەپىسى كەلدى. ئات سۇ ئىچكەلى تۇرغان
مەھەلدە شەھزادە كەمەندنى تارتتى، كەمەند
ئاتنىڭ بويىنىغە بەند بولدى. ئات شەھزا ـ
دەنى كۆرۈپ يۈگۈردى. شەھزادە ئاتقە
باقىپ: « خۇدايى تەئالانىڭ ھۆكمى، ھەز ـ
رەتى ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ سەلامى سا ـ
ڭا» — دېدى. ئۇل ئات باشىنى تۆبەن
سالىپ تۇردى، شەھزادە ئاتقە مىنىپ يول ـ
غە رەۋان بولدى. بىر سائەتتە چەھار
باغقە يېتىپ كەلدى، ئاتنى قازىغە بەردى.
قازى ئاتنى كۆرۈپ: «ئەي ئوغلۇم، مۇند ـ
داغ ئات بىزلەردە ھەم بار ئىردى، ئات ـ
خانىغە باغلاپ قويۇڭ» — دېدى. شەھزادە
ئاتنى باغلاپ قويدى. قازى يەنە بىرمىڭ
تۆرت يۈز شاگىردىنى چىرلادى. ئەيدىكى:
«ئەي شاگىردلىرىم، قولۇڭلاردىن ھېچ ئىش
ھاسىل بولمادى، شەھزادەنى يوقىتىشنىڭ
ئىلاجىنى يەنە بىر قېتىم قىلىڭلار!» — دې ـ
دى. شاگىردلەرى قۇسۇر كىتابلارىغە قاراپ
ئەيدىكىم: «ئەي ئاخۇنۇم، جانگىلى مازەن ـ
دەراندا بىنەھايەت خاسىيەتلىك بىر ئالتۇن
داش قازان بار، ئانى ئالىپ كەلگەلى بار ـ
غان كىشى بار، لېكىن قايتىپ كەلگەنى
يوق. شەھزادەنى ئاندا ئىبەرسەك قايتىپ
كېلەلمەس» — دېدى. بۇ مەسلىھەت قازىغە
ماقۇل كەلدى. قازى شەھزادەنى چىرلاپ
ئەيدىكى: «ئەي ئوغلۇم، بىر ئات ئالىپ
كېلىپ بەردىڭىز، كۆڭلۈم نەھايىتى خۇش
بولدى. ئاڭلاسام جانگىلى مازەندەراندا بىر
ئالتۇن داش قازان بار ئىمىش، ئانى ئا ـ
لىپ كېلىپ بەرسەڭىز، ھەققىڭىزگە دۇئا
قىلسام» — دېدى. شەھزادە «خوپ بولغاي»
دەپ قازى قاشىدىن چىقىپ مەلىكە قاشىغە
كەلدى. قازىنىڭ ئېيتقان سۆزىنى مەلىكىگە
بەيان قىلدى. مەلىكە ئەيدى: «ئۇستاد نېمە
دېسە شۇنى قىلغۇلۇق. ئۇل قازان بۇرۋام
ھەزرەتى سۇلەيمان پەيغەمبەردىن قالغاندۇر.
ئەمىر ھەمزە دىۋلەر بىرلە جەڭ قىلىپ،
ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلغىنىدىن كېيىن، بۇ
قازاننى زۇلمەتدىن ئېلىپ چىقىپ جانگىلى
مازەندەراندا دىۋلەرگە چۆلتە قىلىپ بەر ـ
گەن ئىردى. كېيىن قىرىق ئادىي ئاغا ئى ـ
نىلەرى بىرلە كېلىپ دىۋلەرنى پەراكەندە
قىلىپ قازاننى ئولجا ئالغاندۇر. قازاننىڭ

خاسيەتى تولادۇر، ئۇنىڭدا ئاش ئىچىپ مىلىك ئادەم يېسىمۇ ئىشى كاملىماس. ئادەمخور ئادىيلار ھېچنەرسىدىن قورقماس، ئاتتىن قورقار. ئاتاڭنىڭ قېشىدا چىرايلىق بىر بايتال باردۇر. ئۇ بايتال ئون سەككىز ئايغىر بىلەن يۈرۈر. سەن ئاتاڭنىڭ قاشىغە بارىپ، شول بايتالغە مىنگىل، پەردەئىي ئايىنەنى بايتالنىڭ كۆزىدىن ئالغىل. بايتال ھەۋاغە كۆتۈرۈلگەندە قورقماي ئولتۇرغىل، يېقىن بارغاندا بايتالنىڭ كۆزىگە ئايىنە باغلىساڭ يەرگە تۈشەر. قالغان ئايغىرلارەۋ يەرگە چۈشۈپ قىقاس قىلۇر. ئادىيلار مۇنى ئىشىتىپ ئەقىل-ھۇشىدىن كېتەر، قازاننى تاشلاپ قاچار» — دەپ شەھزادەنى يولغا سالدى. شەھزادە گۈلىستان ئەرەمگە بارىپ بايتالغە مىندى، ئايغىرلارنى كەينىگە سالدى، ئاتىنىڭ كۆزىدىن ئايىنە فەرەڭنى ئالدى. بايتال ھەۋاغە كۆتۈرۈلدى. جانگىلى مازەندەرانغە يېقىن كەلگەندە شەھزادە بايتالنىڭ كۆزىگە ئايىنە فەرەڭنى باغلادى، ئات دەرھال يەرگە تۈشتى. بىر پەس قىقاس سالدى، ئادىيلار مۇنى ئىشىتىپ بىر-بىرىگە باقماي قازاننى تاشلاپ قاچا باشلادى.

ئەلقىسسە، شەھزادە داش قازاننى ئالىپ كېلىپ قازىنىڭ ئالدىغە قويدى. قازىنىڭ باشى قايدى، ئەيتتىكى: «ئەي ئوغلۇم، مۇنچىلىك قازان بىزدەمۇ بار ئىدى، ئالىپ كىرىپ ئۆيدە قويىڭىز» — دېدى. شەھزادە قازاننى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ قويدى. قازى يەنە بىرمىڭ تۆرت يۈز شاگىردىنى چىرلاپ ئەيدىكى: «ئەي شاگىردلارىم، قولۇڭلاردىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇر، ئوبدان ئاشىم بولسە يەپ، ئىلتىفاتىم بولسە كۆرەرسىزلەر. ئەمما، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭۈل قويمايسىلەر» — دېدى. شاگىردلارى قۇرئى كىتابنى ئاچىپ كۆرۈپ قازىغە ئەيدىكى: «ئەي ئاخۇنۇم، جانگىلى مازەندەراندا بىر تۈلكە باردۇر. ئانىڭ بوينىدا ئاجايىپ خاسيەتلىك بىر تۇمار ھەيكەل بازۇبەندە ئالتۇن مۆھۈر قىلغان، ئانىڭ قەسدىدە بارغان ئادەم بار، قايتىپ كەلگەنى يوق. شەھزادەنى ئانىڭغا ئىبەرسەك ھەلاك بولۇر» — دېدى. بۇ سۆز قازىغە ماقۇل بولدى، قازى شەھزادەنى چىرلاتىپ ئەيدىكى: «ئەي ئوغلۇم، بىر ئات، بىر قازان ئالىپ كېلىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلدىڭىز. ئاڭلىسام جانگىلى مازەندەراندا بىر تۈلكە بار ئىمىش، ئانىڭ خاسيەتلىك ئالتۇن مۆھۈر باسقان بىر تۇمارى بار ئىمىش. ئۇنى ئالىپ كېلىش سىزدىن ئۆزگەلەرنىڭ قولىدىن كەلمەس. شول بازۇبەندە تۇمارنى ئالىپ كەلسىڭىز ئوقۇتۇپ ئىشىتىپ ھەققىڭىزغە دۇئا قىلسام» — دېدى. شەھزادە «خۇش بولغاي» دەپ چەھار باغقە كىرىپ مەلىكە ئالدىغە كەلدى. مەلىكە كۆردىكى، شەھزادەنىڭ چىرايلارى ئۆزگەچە بولۇپتۇر. مەلىكە ئەيدىكى: «ئەي جان روزىگارىم، نېمە ۋاقىئە بولدى، بىر كىشىدىن ساڭا دەرد-ئەلەم يەتتىمۇ؟» — دېدى. شەھزادە ئەھۋالنى مەلىكەگە بەيان قىلدى. مەلىكە: قازى ئۆزلەرىنى ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلىپتۇر، خۇدايى تەئالا قەسد قىلماسۇن. ئول بازۇبەندە تۇمارنى ھەزرەتى ئىمام مەھدى ئەمىر ھەمزە ساھىبقىران پادىشاھىمىنىڭ مەزارەكلەرىدە گۆرۈستان بەقىردە، ھەزرەتى ئەلى شاھى مەردان بىرلە كۈشتىنگىرلىك قىلغاندا ئۈچ ئاي كېچە-كۈندۈز قارماشتىلار، بۇ تۇمارنىڭ بەرەكەتىدىن ئىمام مەھدى ئاخىر زەمان ھەزرەتى ئەلى شاھى مەردانغە غالىپ كەلدى. ھەزرەتى شاھى مەردان خۇدايى تەئالادىن پەناھ تىلەدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەزرەتى ئىمام مەھدى ئاخىر زەمانىنى شاھى مەردان ئاخىر ئاستىغە باستى، ئۆلتۈرگەلى بوغۇزىغە خەنجەر قويغاندا ھەزرەتى ئىمام مەھدى كۈلدى. ھەزرەتى شاھى مەردان بۇ ھالىنى كۆرۈپ: «بارچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈسەن دىسەم يىغلايدۇر. سەن نە ئۈچۈن كۈلۈسەن؟» — دېدى. ھەزرەتى ئىمام مەھدى ئەيدى: «مېنىڭ كۈلگەنىمنىڭ بائىسى ئۇلدۇركى، سەن مېنى ئۆلتۈرۈپ ئاتامنىڭ قولىدىن نەچۈك قۇتۇلۇرسەن، ئاتامدىن ئىھتىيات قىلماي بوغزۇمغە خەنجەر قويغانىڭغە كۈلۈرمەن» — دېدى. ھەزرەتى شاھى مەردان ئەيدىلەركى: «مۇنچە تەئرىپ قىلالارسەن ئاتاڭ كىم؟» — دېدى. ئىمام مەھدى ئەيدى: «مېنىڭ ئاتام ھەزرەتى شاھى مەردان تۇرۇر» — دېدى. ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەر: «سەن قايداغ بولۇپ ئەلىنىڭ ئوغلى بولۇرسەن؟» — دېدى. ئىمام مەھدى: «ھەزرەتى ئەلى شەھرى ئەدلانغا يەككە ۋە تەنھا بارىپ ئۇ يەرنى ئۆزىگە تابىئ قىلىپ، شەھرى ئەدلاننىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى شىفەخاننى نىكاھىغە ئالغانىكەن. مەن قورساقتا ئالتە ئايلىق بولغاندا، ئاتام ھەزرەتى ئەلى ئۆز شەھرىگە ياندىكەن. مېنى ئانام پەرۋەرىش قىلىپ چوڭ قىلغان. مەن ئاتامنى ئىزلەپ چىقىپ ساڭا ئۈچرادىم» — دېدى. ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەركى: «نامۇ نىشانەڭ بارمۇ؟». ھەزرەتى ئىمام مەھدى ئەيدى: «ئارى نىشانەم باردۇر» — دەپ يەقاسىنى يىرتىپ بازۇبەندە تۇمارنى ھەزرەتى ئەلىغە كۆرسەتتى. قاراسەلەر، ئۆزىنىڭ ئالتۇن مۆھرىنى باسىپ بەرگەن ھەيكەل بازۇبەندە تۇمار ئىكەن. مۇنى كۆرگەن ھەزرەتى ئەلى: «ۋادەرىغا، سەن مېنىڭ پەرزەندىم ئىكەنسەن» — دەپ ئىمام مەھدىنىڭ ئۈستىدىن قوپتى. ئىمام مەھدى خىجالەت بولۇپ تاغ تەرەپكە رەۋان بولدى، ھەزرەتى ئەلى «ئاھ بالام»دەپ ئارقاسىدىن قوغلاپ ماڭدى. ھەزرەتى ئىمام مەھدى ھەقتەئالادىن پەناھ تىلەدى. ئالدىدىكى تاغ يېرىلىپ ئىككى پارە بولدى، ئىمام مەھدى تاغقە كىرىپ غايىپ بولدى، تاغ ھەزرەتى ئىمام مەھدىنىڭ تونىنىڭ پەشىنى قىستى. ھەزرەتى ئەلى يېتىپ كېلىپ غەزەپى جوشغە كەلدى ۋە تاغقە: «بالامنى چىقارىپ بەرمىسەڭ سېنى ئاسمانغە ئاتقايمەن» — دېدى. ئاغىچە ھاتىفىدىن: «يا ئەلى، سەبىر قىل، دىدار كۆرۈشمەك قىيامەتغە قالدى» — دېگەن ئاۋاز كەلدى. ھەزرەتى ئەلى شۇندا ئۆيلەرگە يانغانلەردە فەرامۇش بولۇپ قالىپ بۇ تۇمارنى ئۇنتۇپ قالىپتۇر. خۇدايى تەئالا تۇمارنى بىر تۈلكىگە مۇيەسسەر قىلىپتۇر، ئۇل تۇمار ھازىرمۇ تۈلكەنىڭ بوينىدادۇر. ئۇل تۈلكە خالىسا دۆزەخنى سەيرى قىلادۇر، خالىسا چىقادۇر، ئۇل تۇمارنىڭ خاسىيەتىدىن ھېچ بەلا ۋە قازا ئاڭا يۈزلەنمەيدۇ، — دېدى ۋە: «ئاتام قاشىغە بارساڭ ئاسىق دىۋزادە بار. ئۇنى ساڭا بەرسۇن. سەن دىۋزادەنى مىنىپ جانگىلى مازەندەرانغە بارساڭ بىر ئانارلىق باغ بار، ئۇل جاي تۈلكەنىڭ ماكانىدۇر. دىۋزادەغە زەخمە بەرمىسىلە، ئىختىيارىچە ماڭسۇنلەر» — دەپ شەھزادەنى يولغا سالدى. شەھزادە گۈلىستان ئەرەمگە بارىپ، ئاسىق دىۋزادەنى مېنىپ يولغە رەۋان بولدى. شەھزادە جانگىلى مازەندەرانغە بارىپ مەلىكە نىشانە بەرگەن ئانارلىق باغقە كىردى. ئۇل تۈلكە ئانار يەپ ئولتۇرغانىكەن. تۈلكە شەھزادەنى كۆرۈپ قاچا باشلادى. شەھزادە ئارقاسىدىن قوغلادى. يەتكۈدەك بولغاندا ئاسىق دىۋزادە سۇ ئىچكەلى توختادى، تۈلكە ئۇزاپ كەتتى.

شەھزادە دەرغەزەب بولۇپ بىر قامچى ئۇرغانىدى، ئات غايىپ بولدى، شەھزادە ئىگەرگە مىنىپ قالدى. ئۇ ھەيران بولۇپ تۈلكەنىڭ ئارقەسىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۈچ كېچە-كۈندۈز قوغلاپمۇ تۈلكەگە يېتەلمىدى. تۈلكە شەھزادەنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولدى، شەھزادەنىڭ پۇتلىرى قاپاردى، قاتتىق ھاردى، شەھزادە زار-زار يىغلاپ نېمە دەر قېنى:

نەزم:

يەرۇ كۆكنى ياراتقان خالىقۇلجەببار،
ھېچ بەندەڭنى مەندەك ھەيران ئەيلەمە.
بۇ چۆللەردە قىلما مېنى ئىنتىزار،
رەھىم ئەيلەگىل بىگۇناھ گىريان ئەيلەمە.

خىزمەت ئۈچۈن ئىستەپ چىقتىم بۇيانە،
بۇ چۆللەردە يولنى قىلغىل ئەيانە.
ئاتام بارمۇ، ئانام بارمۇ بۇ يەردە،
مېنىڭدەك غەرىبنى ھەيران ئەيلەمە.

بەھەققى كەۋنەين ئىمام مەھدى،
ھەزرەتى جەببار بەھەققى ئەلى،
ئىنتىزار ئەتمە بۇ يەردە مېنى،
بۇ چۆللەردە غەرىبنى جەۋلان ئەيلەمە.

ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز يىغلاپ زار-زار،
يوقتۇر بۇ يەردە سەندىن ئۆزگە يار،
ئەيلەگىل ئىجابەت دۇئاسى دىلدار،
ھېچ غەرىبنى مەندەك گىريان ئەيلەمە.

دەپ يىغلاپ تۈلكىنى قوغلاپ كېتىپ بارۇر ئېردى، بىر تاغقە يەتتى. كۆردىكى، تۈلكە كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇر. شول ئەسنادا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئالەمنى قارانغۇلۇق باستى. شەھزادە كەلگەن يولنى بىلەلمەي تۇرغانىدا، مەغرىب تەرەپتىن بىر يورۇغلۇق پەيدا بولدى. ئۇل يورۇغلۇقنىڭ ئاراسىدىن بىر ئاق ساقال، نۇرانە كىشى چىقىپ كەلدى. شەھزادە ئۇل كىشىگە سەلام قىلدى، ئۇل كىشى سەلامىغە جەۋاب ئەيدى: «ئەي بىچارە، مۇندا نە ئىش قىلىپ يۈرۈرسەن، نېمە دەردىڭ بار؟» — دېدى. شەھزادە دىلدار ئەيدىكى: «بۈگۈن مەكانىمدىن جۇدا بولغالى خېلى كۈنلەر بولدى، مەكانىم قايدا قالدىكىن؟» — دېدى. ئۇل كىشى: «ئەي بالام، مەكانىڭنى ئىستەپ تاپالماسسەن، يولۇڭدا خەتەر بىسيار تۇرۇر. بېرى كەلگىل، بېلىمنى تۇتۇپ، كۆزۈڭنى يۇمغىل» — دېدى. شەھزادە كۆزىنى يۇمدى. ئۇل كىشى: «فاتىھەنى ئوقۇغىل، تەمام بولغۇنچە كۆزۈڭنى ئاچماغىل!» — دېدى. شەھزادە: «ئوبدان بولغاي» دەپ كۆزىنى يۇمدى. فاتىھە تەمام بولغاندا كۆزىنى ئاچىپ ئېردى ئۆزىنى بىر تاغ ئۈستىدە كۆردى. ئۇل كىشى: «فەقىرنى تونۇدۇڭمۇ؟» — دېدى. شەھزادە: «تونۇيالمادىم» — دېدى. ئۇل كىشى: «مەن خىزىر پەيغەمبەر تۇرۇرمەن. سەن مۇرادىڭغا يەتتىڭ. مەندىن قازى ئەلامىددىنغە دۇئا دېگىل، بۇ ئەمانەتنى قازىغە بەرگىل» — دەپ بازۇبەند تۇمار سېلىنغان قۇتىنى شەھزادەگە بەردى. ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسەلام كۆزدىن غايىب بولدى. شەھزادە دىلدار: «سۇبھانەللاھ، لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» — دەپ تاغدىن تۈشتى. بىر كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر جانگال ئەزىمغە يەتتى، بىر يەردە كېتىپ بارۇر ئېردى، ناگاھ بىر سەيياد دامىغە گىرىفتار بولدى. شەھزادە ئۆزىنى خەلاس قىلغۇنچە سەيياد كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ ئالدى. ئۇل سەيياد كەلمى كەۋەش ئېردى. كەلمى كە-

www.uyghurkitap.com

ۋەش: «بۇ خۇش سۈرەت زىبا جانىۋار ئە-
كەن» — دەپ شەھزادە دىلدارنى ئالىپ
بارىپ پادىشاھىغا تۆھپە قىلدى. پادىشاھ
باشلىق كەلمى كەۋشلەر شەھزادەنى كۆر-
گەلى يىغىلىپ كەلدى. كەلمى كەۋش مەز-
لۇملەرنىڭ ئىككى ئەمچەكى مۇرەسىدە، ئۆ-
زى سەرىخ مايمۇنغە ئوخشاش تۈكلۈك ئىر-
دى. ئەرلەرى ھەم تۈكلۈك مايمۇنغە ئوخ-
شاش. ياتار بولسە بىر قۇلاقىنى ئاستىغە
سالىپ، بىر قۇلاقىنى ئۈستىگە ياپىنچى
قىلىپ ياتار ئىردى. ئەر - مەزلۇملەرنىڭ
قەددى ئاتمىش گەز، تۇغرىسى ھەم ئاتمىش گەز
ئىردى. كەلمى كەۋشلەرنىڭ پادىشاھى ئەيدە-
كى: «ئەجەپ خۇش نەۋا سايرايدۇرغان جانىۋار
ئىكەن، قەپەسكە سالىپ، چەھارباغقە ئا-
سىپ قويۇڭلار، ئۆرگەنىپ قالسۇن» — دىدى.
كەلمى كەۋشلەر شەھزادەنى بىر مۇنچە
خام گۆش بىرلە قەپەسكە سالىپ، چەھار
باغقە ئالىپ كىرىپ پادىشاھنىڭ چادىرىغە
ئاسىپ قويدى. شەھزادە: «ئەمدى ئەجەل
شۇبۇ يەردە ئوخشايدۇر، ئۆلمەكتىن ئۆزگە
ھىچ چارە يوقتۇر» — دەپ يىغلاپ بۇ مۇ-
ناجاتنى ئوقۇدى.

نەزم:

قادىر ئەللاھ سەندىن ئۆزگە يوقتۇر پەناھىم،
ھىچ بەندەڭنى مېنىڭدەك ھەيران ئەيلەمە.
بىر ئاسى قۇلۇڭمەن يارەب ئىلاھىم،
رەھىم ئەيلەگىل مەڭا گىريان ئەيلەمە.

بۇ يوللاردا يۈرۈپ ئەلەم زىيادە،
غەرىبلىقدە يۈرۈپ ماڭدىم پىيادە،
قەفەس ئىچرە بولمىشىمدۇر ئىرادە،
كەلمى كەۋشلەر قولىدا ھەيران ئەيلەمە.

كەلمى كەۋشلەر قولىدا بولدۇم مەن ھەيران،
قەفەس ئىچرە قالدىم مۇندا سەرگەردان،
رەھىم ئەيلەگىل ماڭا، ئىگەم يارەھمان،
ياشارغان جىسمىمنى خەزان ئەيلەمە.

بىر دىلبەردۇر شاھى فەرىنىڭ قىزى،
جاندىن كەتمەس شىرىن شەكەردەك سۆزى،
ھەمە دەردكە دەۋادۇر ئاياغى ئىزى،
ئانىڭ يادى بىلەن ھەيران ئەيلەمە.

ئاتى مېھرىبلقادۇر ئۆزىدۇر پەرى،
جانىنى ئۆرتەر ئانىڭ شەھدۇ شەككەرى،
قەمەر يۈزلۈك شىرىن سۆزلۈك دىلبەرى،
رەھىم ئەيلەگىل دىلدارغە بەريان ئەيلەمە.

شەھزادە شۇنداق دەپ يىغلاپ
تۇرسۇن.

فەسل داستان سۆز ئىشتمەك كېرەك:
بىر كۈنى ئەلامىددىن قازى: «شەھزادە
قايتىپ كەلمەدى، مېنىڭ ئىشىم ئاسان بو-
لىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، تۆرت شا-
گىردىنى ئارقەسىغە سالىپ، مەلىكەنى كۆر-
مەك ئۈچۈن دىلشات ئەرەمگە باردى. ئۇلار
كەچ بولغۇچە دەرۋازە ئالدىدا ئولتۇردى.
مەلىكە دەرۋازەنى ئاچمادى. قازى ئۇدا بىر
قانچە كۈن دىلشات ئەرەمگە بارىپ، مەلە-
كەنى كۆرەلمەي ياندى.

بىر كۈنى قازى نىسبى شەب بىرلە
تۆرت شاگىردىنى ئارقاسىغە سالىپ، دىل-
شاد ئەرەمگە باردى ۋە ئۇلارغە ئەيدىكى:
«ئەي شاگىردلارىم، كۈندە كېلىپ مەلىكەنى
كۆرەلمەي قايتتىم، كەلگەنىمەدىن مۇرادىم
ھاسىل بولماس. دەرد - ئەھۋالىمنى مەلە-
كەگە بىيان قىلاي. شايەدكى، رەھمەسى
كېلىپ دەرۋازەنى ئاچسا، شىكەستە كۆڭلۈم

ئانـدىـن فـەرەھ تاپار» — دەپ يـىغلاپ،
مەلىكەنىڭ ئىشتىياقىدا نىمە دەيدۇر قىنى:

نەزم:

نەچچە كۈن بولدى ئەي دىلبەر،
ئىشىكىڭدە گەدا بولدۇم.
باقىپ قالدىم ساڭا ھەيران،
گىرىفتارى بەلا بولدۇم.

مۇيەسسەر بولمادى ھەرگىز،
ماڭا ئول نازىنىن مەھۋەش.
يۈزۈڭنى بىر كۆرەلمەي،
ئاھ تارتىپ نائۇمىد بولدۇم.

كېيىن كەلسەم كۆرەرمەن دەپ،
كېتىپمەن، سەن قالىپ ئاندا.
ئىچىمگە تۈشتىلەر بىر ئوت،
كۆيۈپ جاندىن جۇدا بولدۇم.

قېشىڭدۇر ئۈنچى يا گەۋھەر،
لەبىڭدۇر شەھدى - تاشەككەر،
كى ئاغزىڭ چەشمەئى كەۋسەر،
ئەجايىپ ئاشىنا بولدۇم.

قەددىڭ بىر دەستەئى گۈلدۇر،
ساچىڭ گوياكى سۈنبۈلدۇر،
سۆزۈڭ گوياكى بۈلبۈلدۇر،
ساڭا مەن ئاشىنا بولدۇم.

بولۇبدۇر نەچچە كۈن دىلبەر،
سىنىڭ كويۇڭدا مەن ھەيران.
كېزەرمەن كوچە - بازارنى،
ئەجايىپ بىنەۋا بولدۇم.

نەمازدىگەر ئۆتۈپ كەلدىم،
ئىشىكىڭدىن نائۇمىد ياندىم.
سەندىن ئۆزگەنى تاپماي،
ئەجەب بەختى قارا بولدۇم.

بۈگۈن ھەم كەلدىم ئىشىكىڭگە،
گەدا يەڭلىغ بولۇپ قازى.
سىنىڭدەك پەرى كويىدا،
كۆيۈپ ئوتدا ئەدا بولدۇم.

مەلىكە مىھرىلىقا قازىنىڭ نالە - ھالىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ «جالـلادى!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۈچ جاللاد قىلىچ كۆتىرىپ كەلدى. مەلىكە: «ئۆزىنى بىلمىگەن بۇ بەھەيا قازىنى ئۆرۈڭلار!» — دەپ جاللادلارغا بۇيرۇدى. جاللادلار قازىغا يۈگۈردى، قازى: «سۇبھانەللاھ لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» دەپ شاگىردلىرى بىرلە بەدەر قاچتى. قازى بىر چۇقۇرغە يىقىلىپ ئۆڭ پۇتى يۇتاسىدىن سۇندى، تۆرت شاگىردى قازىنى يۈدۈپ مەكانىغە ئالىپ بارىپ پۇتىنى تاڭدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە: «شەھزادە كەتكەلى بىر قانچە كۈن بولدى. قايتىپ كەلمىدى. ئانىڭدىن خەبەر ئېلىشىم لازىم»، دەپ گۈلىستان ئەرەمگە باردى. ئاتاسى شاھ فەرىگە شەھزادە دىلدارنىڭ ھالىنى بەيان قىلدى. شاھ فەرى: «شەھزادەنى دىلشاد ئەرەمگە بارغاندۇر دەپدىم، ئاسەف دىۋەزادەنى چىرلاتىپ ئەھۋالنى بىلىپ باقايلى» — دېدى. مەلىكە بىر پەرىنى بۇيرىدى. پەرى ئاسەف دىۋەزادەنى ئالىپ كەلدى، مەلىكە: «ئەي ئاسەف دىۋەزادە، شەھزادە قېنى؟» — دېدى. ئاسەف: «ئەي مەلىكە، بىز مۇندىن يۈرۈپ جانگىلى مازەندەرانغە باردۇق، ئاندا تۈلكىنى تاپىپ كەيندىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز قوغلاپ ئەللىك يىلچىلىق يەرگە باردۇق. ئاخىر بىدەرمان بولدۇم، قىشاپ قىلاي دەپ

www.uyghurkitap.com

توختاپ ئېردىم، شەھزادە مېنى بىر تازىيانە سوقتى. ئانىڭ دەردى جانىمدىن ئۆتتى، دەرغەزەپ بولۇپ يانىپ كەلدىم. شەھزادە ئاندا قالدى، ھالى نە بولدى ئىسكەن بىلمەسمەن» — دېدى. مەلىكە ئاسىق دىۋەزادەنىڭ ۋەفاسىزلىقىغە غەزەبلىنىپ، ئۇنى يۈزنى ئۇردۇردى. ئاسىق دىۋەزادە: «مۇندىن كېيىن شەھزادەگە ھەرگىزمۇ گۇستاخلىق قىلماسمەن» دەپ قەسەم قىلدى. مەلىكە مېھرىلىقا: «شەھزادەنى ھەر يەردە تاپساڭلار ماڭا خەبەر قىلىڭلار!» دەپ، ئۇن مىڭ پەرىنى ئەتراپى ئالەمگە ئىبەردى. ئۆزى ھەم ئۇن يەتتە مىڭ دىۋە بىرلە شەھزادەنى ئىزلەپ يولغە رەۋان بولدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن مەلىكە باشلىق دىۋەلەر كەلمى كەۋشەلەرنىڭ مەكانىغە يېتىپ باردى. مەلىكە كۆردىكىم، شەھزادە قەپەس ئىچىگە بەند قىلىنىپتۇر. مېھرىلىقا بىر قارا قۇش سۈرىتىدە بولۇپ چەھارباغقە ئۆزىنى ئاتتى. مۇنى كۆرگەن كەلمى كەۋشەلەر قەپەسنى ئالىپ قاچتى. مەلىكە مېھرىلىقا سېھرى بىرلە نەچچە كەلمى كەۋشەلەرنىڭ باشنىتېنىدىن جۇدا قىلدى. كەلمى كەۋشەلەر ھەرتەرەپكە قاچا باشلادى، مەلىكە مېھرىلىقا شەھزادەنى قەپەسدىن ئالىپ، قەپەسنى كەلمى كەۋشەلەر پادىشاھىنىڭ باشىغە ئۇردى. ئۇنىڭ باشى پارچە-پارچە بولۇپ، جانى مالىك دەۋزەخقە كەتتى.

ئەلقىسسە، مەلىكە مېھرىلىقا شەھزادەنى بۇ ھالدا كۆرۈپ رومال بىرلە شەھزادەنىڭ يۈز-كۆزىنى ئېرتىپ، بويىننى قۇچاقلاپ زار-زار يىغلاپ دەرد-ئەلەم بىرلە بۇ بەيتنى ئوقۇدى.

نەزم:

غافىل بولۇپ كېلەلمەدىم قاشىڭغە،
تەندە جانىم، دىلدار ھالىڭ نە بولدى؟
چۆلدە يۈرۈپ نەلەر كەلدى باشىڭغە،
جان دىلبەرىم نازۇك نىھال نە بولدى؟

گۈلدەك قەددىڭ تولدەم يادەك پۈكۈلمىش،
كۆزدە ياشىڭ رەۋان بولۇپ ئۈزۈلمىش،
رەڭگى-رۇيۇڭ زەئفىراندەك سارغارمىش،
ماڭا ئەيغىل تەندە جانىڭ نە بولدى؟

غافىل بولدۇم مەن نە ئىلاج ئەيلەيىن،
تەندە جانىم ساڭا قۇربان ئەيلەيىن،
گۈلدەك يۈزۈڭ، گەۋھەر كۆزۈڭ قارايىن،
نازۇك دىلبەر تەندە ھالىڭ نە بولدى؟

ھىجرىڭ مېنى دەم ئۇرمايىن كۆيدۈردى،
قارا كۆزۈڭ غەمزە قىلىپ ئۆلتۈردى،
ئەمدى بىلدىم رەقىب ساڭا نە قىلدى،
ئەيغىل ماڭا خەبەر ھالىڭ نە بولدى؟

جان دىلبەرىم، چېھرەم ئۈزرە خالىم بار،
قاراپ باققىل سىينەم ئىچرە يارىم بار،
غەمزە بىرلە جان ئالغۇچە زارىم بار،
كۆرگىل كېلىپ بوستانىڭ نە بولدى؟

مەلىكە ھەرىردىن توققۇز قات پەردە تارتتى. كىمخابدىن توققۇز قات تۆشەك سالىپ، تەتىللادىن تەكيي قويۇپ شەھزادەنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلادى. شەھزادە: «ئەي مەلىكە سەبىر قىلغىل، بۇ يەردە پەرىلەر باردۇر» — دېدى. مەلىكە يۈز مىڭ ناز-كەرەشمەلەر قىلدى. شەھزادە مەلىكەنىڭ ھۆسنى باغىغە كىرىپ بىر ئەكسە ھالقە قىلىپ بۇ بەيتنى ئوقۇدى.

نەزم:

ياد ئەيلەدىم دايىم سېنى،
ھەر كۈندە چەندان نازىنىن.

بىرەۇ ساغىنمادىڭ مېنى،
شىرىن زەبانىم نازەنىن.

گۇلدەك يۈزۈڭگە زارمەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرارمەن،
تاڭ ئاتقۇچە بىدارمەن،
ئاھۇ فىغانىم نازەنىن.

مەن ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەلى،
ئاز قالدى ھالىم ئۆلگەلى،
شىرىن لەبىڭگە سۆيگەلى،
ئەي بەخىيالىم نازەنىن.

گەر ئاي يۈزۈڭنى كۆرمەسەم،
ئوتۇڭدا كۆيسەم ئۆلمەسەم،
تاكى ئاياغىڭ ئۇخلاسام،
شىرىن زىلالىم نازەنىن.

كەلدىم يىراقتىن كۆرگەلى،
شىرىن لەبىڭگە سۈرگەلى،
قانچە يىراق كەلگىل بېرى،
يوقتۇر زەبانىم نازەنىن.

كۆردۇم قاراقچى كۆزلەرىڭ،
شىرىن مۇبارەك سۆزلەرىڭ،
بولدۇم غۇلامى - چاكەرىڭ،
ساھىبقىرانىم نازەنىن.

كەلدىم جانابىڭدۇر يىراق،
بىچارە قىلدى ئىشتىياق،
جانىمغە يەتتى بۇ فىراق،
ئايدەك چىرايلىغ نازەنىن.

ئەزم ئەيلەگۈمدۇر ئەي پەرى،
باقمادى ھەرگىز مەن سارى،
كەلدىم جەمالىڭ كۆرگەلى،
قۇربانى جانىم نازەنىن.

مېھرىلىقاغە زارىمەن،
ئىشقىڭدا كۆپ دىلدارمەن،
فۇرقەتدە دايىم زارمەن،
نازۇك نىھالىم نازەنىن.

دەپ مەلىكەنىڭ پەردەئى ئىسمەتى ئىچرە كىرىپ، شاپتالۇلار ئۈزۈپ، بۆسەلەر قىلىپ، نەچچە كۈن تارتقان مېھنەتلەرنى ئەستىن چىقاردى. شىكەستە كۆڭلىنى فەرەھ ئەيلەپ، پەرىلەر بىرلە دىلشاد ئەرەمگە رەۋان بولدى. ھەممە پەرىلەر دىلشاد ئەرەمگە دېمەي جابەجا بەرقەرار بولدىلار.

ئەلقىسسە، مەلىكە مېھرىلىقا: «ئەي شەھزادە، قازى ئەلامىددىن ئۇستادىڭىنىڭ ئامانەتىنى قولىغە بېرىپ، دۇئاسىنى ئالىپ چىقىغىل!» — دېدى. شەھزادە ھەيكەل بازۇبەندە تۇمار بىلەن ئول ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسەلام بەرگەن قۇتىنى قازى قاشىغە ئالىپ بارىپ ئالدىدا قويدى. قازى شەھزادەنى كۆرۈپ: «سەلامەت كېلىپسىز؟» — دېدى. شەھزادە: «ئەۋۋەل ھەقتە ئاللانىڭ، ئاندىن ئۆزلەرىنىڭ دۇئالارىنىڭ بەركاتىدىن ئارى سالامەت كەلدىم» — دېدى. قازى خاتۇنىغە: «ئەي مەزلۇم، بۇ تۇمار بىرلە قۇتىنى قويۇپ قويغىل، مەندە بۇلارنى كۆرگۈنچە ھال يوقتۇر» — دېدى. خاتۇنى بازۇبەندە بىرلە قۇتىنى ئالىپ كىرىپ قازىنىڭ دارۇ پۇرۇش قۇتىلارىنىڭ ئاراسىدا قويدى.

ئەلقىسسە، بىر نەچچە كۈندە قازىنىڭ پۇتى ساقايدى. ئۇ شاگىردلارىنى چىرلاتىپ: «ئەي شاگىردلارىم، ھېچ قايسىڭلاردىن بىر ئىش ھاسىل بولمادى، ئەمدى قايداغ قىلۇرمىز؟» — دېدى. شاگىردلارى: «ئەي ئاخۇنۇم، شەھزادەنى بىگۇناھ ئۆلتۈرسەك بىزنى پادىشاھ ئۆلتۈرۈر، ھەرنە قىلسەلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆزلىرى بىلۇرلەر» — دەپ چىقىپ كەتتى. قازى خاتۇنغە: «شەھزادەنىڭ ئىشىنى مەن ئۆزەم پۈتتۈرەي. ماڭا دەرھال بىر تاباق ئاش قىلىپ بەرگىل، مەندە زەھرى ھىلال باردۇر، ئانى ئاشقە سالىپ شەھزادەگە بېرەي، يەپ ئۆلسۇن» — دېدى. ئاش تەييار بولغاندا قازى شەھزادەنى چىرلاتتى ۋە: «ئەي خاتۇن، دارۇ پۇرۇش قۇتىلارىمنى ئالىپ چىققىن» — دېدى. خاتۇنى قازىنىڭ دارۇ پۇرۇش قۇتىلارىنى ئالىپ چىقىپ ئالدىدا قويدى. خاتۇنى زەھرى ھىلال بار قۇتىنى تاپقۇنچەلىك، قازىنىڭ كۆزى شەھزادە دىلدار ئالىپ كەلگەن قۇتىغە تۈشتى. قازى، بۇ قۇتىدا نېمە بار ئىكەن دەپ ئاغزىنى ئاچماق زەمان ئول قۇتىدىن يەلدەك بىر ئوق چىقىپ قازىنىڭ يۈرەكىگە تېگىپ، ئىككى دولىسىنىڭ ئاراسىدىن پەرران ئۆتۈپ غايىپ بولدى، مۇنى ھېچكىمشى كۆرمەدى. قازى دۈم يىقىلدى، ئاغزىدىن لەختە-لەختە قان رەۋان بولدى. شول زەمان جان تەسلىم قىلدى. ئوق تەككەن يېرى ھېچ مەلۇم بولمادى. شاگىردلارى بۇ ھالنى كۆرۈپ: «ئاخۇنۇمغە شىكەستە ھال ۋاقىئە بولۇبدۇر»— دەپ، بارچە ئەئزاسىنى تىلىپ قان ئالغالى قەسد قىلدى، ئەسلا قان چىقمادى. جان ھەم كىرمەدى. قاراسە، قازىنىڭ قانى چىقماي جانى چىققانىكەن. قازىنىڭ ھەممە شاگىردلارى جەمئ بولۇپ، قازىنىڭ نەمازىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە دەفن قىلدى.

فەسل دەستان سۆز ئىشتمەك كىرەك:

بىر كۈنى قوزۇۋىن خەلقى پادشاھىغە: «ئەي پادشاھى ئالەم، دىلشاد ئەرەمنى پەرىلەر ئالىپتۇر، بۇ شەھەرنىڭ تاشىدا، سەھرالاردا ئادەم فەرزەندلەرى يۈرگەلى بولمايدۇر. بۇ شەھەر خەلقىنىڭ تولاسى بىھۇش سارالىڭ بولۇبدۇر، نېچۈك قىلۇرمىز؟» — دەپ ئەرز قىلدى. پادشاھ ۋەزىر-ئۇمەرا، ئۇلۇما-ھۆكۈمالارنى يىغىپ: «ئەي ۋەزىر-ئۇمەرا، ئۇلۇما-ھۆكۈمالار، دانىشمەندلەر، شەھەرنىڭ ئەتراپىنى پەرىلەر ئالىپتۇر. ئۇلارنى يوق قىلىشنىڭ قانداق چارە-تەدبىرلىرى بار؟ مەسلىھەت بەرگەيسىلەر» — دېدى. ۋەزىر-ئۇمەرالار: «ئەي پادشاھى ئالەم، ئانىڭ ئىشى سەھلدۇر. پۈتۈن شەھەر خەلقى جانگاللاردىن ئوتۇن ئالىپ كېلىپ دىلشاد ئەرەمگە ئوت قويسا، ئاندىن پەرىلەردىن قۇتۇلغايمىز. بولمىسا، دىلشاد ئەرەمنى پەرىلەردىن ئاجراتىپ ئالماق مۈشكۈلدۇر»— دېدى. قوزۇۋىن پادشاھى: «ئانداغ بولسە، پۈتۈن شەھەر خەلقىغە ئوتۇن ئەكىلىش توغرىسىدا ھاشار سالىڭلار!» — دېدى. ھاشار سالىپ ئېردى، بىر لەك ھاشارچى جەمئ بولدى. ئادەم باشىغە ئون ئۇلاغدىن ئوتۇن سالدى. ھاشارچىلار ھەر كۈنى جانگىلى مازەندەراندىن ئوتۇن ئالىپ كېلىپ دىلشاد ئەرەمنىڭ ئەتراپىغە تاشلادى.

ئەلقىسسە، شەھەر خەلقى پادشاھىغە يەنە ئەرز قىلدى: «ئەي پادشاھى ئالەم، تۈنۈگۈن ئالىپ كەلگەن ئوتۇننى پەرىلەر دەريايى قوزۇۋىنغە تاشلابدۇر، بىر تال ئوتۇننمۇ قالمابدۇر». پادشاھ ئەمرى قىلدىكى: «ئەمدى ھەر كىم ئالىپ كەلگەن ئوتۇننى دىلشاد ئەرەمگە ئالىپ بارماي شەھەرئىچىگە ئالىپ كىرىپ ئۆيىدە ساقلاسۇن. قاچانكىم ئوتۇن تەييار بولغاندا ماڭا خەبەر قىلسۇن!» ھاشارچىلار بىر ھەپتە ئىچىدە يۈز مىڭ ئۇلاغ ئوتۇن جەمئ قىلدى. ئۇمەرالار پادشاھغە: «ئوتۇن تەييار بولدى» دەپ خەبەر قىلدى. پادشاھ ئانداغ ھۆكۈم قىلدىكى: «ئون مىڭ ئۇلۇما ئون مىڭ كەلامۇللاھ رەببانىنى باشىدا كۆتەرسۇن! ئاغزىدا پەرىلەرنىڭ ئەفسۇنىنى ئوقۇپ دەمىدە قىلسۇن!

هاشارچىلار ئوتۇننى ئالىپ يۈرسۇن، شەھەر ئىچىدە ئادەم قالماسۇن، دىلشاد ئەرەمگە يۈرسۇن!». بىر كۈنى ئون مىڭ ئۇلۇما ئون مىڭ قۇرئان كىتابىنى باشىدە كۆتىرىپ پەرىلەرنىڭ ئەفسۇنلەرىنى ئوقۇپ، دىلشاد ئەرەمگە دەمىدە قىلىپ رەۋان بولدى. ئانىڭ ئارقەسىدىن بىر لەك هاشارچى هەربىرلەرى ئون ئۇلاغ ئوتۇننى ئالىپ يۈردى. ئانىڭ ئارقەسىدىن مىڭ قاباق ياغنى ئالىپ شەھەر خەلقى يۈردى. ئۇلار ئوتۇننى دىلشاد ئەرەمنىڭ ئەتراپىغە دۆۋىلىدى. بۇ هالنى كۆرگەن شەهزادە دىلدار مەلىكە مىھرىلىقانى ئالىپ، ئون يەتتە مىڭ پەرى بىرلە دىلشاد ئەرەمدىن گۇلىستان ئەرەمگە رەۋان بولدىلار. پادىشاھ: «ئوتۇنلارغە ياغنى ساچىپ ئوت قويۇڭلار!» — دەپ ئەمر قىلدى. هاشارچىلار ئوتۇنغە ياغنى ساچىپ ئوت قويدى. فەردەئى ئىسمەت ئەلۋانۇ كەيۋانلار ئىلىم-هىكمەتلەر بىلە بەرپا قىلغان دەرەختلەر، تەخت-بەختلەر كۆيۈپ كۈل بولدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە مىھرىلىقا گۇلىستان ئەرەمگە بارىپ پادىشاھ فەرىگە ئەرز قىلدى: «قۇزۋىن پادىشاهى دەئۋەتى قۇرئاننى ئالىپ چىقىپ مەكانىمىزغە ئوت قويدى. بىزلەر مۇندا قاچىپ كەلدۇق. ئەي ئاتا، ئەمدى نە ئىلاج قىلۇرمىز؟» — دېدى. شاھ فەرى دەرغەزەب بولۇپ: «ئەي پەرىلەر، بۇ شەهرى قۇزۋىن شەهزادە دىلدارغە جەلدە تۇرۇر. ئەلبەتتە ئول شەھەرنى شەهزادەگە ئالىپ بەرمەي بولماس، لەشكەرلەر جەمئ بولسۇن!» — دەپ پەرمان قىلدى. يەتمىش مىڭ پەرى جەمئ بولۇپ، ياراق-ئوق، ئۆي-بارىگاهلارنى سەرافراز ئەيلەپ شەهرى قۇزۋىنغە رەۋان بولدى. ئاسمان-يەرنىڭ ئاراسى پەرىلەرنىڭ شەھقەسى، غۇلغۇلا ۋە ماجەراسىغە تولۇپ، ئالەم لەرزىگە كەلدى.

قۇزۋىن شەھرىنىڭ خەلقى پادىشاهىغە خەبەر قىلدىكى: «كۆهىقافدىن لەشكەر ئەزىم كەلدى، ئانىڭ غۇلغۇلە-ماجەراسىغە ئالەم پۇر بولدى. ئۇلارنىڭ هۆددەسىدىن چىقماق بەسى مۇشكۇلدۇر.» پادىشاهى قۇزۋىن ئانداغ يارلىغ قىلدىكى: «ئون مىڭ ئۇلۇما ئون مىڭ كەلامۇللاهنى باشىدا كۆتەرسۇن، ئاغزىدا پەرىلەرگە ئەپسۇن ئوقۇپ دەمىدە قىلسۇن، ئون مىڭ هۆكۇما ياخشى سائەتتە نەهس-سەتارىلەرىنى ئالىپ ئارقەسىدىن رەۋان بولسۇن، ئۈچ لەك لەشكەر ياراغ-جابدۇقلەرىنى تەييار قىلىپ شەھەرنىڭ تاشىغە چىقسۇن!».

ئون مىڭ ئۇلۇما قۇرئاننى باشىدا كۆتەرىپ، پەرىلەرنىڭ ئەپسۇنىنى ئوقۇپ يولغە رەۋان بولدى. ئانىڭ ئارقەسىدىن ئون مىڭ هۆكۇما نەهس-سەتارىلەرىنى ئوك قولىغە ئالىپ ماڭدى. ئانىڭ ئارقەسىدىن ئۈچ لەك لەشكەر ياراغ-جابدۇغىنى ئالىپ دەبدەبە بىرلە شەھەرنىڭ تاشىغە چىقتى. ئانىڭ ئارقەسىدىن ۋەزىر-ئۇمەرالار بىرلە پادىشاھ ئاتلاندى. ئاڭغىچە پەرىلەرنىڭ قاشىغە بارىپ سەپ راست قىلدى، پەرىلەر هەم سەپ راست قىلدى. ئون مىڭ ئۇلۇما بەلەند ئاۋاز بىرلە ئەفسۇن ئوقۇپ پەرىلەرگە دەمىدە قىلۇر ئېردى. پەرىلەرگە دەهشەت قورقۇنچى پەيدا بولۇپ، پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغە ئۆرلەدى. شول ئەسنادا كۆهىقافدىن ئىككى پەرى ئوت چېقىلغاندەك كېلىپ مەلىكەگە: «شاھ فەرىنىڭ كېسەلى ئېغىر بولدى، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ بولماس» — دېدى. پەرىلەرنىڭ بارى كۆهىقاف تەرەپكە رەۋان بولدى، قۇزۋىن خەلقى هەيران قالدى. ئارادە بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، شاھ فەرىنىڭ كېسەلى قويى بولدى. پادىشاھ مەلىكەنى چىرلاپ: «ئەي پەرزەن-

دىم، مەن كېسىلىمدىن ساقىيالماسمەن، مېنىڭ ساڭا بىرمۇنچە ۋەسىيە قىلىمبار، بېرى كەلگىل» دېدى. مەلىكە مېھرىلىقا يېقىن باردى، شاھ فەرى: «ئەي نۇرىدىدەم، شەھزادە دىلدارنى ھەرگىز تاشلىماغايسىز، شەھىرى قۇزۇدىن شەھزادە دىلدارنىڭ باباسىنىڭ جەددەسى تۇرۇر، ئانى ئالىپ قولىغا تاپشۇرغايسىز» — دېدى. مەلىكە مېھرىلىقا: «ئەي ئاتا، قۇزۇدىن شەھرىنىڭ ئون مىڭ ئەفسۇنگەر ئۇلۇمالارى باردۇر. پەرىلەر ئۇلارغە ھېچ يېقىن بارالماس» — دېدى. شاھ فەرى: «ئەگەر مەندىن كېيىن قالساڭىز قەزايى قۇزەھغە، پېشەئى ھەيرانغە، ئەيقابەندكە كىشى يىبەرگەيسىز، جادۇلەرنى ئالىپ كەلسۇن. ئۇلارنى قۇزۇدىنغە باشلاپ بارسۇن. ئۇلار ئەفسۇنگەرلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلۇر، ئەگەر قۇزۇدىن شەھرى قولۇڭلارغە كەلسە شەھزادەنى تەختى پارەگە چىقارغايسىز. خىراجىنى شەھزادەگە بەرگەيسىز، ئۆزىڭىز گۇلىستان ئەرەمدە بولغايسىز، مېنىڭ ئورنۇمنى باسىپ ئولتۇرغايسىز. بۇ شەھەرلەر دۇشمەنلەرنىڭ قولىغە قالماسۇن. ھەر ۋەقتىكى، شەھزادەدىن پات-پات خەبەر ئالغايسىز، مۇددەئىيلەر، دۇشمەنلەر ئۇنىڭغە زەرەر يەتكۈزمەسۇن» — دەپ ئالەم پانىدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى. پەرىلەر شاھ فەرىنىڭ نەمازىنى چۈشۈرۈپ، گۇلىستان ئەرەمدە ھەزرەتى ئىمام بەتتالى غازى پادىشاھىمنىڭ ئالتۇن خانىقالەرىدە ەولىلا ئابدۇررەھماننىڭ ئاياغلارىدە دەفن قىلدىلار.

قىرىق كۈندىن كېيىن مەلىكە يەنە لەشكەر يىغىپ قەزايى قۇزەھدىن، پېشەئى ھەيراندىن، ئەيقابەندىدىن جادۇگەلەرنى كەلتۈردى. يەتمىش مىڭ پەرىلەر بىرلە ئون مىڭ جادۇيى شەھرى قۇزۇدىنغە رەۋان بولدى. ئانىڭ ئارقەسىدىن شەھزادە بىرلە مەلىكە مېھرىلىقا ئون يەتتە مىڭ پەرىنى ئالىپ ئەرتەسى دەريايى قۇزۇدىنىڭ لەبىگە تۈشتى. پەرىلەر جەڭ ئەسبابىنى راست قىلدى. ئۇلار شەھزادەگە: «رۇخسەت قىلساڭىز بىر ھىيلە بىرلە قۇزۇدىن شەھرىنى ۋەيران قىلۇرمىز» — دېيىشتى. شەھزادە: «ئەۋۋەل پادىشاھى قۇزۇدىنغە نامە بىرلە ئەلچى ئىبەرەيلى، جەۋابىغە باقىپ ئىش قىلالى» — دېدى. مەلىكە: «خوپ بولۇر» دەپ نامە پۈتتۈردى. ئۈچ پەرىنى ئەلچى قىلىپ نامە بىرلە پادىشاھى قۇزۇدىنغە ئىبەردى. پەرىلەر ھەۋا بىرلە كېلىپ ئورداغە تۈشتى. پەرىلەر پادىشاھغە سەلام قىلدى، پادىشاھ ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارنىڭ سالامىنى ئەلىك ئالدى. پەرىلەرگە زەرباب كۆرپە سالىپ ئالتۇن مەجازى قويدۇرۇپ بەردى. پەرىلەر ئەلچىلىك رەسمىنى بەجا كەلتۈرۈپ، نامەنى پادىشاھغە تۇتتى. پادىشاھ نامەنى مۇنشىغە بەردى. مۇنشى نامەنى ئوقۇدى. نامەنىڭ مەزمۇنى بۇ ئەردىكىم: «شەھزادە دىلداردىن، مەلىكە مېھرىلىقادىن پادىشاھى قۇزۇدىنغە سەدسەلام ۋە سەد فەيام دىگەچ ئەرز ئولكى، شاھ مەئمۇرنىڭ ھەيات ۋەقتىدە بۇ شەھەرنى ساڭا ئامانەت بېرىپ ئېردى، ئۆزى خانەئى كەئبەنى زىيارەت قىلغالى كېتىپ يانىپ كەلگۈنچە ئۆمرى يار بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ھالا شاھ مەئمۇرنىڭ فەرزەندى شەھزادە دىلدار رەسىدە بىرلۇپ، بەلاغەتكە يەتتى. ئانىڭ ئاغىر لەشكەرى ھازىر قۇزۇدىن ئەترافىغە كېلىپ تۈشتى. ياخشىلىق بىرلە ۋەقتىدە شەھەرنى قولىمىزغە بەرسەڭلەر، سەن ھەم شەھەر خەلقى ئۆز ئامانىڭدا بولۇرسەن. ئەگەر بۇ سۆزۈمگە گۇستاخلىق قىلساڭلار ئۆز ۋۇبالىڭلار ئۆز گەردەنىڭلەرغەدۇر. نامە تەمام ۋەسسەلام.»، دەپدۇرلەر.

پادىشاھى قۇزۇدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ

باشى ئايلاندى. ئۇ ۋەزىر ـ ئۇمەرالارى بىرلە مەسلەھەتخانەسىغە كىرىپ ئەيدىكى: «ئەي ۋەزىر ـ ئۇمەرالار، نە ئىلاج قىلۇرمىز؟». ۋەزىر ـ ئۇمەرالار ئەيدىكى: «ئانىڭ ئىشى سەھلدۇر. ئۈچ ـ تۆرت يۈز موللا ـ ئۇلۇمالار ئەفسۇن قىلسە ئۇلار يوق بولۇر». ئۇلارنىڭ مەسلەھەتلەرى بىرلە ئون مىڭ موللا قىقاس سالىپ ئەفسۇن ئوقۇپ چىقتى. بۇنىڭغا پەرىلەر تاقەت قىلالماي مەلىكە مېھرىلىقا قاشىغە قاچىپ كەلدى. مەلىكە مېھرىلىقا دەرغەزەب بولۇپ يارلىغ قىلدىكى: «لەشكەرلەر تەبرەنسۇن!». شول زەمان سەكسەن يەتتە مىڭ پەرىلەر قوزغالىپ شەھرى قۇزۋىنىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۈشتى. پادىشاھ سېپىل تۆپەسىگە چىقىپ كۆردىكى، ئەتراپ ـ ئالەم پەرىلەرگە تولۇبدۇر. قۇزۋىن پادىشاھى ھەم: «لەشكەرلەر تەبرەنسۇن!»، دەپ ئەمر قىلدى. لەشكەرلەر تەبرەپ شەھەر تاشىغە چىقتى، ئون مىڭ ئۇلۇما ئانىڭ ئارقەسىدىن ئون مىڭ كەلامۇللاھنى باشىدە كۆتەرىپ قەسىدەئى قەسارنى دەئۋەت قىلىپ چىقتى. پەرىلەر ھەر تەرەفكە قاچاباشلادى. ئاڭغىچە ئون مىڭ جادۇگەر يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاسمانغە ئۇچۇپ چىقىپ بۇ ئون مىڭ ئۇلۇمالارغە ئوت تاشلاپ كۆيدۈردى. ئۆزگە لەشكەرلەر قاچىپ ئۆزىنى شەھەرگە ئالدى. بۇ ئون مىڭ جادۇگەر قارا قۇش سۈرەتىدە بولۇپ، قۇزۋىن لەشكەرىگە ئۆزىنى ئوردى. لەشكەرى قۇزۋىن ۋەيران بولۇپ ئون مىڭ كىشى ئۆلدى. قالغان لەشكەرلەر ئاللا ـ كاللا دەپ قاچقالى يەر تاپالماي ئامانلىق تىلەدى. پەرىلەر شەھەرگە كىردى، ئون مىڭ جادۇگەر جەڭدىن قولىنى يىغدى. ئۇلار پادىشاھى قۇزۋىننى تۇتۇپ بويىنىغە زەنجىر سالىپ زىنداندە تاشلادى. شەھەر ئىچىدە دىلشاد ئەرەمنىڭ سىپاقىدا بىر چەھارباغ تەييار قىلدى. مەلىكە مېھرىلىقا باشلىق شەھەر خەلقى شەھزادە دىلدارنى مۇبارەكبادلىق قىلىپ تەختكە چىقاردى. ئۇلار ئىززەت ـ ئىكرام بىرلە كېچە ـ كۈندۈز شەھزادەنىڭ خىزمىتىدە بولدى. مەلىكە جادۇگەرلەرغە ئىنئام بېرىپ، ئول جادۇگەرلەرنى ئۆز مەكانىغە ياندۇردى. ئۆزى سەكسەن يەتتە مىڭ پەرىنى ئالىپ گۈلىستان ئەرەمگە رەۋان بولدى. ۋەزىر-ئۇمەرالار ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە شەھەرنىڭ باج ـ خىراجىنى ئالىپ كېلىپ شەھزادە دىلدارغە تۆھپە قىلدى. ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە شەھەرنىڭ تاجدارلارى تارتۇغ ـ فىشكەشلەر بىرلە كېلىپ شەھزادەگە كۆرۈنۈش قىلىپ ياندى. مەلىكە مېھرىلىقا شەھزادەنىڭ خىزمەتىدە قىرىق پەرىنى قويدى، مېھرىلىقا گۈلىستان ئەرەمگە كېلىپ تەختىدە بەرقەرار بولدى.

ئەلقىسسە، مۇنىڭ ئارەسىدە ئۈچ ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى شەھزادە دىلدار مەلىكە مېھرىلىقا ئۈچۈن دىلگەر بولۇپ، مەلىكەنىڭ ئوتى ـ فىراقىدا ئەسلا تاقەتلەرى قالمادى. بىر پەرىدىن نامە پۈتۈپ مەلىكە مېھرىلىقاغە ئېبەردى، ئول پەرى نامەنى ئالىپ بارىپ مېھرىلىقاغە بەردى. نامەنىڭ مەزمۇنى ئولكىم: «مەلىكە مېھرىلىقاغە، كەمىنەلەرى شەھزادە دىلداردىن سەد سەلام ۋە سەد فەيام ئەداسىدىن ئەرزئولكى، مەن مۇندە سەلامەت تۇرۇپتۇرمەن. ئەمما ئۆزلەرىنىڭ ھىجران-ۋىساللارىدىن ئايرىلىپ رەڭگىمىز زەئفىراندەك سارغاردى، بەرگلەرىمىز سىندى، بۇ نېچۈك ئەدالەت بولۇر. نامە تەمام ۋەسسەلام.» دەپ ئاياغىدا بۇ بەيتنى پۈتۈپدۇرلەر.

نەزم:

تۇرفە تۈشۈبدۇر ئەي پەرى،
سۈرەتى خۇشلۇقىڭىز.

www.uyghurkitap.com

جۇملە پەرى ھۆسنى ئارا،
مۇشفىق ئىكەن خۇدايىمىز.

ئۆزگەلەرگە قاش ئاتتىڭىز،
بىزلەرنى تاشلاپ ئەتتىڭىز،
قۇل قىلىپ ئەلگە ساتتىڭىز،
ئۇشبۇمۇدۇر ۋەفايىڭىز.

ئۆزگەلەرگە باقىپ كۈلۈپ،
بىزلەرنى يۈزمىڭ ئۆلتۈرۈپ،
تۇردۇم يولۇڭغا تەلمۈرۈپ،
مەنمۇ بولۇپ گەدايىڭىز.

ھىجرىڭ ئوتىدا سارغارىپ،
سىزنىڭ ئۈچۈن بولۇپ غەرىب،
ئەسلا كۆرەلمەددىم بارىپ،
يولغە قاراپ جەمالىڭىز.

بارچە كىبەلگە بار دەۋا،
ھىجر ئوتىنىڭ دەۋاسى يوق.
كۆرسە تەبىبلەر ئەيتادۇر،
يارى ئېرۇر دەۋايىڭىز.

مۇنچە جەفانى قىلغۇچە،
بىر يولى ئۆلتۈرۈڭ مېنى.
مەنمۇ مۇرادىمغە يېتەي،
بولسە جېنىم فىدايىڭىز.

تەگرى سىزنى ئەزىز قىلىپ،
مېنى مۇندا خار ئېتىپ،
ئاھ نېتەي ئىلاجى يوق،
ئەمدى قىلاي دۇئايىڭىز.

رەھىم قىلىپ كەلسۇن دېسەڭ،
بىز لاچىنىڭ بولۇپ باراي.
بەلكى تەسەددۇقۇڭ بولاي،
بولسە بەھەم ۋىسالىڭىز.

ئاھ نېتەيىن ئەي پەرى،
قاچما يىراق كەلگىل بېرى،
بىرگىنە باقىغىل مەن سېرى،
تۇشسە مەنەم خىيالىڭىز.

كۈندە سېنى مەن ياد ئېتىپ،
ئەقلى - ھۇشۇمدىن ھەم كېتىپ،
جان چىقمادى يارىم كېتىپ،
كۆكسۈڭدە كى ئانارىڭىز.

ئەلقىسسە، مەلىكە مېھرىلىقا بۇ نامەنى ئىشىتىپ ئاھ تارتىپ يىغلاپ شەھەرگە كەلدى. شەھزادە دىلدار بىرلە كۆرۈشۈپ باشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرىگە بەيان قىلدى. شاھ ئەرەم دەپ بىر پەرى بار ئېردى، ئانى شەھرى قۇزۇۋىنىغە شاھ قىلىپ ئون مىڭ پەرىنى ئانىڭ خىزمەتىگە قويدى. شەھزادە دىلدارنى ئالىپ گۈلىستان ئەرەمگە يانىپ كەلدىلەر. شەھرى قۇزۇۋىنغە تابىئ رىمىدىن شامغىچە بولغان شەھەرلەرنىڭ باج-خەراجى، شەھرى قۇزۇۋىن ھەم كۇھقافغە تەئەللۇق تۇردى. شەھزادە دىلدار بىلەن مەلىكە مېھرىلىقا گۈلىستان ئەرەمدە ئۇمرىنى ئۆتكەردىلەر. ھەركىم ئىخلاس بىلەن ئالللاھ تەئالاغە ئەرزھالىنى بەيان قىلسە مۇرادىغە يەتكەي.




# ئالتۇن قوڭغۇراق

ئۆتكەن زاماندا بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. خەلق ئۇنى «ئەلسۆيەر شاھ» دەپ ئاتىشىدىكەن. شاھ دائىم تۆۋەنگە بېرىپ ھەرخىل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلقنىڭ دەردى-ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، شۇنىڭغا يارىشا پەرمانلارنى چۈشۈرىدىكەن.

بىر كۈنى شاھ ئوردىغا ئەھۋال ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ شاھ بىلەن كۆرۈشەلمەي كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇ ھامان ۋەزىرلىرى بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىپتۇ. ئاخىرىدا، شەھەر مەركىزىگە بىر مەيدان تەييارلاشنى، بىر ساراي سېلىشنى، ھاجەتمەنلەر شامال، يامغۇر، ئىسسىق-سوغۇق كۈنلەردە سارايدا پانالىنىشىنى؛ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر موما ياغاچ ئورنىتىپ، ئۇچىغا بىر دانە چوڭ ئالتۇن قوڭغۇراق بېكىتىشنى؛ قوڭغۇراق تىلىغا باغلانغان ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. بۇلار تەييارلانغاندىن كېيىن شاھ: «كىمنىڭ شاھقا دەيدىغان گېپى بولسا بۇ قوڭغۇراقنى چالسۇن. مەن ئۆزۈم ئۇ كىشىنى كۈتۈۋالىمەن. پەرمانغا خىلاپلىق قىلىنمىسۇن!» دەپ ئەمر قىپتۇ. شۇندىن كېيىن ھاجەتمەنلەر كۆڭلىدىكى گېپىنى شاھقا دېيەلەيدىغان، شاھنىڭ ئەمر-پەرمانىنى جان-دىلى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان بوپتۇ. شاھمۇ ھەر ۋاقىت غىزاسىنى ھاجەتمەنلەر بىلەن بىرگە يەيدىغان، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بوپتۇ.

شاھنىڭ بىر سول قول ۋەزىرى بار ئىكەن. ئىلگىرى ئۇ دائىم شاھنى مۇھاپىزەت قىلىش نامى بىلەن ھاجەتمەنلەرنى ئوردىغا كىرگۈزمەيدىكەن. ھاجەتمەنلەردىن پارا ئالىدىكەن. ئالتۇن قوڭغۇراق ئورنىتىلغاندىن كېيىن بۇ ۋەزىرنىڭ يانچۇقى تولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئويلا-ئويلا ئاخىر بىر چارە تېپىپتۇ. بۇ چارە ئارقىلىق شاھنى ئۆز پەرمانىدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بوپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى سول قول ۋەزىر سەھراغا چىقىپ ھەم ئورۇق، ھەم يېغىر بىر ئېشەكنى ھەيدەپ كېلىپ موما ياغاچنىڭ يېنىدا توختىتىپتۇ ۋە قوڭغۇراق چىگىلگەن ئارغامچىنى ئېشەكنىڭ بويىنىغا چىگىپ قويۇپ، ئۆزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر خىلۋەت جايدا ئەھۋال كۈزىتىپتۇ. بىر چاغدا ئېشەك ئارغامچىنى تارتىپتۇ... شاھ چىقىپ قارىسا، بىر ئېشەك ھە دەپ ئارغامچىنى تارتىۋاتقىدەك! بۇنى كۆرگەن شاھ دەرھال

ئوڭ قول ۋەزىرنى چاقىرتىپ: «ئېشەكنى باغلاپ قويغان ئادەمنى تاپمىغۇچە ئوردىغا قايتماڭ!» — دەپتۇ.

ۋەزىر ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئېشەك ئىگىسىنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئېشەكنى يېشىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بىر ئايغىچە ئېشەكنى ياخشى بېقىپتۇ. ئېشەك سەمىرىشكە باشلاپتۇ. يېغىرى ساقىيىپتۇ. ۋەزىر ئېشەكنى تـوقـۇپ - تاقـلاپ، ھېلىقى موما ياغاچقا باغلاپ قويۇپتۇ...

بىر كۈنى سول قول ۋەزىر قويۇپ قويغان كۆزەتچى ئېشەكنىڭ سەمىرىپ ياخشى بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «بۇ ئېشەكنى ھەيدەپ بېرىپ ساتسام بولامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئاستا بېرىپ ئېشەكنى باغلاقتىن يېشىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئوڭ قول ۋەزىر قويغان خىزمەتچى ئۇ ئادەمنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى ۋەزىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بۇ ئادەمنى سوراق قىلمىغانىكەن، ئۇ ئادەم سول قول ۋەزىرنىڭ سۈيىقەستىدىنى پاش قىلىپ قويۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بۇ ئادەمنى شاھقا تاپشۇرۇپتۇ. شاھ ئادەم چىقىرىپ سول قول ۋەزىرنى چاقىرتىپ بۇ ئادەم بىلەن يۈزلەشتۈرۈپتۇ. ئەھۋال ئايدىڭلىشىپتۇ.

شاھ بۇ ۋەقەنى خەلق ئاممىسىغا ئېلان قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرنى خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلاپتۇ. سول قول ۋەزىرنى بولسا «پادىشاھنى پۇقرادىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان» جىنايىتى ئۈچۈن موما ياغاچقا باغلاپ قەتلى قىپتۇ. خەلق ئاممىسى بۇ ئىشتىن بەكمۇ رازى بوپتۇ.

شۇندىن كېيىن ئالتۇن قوڭغۇراق توسالغۇسىز جاراڭلاپ، خەلقنى شاھ بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپتۇ. ئەلسۆيەر شاھنىڭ نامى - شۆھرىتى پۈتۈن جاھانغا تارايتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: قادىر نىياز
رەتلىگۈچى: يۈسۈپ ئۆمەر



# ھېكايەت ۋە لەتىپىلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەتتۇردى مىرزائەخمەت، يالقۇن قاھار

## ھېكايەتلەر

شەھەردە بىر پاختا ئامبىرى بولۇپ، بىر كۈنى ئامباردىكى پاختىلار ئوغرىلاندى. پاختا پۇرۇشلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلىشتى. پادىشاھ ھەرقانچە قاتتىق ئىزلەتكۈزۈپمۇ ئوغرىنى تۇتالمىدى. ئاخىرى بىر ئەمىر پادىشاھقا:

— ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز ئوغرىلارنى مەن تۇتاي،— دېدى.

پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئەمىر ئۆيىگە بېرىپ، شەھەرنىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق ئادەملىرىنى زىياپەتكە چاقىردى. ھەممە كىشىلەر يىغىلىپ ئولتۇرۇشقاندا، ئەمىر كۆپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— قانداق ھارامزادە، بىھايا ۋە ئەخمەق نېمىكىن، پاختا ئوغرىلاپتۇ-يۇ، پاختىنىڭ پارچىلىرى ساقىلىنىڭ ئاستىغا ئورناپ قاپتۇ. يەنە تېخى شۇ ھالىتى بىلەن مېنىڭ زىياپىتىمگە كېلىشىپتۇ...— دېدى.

بۇ چاغدا بىرقانچە ئادەملەر ساقاللىرىنى قوللىرى بىلەن سىلاپ پاكىزە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىرگە بۇلارنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. پادىشاھ ئەمىرنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

× ×

بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئۆتكەن كېچە ھەزرىتى پادىشاھنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى زورلۇق بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ، كېنىزىكىم بىلەن زىنا قىلدى،— دەپ ئەرز قىلدى. پادىشاھ:

— ئەگەر ئۇ كىشى يەنە زورلۇق بىلەن ئۆيۈڭگە كەلگۈدەك بولسا، شۇ ھامان دەرھال ماڭا خەۋەر قىلغىن،— دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى كىشى يەنە كېلىپ ئۆيىگە كىردى. ئۆي ئىگىسى پادىشاھقا خەۋەر بەردى. پادىشاھ قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ ئۆي ئىگىسى بىلەن بىللە كەلدى-دە، ئۆيگە كىرىپلا چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە چىراقنى ياندۇردى. ئۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكرىلەر كەلتۈردى. ئاندىن ئۆي ئىگىسىگە قاراپ:

— ئەمدى ئۆيۈڭدە ھەرقانداق تائام بولسا كەلتۈرگىن،— دېدى. ئۆي ئىگىسى تاماق كەلتۈردى. پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن يېدى. ئۆي ئىگىسى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، نېمىشقا

www.uyghurkitap.com



ئۆيگە كىرىپلا ئالدى بىلەن چىراقنى ئۆ-
چۈردىلە، كېيىن چىراقنى ياندۇرۇپ ئۇ
كىشىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپلا خۇداغا شۈكرى
ئادا قىلدىلا، ۋە تائامنى ۋاقتىسىز يېدى-
لە؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھ ئېيتتى:

— مېنىڭ ئوغلۇمدىن باشقا كىشىنىڭ
بۇنداق ئىشنى قىلغىلى قۇدرىتى يوق، دەپ
گۇمان قىلغانىدىم. شۇڭا ئاۋۋال چىراقنى
ئۆچۈردۈم. چۈنكى ئوغلۇمنىڭ يۈزىنى كۆر-
گۈدەك بولسام، مۇھەببەتتىن ئۇنى ئۆلتۈر-
گىلى جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئەمدى ئۇنى
ئۆلدى، دەپ چىراقنى ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ
يۈزىنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكرى كەلتۈردۈم.
چۈنكى ئۆلگۈچى ئوغلۇم ئەمەسكەن. سەن
مەندىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ بارغاندا
ئۆز - ئۆزۈمگە: «تاكى گۇناھكارنى ئۆلتۈرمە-
گۈچە ھېچنەمە يېمەيمەن» دېگەنىدىم. شۇنىڭ-
دىن ھازىرغىچە ھېچنەرسە يېمىگەنلىكىم
ئۈچۈن قورسىقىم ئاچ ئىدى. شۇڭا تائامنى
ۋاقتىسىز يېدىم.

× ×

بىر دانىشمەن ئادەم بىر ئەتتار
(يايمىچى)غا مىڭ ئالتۇننى ئامانەت قو-
يۇپ سەپەرگە كەتكەنىدى. نەچچە ۋاقىت-
لاردىن كېيىن دانىشمەن سەپەردىن يېنىپ
كېلىپ، ئەتتاردىن ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇۋال-
ماقچى بولدى. ئەتتار:

— بىكار گەپ قىلما، ماڭا ئالتۇن
ئامانەت قويمىدىڭ، — دېدى. دانىشمەن ئۇ-
نىڭ بىلەن ياقا بوغۇشقىلى باشلىدى. بۇ
يەرگە ئادەملەر توپلاندى. كىشىلەر دانىش-
مەننى يالغانچىغا چىقىرىپ:

— بۇ ئەتتار ناھايىتى دىيانەتلىك ئا-
دەم. ئەسلا خىيانەت قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ
بىلەن جاڭجاڭلاشقۇدەك بولساڭ ئۆزۈڭگە
پاراكەندىچىلىك تاپىسەن، — دېيىشتى.

دانىشمەن ئىلاجسىزلىقتىن ئەھۋالنى
بىر قەغەزگە يېزىپ پادىشاھقا تۇتتى.
پادىشاھ:

— سەن بېرىپ ئەتتارنىڭ دۇكىنىنىڭ
ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرغىن. ئۇنىڭغا ھېچ-
قانداق سۆز قىلما. تۆتىنچى كۈنى مەن
ئۇ تەرەپتىن ئۆتىمەن ۋە ساڭا سالام
قىلىمەن. سالىمىمغا جاۋابتىن باشقا گەپ
قىلمىغىن. مەن ئۇ يەردىن كەتكەندىن
كېيىن پۇللىرىڭنى ئەتتاردىن سورىغىن. ئۇ
ھەرقانداق سۆز قىلسا ماڭا خەۋەر قىلغىن، —
دېدى.

دانىشمەن پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە
ئەتتارنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى.
دېگەندەك تۆتىنچى كۈنى پادىشاھ تامامى
ھەشەمەت بىلەن ئۇ يەردىن ئۆتتى ۋە دا-
نىشمەننى كۆرۈپلا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تار-
تىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى. دانىشمەن پا-
دىشاھنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەردى. پادىشاھ:

— ئەي بۇرادەر، نېمىشقا قېشىمغا
پات - پات بېرىپ تۇرمايسەن ۋە ھېچقانداق
ئەھۋالىڭنى ماڭا سۆزلىمەيسەن؟ — دېدى.
دانىشمەن ئىندىمەستىن بېشىنى قىمىرلاتتى،
باشقا سۆز قىلمىدى. ئەتتار بۇ ۋەقەنى
كۆرۈپ قورقتى. پادىشاھ يۈرۈپ كەت-
كەندىن كېيىن دانىشمەنگە:

— ئامانەتلىرىڭنى ماڭا تاپشۇرغان
ۋاقتىڭدا مەن قەيەردە ئىدىم، مېنىڭ قې-
شىمدا كىم بار ئىدى؟ دەپباقسىن. بەلكى
ئۇنتۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن، — دېدى.

دانىشمەن ھەممە ۋەقەنى تولۇق
سۆزلىۋىدى، ئەتتار:

— راست ئېيتتىڭ. ئەمدى يادىمغا

چۈشتى، — دېدى ۋە مىڭ ئالتۇننى دانىشمەنگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئۆزرە ئېيتتى.

× ×

ئىككى كىشى ماللىرىنى بىر قېرى كەمپىرگە تاپشۇرۇپ:

— قاچانلا بولمىسۇن بىز ئىككىمىز بىللە كەلسەك ئالىمىز، — دېيىشتى.

بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ھېلىقى ئىككى كىشىدىن بىرى كەمپىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مېنىڭ شېرىكىم ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى مالنى ماڭا بەرگىن، — دېدى.

كەمپىر ئىلاجسىزلىقتىن ماللارنى ئۇنىڭغا قايتۇردى. يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ، ماللارنى تەلەپ قىلدى. كەمپىر:

— شېرىكىڭ كېلىپ سېنى ئۆلدى دېدى. مەن ھەر قانچە سەۋەب كۆرسەتسەممۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي ھەممە مالنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى.

ھېلىقى ئادەم كەمپىرنى قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئادالەت تەلەپ قىلدى. قازى كۆپ سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن كەمپىرنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇ ئادەمگە:

— سەن، ھەرقانداق چاغدا بىز ئىككىمىز بىللە كېلىمىز ۋە مالنىمۇ ئىككىمىز بىللە ئالىمىز، دەپ شەرت قىلغانىكەنسەن. دېمەك، ئەمدى سەن شېرىكىڭنى كەلتۈرۈپ ئاندىن مالنى ئالغىن. نېمىشقا ئۆزەڭ يالغۇز بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ — دېدى.

ھېلىقى كىشى جاۋاب بېرەلمەستىن ئۆز يولىغا كەتتى.

× ×

بىر چاكار خوجىسىنىڭ ئالدىدىن قاچتى. نەچچە زاماندىن كېيىن ئۇنىڭ خوجىسى باشقا بىر شەھەرگە باردى. ئۇ يەردە ئۇ چاكىرىنى كۆرۈپ ئۇنى تۇتۇۋالدى، ۋە:

— نېمىشقا قاچتىڭ؟ — دېدى.

چاكار دەرھال ئىككى قولى بىلەن خوجىسىنىڭ ئېتىگىنى چىڭ تۇتۇپ:

— سەن مېنىڭ چاكىرىمسەن. مېنىڭ نۇرغۇن مال-دۇنيالىرىمنى ئوغرىلاپ قېچىۋىدىڭ، ئەمدى سېنى تاپتىم. ساڭا جازا بېرىمەن، — دەپ يېپىشتى.

ئاخىرى ھەر ئىككىسى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئادالەت تەلەپ قىلىشتى. قازى ھەر ئىككىسىنى دېرىزىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— ھەر ئىككىڭلار بېشىڭلارنى دېرىزىدىن چىقىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇلار دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىشىغا قازى جاللادنى چاقىرىپ، چاكارنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇنى ئاڭلىغان چاكار دەرھال بېشىنى ئىچكىرىگە تارتتى. خوجىسى ئەسلا قىمىرلىمىدى. بۇنى كۆرگەن قازى چاكارغا سىياسەت قىلىپ خوجىسىغا تاپشۇردى.

× ×

بىر كىشى نۇرغۇن ماللىرىنى بىر سەرراپقا ئامانەت قويۇپ سەپەرگە كەتكەنىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېلىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. سەرراپ ئىنكار قىلىپ «ماڭا ھېچنەرسە قالدۇرمىغانىدىڭ» دەپ قەسەم قىلدى. ھېلىقى كىشى قازىنىڭ ئال-

www.uyghurkitap.com

دىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. قازى بىر پەس
ئويلىغاندىن كېيىن:
— سەن، پالان سەرراپ مېنىڭ مىلىمە-
نى بەرمىدى، دەپ كىشىلەرگە سۆزلەپ
يۈرمىگىن. مەن سېنىڭ مىلىڭ ئۈچۈن بىر
تەدبىر قوللىنىمەن، — دېدى.
ئەتىسى قازى سەررابنى چاقىرتىپ:
— مېنىڭ بېشىمغا بىر مۈشكۈلچىلىك
چۈشتى. ئۇنى يالغۇز ھەل قىلىشقا قۇدرى-
تىم يەتمىدى. شۇڭا سېنى ئۆزۈمگە نائىب
(ئورۇنباسار) قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن. چۈن-
كى سەن كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان
دىيانەتلىك كىشى، — دېدى. سەرراپ ناھا-
يىتى خۇشال بولۇپ قوبۇل قىلدى. سەر-
راپ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قا-
زى دەۋاگەرنى چاقىرتىپ:
— ئەمدى ماللىرىڭنى سەرراپتىن سو-
رىغىن، ئۇ چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىدۇ، — دېدى.
دەۋاگەر دەرھال سەرراپنىڭ ئالدىغا
باردى. سەرراپ ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا:
— كەلگىن، كەلگىن. قانداق، سالا-
مەتمۇسەن؟ سېنىڭ ئامانەت قويغان مې-
لىڭنى ئۇنتۇتقانىكەنمەن. بۈگۈن كېچە يا-
دىمغا چۈشتى، — دېدى.
سەرراپ ئۇ كىشىنىڭ ماللىرىنى قاي-
تۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، نائىب بولۇش
ئۈمىدىدە قازىنىڭ ئالدىغا باردى. قازى
ئۇنى كۆرۈپ:
— بۈگۈن مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا
بارغانىدىم. ساڭا پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ بىر
ئىشنى تاپشۇرۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلى-
دىم. خۇداغا شۈكرى قىلغىن، ئۇلۇغ مەرتى-
ۋىگە ئېرىشىدىغاندەك تۇرىسەن. ئەمدى ئو-
رۇنباسارلىققا باشقا بىرىنى ئىزلىمىسەم
بولمىدى، — دېدى. دېمەك، قازى ئۇنىڭغا
يۇقىرىقىدەك ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇزىتىپ
قويدى.

## لەتىپىلەر

مۇسا ئاتلىق بىر ئەرەب سەھەر ۋاق-
تىدا مەسچىتتىن بىر ھەميان ئالتۇن تېپى-
ۋالدى. دەل شۇ چاغدا نامازغا تەكبىر ئېي-
تىلدى. ئۇ ھېلىقى ھەميانىنى ئوڭ قولىغا
ئېلىپلا سەپكە كېلىپ تۇردى. ئىمام سۈرە
پاتىھەدىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ۋە-
ما تىلكە بى مەيىنىكە يا مۇسا①» يەنى،
ئەي مۇسا! ئوڭ قولۇڭدىكى نېمە؟ — دېدى.
ھېلىقى ئەرەب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ۋەللا-
ھى ئەنتە ساھىرۇن②» يەنى، خۇدا ھەققى-
سەن سېھىرگەرىكەنسەن، دېدى ۋە ھەميان-
نى مېھرابنىڭ ئالدىغا ئاتتى - دە، تۆھمەت
بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ قېچىپ
كەتتى.

× ×

بىر كىشى يول ئۈستىدە ھەججاج-
دىن③ بىر نەرسە تىلىگەنىدى، ھېچنې-
مە بەرمىدى. ئۇ كىشى ھەججاجنىڭ ئالدى-
غا چۈشۈپ يۈگۈرگەن پېتى يەنە بىر ئو-
رۇندا توختاپ ئۇنىڭدىن يەنە بىر نەرسە
تىلىدى. ھەججاج:
— ئەي پالاكەت، ھازىرلا پالان يەر-

①② بۇ قۇرئاندىكى بىر ئايەت
③ تارىختا ئۆتكەن زالىم پادىشاھ

ده تىلىگەنىدىڭ، ھېچنېمە بەرمىسەم نېمىشقا يەنە بۇ يەردە تىلەيسەن؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— بەزى جايدا بەرىكەت بولىدۇ بەزى جاينى نەس ۋە شۇملۇق قاپلىغان بولىدۇ. ئاۋۋالقى تىلىگەن يېرىم شۇم كەلدى. شۇڭا بەرىكەت تاپسام ئەجەب ئەمەس، دەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم، — دېدى. ھەججاج كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بەردى.

× ×

كىشىلەر بىر بېخىلدىن:

— ئادەملەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى قانداق كىشى؟ — دەپ سورىدى.

بېخىل جاۋاب بېرىپ:

— بىر توپ ئادەمنىڭ تاماق يېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئۆتى يېرىلىپ ئۆلمىگەن كىشى ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر، — دېدى.

× ×

بىر ئەقىللىق كىشى بىر تېۋىپنىڭ ئوغلىدىن سورىدى:

— بۇسە (سۆيۈش) ئىسسىقمۇ ياكى سوغۇقمۇ؟

ئوغۇل جاۋاب بېرىپ:

— مەن بۇنى تەجرىبە قىلىپ باقىنىم يوق. لېكىن ئۇنىڭ پاراڭ-غەۋغاسى تولا بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئىشقىلىپ بۇسە دەپ شاپتۇلنى دەيدۇ، — دېدى.

× ×

بىر بىلىملىك ئادەم ئولتۇرۇشلاردا ھېمىشە قىزىقچىلىق قىلاتتى. بىر كۈنى

بىر زاھىد ئۇنىڭغا:

— ئەي بەدبەخت، ئۆمرۈڭنى مەسخىرىۋازلىق بىلەن ئۆتكۈزدۈڭ. ئەمدى بۇ ئىشنى تاشلىغىن. بولمىسا قىيامەت كۈنى بولغاندا بېشىڭنى تۆۋەن قىلىپ، سېنى دوزاخقا تاشلايدۇ، — دېدى.

مەسخىرىۋاز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— ئۇمۇ بىر قىزىقچىلىق بولىدىكەندە، — دېدى.

× ×

بىر كۈنى مىرزا ئىبراھىم ئاتلىق، ئەدھەم تەخەللۇسلۇق بىر شائىر بىر شاھزادىنىڭ ئولتۇرۇشىغا كىردى. شاھزادە ھۆسنى-جامالدا تەڭداشسىز ئىدى. بىردەمدىن كېيىن داستىخانغا شاپتۇل كەلتۈرۈلدى. مىرزا ئىبراھىم شاھزادىگە؛

— شاپتۇل دېگەن سۆز موغۇللارنىڭ ئىستىمالىدا بۇسە (سۆيمەك) دېگەن بولىدىكەن. ماڭا بىر شاپتۇل بەرسىلە، — دېدى.

— ئالسىلا، — دېدى شاھزادە.

مىرزا ئىبراھىم قوپۇپ شاھزادىنىڭ يۈزىگە سۆيۈۋالدى. شاھزادە ئۇيىلىپ، مىرزا ئىبراھىمنىڭ قوسىقىغا پىچاق ئۇردى. ئادەملەر ئۇنى ئارىدىن كۆتىرىپ ئاچىقىپ كەتتى. بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن مىرزا ئىبراھىم ساقىيىپ يەنە شاھزادىنىڭ ئولتۇرۇشىغا كىردى. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— قارايسەنغۇ، يەنە شاپتۇل يەمسەن؟ — دېدى.

مىرزا ئىبراھىم:

— پىچاقمۇ شاپتۇلنىڭ بىر قىسمى، مەن پىچاق بولمىسا شاپتۇل يەيمەن، — دېدى.

www.uyghurkitap.com




## ھازىر جاۋاب شائىر

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھۈسەيىن بايقارا كاتتا ئەمەلدارلار، ۋەزىر-ئۆلىمالار، ئالىملار ۋە شائىرلار بىلەن شەھەر ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ، تۆمۈرچى، مىسكەرلەر كوچىسىغا چىقىپ قاپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا ئۇستىلار بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر تۆمۈرچىنىڭ بولقا ئۇرۇشىدىن چىققان ئۇچقۇن چاچراپ سۇلتاننىڭ زەرباب تونىنىڭ ئېتىكىگە چاپلىشىپتۇ-دە، خېلى يېرىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر-ئۆلىمالار: «ھازىر ئالىي ھەزرەت تۆمۈرچىنىڭ بۇ بىئەدەپلىكى ئۈچۈن ئۇنى جازالايدۇ» دەپ ئويلىشىپتۇ.

تۆمۈرچىنى كېرەم بابا دەپ ئاتىشىدىكەن. كېرەم بابىمۇ: «ئاپلا، يامان بولدى-دە! يا ھەزرىتى داۋۇت! ئۆزەڭ قوللىمىساڭ پادىشاھدىن جەبرى-كۆرىدىغان بولدۇم» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ھۈسەيىن بايقارا ھېچنەرسىگە ئېتىبار قىلماي، قولىغا قەلەم-قەغەز ئاپتۇ-دە: «تۈشتى دىل دامەنىگە بىر شەرەرى شۇرەنگىز» دەپ يېزىپ ئۇنى «قېنى، داۋامىنى يېزىڭلار!» دېگەندەك قىلىپ يېنىدىكى شائىرلاردىن بىرىگە بېرىپتۇ. ئۇ شائىر جاۋاب يازالماي باشقىسىغا سۇنۇپتۇ. شۇ يوسۇندا قەغەز قولدىن-قولغا ئۆتۈپتۇ. لېكىن شائىرلاردىن بىرەرسىمۇ سۇلتان باشلىغان مىسرانى قىيامىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب يازالماپتۇ. شۇ چاغدا ھۈسەيىن بايقارا: «شائىر بولماي كېتىڭلار، بۇنى دوستۇم ئەلىشىرغا ئېلىپ بېرىڭلار. لېكىن شەرت شۇكى: مەن يازغان مىسرا قەيەردە، قاچان ۋە قانداق شارائىتتا، نېمە مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرمەڭلار!» — دەپتۇ.

شائىرلار نەۋائىينىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ھۈسەيىن بايقارا بەرگەن قەغەزنى ئۇزىتىپتۇ ۋە گەپ سۆزسىز قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشۇپتۇ. نەۋائىي قەغەزنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى مىسراغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ-دە، دەررۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ھۈسەيىن بايقارا يازغان مىسرانىڭ تېگىگە تۆۋەندىكى مىسرانى يېزىپتۇ:

«ئىشق ئاھەڭلىرى زەنجىرى جۇنۇن ئىشلەر ئىدى»

چۈنكى، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ يۇقىرىدىكى مىسراسىنىڭ مەزمۇنى «دىل ئېتىكىگە كۆيدۈرگۈچى بىر ئۇچقۇن چۈشتى» دېگەن بولغانلىقتىن، نەۋائىي «چۈنكى تۆمۈرچىسى ئىشق دىۋانىلىرىغا زەنجىر ئىشلەر ئىدى» — دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ جاۋابىنى ئوقۇپ: «ئەلىشىرغا ئاپىرىڭلار!» — دەپ، دوستىنىڭ ھازىر جاۋاب شائىرلىقىغا يەنە بىر قېتىم تەھسىن ئوقۇپتۇ.

## ئورۇنسىز گۇمان

ھەزرىتى نەۋائى ئۆز دەۋرىدە شائىرلارنىڭ شائىرى بولۇش بىلەن بىللە، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ سارىيىدا باش كاتىبمۇ ئىكەن. ھۇسەيىن بايقارا نېمە قىلماقچى بولسا، نەۋائىدىن سوراپ با مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىكەن. قىسقىسى، نەۋائىنىڭ دېگىنى - دېگەن، ئېيتقىنى - ئېيتقانىكەن. نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ ئەقىللىق، دانا، خەلقپەرۋەر شائىر ئىكەن. ئەمما ياخشى ئادەملەرنىڭ دۈشمىنى بولغىنىدەك نەۋائىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان، ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆكۈشكە ھەرىكەت قىلغۇچى كىشىلەرمۇ يوق ئەمەسكەن. بۇنداق قارا كۆڭۈل ئادەملەر نەۋائىغا پات - پاتلا تۆھمەت چاپلايدىكەن. لېكىن ھەر قېتىم ئۆزلىرى شەرمەندە بولىدىكەن. شائىرنىڭ ئابرويى تېخىمۇ ئۆسىدىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى نەۋائىنى كۆرەلمەي يامانلىق ئويلاپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بىرى شائىرغا يەنە تۆھمەت قىلماقچى بوپتۇ:

— نەۋائىنىڭ شۇ كەمگىچە بويتاق بولۇپ يۈرۈشىدە چوقۇم بىر سىر بار، — دەپتۇ ئۆز ئۆزىگە، — ئۆزى ياش، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان تۇرۇپ نېمىشقا ئۆيلەنمەيدۇ؟ پايلاپ يۈرۈپ بۇ سىرنى بىلەي. ئەگەر گۇمانلىرىم توغرا بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا پادىشاھ نەۋائىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، نەۋائىنى پايلاشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۆزى نەۋائىنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ «ئامىتىم كەلدى» دەپ ئويلاپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئىچكىرىدىنى ماراپتۇ. قارىسا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نەۋائىنىڭ ئوك مۆرىسىگە بىر يىگىت، سول مۆرىسىگە بىر ساھىپجامال قىز بېشىنى قويۇپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن كۆڭلى قارا ئادەم ھۇسەيىن بايقارانىڭ سارىيىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ھولۇققانچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— سۇلتانىم، ئاشۇ ماختالغان شائىر نەۋائىنى ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشۈردۈم. ئالەمپاناھ ئادەم بۇيرۇسا بۇ يارىماس، بىتەۋپىق شائىرنى ھەيدەپ كېلىپ جازاسىنى بەرسە، — دەپتۇ.

ھۇسەيىن بايقارا بۇ گەپكە ئىشەنمەستىن:

— دوستۇم ئەلىشىر قانداق گۇناھ قىپتۇ، مەن ئۇنىڭ جازاسىنى بەرگۈدەك، — دەپتۇ.

— ئالەمپاناھ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ كۆڭلى قارا ئادەم، — ئالىيجاناپ شائىر دەپ ماختاپ يۈرگەن نەۋائىنى ئۆز ئۆيىدە بىر يىگىت ۋە بىر قىز بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. ھۆسىندە تەڭدىشى يوق بىر ساھىپجامال قىز بېشىنى نەۋائىنىڭ سول يەلكىسىگە، چىرايلىقلىقتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان بىر يىگىت ئۇنىڭ ئوڭ يەلكىسىگە بېشىنى قويۇپ، قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھۇسەيىن بايقارانىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. ھەم «قانداقلا بولمىسۇن ئاۋۋال بۇنى ئېنىقلاش كېرەك» دەپ نەۋائىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا پايلاقچى قويۇپتۇ.

كۈن يېتىپ، كەچ كىرگەندە نەۋائى-

نىڭ ئۆيىگە شام يېقىلىپ، ھويلىغا يورۇق چۈشۈپتۇ. ئايغاقچى قۇلاق سالسا، ئۆيدىن بىر-بىردىگە ئەھدۇ پەيمان قىلىشىپ، ۋەدە بېرىشىۋاتقان بىر قىز بىلەن يىگىتنىڭ شىرىن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پايلاقچىمۇ پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئالدىراپتۇ. ھۆسەيىن بايقارا مەنسەپدارلىرىنى ئېلىپ، نەۋائىينىڭكىگە كەپتۇ. ئىشىكنى تاقىلدىتىپتۇ، ئېچىلماپتۇ. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان پادىشاھ چىراقنىڭ ئۆچۈپ، بىرئازدىن كېيىن يەنە يانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھۆسەيىن بايقارادا ھېلىقى ئادەمنىڭ سۆزىدە ھېچقانداق گۇمان قالماپتۇ. نەۋائىينى بۇزۇقلۇقتا ئەيىپلەپ جازاسىنى بېرىشكە قارار قىپتۇ. ئىشىكنى قاتتىق تاقىلدىتىپتۇ. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكىرىدىن ئويغا پاتقان نەۋائىي پەرشان ھالدا چىقىپ كەپتۇ-دە، ھۆسەيىن بايقارانى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

— پاھ دوستۇم مەرھەمەت، قەدەملىرىگە مۇبارەك، — دەپ خۇشاللىق بىلەن ھۆسەيىن بايقارانى ئىچكىرىگە باشلاپتۇ.

ھۆسەيىن بايقارا ھېچنىمە بىلمىگەندەك نەۋائىينىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ. ھال-ئەھۋال سورىشىپ ئىچكىرىگە كىرىپتۇ. ئۆينىڭ ئۇ تەرەپ، بۇ تەرىپىگە قاراپ ھېچكىمنى كۆرەپتۇ. ھەيران بولغىنىدىن تىلىغا بىرەر كەلىمە سۆزمۇ كەلمەپتۇ.

ھۆسەيىن بايقارا:

— دوستۇم ئەلىشىر، بىزنى بۇ يەرگە سىزنىڭ بەزى بىمەنە ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىز كېلىشكە مەجبۇر قىلدى. بىزنىڭ سوئاللىرىمىز ئوچۇق. ئېنىق جاۋاب قىلارسىز دېگەن ئۈمىتتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ زەھەرلىك گەپلىرىدىن شائىر ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ.

نەۋائىي:

— ئۇچۇقراق سۆزلىسىڭىز. مەن سىزنى رەنجىتىدىغان قانداق بىمەنىلىككە يول قويۇپتىمەن. ئۆلۈمدىن خەۋىرىم بار، ئەمما سىزدەك ئالىيجاناب دوستۇمنى خاپا قىلغىنىمدىن خەۋىرىم يوق، — دەپتۇ.

— بايىلا يەلكىڭىزگە بېشىنى قويۇپ، ئاشىق-مەشۇقلۇقتىن سۆزلىشىۋاتقان قىز بىلەن يىگىتنى قەيەرگە يوشۇردىڭىز؟ شۇ ئاشىق-مەشۇقلارنى بىزگە تاپشۇرۇڭ. شەرمى ھاياسىزلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جازاسىنى بېرىش كېرەك. ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن بۇ يەردە ئەيش-ئىشرەت قىلمايدىغان بولسۇن، — دەپتۇ، ھۆسەيىن بايقارا.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان نەۋائىي ئۆزىنى توختىتالماي قاھ-قاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ. نەۋائىي ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران توختىتىپ:

— شاھىم، ھەممە شۇبھە ۋە گۇمانلىرىڭىز ئورۇنسىز. ئىلھامىم كېلىپ، غەزەل يېزىشقا، ياكى بىرەر يىرىكراق ئەسەر يېزىشقا كىرىشسەم ئۆز-ئۆزۈم بىلەن گەپلىشىشىم، قەدىردان يارۇ بۇرادەرلىرىم بىلەن سۆھبەتلىشىشىم كىچىكىمدىن تارتىپ ئادەت بولۇپ قالغانلىقى تەقسىرىمگە چۈشۈنۈشلۈك ئىدىغۇ؟ سۆزلىرىم يالغان بولۇپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق يول تۇتىمەن. شاھىنشاھىم خەۋاردارغۇ، مۇشۇ كۈنلەردە «خەمسە»نىڭ قالغان داستانلىرىنى يېزىۋاتىمەن. بۇ كېچە ھەم تاڭ ئاتقۇچە پەرھات بىلەن شىرىننى ھوزۇرۇمغا چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلار ئاشىقلىق دەردىدە ياندى، كۆيدى. كېيىن ئاجرالدى. مەن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

قەغەزگە چۈشۈردۈم، خالاس. ئەگەر يەنە شۈبھىگە ئورۇن قالغان بولسا، قۇلاق سېلىڭ، — دەپتۇ-دە، شائىر يېڭىلا يازغان مىسرالىرىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

..............................................

ئېلىپ پەرھات ئۈچۈنكىم ئاچتى نامە.
تېنى زەئىف باشلىغاچ ئول زارى مەھزۇن،
بۇ ئەردى نامە ئەلپازىگە مەزمۇن.
مۇھەببەت سېلىگە بەرگەن بىداد،
چىقاردا دىمەيىن ۋەيرانۇ ئاباد.
ئەگەر بۇلبۇل فىغان قىلماغى ئاندىن،
بۇلبۇل گۇل جەيبى چاكى داغى ئاندىن...
نەبولغاي ئەردى چەرخى زۇلمى پېشە،
مېنى سەندىن جۇدا قىلماي ھەمىشە.
خىراملىڭ چاغى يولداش ئولسام ئەردى،
سۆكۈنات ۋەقتى قولداش ئولسام ئەردى.
قوياش يەڭلىغ بۇلبۇل كۈندۈز قارىنىڭ،
بۇلبۇل تۈن سايە يەڭلىغ ھەمنىشىنىڭ.
تىكەن كىرسە كەفتىڭگە كىينەسىدىن،
چىقارسام ئەردى كىرپىك ئىگنەسىدىن.
كۆرۈپ خارۇ خاس ئورنۇڭدا نىھانى،
ساچىم بىرلە سۈپۈرسەم ئەردى ئانى...
تىلەر بولساڭ يۈزۈڭ كۆرمەككە كۆزگۈ،
يۈزۈم يۈزۈڭگە تۇتسام ئەردى ئۇترۇ.
سۇ ئىستەپ تۈشسە ئوتلۇغ كۆڭلۈڭگە جۇش،
لەبىمدىن تۇتسام ئەردى چەشمەئى نۇش...
فىراقىڭ تىغىدىن يۈز پارە جانىم،
نە جانىم بەلكى جىسمىم ناتەۋانىم.

نەۋائىنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق خىجىل بولغان ھۆسەيىن بايقارا نەۋائىدىن كەچىرىم سوراپتۇ. تۆھمەتچىنىڭ جازاسىنى بېرىش ئۈچۈن سارايغا قايتىپتۇ. نەۋائى پەرھات بىلەن شىرىننىڭ سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئاپتۇ.

## ئانا سۈتى

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەلىشىر نەۋائى قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ساياھەتكە چىقىپتۇ. شەھەر كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر ئايالغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ.

نەۋائى ئۇنىڭدىن:

— ھەي سىڭلىم، نېمىشقا مۇنچىلىك روھىڭىز سۇنۇق، نېمىگە مۇشۇنچە ئازاپلىنىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايال جاۋاب بەرمەپتۇ. نەۋائى يەنە سوراپتۇ. ئايال شۇندا:

— ھەي يولۇچى، نېمىسىنى ئەيتىسىز. ياخشىسى سىز سورىماڭ، مەن ئېيتماي، — دەپتۇ-دە، يىغلاشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

نەۋائى:

— يىغىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىڭ، بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالار، — دەپتۇ.

— ئاخىر قويمىدىڭىز-دە. خەير بوپتۇ، ئېيتسام ئېيتاي، — دەپتۇ ئايال، — پادىشاھى ئالەمپاناھىمىزنىڭ بىر ئادىتى بار. ھەر يىلى ئۆزى تۇغۇلغان كۈنى دۇنياغا كەلگەن بالا ئون بەشكە كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇ ئادىتى تۈپەيلى نى-نى بالىلار ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى. مەنمۇ بۇنىڭدىن بىر كۈنى كەم ئون بەش يىل بۇرۇن بىر ئوغۇل تۇغقان ئىدىم. ئۇنى پادىشاھقا بىلدۈرمەسلىككە ھەرقانچە تىرىشساممۇ، ئايغاقچىلار پايلاپ قېلىپ، پادىشاھقا خەۋەر قىلىشقانىكەن. ئۇلار ئاخشام كېلىپ: «ئەتە ئوغلۇڭ ئون بەشكە

www.uyghurkitap.com

تولدۇ. ئېلىپ كېتىمىز»، دېيىشتى. يەككە-يېگانە كۆز نۇرۇمنىڭ كۈنى پۈتتى. تىرىك قايتىشىغا پەقەت كۆزۈم يەتمەيدۇ. قانتىدىن ئايرىلغان لاچىن ئۇچالمىغاندەك، بالامدىن ئايرىلغان كۆنۈم، دېمىسىمۇ ئۆلگەن كۆنۈم بولىدۇ.مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

ئايالنىڭ گېپى نەۋائىغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. شائىر بالىنى قۇتقۇزۇشقا، پادىشاھنىڭ بۇ ياردىماس ئادىتىگە خاتىمە بېرىشكە ئەھدى قىپتۇ.

— خاپا بولماڭ سىڭلىم، — دەپتۇ نەۋائى ئايالغا قاراپ، — بىر ئىلاجىنى تاپارمىز. هازىر بالىڭىز قەيەردە؟

— ئۆيدە يېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

نەۋائى:

— مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

ئايال نەۋائىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ بالا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، كېلىپ نەۋائىغا سالام بېرىپتۇ. نەۋائى ئىللىك ئاپتۇ ۋە بالىنى بىر تەرەپكە تارتىپ قۇلىقىغا شۇنداق دەپ شىۋىرلاپتۇ:

— ئاناڭغا ئېيت، ئۆز سۈتى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ ساڭا ئىككى توقاچ يېقىپ بەرسۇن.

بالا هەيران بوپتۇ. نېمە دېيىشىنى بىلمەي قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن نەۋائى:

— ماڭ، دېگىنىمنى قىل! — دەپ بالىنى ئالدىرىتىپتۇ ۋە: «مەن كەچرەك كېلىمەن» — دەپتۇ-دە، كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ. بالا نەۋائىي ئېيتقان گەپلەرنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئانىسى: «بۇ گەپتە بىر هېكمەت بولسا كېرەك» دەپ ئۆز سۈتى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى توقاچ تەييارلاپتۇ. توقاچنى ئەمدى يېقىپ بولغىنىدەن، ئۆيگە نەۋائى كىرىپ كەپتۇ. ئايالنىڭ قولىدىن توقاچلارنى ئېلىپ بالىغا قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ توقاچلارنى قوينۇڭغا سال-دە، قورقماي پادىشاھ سارىيىغا بار. پادىشاھ سېنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىدۇ. سەن قورقما. ئادەت بويىچە جاللادلار هۆكۈمنى ئىجرا قىلىش ئالدىدا پادىشاھ سەندىن: «ئۆلۈمىڭنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى ئىلتىماسىڭنى ئېيت، بەجىرىمەن!» — دەپ سورايدۇ. شۇندا سەن: «سۇلتانىم، مېنىڭ ئىلتىماسىم مۇشۇ توقاچنى يېگەن بولسىلا» — دېيىسەندە، توقاچنىڭ بىرىنى پادىشاھقا ئۇزىتىسەن. پادىشاھ توقاچنى ئالمايدۇ. بەلكى غەزەپكە كېلىپ: «مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ توقاچقا زەھەر قوشقان بولساڭچۇ؟» — دەيدۇ. شۇنىڭدىمۇ سەن قىلچە قورقماستىن: «توقاچقا زەھەر قوشقان-قوشمىغىنىمنى كۆرۈڭ» دەپ توقاچنى قاق ئوتتۇرىدىن ئۈشتىپ، يېرىمىنى يەيسەن، كېيىن پادىشاھمۇ نائىلاج يېرىمىنى يەيدۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپتۇ. ئەزان بىلەن تەڭ پادىشاھنىڭ ئايغاقچىلىرى كېلىپ، ئانىسىنىڭ دادۇ پەرياتلىرىغىمۇ قۇلاق سالماي، بالىنى ئالدىغا سېلىپ سارايغا ئەكېتىپتۇ.

بالىنى كۆرگەن پادىشاھ:

— مەن دۇنياغا كەلگەن كۈنى تۇغۇلغانىكەنسەن. شۇڭا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە هازىر ئۆلۈشۈڭ كېرەك. لېكىن ئۆلۈشۈڭدىن ئىلگىرى ئاخىرقى تەلىپىڭنى بەجىرىشكە ۋەدە بېرىمەن. تىلىكىڭنى ئېيت! — دەپتۇ.

— مەرھەمىتىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. سۇلتانىم باكېرەم، — دەپتۇ بالا، — ئاخىرقى ئىلتىماسىمنى بەجىرىدىغان بولسىڭىز، مەيلى ئېيتاي، — بالا شۇنداق دەپتۇ-دە، قوينىدىكى توقاچلارنىڭ بىرىنى

ئېلىپ ئىككىگە بۆلۈپتۇ. بىر پارچىسىنى پادىشاھقا ئۇزىتىپ: «مۇشۇ توقاچنى يېسىڭىز» — دەپتۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ: «نېمە؟ ئۆزۈڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ بۇ توقاچقا زەھەر سېلىنغان بولسىچۇ؟» — دەپتۇ-دە، جاللادنى چاقىرتىپتۇ. شۇ چاغدا بالا قورقماستىن مەزمۇت تۇرۇپ:

— توقاچنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى سىزگە بەردىم. ئۇنىڭغا زەھەر قوشۇلغان دەپ گۇمان قىلدىڭىز. توقاچنى ئاۋۋال مەن يەي، — بالا شۇنداق دەپتۇ-دە، توقاچنىڭ يېرىمىنى يەپتۇ. توقاچقا زەھەر قوشۇلمىغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇندىماسلىقا ئىلاجى قالماپتۇ. توقاچنىڭ قالغان يېرىمىنى پادىشاھ يەپتۇ. پادىشاھنىڭ بىردىنلا بالىغا مېھرى چۈشۈپ، بىر تۇغقان ئىنىسىدەك ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. بالىنى ئۆلتۈرەي دېسىمۇ، ئۆلتۈرگۈسى كەلمەپتۇ. ئويلا-ئويلا ئاخىرى بالىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋېلىش ئويىغا كەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قىلىۋاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ ئۆزى دۇنياغا كەلگەن كۈنى تۇغۇلغان بالىلارنى ئۆلتۈرۈش ئادىتىنىمۇ تاشلاپتۇ. پۈتۈن خەلق پادىشاھنىڭ ئادىتىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر قىلغان كىشى — دانا نەۋائىدىن بىر ئۆمۈر مىننەتدار بوپتۇ.

## ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل

ئىلگىرىكى زاماندا غىياسىددىن كىچىك دېگەن ئادەمنىڭ ئەلىشىر ئىسىملىك ئوغلى بولغانىكەن. بالا كىچىكىدىنلا تەدبىرلىك، زېرەك بولۇپ ئۆسۈپتۇ. ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر ئۇ يازغان شېئىرلارنى دىققەت قىلىپ تىڭشايدىغان بولۇشۇپتۇ. لېكىن بالا يازغان شېئىرنىڭ تېگىگە ئۆز نامىنى نېمە دەپ قويۇشنى بىلمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئەلىشىر يېڭى شېئىرىنى يېزىپ تۈگىتىپتۇ-دە، ئۇنى باغقا چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا باغدىكى تېرەككە يامىشىپ ئۆسكەن قىرىق ئاياقنىڭ شېخىدا تۇرغان بۇلبۇل ئەلىشىرنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ياش كۆيچىنىڭ گاھ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق، گاھ تاڭ شامىلىدەك مەيىن ئاۋازى بۇلبۇلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ.

بۇلبۇل دەرھال ئۇنىڭ يەلكىسىگە قونۇپتۇ-دە:

— ئەي خۇش ئاۋاز شائىر، سەن ئوقۇغان شېئىرلار بۇلبۇللارنىڭ تاڭ سەھەردىكى نەۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ئىكەن. نامىڭنى بىلسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئىسمىم ئەلىشىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

بۇلبۇل:

— بىلدىم، بىلدىم. يېڭى چىققان شائىر ئىكەنسەن-دە. ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە چىرايلىق بىر نام تاللاپ، شېئىرلىرىڭنىڭ ئاخىرىغا شۇ نامىڭنى قوشۇپ كەتكىن، — دەپتۇ.

ئەلىشىرغا بۇلبۇلنىڭ ھېلىقى «نەۋا» دېگەن سۆزى يېقىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ تېگىگە «نەۋائى» دەپ يېزىپ قويىدىغان بوپتۇ.

«ئەللامەلەر ئىبرەتى» دىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: غەنىزات غەيۇرانى

www.uyghurkitap.com

# لاپچىلار سەرخىلى

## ئىككى لاپچى

بىر يېزىدا داۋۇت لاپچى بىلەن ئاۋۇت لاپچى دەيدىغان ئىككى ئادەم بارئىكەن. ئۇلار بىر يەردە بولۇپ قالسىلا توختىماي لاپ ئېيتىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، لاپ ئېيتىشىشقا باشلاپتۇ. داۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— بۇ يىل يېزىنىڭ ئايىغىدىكى تاشلىنىپ قالغان 10 مو يەرنى كۆترە ئېلىپ قوغۇن تېرىدىم دەڭلا. قوغۇنلىرىم شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، ئەيىۋەھەنناس! بۇنى سىلىگە قانداق تەرىپلەپ بېرەلىشىمنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.

خەۋىرىڭلار بار، قوغۇنلۇق بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارىلىقى 10 چاقىرىم كەلمىگەندىمۇ چوقۇم 8 چاقىرىم كېلىدۇ. قوغۇننىڭ باش بۇرنى پىشىۋاتقان چاغلار ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە نېمىدۇ بىر نېمىنىڭ «پاك ـ پۇك!» قىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ھە دېگەندە نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاۋاز ـ



لارنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچىم پۇشتى. كۈندۈزى مەھەللىدىكى ئەل-جامائەتتىن سورىسام، ئۇلار: بىزمۇ ئاڭلاۋاتىمىز، بىر يەردە ھەربىلەر زەمبىرەك ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ دېيىشتى. زەمبىرەكنىڭ ئاۋازى بۇنداق قاتتىق بولامدۇ، دەپ ئانچە ئىشەنمىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي سىر ئاشكارا بولدى دەڭلا.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە شۇ «پاڭ-پۇڭ!» ئاۋازلار كۈندىكىدىنمۇ قاتتىق ئاڭلانغىلى تۇردى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئىشلار كەلدى. پىشايۋان ئاستىدا ياتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسە «پوككىدە» قىلىپ ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا چۈشمەسمۇ! بېشىمنى ئىتتىك كۆتىرىپ شۇنداق قارىسام، تازا يوغان تەكىيدەك بار بىر قوغۇن بەش پارچە بولۇپ يېتىپتۇ. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوغۇننىڭ كىچىكرەك بىر پارچىسىنى قولۇمغا ئالدىم-دە، شاپىقىغا قاراپلا تونۇدۇم بۇ دەل مەن تېرىغان ئېتىزلىقنىڭ قوغۇنى ئىكەن. نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاۋازلار باشقا نەرسە ئەمەس، بىزنىڭ ئېتىزدىكى قوغۇنلارنىڭ يېرىلغىنىكەن دەڭلا! بۇ كاساپەتلەر ئېتىزدا يېرىلغانىنى ئاز دەپ پېلىكىنى ئۈزۈپ ھويلامغا چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ!

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— توغرا. بىر يىلىنىسى ئاشۇ سىلى قوغۇن تېرىغان يەرگە مەنمۇ بەسەي تېرىغانتىم دېمەمسىلەر. تووۋا دەيمەن، بەسەيمۇ شۇنداق ئوخشايدىكىنە! ھەر بىر تۈپى بىر ئادەمدەك بولۇپ كەتتى دەڭلا. ئۇنىڭ شۇكىلىرى ئىچ-ئىچىدىن تۈرۈلۈپ چىقىۋەرگەندىن كېيىن بىر تۈپ بەسەي بىر پاتمان يەرگە پاتمىغىلى تۇردى. ئەمدى بۇنى قانداق قىلارمەن دەپ



ئويلاپ ھەممىسىنىڭ بېلىدىن باغلاپ قويای دېگەن يەرگە كەلدىم ـ دە، بازارغا بېرىپ، بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ تازا پىششىق ئىشلىگەن ئارغامچىدىن سېتىۋالدىم. ئارغامچا بولغاندىمۇ تازا قىل ئارغامچىلاردىن دەڭلا. ئارغامچىلارنى بىر غۇلاچ ـ بىر غۇلاچتىن كېسىپ، ئېتىزدىكى ھەر بىر تۆپ بەسەينىڭ بېلىدىن مەھكەم باغلاپ قويدۇم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەنمۇ ئۆيدە يېتىپ خۇددى سىلى ئاڭلىغاندەك «پاس ـ پۇس!» قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن. بىر كۈنى ئېتىزغا بېرىپ قارىسام، بەسىيىم ئۇخشاپ كەتكەنلىكتىن ھېلىقى مەن باغلاپ قويغان ئارغامچىلارنى ئۈزۈپ بوپتۇ. سىلى بىز قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات ـ پۆكتات تېرىيدىغان بولساق ھەرگىز بوش كەلمەيمىز جۇمۇ!

داۋۇت لاپچى دەپتۇ:

ــ شۇنداق ئاۋۇتاخۇن، ھەرقانداق نېمىنىڭ ئۇخشىمىقى چاپىقان كەتمەنگە باقىدۇ. ياش چاغلىرىمىزدا بىز كەتمەن چاپىدىغان بولساق يەرنىڭ ئومۇرتقىسى ئۇشتۇلۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا ماڭا ھەرقانداق كەتمەن كار قىلماي ئالاھىدە بىر كەتمەن ياساتمىدىممۇ. خەۋىرىڭلار باردۇ؟ ئىككى كەتمەنلا توپا ئاتسام بىر ماشىنا توشاتتىغۇ. شۇ كەتمەن ھېلىمۇ بار. يېقىندا بىر قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئاشۇ كەتمىنىڭنى بىزگە بەرگىن. ئۇنىڭ ئورنىغا بىز ساڭا بىر ماشىنا بېرەيلى، دېۋىدى، ئۇنىمىدىم.

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

ــ ياش ۋاقتىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، ھېلىمۇ كۈچتىن قالماپتۇق. داۋۇت ئاخۇن، مەن تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كۈچۈمنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقتىم. بىر كۈنى بازارغا بېرىپ تاشيول بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. تۆۋەنكى مەھەللىدىكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىۋاپتۇ. نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ بارسام 5 تونىلىق بىر ماشىنا يۈكى بىلەن پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ. زەنجىر تاپانلىق بىر تىراكتور سىم ئارغامچا بىلەن ئالدىدىن تارتىۋاتىدۇ. كەينىدىن 20—30 ئادەم ئىتتىرىۋاتىدۇ. لېكىن ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي تۇرىدۇ. ئاخىرى چىداپ تۇرالماي: بولدى ـ بولدى، ھەممىڭلار نېرى تۇرۇڭلار، تىراكتورغا باغلىغان سىم ئارغامچىنىمۇ يېشىۋېتىڭلار دېدىم ـ دە، ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بىرلا مۈرىدەپ ماشىنىنى تۈز يولغا چىقىرىپ قويدۇم. ھەممىسى ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپلا قالدى.

داۋۇت لاپچى دەپتۇ:

ــ سىلىغۇ ماشىنىنى مۈرىدەپ چىقىرىپسىلەر، مەن بولغان بولسام، بىر پۇتۇم بىلەن ئىتتىرىپلا چىقىرىۋېتەتتىم ئەمەسمۇ.

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

ــ مەنمۇ شۇنداق قىلايمىكىن دەپ ئويلىغان، لېكىن پۇتۇم ماشىنىغا قاتتىقراق تېگىپ كەتسە، بىكاردىن بىكار ساپ ـ ساق بىر ماشىنا ماكچىيىپ كىرەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن دېدىم ـ دە!

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم

# بېيىت ۋە قوشاقلار

ئالما دەپ سۆيسەم سېنى،
كۆلدىن بەتەر قىلدىڭ مېنى.
ئەمدى سۆيمىسەمەن سېنى،
شاھۇ گادا قىلدىڭ مېنى.

ئارقىدىن ئوقيانى ئالدىم،
سايدا جەرەن ئاتقىلى.
ھويلىڭىزغا تاشلىدىم گۈل،
رىشتىمىزنى چاتقىلى.

ئايپاق ئايدىڭدا چىقىپ —
تۇرسام خىيال پەيدا بولۇر.
قارىقاش، جانان ساڭا،
ھەر كىشى شەيدا بولۇر.

ئالچۇق تۆپىدە قوزۇق،
پەشمەتلىك لىۋەن نازۇك.
شۇ نازۇكنى بىر سۆيسەم،
يەتمىش كۈنلۈك يول ئوزۇق

ئاققىنا كۆينەك كىيىپ،
ئۈستەڭگە چىققان بېلى بوش.
ئالتە كۈنلۈك يار ئۈچۈن،
ئاۋارە بولغان كۆڭلى خوش.

ئالما گۈلىنىڭ ناردىن،
كۆڭلۈم قالدى ياردىن.
يار دېگەن شۇنداق بولسا،
كەچتىم جاھانىڭ كاردىن.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چار بۇغدايغا تويدۇڭمۇ؟
بىۋاپاغا تېگىۋېلىپ،
پۇشايمانغا قالدىڭمۇ؟

ئالدىمدىكى پاقلاننى،
بۆرە كېلىپ يەپ كەتتى.
مېنىڭ ئامراق يارىمنى،
زامان نەگە ئەپكەتتى؟

ئاق كۆڭلەكنى دەيمۇ؟
كۆك كۆڭلەكنى دەيمۇ؟
ئاخشاملىقتا سېنى يار،
قۇچاقلاپ مىڭ سۆيەيمۇ؟

ئايپاق ئۆيدەك يارىم،
يۇمشاق توپىدەك يارىم.
سېنىڭ قىلغان ئىشىڭغا،
قورساق كۆيكىدەك يارىم.

ئاتىنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
بايىنىڭ يايلىقى باردۇر.
بىزنىڭ يارنىڭ بېشىدا،
قەلقەي ياغلىقى باردۇر.

ئالمىنىڭ شېخى نازۇك،
دەسسىسەم سۇنۇپ كەتتى.
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ،
يار كېچە قونۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئاشىق ئەتسەڭ مېنى ئەت،
بىر كۈن كېرەك بولارمەن.
دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا،
مەرت يۈرەكلىك قىلارمەن.

ئاللا، ئاللا قۇرغۇيۇم،
كىمگە كۆڭۈل باغلىدىڭ.
ياتنى سەن ئويناش تۇتۇپ،
جاندىن جۇدالىق ئەيلىدىڭ.

ئاق دۆڭدىكى ئېتىزدا،
ئوروپ قويغان ئۈنچە بار.
دوخمۇشتىكى هويلىدا،
كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە بار.

باغقا كىردىم ئالما يەي دەپ،
ئالما تۈۋى لاي ئىكەن.
باغدا بىر دىلدارنى كۆردۈم،
كۆندۈرمىگەن بىر تاي ئىكەن.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
تالىڭ يا، تېرەكىڭ يوق.
مەيدەڭنى تۇتۇپ باقسام،
جانىڭ بار، يۈرەكىڭ يوق.

باغدا چىمەن تىزمايسەن،
تالدىمۇ بىلەكلەرىڭ.
قايرىلىپمۇ باقمايسەن،
تاشمۇ يا يۈرەكلەرىڭ.

باغدا قوزا، سۇدا ئۆردەك،
مايسا چايناپ يۈرگۈدەك.
ئەقىلسىز نادان يارىم،
هەر يەردە ئويناپ يۈرگۈدەك.

باش ئېتىزنى قۇم باستى،
ئاياغ ئېتىزنى چىم باستى.
نادانغا كۆڭۈل بېرىپ،
قىز كۆڭلىنى غەم باستى.

باللار ئاتىدۇ ئۇشۇق،
سەھرادا بىزنىڭ مەشۇق.
خۇما كۆز جېنىم يارىم،
سەنسىز ماڭا هايات يوق.

بىزنىڭ يېزا شوگۇلۈك،
شۇنداقمىكىن كۆرگۈلۈك.
يارىڭ بولسا قۇرغۇيدەك،
كۈلۈپ ـ ئويناپ يۈرگۈلۈك.

بۇ مەلىنىڭ بۇغدىيى،
ئۆسمەي تۇرۇپ سۇ دەيدۇ.
بۆلۈكەيدىن يار تۇتسام،
سۆيمەي تۇرۇپ پۇل دەيدۇ.

بىر ياخشى ئېتىم بولسا،
كىيىك ئوۋلىمايمەنمۇ.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
سۆيۈپ ئوينىمايمەنمۇ.

بىلەيزۈكۈم يوق دەيسەن،
بۇندا هېچكىم ئالغان يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

بېغىڭغا كىرىپ كۆردۈم،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە شۇ يارىم،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

باسقان دوپپام بار دەيسەن،
تۇماق بىلەن يازلايسەن.
كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
نىمانچىۋالا نازلايسەن.

بىزنىڭ باغدا سەبدەگۈل،
ئېچىلىپتۇ رەڭمۇرەڭ.
ماڭا كۆيگەن قارىقاش،
بۇغداي ئۆڭلۈك سەۋزە رەڭ.

بىزنىڭ باغدا ئاق ئالما،
ئاق ئالمىغا تاش ئاتما.
سەن مېنى سۆيەر بولساڭ،
باشقىلارغا قاش ئاتما.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈللىرى ئاچا - ئاچا.
نادانلىقتا يار تۇتساڭ،
ئۇتىدا قويۇپ قاچا.

بېدىلىكتە ئۇتلايدۇ،
ئىگەرلەنگەن ئارغىماق.
بىۋاپاغا ئادەتكەن،
ياخشى يارنى قارغىماق.

بۇغداي تاختا بولۇپتۇ،
دان سۈيى قوياي دەيمەن.
سەن چىقساڭ تولۇنئايدەك،
مەن يۇلتۇز بولاي دەيمەن.

بۇلبۇلدەك ئۇخلىماي يارىم،
قونايمۇ بىلەكىڭگە.
ئوتتۇك بەك يامان ئىكەن،
ئۆلەيمۇ كۆيۈكىڭگە.

تال كېسىپ، تاللار كېسىپ،
جىگەر بىلەن كاۋاپ ئېتىپ.
ئەجەبمۇ تاش يۈرەككەنسەن،
چىدىدىڭ بىراق كېتىپ.

تاغقا چىقتىم پىيادە،
مەيگە تولدى پىيالە.

مەلىڭىزدىن يار تۇتتۇم،
قىزىلگۈلدىن زىيادە.

تاقلاپ چۈشتۈم باغچاڭغا،
ناسۋال ئالدىم چاقچاقىغا.
خۇلقى بەلەن، لىۋەن يار،
كۆيگەنىكەن ئاقچامغا.

تېرەكلىك مېنىڭ هويلام،
باغنىڭ تېمىنى بويلاڭ.
مەن چىقسام پېشايۋانغا،
سىز باغقا كىرىپ ئويناڭ.

تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن،
ئارپا ئەمەس تېرىقكەن.
مېنىڭ يارىم سۆيۈشكە،
ئەجەپ بەكمۇ قىرىقكەن.

قارا قۇش ئېغىر نېمە،
كۆتەرگىلى بىلەك كېرەك.
ئوسمىسى يەڭدەك جۇۋاننى،
سۆيگىلى يۈرەك كېرەك.

قامچا سېپى ئىرغايدۇر،
تىكلەپ قويسام تۇرمايدۇ.
دۇرشاڭدىن قىز ئالسام،
قېچىپ كېتىپ تۇرمايدۇ.

قارچۇغام ئۇچۇپ كەتتى،
قىرغاۋۇل كۆرۈندىمۇ؟
مېنى دەرتكە سېپ قويۇپ،
جانلىرىڭ سۆيۈندىمۇ؟

قاشىڭىزنىڭ قاراسى،
هىندىستاننىڭ سىياسى.
مېنى قىلدى غەزەلخان،
ئىشقىڭىزنىڭ بالاسى.

قارا كۆزۈك ئۇينايدۇ،
ئۇيناپ جاننى قىينايدۇ.
كۆڭۈل بەرمە باشقىغا،
ساڭا ۋاپا قىلمايدۇ.

قوغۇن تېرىدىم خىللاپ،
چۈنەك بېشىدا يىغلاپ.
قىزنى ئالىمەن تاللاپ،
جۇۋان قالىدۇ يىغلاپ.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
كۆڭلۈمگە پىچاق ئۇردى،
يار سوغۇق گېپى بىلەن.

قويلىرىم كېسەل بولدى،
يېتىشمەي جىگىنىڭ تۇزى.
يۈرەككە داۋا بولدى،
يارنىڭ ئەۋەتكەن مۇزى.

قولۇڭدىكى قەغەزدىن،
ماڭا بەرگىن تۇمالىق.
ئەمدى مەن كېتەر بولدۇم،
سۆيۈپ قوياي خۇمالىق.

قوتاندىن موزاي چىقتى،
تەگدىن تولىسى قاشقا.
ياشلىقتا كۆيۈپ قالدىم،
ئازنىخان قارا قاشقا.

قارا قاشنىڭ تۇماقى،
قارا كۆرپە ئەمەسمۇ؟
كۆزدىن ئۇيقۇ قاچۇرغان،
كۆيۈك ئوتى ئەمەسمۇ؟

قوغۇننىڭ پىلەكىدىن،
تاۋۇز تاپىمەن يارىم.

مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
قانداق ياتىمەن يارىم.

يارنىڭ ئىشىكى چاقسا،
ئىچىلسا يېپىلمايدۇ.
مېنىڭ بۇ خۇمار كۆزۈم،
ھېچ يەردىن تېپىلمايدۇ.

يارنىڭ بەرگەن ياغلىقى،
تۇتماي ئاقىرىپ قاپتۇ.
يارنىڭ دەردى بارمىكىن،
يۈزى سارغىيىپ قاپتۇ.

يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
قاپقاراڭغۇ تۈن ئىدى.
بىزنىڭ يارنىڭ چىرايى،
ئاسماندىكى كۈن ئىدى.

مەن يارىمغا ھەيرانىمەن،
پىراقىدا ۋەيرانىمەن.
يارىم باغدا ئۇينايدۇ،
مەن چۆللەردە سەرسانىمەن

يارىمنى خاپا قىلدىم،
چىللىغان كۈنى بارماي.
كۆڭلىنى ئالاي ئەمدى،
يارىمغا تۇتۇپ سىنچاي.

يارنىڭ بېغىدا ئەنجۈر،
تۇتسام ئۈزۈلۈپ كەتتى.
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە،
يۈرەكلەر ئېرىپ كەتتى.

يۈگۈرۈپ چىقتىم تېرەككە،
گۈل ياپرىقى كېرەككە.
گۈل ياپرىقى دورىكەن،
زىدە بولغان يۈرەككە.

www.uyghurkitap.com

يارىمنىڭ قولىدىكى،
گۈلە ئەمەس قاق ئىكەن.
لەۋلىرى ئەجەب سۈزۈك،
بىلەكلىرى ئاق ئىكەن.

يارنىڭ كۆڭلىكى خەسە،
كۆڭلىنى ماڭا بەرسە.
يۈرەك شىپا تاپمامدۇ،
كۆڭۈلدىكى يار كەلسە.

چاقىم قانات تاشلايدۇ،
يار كۆزىنى ياشلايدۇ.
يامان خوتۇن ئېرىنى،
هەر خىل يولغا باشلايدۇ.

چىمچىقچە مېنىڭ جانىم،
نەچچىگە بۆلەي خانىم.
تامچىدىن بۆلۈپ كەلسەم،
يېتەرمۇ قىزىل قانىم.

چىرايلىقنىڭ كۆيگىنىدىن،
كۆيمىگىنى ياخشىراق.
ۋاپاسىزنىڭ سۆيگىنىدىن،
سۆيمىگىنى ياخشىراق.

چۈش مىزگىللى باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈملۈكتە قاراكۆز،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

چوكان تالۇ - چوكان تال،
چوكان تالدا بۇلبۇل بار.
ئالەمدە تولا گۈللەر،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن گۈل بار.

چاپىنىمغا مەن قىلدىم،
ئاق ئەستە، قىزىل ئەستە.
مېنى ئوتقا سېپ قويۇپ،
سەن يۈرسەن بەخەستە.

چىراغ بارمۇ ياققۇدەك،
ئۈچكە بارمۇ چاققۇدەك.
بۇ مەلىدە بىر قىز بار،
ئالداپ ئېلىپ قاچقۇدەك.

چاسىنىڭ ئوتتۇرسىدا،
سەككىز ئىشىك جۈپ ئېچىلۇر.
بىزنىڭ يار قارا قاشنىڭ،
لىۋىدىن گۈل ئېچىلۇر.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇكېرىم مەقسۇت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ماقال ـ تەمسىللەر

△ ئاچلىقتا تۇتقان قاچاڭنى
توقلۇقتىمۇ ئۇنتۇما.

△ ئاش ئۆز ئىگىسى بىلەن تاتلىق.

△ ئاش يوق، ئىشتەي يوق.

△ ئاچ قالمىغۇچە
ئاشنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

△ ئاچچىق يۇتۇش ـ تاغ يۇتۇش.

△ ئالتۇن يەردە قالماس،
ياخشىلىق يولدا.

△ ئاتقا مىنسەڭ ئاتاڭغا باقما.

△ ئات تايچىقىنى باقساڭ تۇلپار بولۇر،
بۆرە كۈچۈكىنى باقساڭ كېلپەت.

△ ئاغرىقنىڭ سانجىقى يامان،
سۆزنىڭ ئاچچىقى.

△ ئادەم بىلگەننى دەيدۇ،
توخۇ كۆرگەننى يەيدۇ.

△ ئالدىراشنىڭ تۆۋى ئۆكۈنۈش.

△ ئاغزى يۇمشاق گۆش يەيدۇ.
ئاغزى قاتتىق مۇش.

△ ئاتقى چىقمىغان بايدىن،
ئاتقى چىققان دۆۋە ياخشى.

△ ئادەمنىڭ توغرىسى ياخشى،
ئورغاقنىڭ ئەگرىسى.

△ ئارپا جايدا قىممەت،
مىس كاندا قىممەت.

△ ئاق قۇشقاچنىڭ تۇغقىنى يوق،
تۇغقانسىزلىقتا ئۆلگىنى يوق.

△ ئابرويپەرەس نام كۆتۈرەر،
ئېغىر ـ بېسىق تاغ.

△ ئايىقىڭ ئىتتىك بولسا يول قىسقىرار،
ئېغىزىڭ ئىتتىك بولسا مەنسىپىڭ.

△ ئات چېپىشى بىلەن قەدىرلىك،
ئەر تۆھپىسى بىلەن.

△ ئاپەتكە سەۋەب قىل،
ئامەتكە تەلەپ قىل.

△ ئادەم بىلىمى دۆلەت،
بىلىمسىزدە قۇرۇق سۆلەت.

△ ئالدىرىساڭ بىردەم توختا.

△ ئالغىنى كۆپكە تاۋاپ،
بەرگىنى ئازغا تاۋاپ.

△ ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ،
جاپا ئەرنى.

△ ئالداھچىنىڭ گېپى چىرايلىق،
كۆڭلى تۈزنىڭ قىلىقى.

△ ئەركىشى تۆشۈككە ئارىلاشسا،
سۈپۈرگىدە ئۇن قالماس.

△ ئەردىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر.

△ ئەرنىڭ ئوبدىنى ئۆيىنى باقار،
ئايالنىڭ ئوبدىنى ئەرنى باقار.

△ ئەسكى تامنىڭ دەزى تولا،
ناھەقنىڭ قەرزى تولا.

△ ئەسقاتمىغان دەريادىن،
ئەسقاتقان كۆلچەك ياخشى.

△ ئەر قېرىسا قويغىنىنى بىلمەيدۇ،
ئايال قېرىسا تويغىنىنى.

△ ئەقىلسىزغا گەپ قىلسام ئاڭلىدى، كۈلدى،
ئەقىللىققا گەپ قىلسام ئاڭلىدى، بىلدى.

△ ئەجدادلار ئۈچۈن ياش تۆك،
ئەۋلادلار ئۈچۈن تەر تۆك.
△ بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈشكە،
مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك.
△ باتۇرغا بىلەك كېرەك،
مەرتكە يۈرەك.
△ بار ماختانسا تېپىلىدۇ،
يوق ماختانسا چېچىلىدۇ.
△ بېقىمسىز باغ تاغ بولۇر،
يۈرەك ـ باغرىڭ داغ بولۇر.
△ بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق.
△ بىلمىگەنگە ياخشىلىق قىلغىنىڭ بىكار،
ئاڭلىمىغانغا سۆز.
△ باخشىنىڭ دېپى يېرىلسا،
گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ.
△ بېقىنىمدا سانجىقىم بار،
يۆتەل كۆتۈرمەيدۇ.
قورساقتا ھۈنەر جىق،
بازار كۆتۈرمەيدۇ.
△ بىرى يوق ئۈچنى كۆرۈڭ،
ئۇيقۇ يوق چۈشنى كۆرۈڭ.
△ بىلەك بىر، بارماق باشقا.
△ بىلىمسىز ئۆتمە، ئامەتنى كۈتمە.
△ بىتەلەيىنىڭ دوردىسى يوق.
△ بوي تۆگىدە، ھىممەت قويدا.
△ بىلىم بىلگۈچىدە،
ئەقىل سەزگۈچىدە.
△ بالا خام بولسا ياردىن يانىدۇ،
ئاش خام بولسا گالدىن يانىدۇ.
△ بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە.
△ بايدىن ئەما چىقىدۇ،
كەمبەغەلدىن دەنا.
△ بالىسى بارنىڭ گىلى چويلا،
بالىسى يوقنىڭ گىلى كويلا.
△ بۇقىنى كالام دېمەڭ،
بويتاقنى بالام.
△ باشقا كەلگەن بالا،
ئاغرىق ـ سىلاقنى ئالا.
△ بالا كۆنگۈچە يىتىرقايدۇ،
نادان كۆيگۈچە.
△ بالاڭنى ئەركە باقساڭ تاشلايدۇ،
چوڭ بولغاندا كۆزۈڭنى ياشلايدۇ.
△ بىلىم ئالمىغان ياش،
تام تۈۋىدىكى تاش.
△ بېلىق ئۆلسە سۇدا قالار،
بۇلبۇل ئۆلسە باغدا.
△ بوران چوغنى ئۆچۈرەلمەس،
ئادەم قۇدۇقنى كۆتۈرەلمەس.
△ پادىشاھ بىلەن تاز چىقىشالمايدۇ،
ئۆردەك بىلەن غاز.
△ پاشىنىڭ ئۆۋۈدىسى يوق،
پەسنىڭ مىللىتى.
△ پۇلۇ ياغ بىلەن ئوخشايدۇ،
دەۋا پۇل بىلەن.
△ پۇراقسىز گۈلدىن غازاڭ ياخشى
ۋاپاسىز دوستتىن سازاڭ (ياخشى)
△ پاقا يوقالسا كۆلگە ئارام.
△ پالاق تۇخۇمدىن چۆجە چىقماس،
خورىگى چوگدىن نەپ.
△ تاغقا يامغۇر كار قىلماس،
قېلىنغا گەپ.
△ توڭگۇز قوي بولماس،
دۈشمەن ئۆز بولماس.
△ تەسكەيىنىڭ مېۋىسى قىزارماس،
ئۇياتسىزنىڭ يۈزى.
△ تاغدا تاش تولا، باغدا گۈل.
△ توپىنى ئۆرلەتكەن يەل،
باتۇرنى ئۆستۈرگەن ئەل.
△ توكۇر ئاتقا كۆمۈش تاقا،
ئەسكى چاپانغا سۆلەيسۈن ياقا.
△ ئولتۇرۇۋەرسەڭ تاشمۇ ئىسسىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



△ تاغقا تاش يۇدۇپ چىقىپتۇ،
جاڭگالغا ئوتتۇن.
△ تونۇرنىڭ چىشى يوق،
ئوتتۇن تاللىماس.
كۆپ ئۆيلەنگەننىڭ كۆزى يوق،
خوتۇن تاللىماس.
△ تاغارنىڭ ئاغزىنى ئايىساڭ،
تېگى تېشىلمەيدۇ.
△ توپىلاشقان قاغا يولۋاسنى يەيدۇ.
△ توخۇنىڭ نۇقتىسى يوق،
ئىتنىڭ قوتىنى.
△ جاننى ئېلىپ قاچقان يول تاللىمايدۇ،
قورسىقى ئاچقان نان.
△ چولاقتا چاۋاكنىڭ نېمە ئىشى،
توكۇرغا ئۇسۇلنىڭ؟
△ چىۋىق تەگسە غىڭشىيسەن،
كالتەك تەگسە جىم.
△ چىرايى چىرايلىق كۆيدۇرەر،
قىلىقى تاتلىق سۆيدۇرەر.
△ چىراق يېقىپ يورۇقنى كۆر،
بىلىم ئېلىپ ھوزۇرنى،
△ خۇي قىلغان قىز ئۆي تۇتالمايدۇ.
△ خوراز قاچسا «ۋاك» دەيدۇ،
دوختۇر قورقسا «راك» دەيدۇ.
△ خوتۇنغا ھۇمارنىڭ نېمىشى،
كالىغا تۇمارنىڭ.
△ دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن بېشىغا،
سۇمرۇغ كېلەر كۈندە قېشىغا.
△ داۋاسىز دەرد بولماس،
ھەۋەسسىز قېرى.
△ دەرمان يوقتا ئارمان تولا.
△ دوغچى ئاپتاپ تىلىسە،
ماتاڭچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.
مايلامچى يامغۇر تىلىسە،
پاددىچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ.
△ دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان،
ئىچى بوش.
ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان،
بىلى بوش.
△ سوقۇشقاق خوراز سەمرىمەس.
△ سۈتى يوق ئىنەك تولا مۆرەيدۇ.
△ سۇغا يېقىن سۇچى كېلەر،
چۆلگە يېقىن نوچى.
△ شەپەڭ ئېرىق ئاتلار،
ئېغىر - بېسىق دەريا.
△ قارا توخۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغار.
△ قارىغۇغا ئەينەك بەرسەڭ رەھمىتى يوق.

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ماخمۇتجان ئىسلام**



# تېپىشماقلار

**مۇھەررىردىن:**

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ژانىرى. ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن مۆجىزاتتىكى ھەقىقەتنى بەدىئى ئەدەبىيات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ خەلق تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ۋە خىزمىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مىللى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش خىزمىتى خېلى ئىلگىرىلا باشلانغانىدى. بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىندى. 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يولداش ئا. راخمان نەشرگە تەييارلىغان «تېپىشماقلار» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى.

بىز بۇ ساندا ئېلان قىلىۋاتقان تېپىشماقلار يولداش م. ئەلىيېۋا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1984 - يىلى ئالمۇتا «مەكتەپ» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

## ئاسمان، يەر، ۋاقىت توغرىسىدا

1. ئايلىنىدۇ، ئايلىنىدۇ ئۆز ئوقىدا،
ئايلانغىنى سېزىلمەيدۇ ھېچ ۋاقىتتا.

2. ئاق داستىخاننى سېلىۋىدىم،
ئالەم ئىچى ئاقاردى.

3. ئاق ئىتىم ئاسماندىن چۈشەر،
ئوت - چۆپنى يىمەس، ئوت - چۆپ ئۇنى يەر.

4. ئاق ساندۇقۇم ئېچىلدى،
ئاق نۇرلار چېچىلدى.

5. ئانىسى ئەگرى - توقاي،
بالىسى قىل يورغا.

6. ساندۇقۇمدا جىق ئوق،
ئەتىسى قوپسام بىرى يوق.

7. ئاخشىمى كېلەر ئەگىلىكىم،
كۈندۈزى كېتەر لەگلىكىم.

8. ئەگرى - توقاي ئاق ئارقان،
يىغسام - يىغسام تۈگىمەس.

9. ئەتىسى كېتىپ، ئاخشىمى كەپتۇ،
ھېسابىنى ھېچكىم ئالالماپتۇ.

10. بىز، بىز، بىز ئىدۇق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بىر ئۇنئىككى قىز ئىدۇق.
بىر گۇمبەزگە يىغىلدۇق، تاڭ ئالدىدا
تارالدۇق.
11. بىر ـ بىرىگە يەتمىگەي،
ئايرىلىپمۇ كەتمىگەي.
12. بىر ئاتىسى، بىر ئانىسى،
نەچچە يۈزمىڭ بالىسى.
13. بىر مەھەللىدە ئون ئىككى ئۆي،
ھەر ئۆيدە ئوتتۇزدىن قوي.
14. بىر پارچە پېتىر، ئالەمگە تېتۇر.
15. بۇ گىلەم، بۇ بىرگىلەم،
قاقاي دېسەم ئېغىر گىلەم.
16. دەرياسى بار، سۈيى يوق،
شەھىرى بار، ئۆيى يوق.
ئوتلىقى بار، گىياسى يوق،
تېغى بار، تېشى يوق.
17. دادىسى كۆتۈرەم، ئانىسى يۈگۈرۈك،
بالىسى ئۇسۇلچى، قىزى قوشاقچى.
18. ھە! دەپ قاتتىق ۋارقىرىسام، مەن
بىلەن بىللە «ھە!» دەيدۇ.
سۆز قىلسام جاۋاب بەرمەيدۇ.
19. يىراقتىن كۆرۈنگەن تۈگمەنىڭ بويى
ئەگرى.
20. يار بويىدا يىپىرىم كۆمەچ.
21. كەچتە ئۆلۈپ، ئەتىسى تىرىلەر.
22. كىچە ـ كۈندۈز تىنماي يۈرەر،
بىر ئېرىق سۇدىن ئۆتەلمەي ئۆلەر.
23. قاپ ـ قارا توپا،
سەرگە ياقسا
پىشىدۇ شورپا.
24. قىشتا ئۇخلايدۇ، يازدا شارقىرايدۇ.
25. زىرىر گېلەم، زەر ـ زەر گېلەم،
ئېغىر ئۇچۇن كۆتۈرەلمەيمەن.
26. ئۆزى بىر، قۇلىقى قىر،
ئاغزى ئىككى، تۇۋى بىر.
27. ئۆي ئۈستىدە ئاق كىگىز.
28. پۈتى يەرگە تەگمەس،
بېشى ئاسمانغا.
29. پۈتى يوق قاچىدۇ،
قانىتى يوق ئۇچىدۇ.
30. پۈرۈم ـ پۈرۈم يۈرگىلى بولماس،
چېچىلىپ كەتسە تەرگىلى بولماس.
31. سۇ ئاستىدا بىر يارماق.
32. تاغدىن ئېگىز، شۇۋاقتىن پەس.
33. تاغدىن كېلەر تاش ئوخشاش،
ئىگەرلىگەن ئات ئوخشاش.
34. ئۇ قانداق جانىۋاردۇر ئۆزى
كۆرۈنمەي ۋارقىرار، قەھرى
كەلگەندە چاچار ئوت، بولۇت
ئىچىدىن پارقىرار.
35. ئۇ نېمەدۇر، يوقتۇر ئاياق ـ بېشى،
ئەگەر ئۇ يىغلىسا ئىقلىمغا يەتكەي
كۆز يېشى.
36. قىزىل ئۆي ياتىدۇ، كۆك ئۆي
چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.
37. كۈندۈزى ياتار، ئاخشىمى ماڭار.
38. قولى يوق، پۈتى يوق، ئىشىك ئاچىدۇ.
39. كېچە چىقسام كۆك مەيدانغا،
سېرىق چېچەك يېيىلىپتۇ.
40. كۆك تېغىم ئالتۇن مىقتا مىقلانغان.
41. تالاغا تېرىق چاچتىم، دۈپپۈدەپ ئۆيگە
قاچتىم.
42. مىلتىق ئاتتىم ئۈنى يوق، ئوق
دورىسىنىڭ پۇلى يوق.
43. مۆزغا قوناق چاچتىم.
44. رۇخسەتسىز كىرىدۇ، تۆرگە يۈگ-
رەيدۇ.
45. لىم سالماي ئۆي ياپتىم.
46. ئۆي تۆپىسىدە ئۇششاق تاش.
47. ئۆزى بار، كۆلەڭگۈسى يوق.
48. تاشتىن چىقىپ، سايىنى بېسىپ،
كۆككە چىقىپ، يەرگە پاتىدۇ.

49. ئۇزۇن ئارغامچىنىڭ كۆلەڭگىسى يوق.

50. ھەركېچە ئاسماندا يەتتە تاجدار،
بىر شەھەرگە شاھ خىزمىتىدە تەڭ قارار.
بۇ سوئالىمنىڭ جاۋابىنى بېرۇر،
ھەركىشىنىڭ بولسا ئەقلى ـ پەمى بار.

51. ئۇ نېمەدۇر جېنى بار، چانسىز
يۈرەر، خالىسا گاھ كىشىنى
ئۆلتۈرەر. تام قوپارماي، ئۆگزە
ياپماي قىشلىغان، كېچە ـ كۈندۈز
ھەممە ۋاقىت يۈرەر تىنماي.

52. چىمىر ـ چىمىر بىر نەرسە،
يالتىرايدۇ كېچىدە.

53. شىر ـ شىر ئېتەر، جىلغىدىن
ئۆتەر، داۋانغا كەلسە ئاستىدىن ئۆتەر.

54. يالت ـ يولت ئېتەر، يالماپ كېتەر.

55. تۈگمەن تاش، ئۈنىڭغا قارىغان
ئادەمنىڭ كۆزى ياش.

56. ئۆگزەمنىڭ تۈۋرۈكى يوق.

57. ئۆزى قايناپ تۇرىدۇ قازاندەك،
يۈگرەپ يۈرىدۇ سىماپتەك،
كىرسەڭ دەردىڭگە داۋا.

58. قارا سېير كېلىپ ھەممىنى يەڭدى،
يىقىتتى، ئاق سېير كېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزدى.

59. ئۈستىدە جاڭگال سۈيى بار.
سېنى، مېنى كۆتۈرىدۇ، ئۇ نېمە؟

60. بىر ئۆيگە كىرسەم قارىساممۇ
قارايدۇ، قارىمىساممۇ قارايدۇ.

61. ئىشىكتىن كىرگەندە تۇتقان،
كۆرگەن، تۈكلۈكتىن چىققاندا
كۆردى ـ تۇتالمىدى. ئىككىسى كام.

62. تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ پۈركىسە،
ئاغزىدىن چىققان ھور ئالەمنى
قاپلايدۇ.

63. بىر ئايال 365 ياشقا كىرىپتۇ.
ئۇنىڭ 12 ئوغلى،
48 قىزى بار ئىكەن.

64. ئۇچ يۈز ئاتمىش كۇلا،
ئون ئىككى توخماق،
ئەللىك يەردىن ئۇلا،
يەتتە بولماق.

65. ئۇچ يۈز ئاتمىش كۇلا، قىرىق
سەككىز يەردىن ئۇلا. ئوتتۇز
يانا، ئىككى ئانا.

66. ئۆيۈمگە كىرىدۇ، جېنىمغا تېگىدۇ،
ئۇراي دېسەم قولۇم يەتمەيدۇ.

67. تۈۋى كۆك دەريا، ئىچى مۇنارە،
ئوتتۇز چېچىكى، ئىككى يوپۇر مىقى.

68. ئۆزى ئاسماندا، يورىقى يەردە.

69. ئالتۇن كەتتى، كۆمۈچ كەلدى.

70. تېپىشمىقىم، تېپىشماق. پارقىراپ
تۇرغان پېپىشماق. نۇر چاچىدۇ
كۆمۈچتەك، كۈلۈپ تۇرغان تېپىشماق.

71. تەپتى بولغان بىر نەرسە،
تېپىڭ ئۆيگە كىرسە نېمە؟ ـ
ئىشىكتىن كىرىدۇ، تۆشۈكتىن
چىقىدۇ.

72. تەڭ ـ تەڭ ـ تەڭ كىگىز،
ئوتتۇرىسى كەڭ كىگىز.

73. تام تۆپىسىدە يېرىم كۆمەچ.

74. تالا يېرىدە تاينىڭ ئىزى،
يار بويىدا يېرىم كۆمەچ.

75. ئۆزىنىڭ تېنى يوق، ئىشكى
ئوچۇق ئۆيگە كىرەر.

76. قولى يوق، كۆزى يوق،
ئۆزى گۈل ياسايدۇ.

77. مېنىڭ بىر ئالا ئارغامچام بار،
ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا يېتىدۇ.

78. كەسسەم كېسىلمەيدۇ، ئىتتەرسەم
يۇقىرى يۈرمەيدۇ.

79. ئىككى بەيگە ئات چاپىدۇ
چاڭ چىقارماي، بىرى ـ بىرىنى

www.uyghurkitap.com



ئىزلىشىدۇ تېپىشالماي.

80. ئېگىز مۇنار، كالته مۇناره لاله
چېچىكى، سەدەپ مۇنچىقى.

81. ئېگەر ـ ئېگەر. قاشى ئالتۇن ئېگەرقاش.
ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزى ياش.
بۇنى تاپقان كىشى يۈز يىگىرمە ياش.

82. بىر رەنا، ئۇن ئىككى دانا،
ئوتتۇز ئانا، يىگىرمە تۆت يانا.

83. بىر پەننىڭ ئۈستىدە مىڭ پەن.

84. بىر دەرەختىن ئايرىلىپ ئون
ئىككى شاخ.

85. بىر قوماندان كەلدى،
پۈتكۈل ئالەمنى خەت بىلەن تولدۇردى.
ئارقىدىن بىر پروفېسسور كەلدى،
ھەممە خەتنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

86. بىرى قويىدۇ، بىرى ئىچىدۇ، بىرى
ئۆسىدۇ.

87. ئاسماندىكى كۆلەڭگە يەرگە چاچار سۇ.

88. ئاسماندىن چۈشسە سۇنماس، كۆۋرۈك-
تىن چۈشسە سۇنار.

89. ئاتقا مىنمەس، ياياق يۈرمەس، بۇرنى
بىر، قۇلىقى كىر.

101. تاغدىن ئېگىز، شۋاقتىن پەس.

102. ياپىر، بوينى قىر، ئاغزى ئىككى، تۈۋى بىر.

90. ئاق تۆگەمنىڭ بوينى ئۇزۇن.

91. ئاق داستىخان ـ يەر يۈزىنى قاپلىغان.

92. ھەركېچە ئون بىر، بۇرادەر سەيلى ئېتەر،
ئالته دىلبەر سول يېنى بىلەن ئۆتەر.
ھېچ ۋاقىت بولماس جۇدا بۇ ئالتىسى،
ئايرىلالماس ئالتىسى ھەم بۇ ئون بىرى.

9^. مىڭ چېچەككە ئىككى يوپۇرماق.

94. بوۋاي كەلدى پالتىسىز،
كۆۋرۈك سالدى تاختىسىز.

95. يېمەيدۇ ھەم ئىچمەيدۇ، كېچىسىمۇ
ماڭىدۇ. ھەردائىم چىراق يېقىپ
ھاردىم ـ تالدىم دېمەيدۇ.

96. كۆك ئۈيۈم ئاسمانغا چىقار،
قىزىل ئۈيۈم يېتىپ قالار.

97. قىزىل كالا يېتىپ قالىدۇ،
قارا كالا كېتىپ قالىدۇ.

98. ئوتتا يانماس، سۇدا چۆكمەس.

99. تۇرسا ـ تاش، ياقسا ـ ئوتۇن.

100. تاختىسىز كۆۋرۈك سالدىم، رەن-
دىسىز رەندە سالدىم.

**تېپىشماقلارنىڭ جاۋابلىرى**

1. يەر
2. قار
3. قار
4. تاڭ نۇرى
5. دەريا ۋە سۇ
6. يۇلتۇزلار
7. ئاي

8. يول
9. يۇلتۇزلار
10. يۇلتۇزلار تۈركۈمى
11. كۈندۈز ۋە كېچە
12. كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار
13. يىل، 12 ئاي، 30 كۈن
14. ئاي

15. يەر
16. خەرىتە
17. كۆۋرۈك، سۇ، بېلىق، پاقا
18. سادا
19. ئىس
20. ئاي
21. كۈن
22. قويۇن
23. كۆمۈر
24. دەريا
25. يەر
26. ئېرىق
27. قار
28. بۇلۇت
29. ئىس
30. بۇلۇت
31. ئاي، كۈن
32. تاغنىڭ ئۈستىدىكى يول
33. سۇ
34. گۈلدۈرماما، چاقماق
35. بۇلۇت، يامغۇر
36. ئوت، ئىس
37. ئاي
38. شامال
39. يۇلتۇزلار
40. ئاسمان، يۇلتۇزلار
41. يامغۇر
42. كۆچكەن يۇلتۇزلار
43. ئاسمان، يۇلتۇزلار
44. سوغ
45. مۇز
46. يۇلتۇزلار
47. سۇ
48. يامغۇر
49. يول
50. قۇتۇب يۇلتۇزى ياكى تۆمۈر قوزۇق
51. دەريا
52. يۇلتۇز
53. سۇ
54. ئوت
55. كۈن
56. ئاسمان
57. ئارشاڭ
58. كېچە ـ كۈندۈز
59. يەر
60. تۆشۈك
61. ئوتۇن، ئىس
62. چاك
63. بىر يىلدا 365 كۈن، 12 ئاي، 48 ھەپتە
64. يىل، ھەپتىلەر، 12 ئاي، ھەپتىدىكى يەتتە كۈن
65. يىل، 48 ھەپتە، بىر ئاي، كېچە ـ كۈندۈز
66. سوغ
67. ئاسمان، ئوتتۇز كۈن، ئاي، كۈن
68. ئاي
69. كۈن، ئاي
70. تولۇن ئاي
71. ئوتۇن، ئىس
72. ئاسمان، يەر
73. ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

74. يۇلتۇزلار، ئاي
75. سوغ، هاۋا
76. هەسەن ـ هۈسەن
77. يول
78. سۇ
79. كۈندۈز ۋە كېچە
80. ئاسمان، يەر، ئاي، يۇلتۇز
81. كۈن
82. يىل، 12 ئاي، 30 كۈن، 24 سائەت
83. كۈن، سائەت
84. يىل، 12 ئاي، 30 كۈن، كېچەكۈندۈز
85. كېچە، كۈندۈز ۋە يۇلتۇزلار
86. يامغۇر، يەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر
87. بۇلۇت
88. قار
89. ئېرىق
90. يول
91. قار
92. هۆكەر ۋە تارازا يۇلتۇزلار
93. يۇلتۇزلار، ئاي، كۈن
94. قىش بىلەن مۇز
95. كۈن
96. ئىس، ئوت
97. ئوت، ئىس
98. مۇز
99. كۆمۈر
100. مۇز



# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچىلەر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، ئابلىمىت ئەھەت

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

«بۇلاق» مەجمۇئەسى تەسىس قىلىنغىنىغا يەتتە يىل توشتى. بۇ جەرياندا 19 سان نەشىردىن چىقىپ كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يۇقىرىقى سانلاردا 70 پارچىدىن ئارتۇق كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر ۋە قىسمەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت داستانلار ئېلان قىلىندى. گەرچە بۇ ئەسەرلەردىن بىر قىسمىغا لۇغەت بېرىلگەن بولسىمۇ، لۇغەتلەرنىڭ ئىشلىنىش ئۇسۇلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خىلمۇ خىل بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قىيىن، تەكرارلىق كۆپ بولۇشتەك مەسىلە كېلىپ چىقتى.

بىر يۇقىرىقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئاساسەن، لۇغەتلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، تەكرارلىقتىن ساقلىنىش، كۈچ ۋە مەتبەئە ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇ ساندىن باشلاپ، ھەر بىر ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا لۇغەت بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەر ئۈچۈن بىر قەدەر سىستېمىلىق لۇغەت بېرىشنى لايىق تاپتۇق.

بۇ لۇغەت چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈش، چۈشىنىش، ھازىرقى زامان تىلىغا شەرھىلەش، نەشىرگە تەييارلاش ئىشىغا ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىدۇ ۋە كلاسسىك تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش خادىملار، ئوقۇتقۇچىلار، ئاسپىرانتلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاز ـ تولا جاۋاب بېرىدۇ.

**لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپى توۋەندىكىچە:**

1. ئالدى بىلەن ھەر بىر باش سۆزنىڭ ئىلمىي ترانسكرىپسىيىسى، ئاندىن باش سۆزلەرنىڭ (ئەرەب ئېلىپبەسى بويىچە) ئەسلى يېزىق شەكلى بېرىلدى.

2. ھەر بىر باش سۆزنىڭ ئېتىنىك ئېنىقلىمىسى — ئەرەبچە سۆزلەر (ئە)، پارسچە سۆزلەر (پ)، ئىككى تىلدىن قوشۇلۇپ بىرىككەن سۆزلەر (ئە + پ) ياكى (پ + ئە)، تىببىي ئاتالغۇلار (تىب) شەكلىدە كۆرسىتىلدى. تۈركىي سۆزلەرگە ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ياسالغان ئۆزلەشمە سۆزلەرگە ئېنىقلىما بېرىلمىدى.

3. شەكلى ھەر خىل، مەنىسى بىر خىل سۆزلەر «قاراڭ» بىلەن ھەل قىلىندى.

4. سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىنراق مەنىلىرى پەش، يىراقراق مەنىلىرى چېكىتلىك پەش، ئوخشاشمىغان مەنىلىرى (كۆچمە مەنىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سىفىرلار ئارقىلىق ئاجرىتىلدى. كۆچمە مەنىسى — «كۆچمە م:» شەكلىدە كۆرسىتىلدى.

www.uyghurkitap.com

5. پېئىللار پەقەت «0» دەرىجە بىلەنلا چەكلەندى.
6. ئەڭ زۆرۈر جايلاردا كونتېكست بىرلىدى ھەمدە ئېلىنغان كونتېكستلارنىڭ قولىيازما مەنبەئەسى كۆرسىتىلدى.
7. ترانسكرىپسىيىلىك باش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكمىلىرى ھازىر جارى قىلىنىۋاتقان ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەندى.

## ئا

ئا **【آ】** 1) ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى؛ 2) ئۈندەش: ئەي!، ھەي!؛ 3) بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ قاراتمىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ:
**ئا يىگىت** ــ ئەي يىگىت؛
**بۇلبۇلا** ــ ھەي، بۇلبۇل:
«دىدى گۇل، بۇلبۇلا سالدىڭ فىراقىڭ»
ــ خىرقىتى.
**نىگارا** ــ ھەي نىگار:
«يافەلەك جەۋرى نىگارا، ياسىنىڭ دەردىڭ ماڭا»
ــ ئاتايى.

ئاب **【آب】** (پ) سۇ؛ كۆچمە م: ياش.
**ئاب جۇش** ــ قايناقسۇ؛
**ئاب دىيدە** ــ 1) كۆز يېشى؛ 2) سۇغا چىلانغان، نەمدەلگەن، ھۆللەنگەن؛
**ئاب رەھا** ــ سۇ يولى، ئېرىق؛
**ئاب زىلال** ــ سۈزۈك سۇ؛
**ئابى ئاتەش رەڭ** ــ كۆچمە م: مەي، مۇسەللەس؛
**ئابى بەقا** ــ مەڭگۈلۈك سۈيى، ھاياتلىق سۈيى:
«ئەدەمدە باغلاپ ئىدىم ئول ئاغىز خىيالىنى مەن،
كى مۇندە خىزردەك ئابى بەقا تىلەي كەلدىم» ــ لۇتپى.
**ئابى جارى** ــ راۋان ئېقىۋاتقان سۇ؛
**ئابى چەشم** ــ كۆز يېشى؛
**ئابى چەشمە** ــ بۇلاق سۈيى؛
**ئابى رەۋان** ــ ئېقىن سۇ؛
**ئابى زەمزەم** ــ مەككىدىكى زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۈيى؛ تەۋەررۈك سۇ؛
**ئابى زىندەگانىي** ــ «ئابى ھەيات» قا قاراڭ؛
**ئابى كەۋسەر** ــ كەۋسەر سۈيى:
«ئود، ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،

دۇررى - مارجان تاشلىرىدۇر كوھسارى كاشغەر.»
— گۇمنام.

**ئابى ھەيات** — ئەپسانىۋى ھاياتلىق سۈيى، تىرىكلىك سۈيى؛ بۇ سۇنى ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ياشايدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇ قانداقتۇر بىر بۇلاقتىن چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغانلىقتىن **چەشمەئى ھەيۋان**؛ ھەم بۇ بۇلاق سۈيىگە خىزىر پەيغەمبەر مۇيەسسەر بولغان دېيىلىپ، **خىزىر سۈيى** دەپمۇ ئاتىلىدۇ:

«گەر مۇسۇلمان زادە بولساڭ، ئۆزۈڭ ئىنساپ ئەيلەگىل،
مەن سۇساپ كەتسەم ئۆلۈپ ھازىر تۇرۇپ ئابى ھەيات»
— قەلەندەر.

**ئابى ھەيۋان** — «**ئابى ھەيات**» قا قاراڭ:

«خىزىر يەڭلىغ ئۆمىر ئۈچۈن ئەل ئابى ھەيۋان ئىستەسە،
بىزنى ئۆلتۈرمەككە مەدھۇش يارنىڭ زەھىر ئابى بار»
— گۇمنام.

**ئابى ھىرۋان** — رەھمەت سۈيى:

«قىلما پىرسىز ئابى ھىرۋاندىن خىيال،
پىرسىز ئول سۇنى تاپماقلىق مەھال»
—«كۇللىيات مەسنەۋى خەراباتى»

**ئابا** [آبا] 1) ئاپا، چوڭ ئاپا؛ 2) ئاچا.

**ئاباد** [آباد] (پ) 1) گۈللەنگەن، ئاۋات؛ مول، پاراۋان؛ 2) ئوبدان، ياخشى؛ 3) چىرايلىق، ئىسىل.

**خانەئى ئاباد** — پاراۋان ئائىلە (ئۆي):

«كۆڭلۈم بوزۇلۇپ قالسا، زەلىلى يەمەگىل غەم،
كىم كۆردى جۇنۇن ئىقلىمىدە خانەئى ئاباد»
— زەلىلى.

**كىشۋەر ئاباد** — گۈللەنگەن، ئاۋات مەملىكەت.

**ئابادان** [آبادان] «**ئاباد**» غا قاراڭ.

**ئابادان نەۋكەر** — ۋەزىپىسىنى ياخشى بىجىرگۈچى نەۋكەر.

**ئابادگەر** [آبادگر] (پ) ئاۋات قىلغۇچى؛ ئاۋاتلىق تىلىگۈچى، ياخشىلىق كۈتكۈچى.

**ئابادى** [آبادى] (پ) 1) گۈللەنمەك، ئاۋاتلاشماق؛ 2) ئاھالە رايونى، مەھەللە.

**ئاباۋۇ ئەجداد** [آباواجداد] (ئە) ئاتا - بوۋا، ئەجداد.

**جەددۇ ئابا** — ئاتا - بوۋا؛

**يەتتە ئابا** — يەتتە ئاتا؛ كۆچمە م: يەتتە ئاسمان.

www.uyghurkitap.com



**ئاباﺋ** 【آباء】 (ئە)[ بىرلىكى: ئەب ] 1) ئاتىلار، ئاتا ـ بوۋىلار، ئەجداد؛ 2) ئابروي، قەدىر ـ قىممەت، ئىززەت، ھۆرمەت؛ غۇرۇر؛ 3) پارقىراق، يالتىراق.

**ئاب پاش** 【آب پاش】 (پ) 1) سۇ سەپكۈچى؛ 2) سۇ سەپكۈچ، ۋارۇنكا.

**ئابتابە** 【آبتابه】 (پ) 1) ئاپتۇۋا، چۆگۈن؛ 2) سۇ كوزىسى (كۆمزىكى)؛ 3) سەپەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قاپىقى.

**ئابخور** 【آب خور】 (پ) 1) سۇغۇرۇش ئورنى؛ 2) سۇ مەنبەسى، بۇلاق؛ قۇدۇق؛ 3) كۆچمە م: تەقدىر، قىسمەت؛ 4) ئامەت، تەلەي، نېسىۋە.

**ئابخورد** 【آبخورد】 (پ) 1) دەم ئىچىلىش ئورنى، ھاردۇق ئېلىش ئورنى؛ قونالغۇ؛ 2) تەقدىر؛ 3) ئامەت، تەلەي؛ 4) سۇ ئىچىلىدىغان جاي، سۇ ئېلىنىدىغان جاي.

**ئابخورىش** 【آبخورش】 (پ) سۇ ئىچىلىدىغان جاي، سۇ ئېلىنىدىغان جاي.

**ئابدار** 【آبدار】 (پ) 1) مول سۇ؛ 2) كۆچمە م: سۈزۈك؛ تىنىق؛ ساپ؛ يالتىراق.

«چەشمەئى خۇرشىد نۇر ئەمۋاجى بىرلە دەھرىنىڭ —
يۈپ يۈزىدىن قاراسىن كۆزگۈدەك ئەتتى ئابدار»
— تەجەللى.

3) توغرا، ئېنىق؛ 4) ئۆتكۈر.

**ئابدار نوكتە** — ئوچۇق، روشەن (توغرا، ئېنىق) ھېكمەتلىك سۆز ۋە پىكىر.

**خەنجەرى ئابدار** — ئۆتكۈر خەنجەر، پارقىراق خەنجەر:

«پۇتىغا كېيىپ مۇزەئى ھەككەدار،
بېلىگە ئاسىپ خەنجەرى ئابدار»
— موللا شاكىر «زەپەر نامە».

**لەئلى ئابدار** — 1) تىنىق، يالتىراق لەئل؛ ساپ لەئل؛ 2) كۆچمە م: يارنىڭ لېۋى.

**ئابدان** 【آبدان】 «**ئاۋادان**» غا قاراڭ.

**ئابدان كاغەز** — ياخشى قەغەز، سىلىق قەغەز.

**ئابدەست I** 【آبدست】 (پ) 1) ئەپچىل، چاققان؛ يېنىك؛ چېۋەر؛ قولى گۈل؛ 2) ئۆتكۈر.

**ئابدەست II** 【آبدست】 (پ) تون، تون چاپان.

**ئابدەست III** 【آبدست】 (پ) 1) پاكىزلىماق، تازىلىماق؛ قول يۇماق؛ 2) تەرەتكە ئىشلىتىلىدىغان سۇ؛ 3) تەرەت ئالىدىغان جاي.

**ئابدەست IV** 【آبدست】 (پ) 1) توغرا، تۈز، تۈپ ـ تۈز؛ ئادىل، دۇرۇس، ھەققانى؛ 2) ئوچۇق ـ ئاشكارا.

**ئابدەھان** 【آب دهان】 (پ) 1) شېرىن سۇ، شۆلگەي؛ 2) ئاغزى ئىتتىك ئادەم.

**ئابرومەند** 【آبرومند】 (پ) 1) هۆرمەتلىك، ئىززەتلىك، قەدىردان، ئابرويلۇق؛ غورۇرلۇق؛ 2) سالاپەت، مەرتىۋە؛ 3) يۈز، ئابروي، شۆھرەت؛ 4) گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەن.

**ئابرو(ي)** 【آبرو(ى)】 1) نام، ئابروي، ئاتاق، شۆھرەت؛ ھۆرمەت، نوپۇز، 2) قەدىر - قىممەت؛ غۇرۇر.

**ئابشار** 【آبشار】 (پ) شارقىراش؛ شارقىراتما.

«دىدەدىن دەريا تۆكۈلگەن نەقل ئۇمىد ئابشار،
غۇنچەئى كۆڭلۈمنى كەلكۈن ئەيلەدى پەسلى بەھار»
— «دىۋان قارى».

**ئابكار** 【آبكار】 (پ) 1) سۇچى، سۇ توشۇغۇچى؛ 2) مەي ياسىغۇچى، ساتقۇچى.

**ئابكەش** 【آبكش】 (پ) 1) دەرەختنىڭ ياش نوتىسى، چىۋىق؛ 2) دەرەختنىڭ سۇ تارتىدىغان تومۇرى؛ 3) سۇ توشۇغۇچى، سۇچى.

**ئابگەرم** 【آبگم】 (پ) 1) ئارشاڭ، ئارشاڭ سۈيى؛ 2) ئىسسىق سۇ؛ 3) كۆز يېشى؛ 4) شاراب، مەي، هاراق.

**ئابگۇن** 【آبكون】 (پ) 1) پارقىراق، ئۈنچىدەك، مەرۋايىتتەك، نۇر چېچىپ تۇرىدىغان؛ 2) كۆكۈش رەڭ؛ 3) شىشە، ئەينەك.

**پەردەئى ئابگۇن** — كۆچمە م: ئاسمان مەنزىرىسى؛
**چەرخى ئابگۇن** — كۆچمە م: ئاسمان، پەلەك.

**ئابگىر** 【آبگير】 (پ) 1) كۆل، كۆلچەك؛ 2) سۇ ئېلىنىدىغان جاي؛ 3) قايىنام، گىرداب؛ 4) (دەريا، ئۆستەڭلەرنىڭ) قىرغىقىدىكى رايون؛ 5) هاممام (مۇنچا) غا سۇ يەتكۈزۈپ بەرگۈچى.

**ئابگىن** 【آبگين】 (پ)(1) نەملىك، هۆللۈك؛ 2) شىشە، ئەينەك.

**ئابگىنە** 【آبگينه】 (پ) 1) شىشە، ئەينەك؛ 2) شىشە ئىدىش؛ ئەينەك قاچا (ئىستاكان)؛ 3) سۇ ئېلىنىدىغان جاي؛ 4) ساپال سىرى.

**ئاب نەبات** 【آب نبات】 (پ) ناۋات؛ قەن - گېزەك.

**ئاب نەمەك** 【آب نمك】 (پ) تۇز ئېرىتمىسى، تۇز سۈيى.

**ئابنۇس** 【آبنوس】 (پ) 1) قارا رەڭلىك قاتتىق خۇشپۇراقلىق دەرەخ.
**تەختى ئابنۇس** — ئابنۇس ياغىچىدىن ياسالغان تەخت؛ كۆچمە م: قارا، قارا تۈس.

**ئابۇتاب** 【آب وتاب】 (پ) 1) تاۋلىنىش؛ ياشناش؛ 2) يېتىلمەكلىك؛ 3) تىنىقلىق، ساپلىق، پارلاقلىق، لاۋۇلدىماقلىق.

**ئابۇخاك** 【آب وخاك】 (پ) 1) يەر، تۇپراق، زېمىن؛ 2) ۋەتەن.

**ئابۇدانە** 【آبودانه】 (پ) 1) تۇرمۇش، تىرىكچىلىك؛ 2) تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، تىرىكچىلىك يولى؛ 3) يېمەكلىك؛ يېمەك - ئىچمەك؛ 4) قىسمەت.

**ئابۇرەڭ** 【آب ورنك】 (پ) 1) نۇر، پارقىراق، يالتىراق؛ 2) جامال، هۆسىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئابۇشقه** 【آبوشقه】 1) ئاتا؛ 2) بوۋاي؛ 3) ئەر؛ 4) جۈپ؛ ئەر ياكى خوتۇن؛ خوتۇننىڭ ئېرى؛ 5) دوست.

«پەلەكتىن يېتىپ ئانچە بىتابلىق،
ئابۇشقه بىلە قىلدى ھەم خابلىق»
—ئا.نىزارى «لەيلى - ما جنۇن».

**ئابۇگىل** 【آب و گل】 (پ) 1) سۇ ۋە لاي، سۇ - تۇپراق (ئىنسان گەۋدىسىنىڭ يارىتىلىشىدىكى قېلىپقا ئىشارە)؛ 2) تۇغما تەبىئەت؛ 3) يەر بۆلىكى؛ 4) ئۆي.

**ئابۇ ھەۋا** 【آب و هوا】 (پ) 1) ھاۋا، كىلىمات، ئىقلىم؛ 2) سۇ ۋە تۇپراق.

«يۈزۈڭنى قىلۇر تازە كۆزۈم ياشىيۇ ئاھىم،
گۈل تازە بولۇر تاپسە بەلى ئابۇ ھەۋانى»
— سەككاكى.

**ئابۋاب** 【آب واب】 (پ) ئىشىك، دەرۋازا.

«ئابۋاب شادمەنلىك دايىم كۈشادە بولسۇن،
دۇنيادە باردۇرسەن دىللارنى شادمان قىل»
— «دىۋان قارى»

**ئابى جۇ** 【آب جو】 (پ) 1) ئارزۇ قىلىنغان سۇ، ئىزدەلگەن سۇ، 2) ئىچىملىك (مەي ۋە شارابقا ئوخشاش).

«قەددىڭىز سەرۋى رەۋانۇ لەئلىڭىز ئابى زىلال،
تەشنەلىك دەفئىغە ئابى جۇ ئىكەننى بىلمەدىم».
— گۇمنام.

**ئابىد** 【عابد】 (ئە) 1) تائەت - ئىبادەتنى كەم قىلمايدىغان، خۇداجۇي، تەقۋادار ئەر؛ ئىبادەت قىلغۇچى.

«تەمامى ئابىدۇ زاھىد جەمالىڭ ئارزۇ ئەيلەب،
ۋىسالىڭغە يېتەلمەي جۇملە ئالەم مەست شەيدادۇر»
—«دىۋان سادايى»

2) ئابىد (ئەرلەرنىڭ ئىسمى).

**ئابىدە I** 【عابده】 (ئە) 1) تائەت ئىبادەتنى كەم قىلمايدىغان، خۇداجۇي، تەقۋادار ئايال؛ 2) ئابىدە (خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسمى).

**ئابىدە II** 【عابده】 (ئە) 1) قەبرە ئۈستىگە ئورنىتىلغان يادىكارلىق؛ تارىخىي ماددىي يادىكارلىق؛ 2) مۇھىم بىر ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان بىنا ياكى تىكلەنگەن ھەيكەل؛ قىممەتلىك ئەسەر.

**ئابىد فىرىب** 【عابد فريب】 (ئە + پ) تەقۋادار ۋە نامازخان كىشىنى ئالدىغۇچى.

**ئابى دىنار** 【آب دينار】 (تىب): شىپالىق ئۈچۈن ئىچىلىدىغان شەربەتلەر نامى.

«ئېرور ئابى دىنار ياكىم بۇزۇر،
تاپۇر بىرغىنا ئىچسە چايىنەك ھۇزۇر»
—موللا شاكىر «زەپەرنامە»

**ئابىر** 【عابر】 (ئە) [كۆپلۈكى: **ئابىرەين**] ئۆتكۈچى، ئۆتۈپ كەتكۈچى، ئۆتكۈنچى، يولۇچى.

**ئابىر ئەيلەمەك** — ئۆتكۈزمەك؛ يۈرگۈزمەك.

**ئابى رو** 【آب رو】 (پ) ئابروي، نومۇس.

**ئابى رۇكناباد** 【آب روكناباد】 دەريا ئىسمى (ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدە «رۇكناباد» دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئۆتۈدىغان دەريا).

«ئابى رۇكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خۇلددىن ئەفزۇن تۈمەنىڭ لالە زارى كاشغەر»

— گۇمنام.

**ئابىلە** 【آبله】 (پ) 1) (تىب): چېچەك؛ 2) قاپارتما، سۇلۇق قاپارتما؛ 3) ئىشلەش ۋە كۆپ يول مېڭىش ئارقىلىق ئالقان ۋە تاپاندا پەيدا بولىدىغان قاپارتما؛ 4) داغ.

«يۈزى سارىغ ئولدى، قۇلى ئابىلە،
شىكەنجى زەمانغە بولۇپ شامىلە»

—ئا.نىزارى «مەسئۇد ۋە دىلئارا»

**ئابىي** I 【آبى】 (پ) بېھى.

**دەرەخت ئابىي** — بېھى دەرىخى؛

**شەربەتى ئابىي** — بېھى شەربىتى.

**ئابىي** II 【آبى】 (پ) 1) ھۆل، نەملەنگەن؛ 2) ھاۋا رەڭ؛ 3) كۆچمە م: خىجىل بولۇش؛ تەرگە چۆمۈش.

**ئابيار** 【آبيار】 (پ) سۇ نازارەتچىسى، مىراپ.

**ئاتابېك ~ ئاتەبېك** 【آتابيک】 1) ئاتىدار، تەربىيەچى؛ 2) ئاببىاسىيە دەۋرىدىكى تۈرك سەركەردىلىرىنىڭ دۆلەت باشلىقى دەرىجىسىدىكى ئەمەل نامى.

**ئاتار — تۇتار** 【آتار توتار】 1) ئوق ئاتماق، مەرگەنلىك؛ 2) چاققانلىق؛ تېزلىك؛ 3) ئۆتكۈرلۈك؛ كەسكىنلىك؛ 4) شىددەت؛ 5) زورلۇق؛ 6) قىزىقانلىق؛ غەزەپ؛ 7) توپ تۈرىدىكى بىر خىل قورال ئىسمى.

**ئاتاغ** 【آتاغ】 1) بىرەرسىگە بېغىشلانغان، ئۇنىشىپ قويۇلغان (قىز)؛ 2) ۋەدىلەشلىگەن نەرسە؛ 3) نەزىرىدىن ئۆتكەن؛ 4) ۋەدە، قارار؛ 5) ھەسسە؛ قىسمەت.

**ئاتاغلاماق** 【آتاغلاماق】 ۋەدە بەرمەك، شەرت قىلماق؛ نىشانلىماق.

**ئاتاغلىغ** 【آتاغليغ】 1) بېشى باغلاقلىق، ۋەدىلەشلىگەن (قىز)؛ 2) يېقىنلىق.

«مېھر زۇلفىغە كۆڭلى باغلىغ ئېدى،
گۇييا بۇ ئاڭا ئاتاغلىغ ئېدى»

—نەۋائى «خەمسە».

www.uyghurkitap.com



**ئاتالا** 【 تالا】 بىر خىل تاماق تۈرى.
«ياخشىدۇر شاھ قۇرس شەربەتىدىن،
فىقىر ئىچرە ئاتالا ۋە ئۇماچ.»
«مۇنىس».

**ئاتەش** 【آتش】 (پ) ئوت؛ ئالاۋ.
«ئانىڭدەك بولدى بۇلبۇل زار غەمكەش،
تۈشۈپ گۈل ھۇسنىدىن جانىغە ئاتەش»
— خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە».

**ئاتەش ئالود** 【آتش آلود】 (پ) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن.

**ئاتەش ئەفرۇز** 【آتش افروز】 (پ) 1) يالقۇنلاتماق، ياندۇرماق، تۇتاشتۇرماق؛ 2) ئوت ياققۇچى؛ ئوت بىلەن ئويناشقۇچى.

**ئاتەش ئەفزۇن** 【آتش افزون】 (پ) 1) زىيادە ئوت؛ كۈچلۈك ئوت؛ 2) ياندۇرۇلغان مەشئەل.

**ئاتەش ئەنداز** 【آتش انداز】 (پ) 1) ئوت ياققۇچى؛ ئوت قالىغۇچى؛ 2) ئوت چاچقۇچى.

**ئاتەش ئەنگىز** 【آتش انكيز】 (پ) ئوت كۆچەيتكۈچى؛ يالقۇنلۇق.
«لەبىم نۇقلى شەكەرتەك ئاتەش ئەنگىز،
سالۇر يۈز مىڭ كۆڭۈلدە ئاتەشى تىز.»
— لۇتفى «گۈل ۋە نەۋرۇز».

**ئاتەشبار** 【آتشبار】 (پ)ئوت چاچقۇچى، ئوت ياغدۇرغۇچى، يالقۇنلاتقۇچى.

**ئاتەشپارە** 【آتش پاره】 (پ) ئوت پارچىسى؛ كۆچمە م: مەڭزى قىزىل يار، ئوتتەك قىزغىن دىلبەر:
«تۇرغالى بىرلە بىر ئاتەشپارەدۇر ئول شوخكىم،
يوقۇ بارىمنى ئانىڭ باشتىن ئاياقى كۆيدۇرۇر.»
نەۋائى «فەۋائىدۇلكىبەر».

**ئاتەشپەرەست** 【آتش پرەست】 (پ) ئوتقا چوقۇنغۇچى.
«ئەي نەۋائى، بولدى ئول بۇت كافىرى ئاتەشپەرەست،
نى ئەجەب، ۋەھ ـ ۋەھ گەر ئۇرسا جانىڭە ۋۇنندار نار.»
— نەۋائى «بەدايىئۇل ۋەسەت».

**ئاتەشتاب** 【آتشتاب】 (پ) 1) ئوت نۇرى، ئوت ئىسسىقى، ئوت ھارارىتى؛ ئوت كۈچى؛ 2) ئوت ياققۇچى؛ 3) ئوت ئوچىقى.

**ئاتەشخانە** 【آتشخانه】 (پ) 1) مەش، ئوت ئوچىقى؛ 2) ئوت قالايدىغان ئۆي (جاي)، ئوتخانا؛ 3) ئاتەشپەرەستلەر بۇتخانىسى.

**ئاتەشدان** 【آتشدان】 (پ) ئوتخانا، كۆرە.

**ئاتەشدانلىغ** 【آتشدانليغ】 كۆيدۈرۈش، ياندۇرۇش.

**ئاتەشرىز** 【آتش ريز】 (پ) ئوت سالغۇچى، كۆيدۈرگۈچى، ياندۇرغۇچى.

**ئاتەش رىزە** 【آتش ريزه】 (پ) ئوت پارچىسى، چوغ، تۇچقۇن.

**ئاتەش زەبان** 【آتش زبان】 (پ) قىزغىن سۆزلىگۈچى؛ سۆزى ئوتلۇق؛ تىلى راۋان.

**ئاتەش زەدە** 【آتش زده】 (پ) ئوت كەتكەن، ئوت چۈشكەن؛ ئۆرتەنگەن.

**ئاتەش سۇخەن** 【آتش سخن】 (پ) تۆھمەت قىلغۇچى، بوھتان چاپلىغۇچى، قارىلىغۇچى؛ ئەيىپلىگۈچى، كايىغۇچى؛ مەسخىرە قىلغۇچى، مازاق قىلغۇچى.

**ئاتەش فىشان** 【آتش فشان】 (پ) 1) ئوت چاچماق؛ ئوت چاچقۇچى؛ 2) يانار تاغ، ۋولقان.

**ئاتەش فىشانلىغ** 【آتش فشانليغ】 ئوت چاچماقلىق، ئوت چاچراتماقلىق.

**ئاتەش فىگەن** 【آتش فكن】 (پ) ئوت سالغۇچى، قاخشاتقۇچى.

«يانە سەنسىز ئاھ ئوتى شوئلە زەندۇر،
كى گەردۇنغە ھەر ئۇچقۇن ئاتەش فىگەندۇر.»
— نەۋائى «فەۋائىدۇلكىبەر».

**ئاتەشكارلىغ** 【آتشكارليغ】 1) ئوت ئىشلىتىش؛ ئوتتا قىزىتىش؛ ئوت يېقىش؛ 2) تۆمۈرچىلىك.

**ئاتەشكەدە** 【آتشكده】 (پ) ئوتپەرەستلەر ئىبادەتخانىسى؛ ئوتخانا.

«ئىشق بىر ئوتدۇركى كۆڭلۈمدۇر ئاڭا ئاتەشكەدە،
ئول ۋىساقىن كۆيدۈرۈر، بىزنى ۋىساقى كۆيدۈرۈر.»
— نەۋائى «فەۋائىدۇلكىبەر».

**ئاتەشگاھ** 【آتشكاه】 (پ) 1) ئوتخانا، ئۇچاق؛ 2) ئوتقا چوقۇنغۇچىلار (ئاتەشپەرەستلەر) ئىبادەتخانىسى.

**ئاتەشگەھ** 【آتشكه】 (پ) «**ئاتەشگاھ**» قا قاراڭ.

**ئاتەشگۈن** 【آتشكون】 (پ) ئوت رەڭ، چوغقا ئوخشاش، ئوتتەك.

**ئاتەشناك** 【آش ناك】 (پ) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق، قىزغىن؛ كۆچمە م: 1) يارنىڭ لېۋى؛ 2) قىزىل مەي.

«مېھر ئەمەس، مەشئەل يارۇتقان قەلئەنى ئەفلاكدىن،
كىم فەلەككە سالدى ئوت رۇخسارى ئاتەشناكدىن.»
— نەۋائى «نەۋادىرۇششەباب».

**ئاتەشناك ئىشق** – قىزغىن مۇھەببەت؛

**لەئلى ئاتەشناك** – قىپ-قىزىل چوغدەك لەئلى.

**ئاتەشۋار** 【آتش وار】 (پ) ئوتقا ئوخشاش، ئوتتەك، ئاتەشتەك.

**ئاتەشىن** 【آتشين】 (پ) 1) ئوتلۇق، يالقۇنلۇق؛ 2) ئوتتەك قىزىل؛ چوغ، چوغدەك.

«ئۆزۈمنى ئاتەشىن ھۇسنىگە ئۇرسام،
ئوشۇل ئوت بىرلە كۈل بولسام، توزۇلسام.»
— خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە».

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى

ئاتەشىن ئارەز ــ قىزىل يۈز، مەڭزى قىزىل؛
ئاتەشىن ئاھى ــ ئوتلۇق ئاھ:
«لەئلى گۈن ياشى ئاتەشىن ئاھى،
يالغۇز ئېردى، يوق ئېردى ھەمراھى»
ــ «تۆت ئىمام تەزكىرىسى».
ئاتەشىن لەئل ــ قىپقىزىل لەئلى؛
ئاتەشىن ئۇزار ــ «ئاتەشىن ئارەز» گە قاراڭ؛
ئاتەشىن ۋەرد ــ قىپقىزىل گۈل، ئوت رەڭلىك گۈل؛
ئاھى ئاتەشىن ــ «ئاتەشىن ئاھى» غا قاراڭ؛
لەئلى ئاتەشىن ــ «ئاتەشىن لەئل» گە قاراڭ؛
لەئلى ئاتەشىن ئەتمەك ــ قىزدىتماق، قىزارتماق.

**ئاتقاماق** 【آتقاماق】 قىرائەت قىلماق، يادلاپ ئوقۇماق.

**ئاتىشلىغ** 【آتيشليغ】 ئوق ئېتىشقا ماھىر، مەرگەن.

**ئاتىفەت** 【عاطفت】 (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋاتىف] مېھرىبانلىق، شەپقەت، مۇرۇۋۋەت.

**ئاتىقماق** 【آتيقماق】 نامى چىقماق، مەشھۇر بولماق، شۆھرەت قازانماق، داڭ چىقارماق.

**ئاتىل** 【عاطل】 (ئە) 1) ھورۇن، بوشاڭ؛ 2) توختاپ قالغان، بوش، ئىشسىز؛ 3) ئۆزىنى چەتكە تارتقان.

**ئاتىم** 【آتيم】 مەنزىل، بىر ئوق يەتكىچە ئارىلىق.
«قورغاندىن دەريا بىر ئوق ئاتىمى بولغاي»
ــ بابۇر.

**ئاج** 【عاج】 (ئە) 1) پىل چىشى؛ پىل سۆڭىكى.
«ئەي فۇزۇلى، بەن مەلامەت مۈلكىنىڭ سۇلتانى يىم،
بەرقى ئاھىم تاجى زەرسىمى سەرەشكىن تەختى ئاج»
ــ فۇزۇلى.

2) كۆچمە م: ئاق، روشەن، يورۇق.

**ئاجۇر** 【آجور】 تەرخەمەك.

**ئاجوز** 【آجوز】 ئەرزان.

**ئاجۇر** 【آجور】 (پ) «ئاجىر» غا قاراڭ.

**ئاجۇرپەز** 【آجرپز】 (پ) خىش پۇشۇرغۇچى.

**ئاجۇن** 【آجون】 دۇنيا، جاھان، ئالەم، دەھر.
«سەندەك ئاجۇندا بىر كۆزى ئەين بەلا قانى،
مەندەك ئانىڭ جەفاسى بىلە مۇبتەلا قانى؟»
ــ لۇتفى.

**ئاجۇنلۇغ** 【آجونلوغ】 دۇنياۋى، دۇنيالىق؛ دۇنيا بىلەن باغلىق.

**ئاجىI** 【آجى】 موماي، چوڭ ئانا.

**ئاجى II** 【آجى】 بىئارامىلىق، ئاغرىقلىق؛ كۆچمە م: خوشياقماسلىق.

**ئاجىر~ ئاجۇر** 【آجر】 (پ) خىش.

**ئاجۇر پارە** — «**ئاجىر پارە**» گە قاراڭ؛

**ئاجىرپارە** — خىش پارچىسى.

**ئاجىرغانماق** 【آجيرغانماق】 رەھىم - شەپقەت قىلماق، ھىمايىسىگە ئالماق.

**ئاجىز** 【عاجز】 (ئە) 1) ماغدۇرسىز، زەئىپ؛ 2) كۈچسىز، بوش 3) كۆچمە م: ئىلاجسىز، ناتەۋار؛

4) كەمبەغەل، پېقىر؛ 5) قارغۇ.

«تەلەپ قىلسە ئاجىز بالاسىن ئاتام،
ئاقىزسە ياشىنى شىكەستە ئانام»
— ئانىزارى «رابىئە - سەئدىن».

«ئول دۇكان شەرھىن قىلاي ئەمدى رەقەم،
گەرچە ئەۋسافىدا ئاجىزدۇر قەلەم»
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئاجىزانە** 【عاجزانە】 (ئە + پ) 1) ئاجىزلارچە، ناتەۋانلارچە؛ 2) ئىستائەتمەنلەرچە، تۆۋەنلىك بىلەن.

**ئاجىزە** 【عاجزه】 (ئە) 1) ئاجىز ئايال؛ 2) قىز بالا، قىز.

**ئاجىز ناتەۋان** 【عاجز ناتوان】 (ئە + پ) ئاجىز ۋە زەئىپ، ناھايىتى ئاجىز.

**ئاجىغ** 【آجيغ】 «ئاچىغ» قا قاراڭ.

**ئاجىغلانماق** 【آجيغلانماق】 ئاچچىقلانماق؛ ئازاپلانماق؛ ھاياجانلانماق.

**ئاجىغلىغ** 【آجيغليغ】 ئاچچىقلىق؛ غەزەپلىك؛ كۆچمە م: غەملىك، قايغۇ - ئەلەملىك.

**ئاجىغماق** 【آجيغماق】 ئاغرىنماق، رەنجىمەك، قايغۇلانماق.

**ئاچار** 【آچار】 1) مېۋە - چېۋە؛ 2) كۆكتات. 3) مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەر.

**ئاچالىق** 【آچاليق】 سۈپۈن؛ كىر تازىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر.

**ئاچۇق** 【آچوق】 1) ئاشكارا، ئوچۇق، ئېنىق، ئېچىلغان؛ 2) كەشىپ قىلىنغان؛

3) بوشىتىلغان؛ 4) ھاياسىز، ئەدەپسىز.

**ئاچۇن** 【آچون】 «ئاجۇن» غا قاراڭ.

**ئاچىتماق** 【آچيتماق】 جاننى قىينىماق، ئاغرىتماق.

**ئاچىغ** 【آچيغ】 ئاچچىق، غەزەپ، دەرت، ئەلەم؛ غەم - غۇسسە؛ (كۆڭلى) غەش، خىرە.

«تىلىم ئاچىغ، دىلىم قاتىغ ئۆزۈم زالىم،
قۇرئان ئوقۇپ ئەمەل قىلماي يالغان ئالىم»
— ئەھمەد يەسەۋىي «دىۋان ھېكمەت».

www.uyghurkitap.com

**ئاچىغ باش** [آچيغ باش] 1) بەڭۋاش، چېچىلاڭغۇ، باش ـ باشتاق؛ 2) يالاڭ باش.

**ئاچىغلىق** [آچيغليق] ئاچچىقلىق، غەزەپلىك؛ دەرتلىك؛ ئەلەملىك، غەملىك، غەشلىك خىرەلىك، قايغۇلۇق.

«ھەم دەردىدە بار ئىدى قاتىغلىق،
ھەم ئەيشىدە بار ئىدى ئاچىغلىق»
— نەۋائى «لەيلى ۋە مەجنۇن».

**ئاچىقگۇي** [آچيق گوى] توغرا سۆزلۈك، ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىگۈچى.

**ئاچىقماق** [آچيقماق] ئاچ قالماق، ئېچىرقىماق.

**ئاختا** [آختا] پىچىۋېتىلگەن، جىنسى بەزلىرى ئېلىپ تاشلانغان.
**ئاختا ئات** — پىچىۋېتىلگەن (ئاختا قىلىنغان) ئات؛
**ئاختا قۇل** — جىنسى بەزلىرى ئېلىپ تاشلانغان قۇل، خادىم.

**ئاختاچى** [آختاچى] 1) ئات باقار؛ مىراخور (خانلىقلاردا ساراي ئاتخانىلىرىغا باشچىلىق قىلغۇچى مەنسەپدار).

**ئاخسۇم** [آخسوم] 1) مەست، بەدمەست؛ 2) پۇشايمان؛ 3) يۇتۇم؛ 4) ھەملە؛ 5) ئاداۋەت، گىنە؛ غۇم.

**ئاخسۇملاماق** [آخسوملاماق] 1) بەدمەسلىك قىلماق؛ 2) يۇتۇم ـ يۇتۇم ئىچمەك؛ 3) ئاداۋەت ساقلىماق؛ 4) ھۇجۇم قىلماق.

**ئاخور** [آخور] 1) ئوقۇر، 2) ئاتخانا؛ چوڭ ئاتخانا.

**ئاخۇند** [آخوند] (پ) ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشى؛ موللا، ئوقۇتقۇچى.

**ئاخىر** [آخر] (ئە) 1) سوڭ؛ 2) تۈگىگەن، پۈتكەن؛
**ئاخىرى ئولاماق** — تۈگىمەك، پۈتمەك، ئاخىرىغا يەتمەك؛
**ئەۋۋەل ۋە ئاخىر** — باشلىنىشى ۋە ئاخىرى؛ ھەرۋاقىت؛
**ئەۋۋەلىنى ئاخىرىنى** — «**ئاخىرىن**» غا قاراڭ.

**ئاخىرەت** [آخرت] (ئە) 1) ئۇ دۇنيا، باقى دۇنيا (ئۆلگەندىن كېيىنكى ئالەم)؛ 2) قىيامەت؛ 3) دىنى: كىشى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا باشلىنىدىغان ھايات.

**ئاخىرەتلىك** [خرتليك] 1) ئۇ دۇنيالىق، باقى دۇنيالىق؛ 2) قىيامەتلىك؛ 3) كۆچمە م: كېپەنلىك؛ 4) دىنى: كىشى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا باشلىنىدىغان ھاياتلىق.

**ئاخىر زەمان** [آخرزمان] (ئە) دىنى: دۇنيانىڭ، ھايات ۋە بارلىقنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى، قىيامەتكە يېقىن قالغان زامان.

«بوسۇغەدىن كۆڭگۈرە قوپتى رەۋان،
دېدى: مەنەم فىتنەئى ئاخىرزەمان»
— ئەھمەدى «سازلار مۇنازىرىسى».

**ئاخىرگەھ** [آخركه] (ئە + پ) ئەڭ كېيىنكى ۋاقىت.

**ئاخىرۇلئەمر** [آخرالامر] (ئە) [كۆپلۈكى: **ئەۋ ئاخىر**] ئەڭ ئاخىرى، ئەڭ ئاخىرىدا؛ ئىشنىڭ كەينىدە.

**ئاخىرىن** 【آخرين】 (ئە + پ) كېيىنكىلەر.
**ئەۋۋەلىنى ئاخىرىن** — بۇرۇنقىلار ۋە كېيىنكىلەر.

**ئاداب** 【آداب】 (ئە) [بىرلىكى: ئەدەب] ئىنسانى قائىدىلەر، خۇشخۇلۇق، خۇش مۇئامىلىلەر، يۈرۈش - تۇرۇشتىكى ياخشىلىقلار.
«ئۆتتۈپ ئۆمرۈڭ ئەدا بولدى كۆزۈڭ غەفلەت ئىلە دەرخاب،
تاپىپ بىر پىرى كامىلنى نىچۈن ئۆرگەنمەدىڭ ئاداب».
— «دىۋان سەدائىي».

**ئادات** 【عادات】 (ئە) [بىرلىكى: ئادەت] ئادەتلەر؛ كۆنۈكۈپ، سىڭىشىپ قالغان ئىش - ھەرىكەتلەر، ئەنئەنىلەر.
**خەۋارىقى ئادات** — ئادەتتىن تاشقىرى بولىدىغان، ئادەتتە كىرمەيدىغان ئىشلار.

**ئاداش** 【آداش】 1) ئاخىر، ئاياق، تامام؛ 2) ئوخشاش ئىسىملىكلەر؛ تەڭ - تۇشلەر.

**ئاداق** 【آداق】 ئاياق، ئاخىر؛ نىھايەت.
«فۇرقەتىڭدە تۆكتى، شاھىم، كۆزلەرىم دۇررى يەتىم،
ئول ئاداقىڭغا تۇشۇپ، ھالىنى ئېيىتسا تۇت قۇلاق»
— لۇتفى.

**ئادەم** 【آدم】 (پ) كىشى، ئىنسان؛ پىكىر قىلىش، سۆزلەش ۋە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق زات.

**ئادەم ئاتا** 【آدم آتا】 دىنى: يەر يۈزىدە تۇنجى يارىتىلغان كىشى (پەيغەمبەر)، ھاۋا- ئانىنىڭ جۈپتى.

**ئادەم ئەلەيھىسسەلام** 【آدم عليه السلام】 (ئە) «ئادەم ئاتا» غا قاراڭ.

**ئادەم سەفى** 【آدم صفى】 (ئە) ئادەم ئەلەيھىسسەلام.

**ئادەم كۈش** 【آدم كش】 (ئە + پ) 1) ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل؛ جاللات؛ 2) كۆچمە م: رەھىمسىز، شەپقەتسىز.

**ئادەمىي** 【آدمى】 1) ئادەمزات، ئادەم بالىسى؛ 2) ئادەملىك، كىشىلىك، ئىنسانىي.

**ئادەمىيانە** 【آدميانه】 ئادەملەرچە، ئىنسانلارچە.

**ئادەمىيەت** 【آدميت】 (ئە) ئىنسانىيەت؛ ئادەملىك.

**ئادەمىيۋەش** 【آدمى وش】 ئادەمگە ئوخشاش، ئادەمسۈپەت.

**ئادى** 【عادى】 1) رىۋايەتلەردىكى بىر قەۋم بولۇپ، ئۇلار ئېگىز بويلۇق، ناھايىتى چوڭ ئادەملەر، دەپ تەرىپلىنىدۇ؛ 2) ئىسمى، ئېتى.
«بويۇڭنى سەرۋ ئوقۇماق ئەلگە ئادەت ئولدى ۋەلې،
ئەرەم نىھالى نې نىسبەت بۇ دىۋچە ئادى بىلەن»
— ئەتائى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


**ئادىل** 【عادل】 (ئە) ئادالەتلىك، ئىنساپلىق؛ ھەققانىي؛
ئادىل نىھاد — تۈپتىن ئادالەتلىك.

**ئادىم** 【آدیم】 قەدەم.
ئادىم ئاتماق — 1) قەدەم تاشلىماق؛ 2) كۆچمە م: ئىلگىرى سىلجىماق، ئالغا باسماق؛
ئادىم ئالماق — قەدەم ئالماق؛
ئادىم قويماق — 1) قەدەم باسماق، يۈرمەك؛ 2) بىرەر جايغا يېتىپ بارماق، ئېرىشمەك.

**ئادىنە** 【آدينه】 (پ) جۈمە (كۈنى).

**ئار** 【عار】 (ئە) 1) ئۇيات، نومۇس؛ خىجالەتچىلىك، ئۇيۇلۇش تۇيغۇسى؛ 2) ئابرۇي، پەخىر.

**ئارا I** 【آرا】 (پ) بېزىگەن، زىننەتلىگەن؛ قىزىتقان، خۇشاللاندۇرغان؛ كۆپىنچە سۆز بىرىكمىسىدە كېلىپ تۈۋەندىكىچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:
ئارا ئەيلىمەك — بېزىمەك، زىننەتلىمەك؛
ئالەم ئارا — دۇنيا زىننىتى؛
جىلۋە ئارا — چىرايلىق جىلۋە قىلغۇچى؛
خۇد ئارالىغ — مەغرۇرلۇق؛ شۆھرەتپەرەستلىك؛
دىلئارا — كۆڭۈلنى خۇشاللاندۇرغۇچى سۆيۈملۈك؛
مەجلىسئارا — مەجلىسنى بېزىگۈچى، مەجلىسنى قىزىتقۇچى.

**ئارا II** 【آرا】 ئارا، ئوتتۇرىلىق؛
ئاراغا كىرمەك — ۋاستە بولماق؛
ئارالاردا — ئوتتۇرلاردا؛
شول ئارادا — شۇ ئوتتۇردا، شۇ مۆھلەت ئىچىدە.

**ئاراست** 【آراست】 (پ) «ئاراستە» گە قاراڭ.

**ئاراستە** 【آراسته】 (پ) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن، تەرتىپلىك، ياسىتىغلىق.
«ھەمە تاملارى نەقشى ئاراستە،
كى سەڭگى رىخام بىرلە پىراستە.»
— ئا. نىزارى «مەسئۇد ۋە دىلئارا».

**ئاراستەلىق** 【آراستەلیق】 ئاۋات ۋە تەرتىپلىك، سەرەمجانلىق؛ بېزەنگەنلىك.

**【آرام】** (پ) 1) تىنچ، سۈكۈنات، قارار؛ 2) راھەت، ئىستىراھەت، ھۇزۇر؛ 3) ئولتۇرۇپ قىلىش، بىر جايدا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىش؛
ئارام ئالماق — تىنماق، بىر جايدا تىنىپ قالماق، ئىستىراھەت قىلماق.

**ئارامبەخش** 【آرامبخش】 (پ) ئارام بەرگۈچى؛ راھەت، ھۇزۇر، ئاسايىشلىق بېغىشلىغۇچى.

**ئارامجوي** 【آرام جوی】 (پ) تىنچلىق ئىزدىگۈچى؛ تىنچ جاي قىدىرغۇچى؛ ئۆز تىنچلىقىنى خاھلىغۇچى.

**ئارامگاھ** 【آرامگاه】 (پ) تىنچلىنىدىغان، راھەتلىنىدىغان جاي؛ ياتاقخانا.

**ئارامگىر** 【آرامگیر】 (پ) 1) تىنچلانغۇچى، ئارام ئالغۇچى؛ 2) جايلاشقان، ئورناشقان.

**ئارامى جان** 【آرامی جان】 (پ) جانغا، تەنگە ئارام بېرىدىغان، راھەت، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان.

**ئارامىش** 【آرامش】 (پ) تىنچلىق، تىنچىش.

**ئارامياب** 【آرام یاب】 (پ) ئارام ئالغۇچى، ئارام ئالغان، تىنچلانغان.

**ئاراي** 【آرای】 (پ) «ئارا I» گە قاراڭ.

**ئارايىش** 【آرایش】 (پ) بېزەك، زىننەت، پەرداز.

«سۇرەتىم گۈلشەنگە ئارايىش دۇرۇر،
ھەيئەتىم كۆرگەنگە ئاسايىش دۇرۇر».
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئارايىش تاپماق** — 1) زىننەتلەنمەك، بېزەلمەك؛ 2) تەرتىپلەنمەك، تەھرىرلەنمەك؛

**ئارايىش جەھان** — جاھان زىننىتى؛
**ئارايىش زاھىرى** — تاشقى بېزەك؛ زىننەت؛
**ئارايىش قىلماق** — تەرتىپلىمەك، بېزىمەك، پەردازلىماق، زىننەتلىمەك؛
**ئارايىش كۆرگۈزمەك** — «ئارايىش قىلماق» قا قاراڭ؛
**ئارايىشى مەششاتە** — بېزەكلەش - زىننەتلەش تارغىقى.

**ئارە** 【آرا】 «ئارا II» گە قاراڭ.

**ئارەز I** 【عارض】 (ئە) يۈز، بەت، چېھرە؛ چىراي، جامال؛
**ئاتەشىن ئارەز** — ئوتلۇق چىراي، قىپقىزىل چېھرە، گۈزەل يۈز:
«يا رەب، ئول ئارەزمىدۇر يا لالە ئەرئەر ئۈستىنە،
يا شەقايىق بەرگىدۇر سەرۋى سەنەۋۋەر ئۈستىنە».
— ئەتائى.

**قۇمۇلغان ئارەز** — نۇرلۇق يۈز:
«قۇمۇلغان ئارەزى جانلارغە لايىق،
ئاياقدىن باش بويى خانلارغە لايىق»
— لۇتفى «گۈل ۋە نەۋرۇز».

**ئارەز II** 【عارض】 (ئە) يۈز بېرىش، پەيدا بولۇش؛ 2) ۋەقە، ھادىسە؛ 3) توسالغۇ.

**ئارەز III** 【عارض】 (ئە) شىكايەت قىلغۇچى، دەرت تۆككۈچى؛ دەۋاگەر، ئەرز قىلغۇچى؛ ئەيىپلىگۈچى.

**ئارەستەگى** 【آراستگی】 (پ) بېرەنمەكلىك، سەرەمجانلاشماقلىق.

**ئارەمىدە** 【آرمیده】 (پ) تىنچ، ئارام ئالغان؛
**ئارەمىدە بولماق** — تىنچلانماق، ئارام ئالماق.

**ئارەنج** 【آرنج】 جەينەك.

**ئارتانماق** 【آرتانماق】 «**ئارتىنماق**» قا قاراڭ.

**ئارتۇقسى** 【آرتوقسى】 ئارتۇقچە؛ كۆپ، زىيادە.

«يۈز ئۆزرە خال سىياھىڭ كى خۇش ياراشىپتۇر،
كى داغىدىن تاپار ئارتۇقسى زىبۇ فەرلالە.»
— «لۇغەتى چاغاتاي».

**ئارتۇقسىلىغ** 【آرتوق سى ليغ】 ئارتۇقچىلىق، ئۈستۈنلۈك، كۆپلۈك.

**ئارتىلماق** 【آرتيلماق】 مىنمەك.

**ئارتىنماق** 【آرتينماق】 ئاشماق، ئېشىپ ئۆتمەك، تىرىشماق، تىرمىشىپ چىقماق، ئارتىلماق،

**ئارد** 【آرد】 ئارقا، ئارت، كېيىن.

**ئاردىچە** 【آرديچه】 كەينىچە، ئارقىچە؛ ئارقىسىدىن؛

**ئاردىچە** بارماق — ئارقىسىدىن بارماق.

**ئارزۇ** 【آرزو】 (پ) 1) ئىستەك، خاھىش؛ 2) ھەۋەس، مەيل؛

**ئارزۇ ئەتمەك** — 1) ئىستىمەك، خاھلىماق؛ 2) ھەۋەس قىلماق؛

**ئارزۇ قىلماق** — «**ئارزۇ ئەتمەك**» كە قاراڭ.

**ئارزۇ خاھ** 【آرزو خواه】 (پ) ئارزۇ قىلغۇچى، خاھلىغۇچى، ئۈمىدۋار.

**ئارزۇ دارىي** 【آرزو دارى】(پ) ناخشا، كۈي نامى.

**ئارزۇ مەند** 【آرزومند】 (پ) ئارزۇ قىلغۇچى، خاھلىغۇچى؛ ئىنتىزار.

«دىدى: ۋەسلىغە بارسەن ئارزۇمەند؟
دىدى: بارمەن خەيالى بىرلە خۇرسەند».
— نەۋائى «فەرھاد ۋە شىرىن».

**ئارسىز** 【آرسيز】 نومۇسسىز، ئۇياتسىز، نومۇس قىلمايدىغان، نومۇسسىزلىق.

**ئارغاداماق** 【آرغاداماق】 1) ئالدىماق، ئاۋۇتماق، تەسەللى بەرمەك؛ 2) ھىيلە قىلماق.

**ئارقەخەتى** 【آرقه خطى】 كىشىنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى.

**ئارمان** 【آرمان】 1) ئارزۇ، غايە؛ 2) ھەسرەت، ئەپسۇس، ئېچىنىش.

**ئارۇق** 【آروق】 1) پاكىزە، تازا؛ 2) ئورۇق، ياداڭغۇ؛ 3) كام.

**ئارىتماق** 【آريتماق】 كەتكۈزمەك، پاكلىماق، تازىلىماق.

**ئارىز** 【عارض】 (ئە) تەبىئى بولمىغان، كېيىن پەيدا بولغان، يۈز بەرگەن، ھاسىل بولغان؛

**ئارىز بولماق** — پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك؛

**ئارىز ئولماق** — «**ئارىز بولماق**» قا قاراڭ.

**ئارىزە** 【عارضه】 (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋارىز] ھادىسە؛ بەختسىز ھادىسە، ئاجىزلىق، كېسەللىك؛

**ئارىزەدەست بەرمەك** — ھادىسە يۈز بەرمەك.

**ئارىغ I** 【آريغ】 «ئەرىغ» كە قاراڭ.

**ئارىغ I** 【آريغ】 ئۇرۇق، ئازغىن.

**ئارىغسىزلىق** 【آريغسزلق】 ناپاكلىق

**ئارىف** 【عارف】 (ئە) بىلگۈچى، تونۇغۇچى، مەرىپەتلىك، دانا؛ بىلىمدان.

«مەقامى ئارىف ھەم ئاشىق ئېدى پاك،
بىمىسلى ئېردىلەر مانەندى مەنسۇر.»
— «دىۋان سەدائى».

**ئارىفى كامىل** — تولۇق، مۇكەممەل بىلگۈچى (مەرىپەتلىك)، يېتۈك.

**ئارىلماق** 【آريلماق】 ئارىماق؛ خالاس بولماق، تازىلانماق.

**ئارىماق** 【آريماق】 «ئارىلماق» قا قاراڭ.

**ئارى I** 【آرى】 (پ) ھە، شۇنداق؛ توغرا، راست، شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە، ھەقىقەتەن.

«يۈزۈڭنى تۇتتۇم ئارتۇق ئايۇ كۈندىن،
«‹كىشىنىڭ كۆزىدۇر ئارى تارازۇ›»
— لۇتفى.

**ئارى I** 【عارى】 (ئە) 1) يالىڭاچ؛ 2) بوش، خالى؛ تىنىق، تازا؛

**ئارى ئەتمەك** — خالاس قىلماق؛

**ئارى قىلماق** — تازىلىماق؛

**ئارى ئولماق** — خالى بولماق، بوشانماق.

**ئارى — ئارى** 【آرى آرى】 (پ) ھە — ھە، راست — راست، ئەلۋەتتە؛ بەللى؛ شۇنداق، ھەقىقەتەن.

**ئارىيەت** 【عاريت】 (ئە) 1) ئار — نومۇس؛ ئىززەت — نەفس؛ 2) ئۇيات، شەرم؛ 3) ئەسلى ئۆزىنىڭ بولمىغان بىرەر نەرسىنى ۋاقىتلىق سوراپ ئېلىش؛

**ئارىيەت دەۋلەت** — قولدىن قولغا ئۆتۈدىغان ۋاقىتلىق بايلىق؛

**ئارىيەت ئىستەمەك** — ئارىيەت ئېلىشنى خالىماق.

**ئاز I** 【آز】 كۆپ ئەمەس، كەم.

**ئاز I** 【آز】 1) ئاچكۆزلۈك، ھېرىسلىك؛ 2) بېرىلگەنلىك.

«تاراغۇ قىلىپدۇر كۆزۈك ھېرس ئاز،
نە ئىمان سەندە، نە زەۋقى نەماز.»
— دىۋان زەلىلى.

**ئاز II** 【آز】 ئازماق (ئاداشماق، ئورۇقلىماق) پېئىلىنىڭ يىلتىزى.

**ئازاد** 【آزاد】 (پ) 1) ئەركىن، ھۆر؛ 2) ئۆز ئەركىگە، مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن، بوش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



**ئازادە** 【آزاده】 (پ) 1) ئازاد، ئەركىن؛ 2) تۇغرا، ئەيىپسىز؛ 3) غەمسىز، تەشۋىشسىز؛ شاد؛
ئازادە سەرۋ — تىك ئۆسكەن سەرۋ؛ كۆچمە م: قەددى - قامىتى كېلىشكەن يار؛

**ئازادەئى دەۋران** — دەۋرنىڭ ئەركىنى:
«تابۇدەمدە دەھر ئارا ئازادەئى دەۋران ئىدىم،
تۇشتى باشىمغە سېنىڭ نادانلىقىڭدىن ماجەرا.»
— قەلەندەر.

**ئازادەكەش** 【آزاده‌كيش】 (پ) نازۇك تەبىئەتلىك.
**ئازادەگان** 【آزادگان】 (پ) «ئازادە» گە قاراڭ.
**ئازادەلىغ** 【آزاده‌ليغ】 1) ئەركىنلىك، ئازادلىق، خالاسلىق؛ 2) پاكىزلىق، تازىلىق.
**ئازادەۋەش** 【آزاده‌وش】 (پ) ئازادە سۈپەت، ئەركىن؛ كۆڭلى ھېچنەرسىگە مايىل بولمىغان؛ ساپ كۆڭۈل؛ پاكىزە.
**ئازادى** 【آزادى】 (پ) ئەركىن، ھۆر، ئازاد.
«ئەي گۈل يۈزىگە ھۆرۈپەرى بەندەئى جانى،
تالتەك بويۇڭ ئازادى ئېرۇر سەرۋى رەۋانى.»
— سەبۇرى.
**ئازارى** 【آزارى】 (پ) قىينالغان، خارلانغان، ئازاپ چەككەن، ئېزىلگەن.
**ئازارىجان** 【آزارى جان】 (پ) جانغا ئازار بەرگۈچى، قىينىغۇچى، رەنجىتكۈچى.
**ئازاغلاق** 【آزاغلاق】 «ئازالماق» قا قاراڭ.
**ئازاق** 【آزاق】 ئاياق (پۇت).
«ئەي سەككاكى بۇشاھ قابقىن غەنىمەت تۇت چۇ زۇلفىغە،
ئازاقىن باغلاغان قۇش سەن، ئۇچارغە ھىچ ھەۋا قىلما.»
— سەككاكى.
**ئازالماق** 【آزالماق】 1) ئازايتماق، كەمەيتمەك؛ 2) يېتىشمەسلىك؛ 3) سىقىلماق،
**ئازەر** 【آذر】 (پ) 1) ئوت، ئالاۋ؛ 2) قەۋس ئېيىنىڭ يەنە بىرخىل نامى؛ 3) ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى بۇتتاراش (بۇت ياسىغۇچى) ئازەر.
**ئازەر پەرەست** 【آذرپرست】 (پ) ئوت پەرەست، ئوتقا چوقۇنغۇچى.
**ئازەرم** 【آزرم】 (پ) 1) ئۇيات، شەرم، ھايا؛ 2) مېھرى - مۇھەببەت، شەپقەت، مېھرىبانلىق؛ 3) غەزەپ.
**ئازغاشماق** 【آزغاشماق】 يولدىن چىقماق، ئازماق.
«مۇبارەك ئوغلى بىركۈن ئازغىشىپ راھ،
ئەجايىپ سۇساغاندە كۆردى بىر چاھ.»
— «لۇغەتى چاغاتاي».

**ئازغۇرماق** 【آزغورماق】 ئاداشتۇرماق، يولدىن چىقارماق، ئازدۇرماق.

«كۆز سالما ئەرۇسى دەھر رۇخسارىغە ئەي مەھزۇن،
ھەركۈن نەچە سەندەكنى ئازغۇردى بۇ مەككارە.»

— «دىۋان مەھزۇن».

**ئازغۇن** 【آزغون】 1) يولدىن ئازغان؛ توغرا يولدىن چىققان، ئايىنىغان؛ 2) ئاسىي؛ 3) ئۇرۇق.

«خالىقا كۆڭلۈمدە دۇنيايى دەنى،
مەن ئىپرۇرمەن بەندەلەرنىڭ ئازغۇنى.»

— «سۇپى ئەللەيار».

**ئازمايىش** 【آزمايش】 (پ) سىناش، ئىمتىھان؛
**ئازمايىش ئەيلەمەك** — سىناپ، ئىمتىھان ئېلىپ كۆرمەك؛
**ئازمايىش قىلماق** — «**ئازمايىش ئەيلەمەك**» كە قاراڭ.

**ئازمۇدە** 【آزموده】 (پ) سىناق، سىناقتىن ئۆتكەن.

«ئۇلەركىم سىزنى مېھرى ئاز دەرلەر،
مېنى دەرلەر ۋەفادە ئازمۇدە.»

— ئاتايى.

**ئازمۇن** 【آزمون】 «**ئازمايىش**» قا قاراڭ.

«شاھغە مەلۇم بولغان ئول ئىشقى جۇنۇن،
ئىستەدى ئاشقنى قىلماق ئازمۇن.»

— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئازمۇنلۇق** 【آزمونلوق】 سىناشلىق.

**ئازۇردە** 【آزرده】 (پ) ئازار چەككەن، رەنجىگەن؛ قىيىنالغان؛ ئازاپلانغان؛
**ئازۇردە جان** — جېنى قىينالغان:

«ئىشق ئارا بىچارە ئەيلەپ ناتەۋان قىلغان فەلەك،
ھەجرىنىشىن يەتكۈزۈپ ئازۇردە جان قىلغان فەلەك.»

— ئا.نىزارى «لەيلى ۋە مەجنۇن».

**ئازۇردە خاتىر** — كۆڭلى ئازار يىگەن؛
**ئازۇردە دىل** — دىلى رەنجىگەن.

**ئازۇقلاماق** 【آزوقلاماق】 ئۇزۇقلاندۇرماق، غىزا بەرمەك.

**ئازىتماق** 【آزتماق】 1) يوقىتىپ قويماق، ئاداشتۇرۇپ قويماق؛ 2) تەرتىپلىمەك، زىننەتلىمەك.

«ئۆركۆرەپ يولدىن ئاتى چىققان ئىمىش،
بىر ئىككى قول ئىلە ئازىتقان ئىمىش.»

— نەۋائى.

www.uyghurkitap.com

**ئازدۇقماق** [آزيقماق] ئاداشماق، يولدىن ئازماق.

**ئازىم** [عازم] (ئە) 1) بىرەر ئىشنى بىجىرىشقا نىيەت قىلغۇچى؛ 2) يۈرگۈچى، كەتكۈچى، سەپەرگە چىققۇچى؛

**ئازىم بولماق** — كەتمەك، جۆنەپ كەتمەك، سەپەرگە يول ئالماق؛

**ئازىمى دەشتى ئادەم** — يوقلۇق چۆلىگە مېڭىش.

**ئازىنە** [آذينه] (پ) جۈمە، جۈمە كۈنى.

**ئاس** [آس] 1) يۈكى ئاق رەڭلىك ۋە يۇمشاق كەلگەن بىرخىل ھايۋان ۋە ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا؛ 2) سىبىرىيە تەرەپتىكى بىر ۋىلايەتنىڭ نامى.

**ئاس - ئاس** [آس آس] تىب: سەۋدا كېسىلى. مالىخولىيا.

**ئاسا** [آسا] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ: 1) تىنجىتقۇچى، راھەتلەندۈرگۈچى، راھەتلىك؛ 2) ئوخشاش، كەبى مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ:

«كى مەجنۇن ئاسا رەۋان بولدى ئول،
پەرىشان خاتىر يۈرۈپ كەچتى يول.»
— ئا.نىزارى.

**جان ئاسا** — جاندەك، جانغا ئوخشاش؛
**دەريا ئاسا** — دەرياغا ئوخشاش؛ ناھايىتى كۆپ؛
**دىل ئاسا** — كۆڭۈل راھىتى؛
**سۇبھى ئاسا** — تاڭغا ئوخشاش؛ يورۇق؛
**سۇبھى ئاسا قىلماق** — تاڭدەك يورۇتماق؛
**قەترە ئاسا** — تامچىدەك، ناھايىتى ئاز:

«ئۆزىدىن ئەلگە دەريا — قەترە ئاسا،
ۋەلى ئەلدىن ئۆزىگە قەترە — دەريا.»
— نەۋائى «ھالاتى سەيد ھەسەن ئەردەشىر».

**ئاسار** [آثار] (ئە) [ئەسەر] بىرلىكى: 1) ئەسەرلەر؛ 2) نىشانلار، بەلگىلەر؛ 3) تەسىرلەر؛ 4) ھادىسىلەر؛ ۋەقەلەر.

«ھىكايەت قىلىپ دەھرى ئاسارىنى،
ئىكەۋلەن دىبان قەۋلى ئەخبارىنى.»
— ئا.نىزارى «مەسئۇد - دىلئارا».

**ئاسار ئەتىقە** — قەدىمىي يادىكارلىقلار؛
**نەسىمى قۇدسىي ئاسار** — كۆچمە م: تازا، بىغۇبار شامال، تاڭ شامىلى.

**ئاساۋ** [آساو] شاش، كۆندۈرۈلمىگەن (ئات).

«مىنسەڭ ئەي شاھى فەلەك مەركەبىنى كۈن يەكلىغ،
بولما مەغرۇر گاھى ئول ئەشھەب ئېرور ئەسرو ئاساۋ.»
— مۇنىس.

**ئاسايىش** 【آسايش】 (پ) تىنچلىق، ئارام، خاتىرجەم، تەشۋىشسىز؛ پاراغەت، راھەت.
**ئاسايىش تاپماق** — تىنچلانماق، ئارام ئالماق، پاراغەت تاپماق؛ راھەتلەنمەك.

**ئاسايىشتە** 【آسايشته】 «ئاسايىش» قا قاراڭ.

**ئاسايىشگاھ** 【آسايشگاه】 (پ) دەم ئالىدىغان، راھەتلىنىدىغان، ھۇزۇرلىنىدىغان جاي.

**ئاستان** 【آستان】 (پ) «ئاستانە» گە قاراڭ؛
**ئاستان خاكى** — پايتەخت تۇپرىقى.

**ئاستانە** 【آستانه】 (پ) 1) بوسۇغا؛ 2) ساراي؛ 3) بىرەر كىشىنىڭ ھوزۇرى؛ 4) پايتەخت؛ 5) ئوردا.

«بىر نەزەر كۆرۈپ ئاشىق جان بېرۇرنى مىننەت تۇت،
ئاستانەئى مەئشۇقى ياستانۇنى نىيەت تۇت.»

— زەلىلى.

**ئاستان بۇس** — ئاستانە سۆيۈش، خىزمەتكارلىق؛
**ئاستانى قەبۇل** — قوبۇلخانا، ھەممىنى قايىل قىلىدىغان جاي.

**ئاستەر** 【آستر】 (پ) ئەستەر (كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئەستىرى).

**ئاستىن** 【آستين】 1) يەڭ، كىيىمنىڭ يېڭى؛ 2) پەس، تۆۋەن تەرىپى، ئاستى، كەسىر.

**ئاسرامىش** 【آسرامیش】 1) قوغداش، ئاسراش؛ 2) ئىگىدارچىلىق قىلىش، باشقۇرۇش، ھىمايە قىلىش.

**ئاسرو** 【آسرو】 «**ئەسرو**» غا قاراڭ.

**ئاسمان** 【آسمان】 (پ) كۆك، ساما، پەلەك؛
**ئاسمانىي تۆرت دەفتەر** — كۆكتىن چۈشكەن تۆت كىتاب (زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان).

**ئاسمان دەۋ** 【آسمان دو】 (پ) كۆككە ئۇچقۇچى، كۆكنى كەزگۈچى.

**ئاسۇدە** 【آسوده】 (پ) تىنچ، تىنچلانغان؛ خاتىرجەم.
**ئاسۇدە خاتىر** — كۆڭلى تىنچ، تەشۋىشسىز، خاتىرجەم.

**ئاسۇدەلىق** 【آسودەلق】 تىنچلىق، خاتىرجەملىك.

«ساغىنىپ ئاسۇدەلىق بىرلە ۋەتەن،
باغ بوستان بىرلە گۈلزارى چەمەن.»

— نەۋائى «مەنتىقۇتتەيىر».

**ئاسىب** 【آسيب】 (پ) زىيان، زەرەر؛ مۇسىبەت؛ ئاپەت، كۈلپەت؛ تىنچسىزلىق.

«سەھەرى مەتلۇبى، پۇرمىھنەت تەرىقى ئىمتىھان،
مەنزىلى مەقسۇدى پۇر ئاسىبى راھى ئازمۇن.»

— فۇزۇلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئاسىيى زەمان** ــ زامانە كۆلپەتلىرى، زامانە كىشىلىرى تەرىپىدىن يەتكەن مۇسىبەت.

**ئاسىغ** 【آسيغ】 پايدا، نەپ

«ھاسىلى خىرمەن ئەمەل ئالىمادى ئادەمى ئۇ ھەب،
گوردە نىچۈك ئاسىغ ئېتەر نۇقرە بىلەن زەر مەتائ.»

ــ دىۋان زەلىلى.

**ئاسىغلانماق** 【آسيغلانماق】 ئىشلىمەك؛ پايدىلانماق، مەنپەئەتلەنمەك، نەپ ئالماق؛ تىجارەت قىلماق.

**ئاسىي** 【عاصى】 (ئە) گۇناھكار؛ يولدىن ئازغان؛ ئىسيانكار.

«بەختىسىز ئۆتكەن كۈنۈڭگە ئەمدى رەنجۇرمەن بۇ كۈن،
ئاكىلا ئەۋلاد ئالدىدا رەسۋايى ئاسىي خىجىلىتىم.»

ــ «دىۋانى مەھزۇن».

**ئاسىي ئۇممەت** ــ گۇناھكار قەۋم؛

**ئاسىيۇئابىي** ــ گۇناھكار؛ ئىنكار قىلغۇچى.

**ئاسىيا** 【آسيا】 (پ) 1) ئاسىيا قىتئەسى؛ 2) تۈگمەن.

«خەرابى چېھرەگەندۇم گۈنى بىپەرۋا ئۇچۇن ھەر بار،
قەرار ئەتمەي چۇچەرخى ئاسىيادەك چۆرۈلۈر باشىم.»

ــ دىۋان زەلىلى.

**ئاسىيب** 【آسيب】 (پ) «ئاسىب» قا قاراڭ.

**ئاش ــ ئاش** 【آش آش】 مۆجىزە؛ تەشەببۇسكار، باشلامچى

**ئاشارى** 【آشارى】 ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن نۇرغۇن.

**ئاشام I** 【آشام】 (پ) 1) يېيىش، ئىچىش.

«قىلىپ تەلبەلىك، خوردۇ ئاشام يوق،
بۇ بىچارەدە لەھزە ئارام يوق.»

ــ ئا.نىزارى «لەيلى ــ مەجنۇن».

2) سۆزگە قوشۇلغاندا كۆپىنچە ئىچكۈچى مەنىسىدە كېلىدۇ.

**ئاشام ئەتمەك** ــ ئىچمەك؛

**ئاشام ئەيلەمەك** ــ «ئاشام ئەتمەك» كە قاراڭ؛

**دۇرد ئاشام** ــ مەي ساقىندىسىنى ئىچكۈچى.

**ئاشام II** 【آشام】 تەبەقە؛ مەرتىۋە، دەرىجە.

**ئاشاماق** 【آشاماق】 «ئاشام I» غا قاراڭ.

**ئاشامە** 【آشامە】 «ئاشام II» گە قاراڭ.

**ئاشكار** 【آشكار】 (پ) ئايان، كۆرۈنۈپ تۇرغان، زاھىر؛ ئوپ ــ ئوچۇق، ئايدىڭ.

**ئاشكار ئەيلەمەك** ــ كۆرسەتمەك، زاھىر قىلماق.

**ئاشلاماق** [آشلاماق] غىزالاندۇرماق.

**ئاشلىق** [آشليق] غەللە، دان.

**ئاشنا** [آشنا] دوست، بۇرادەر.

«جەمالۇ جاھ ئىلىدىن يۈز فەراغەتىم باردۇر،
ئۇراموۇڭ ئىتى ماڭا ئاشنا، كىرەك بولسا.»

— لۇتفى.

**ئاشناروي** [آشنارى] (پ) تونۇش-بىلىش؛ دوستلارچە.

**ئاشناۋەش** [آشناوش] (پ) ئاشنا سۈپەت، دوستقا ئوخشاش.

**ئاشۇب** [آشوب] (پ) 1) غەۋغا، توپىلاڭ؛ هاياجان، 2) داد-پەرياد؛ قورقۇنچ؛ 3) كۆچمە م: ئويغىتىش، قوزغىتىش.

«فەلەك ئاشۇبىدىن كىم مەن كەبى زارۇ نىزار ئولغاي،
جەهان زۇلمى ئۇلۇس بىدادىدىن بى ئىتىبار ئولغاي.»

— سەبۇرى.

**دىل ئاشۇب** — كۆڭۈلگە غەۋغا سالغۇچى، هاياجان سالغۇچى؛ يىقىملىق.

**ئاشۇر** [عاشور] (ئە) هىجرىي يىل هىسابىنىڭ بىرىنچى ئېيى بولغان مۇهەررەمنىڭ 10-كۈنى (مۇهەررەم ئورنىدا **ئاشۇر**، **ئاشۇرا** ئېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

**ئاشۇرا** [عاشورا] (ئە) «**ئاشۇر**» غا قاراڭ.

**ئاشۇفتە** [آشفته] (پ) 1) پەرىشان؛ چېچىلغان، چۇۋۇلغان؛ 2) بىرىلگەن، مەپتۇن، ئاشىق؛ شەيدا.

«ماڭا مۇشكۇل كۆرۈندى ئەي پەرىرولار تاماشا قىل،
جۇنۇن سەهراسىدىن ئاشۇفتەئى رەسۋانى يىغماغلىق.»

— «دىۋان زەلىلى».

**ئاشۇفتە دەستار** — سەللىسى چۇۋۇلغان؛ ئۆزىگە ئىتىبار بەرمىگۈچى؛

**ئاشۇفتە دىل** — كۆڭلى مەپتۇن بولغان:

«گەر ئىلىندىم زۇلفىغە كۆرمەڭ مېنى ئاشۇفتە دىل،
دانەخور ئەتتى تۇزاققە بىزنى ئول لەئل ئۆزرە خال.»

— لۇتفى.

**ئاشۇفتە مىزاج** — ئەهۋالى پەرىشان؛ ئېسىنى يوقاتقان؛

**ئاشۇفتە نىهاد** — پەرىشان تەبىئەت؛ قارارسىز؛ بىئارام؛

**ئاشۇفتە هال** — هالى پەرىشان؛ هاياجانغا چۈشكەن؛ ئەس-هۇشىنى يوقاتقان.

**ئاشۇفتە خۇ** [آشفته خو] (پ) پەرىشان تەبىئەت، هالى پەرىشان.

«پانىي، دىۋانىي، ئاشۇفتە خۇ،
نېچە سۆز گەر سەندىن ئەتتى گۇيتى گۇ.»

— نەۋائى «لىسانۇتتەير».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئاشۇفتە دىماغلىغ** 【آشفته دماغليغ】 (پ) مەجنۇن سۈپەتلىك.

«پەرىشاندۇر كۆڭۈل تا كاكۇلۇڭ تارىدىن ئايرىلدى،
دىماغ ئاشۇفتە بولغاي بىۋەتەن ئەلبەتتە ـ ئەلبەتتە»

— «دىۋان زەلىلى».

**ئاشۇفتەلىغ** 【آشفتەليغ】 (پ) پەرىشانلىق؛ مەپتۇنلۇق، بىرىلگەنلىك.

**ئاشۇفتەۋار** 【آشفتەوار】 (پ) «**ئاشۇفتەۋەش**» كە قاراڭ.

**ئاشۇفتەۋەش** 【آشفتەوش】 (پ) مەجنۇنلارچە، ھالى پەرىشان.

**ئاشۇقماق** 【آشوقماق】 ئىنتىلمەك، تاقەتسىزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلماق، ئالدىرىماق؛ ھۇلۇقماق، بىسەرەمجان بولماق.

«چۇ ئول دايە ئولدەم يۈگۈردى قوپۇپ،
يېتىپ قەيس باشىغە ئول ئاشۇقۇپ.»

ئا.نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن».

**ئاشۇلە** 【آشوله】 بىر تۈرلۈك كۈي ـ نەغمىنىڭ ئىسمى.

**ئاشىق** 【عاشق】 (ئە) ئىشقتا گىرىپتار بولغۇچى، مۇھەببەتكە بىرىلگۈچى، سۆيگۈچى، خۇشتار.

**ئاشىقى بىچارە — بىچارە ئاشىق.**

**ئاشىقانە** 【عاشقانه】 (ئە + پ) ئاشىقلارغا ئوخشاش، ئاشىقلاردەك، ئاشىقلارچە؛ مۇھەببەتلىك.

**ئاشىق پىشە** [عاشق پيشه】 (ئە + پ) بىرىلگەن ئاشىق.

**ئاشىقنەۋاز** 【عاشق نواز】 (ئە + پ) ئاشىقنى ئەركىلەتكۈچى؛ شەپقەت قىلغۇچى.

**ئاشىيان** 【آشيان】 (پ) 1) ئۇۋا؛ 2) ئۆينىڭ يۇقىرى قەۋىتى؛ 3) ئۆي ـ جاي؛ ماكان، ۋەتەن.

«شەجەردىن كۆرۈنمەس ئىدى ئاسمان،
كى بىر شاختىن ئەتتى چىقىپ ئاشىيان».

— ئا.نىزارى «مەسئۇد ـ دىلئارا».

«بىر ئۆينى ئىكاۋ ئەيلەدى ئاشىيان،
كى ئول ئاشىياندا تۇتتى مەكان.»

— ئا.نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن».

**ئاشىيانە** 【آشيانه】 (پ) «**ئاشىيان**» غا قاراڭ.

**ئاغ** 【آغ】 1) ئاق؛ 2) ئاغ (شىمنىڭ).

**ئاغ بازەرگان** 【آغ بازركان】 ھىيلە ـ نەيرەڭدىن خالى كارۋان.

**ئاغ ئۆي** 【آغ اوی】 ئاق ئۆي، كەپە، چېدىر.

**ئاغا** 【آغا】 1) ئاكا؛ 2) چوڭ ئاكا؛ 3) ھۆرمەتلىك زات؛ 4) باشلامچى؛ 5) جامائەت يېتەكچىسى.

**«شاھىكى ئاتاڭ ئاڭا ئاغادۇر،**

ئۇل ساڭا ئاتادۇر ۋە ئاغادۇر»

— نەۋائى.

**ئاغاچ** 【آغاج】 1) دەرەخ؛ ياغاچ؛ 2) مەنزىل، مۇساپە؛ پەرسەڭ (ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى).

«پەھلىۋانلار، بادپالار سەكرە دەندە ھەر نېگە،
تىفل ھەم جەۋلان ئىدەر، ئەمما ئاغاجدەن ئاتى ۋار»

— فۇزۇلى.

«ئابادى، خەرابى، دەرياسى، دۇزى،
يۈز قىرىق ئالتەمىڭ ئاغاچ يولدۇر بۇ دۇنيا»

— مەخدۇم قۇلى.

**ئاغاچە** 【آغاچە】 چاغاتاي تىلىدا خان ۋە بەگلەرنىڭ ئاياللىرىغا قارىتا ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. م: ئاغاچە خانىم ۋە ئاغاچە خوتۇن.

**ئاغاچ قاۋۇنى** 【آغاج قاونى】 1) تەرخەمەك؛ 2) لىمون.

**ئاغاچلىق** 【آغاچلق】 ئورمانزارلىق.

**ئاغارماق** 【آغارماق】 ئاقارماق.

«ساچۇ ساقالىڭ ئاغاردى،
كۆزلەرىڭ فىروزەدەك.
قول - ئاياغىڭ قىپتىزىل،
خۇمداندا پىشقان كۇزەدەك.»

— «لۇغەتى چاغاتاي».

**ئاغاز** 【آغاز】 (پ) باشلاش، باشلىنىش، كىرىشىش، ئىپتىدا.

**ئاغاز ئەتمەك** — «ئاغاز ئەيلەمەك»كە قاراڭ.

«ئىچىپ يانە سۆزنى ئاغاز ئېتەي،
غەرىب بىنەۋا ئەھلىن ھەمراز ئېتەي.»

— ئانىزارى «مەسئۇد - دىلئارا».

**ئاغاز ئەيلەمەك** — باشلىماق؛

**ئاغاز قىلماق** — «ئاغاز ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**ئاغازۇ ئەنجام** — بىرەر ئىشنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى؛ باشلىنىش ۋە تۈگەللىنىش؛

**شەرھى ئاغاز** — شەرھى قىلىشنى باشلاش؛

**قىسسە ئاغاز** — قىسسەنى باشلىماق.

**ئاغالىغ** 【آغالىغ】 بۈيۈكلۈك، قېرىنداشلىق.

**ئاغا ئۆركە** 【آغا اوركا】 «ئاغ ئۆي»گە قاراڭ.

**ئاغسەقال** 【آغسقال】 ئاقساقال، مويسىپىت، مەھەللىنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى.

**ئاغۇ** 【آغو】 زەھەر.

«پىغان بىلەن ھەسرەت چۈشتى باشىمە،
بىر يېتىمەن ئاغۇ چۈشتى ئاشىمە.»

— «غېرىپ - سەنەم»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

**ئاغۇش** 【آغوش】 (پ) قۇچاق، باغىر، قويۇن.
هەم ئاغۇش بولماق ــ قۇچاقلاشماق، بىللە يېپىشماق.
«ياغىپ غەم باشىغە چۇ بىھۇش ئۆلۈپ،
كۆزى ياشى هەم خۇن ئاغۇش بولۇپ».
ــ ئا. نىزارى «رابىئە ــ سەئدىن».
«سەرۋ قامەتى گۇل پۇش، زۇلفى كاكۇلى بەردۇش
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش، ئەقلىڭ ئۆلسە ئىبرەت تۇت»
ــ «دىۋان زەلىلى».

**ئاغۇشتە** 【آغوشته】 (پ) «ئاغىشتە»گە قاراڭ.

**ئاغىر** 【آغير】 1) ۋەزمىن، ئېغىر؛ 2) قىممەت؛ 3) سالماقلىق؛ 4) كۆچمە م:
ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان.
ئاغىر ساتماق ــ قىممەت (باھادا) ساتماق.

**ئاغىرلاماق** 【آغيرلاماق】 1) ئۇلۇغلىماق، ھۆرمەتلىمەك؛ 2) ئەركىلىمەك؛ 3) باھالىماق.

**ئاغىشتە** 【آغشته】 (پ) ئارىلاشقان، مىلەنگەن، بۇلغانغان؛ كىرىشكەن.
«بۇكى هەر بوستان ئارا سەرگەشتە سەن،
قان بىلە تۇپراقغە ئاغىشتە سەن.»
ــ نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئافات** 【آفات】 (ئە) [بىرلىكى: ئافەت] ئاپەتلەر، بەختسىزلىكلەر.

**ئافاق** 【آفاق】 (ئە) [بىرلىكى: ئۇفۇق] ئاسمان، ئۇپۇقلار؛ دۇنيا، ئالەم.
ئەرسەئى ئافاق ــ يەر يۈزى، دۇنيا يۈزى.
«ئافاق ئىچىگە هەجر تۈنىدە نەزەر ئەيلەگ،
مەھتاب ئەمەس شۇئلەئى ئاھىم يارۇتۇپدۇر.»
ــ زەلىلى.

**ئافاقسۇز** 【آفاق سوز】 (ئە + پ) جاھاننى كۆيدۈرگۈچى، ھەممىنى ئۆرتىگۈچى.
«لىك تەرسا زادەئى ئافاق سۇز،
شەيخنى ئول نەۋئى قىلغان تىيرە رۇز.»
ــ نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئافاقگەرد** 【آفاق گرد】 (ئە + پ) دۇنيانى كەزگۈچى، جاھانگەشتە.

**ئافاقگىر** 【آفاقگير】 (ئە + پ) دۇنيانى ئىگەللىگۈچى، جاھانگىر؛ شۆھرەتلىك.

**ئافەت** 【آفت】 (ئە) [كۆپلۈكى: ئافات] 1) بالا، بالايى ـ ئاپەت؛ مۇسىبەت؛
2) كۆچمە م: ناھايىتى چىرايلىق يار.
ئافەت ئەنگىز ــ زىيان يەتكۈزگۈچى، ئاپەت قوزغىغۇچى؛
ئافەت زەدە ــ زور بالا ـ قازاغا ئۇچرىغان؛
ئافەتى جان ــ جانغا ئاپەت سالغۇچى؛ كۆچمە م: ئاجايىپ گۈزەل مەھبۇبە.

**ئافەرىدە** 【آفريده】 (پ) يارىتىلغان، يارالغان؛ مەخلۇق.

**ئافەرىدگار** 【آفريدگار】 (پ) ياراتقۇچى، تەڭرى.

**ئافەرىن I** 【آفرین】 (پ) ياخشى، ياشا، بارىكاللا (ئۈندەش).
«ئەي نىگارا، ئافتابى تەلئەتىڭگە ئافەرىن،
باغ ئىچىندە سەرۋى يەڭلىغ قامەتىڭغە ئافەرىن.»
— «دىۋان سەدائى».

**ئافەرىن II** 【آفرین】 ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى.
**ئافەرىنى سۇنئ** — يارىتىش سەنئىتى؛
**جان ئافەرىن** — جان ياراتقۇچى؛ خۇدا؛
**جەھان ئافەرىن** — جاھاننى ياراتقۇچى؛
**سۇخەن ئافەرىن** — سۆز ياراتقۇچى.

**ئافەرىنەندە** 【آفریننده】 (پ) ياراتقۇچى، ئاللاھ.
**ئافەرىنەندەئى زەمەن** — زىمىننى ياراتقۇچى.

**ئافەرىنىش** 【آفرینش】 (پ) يارىتىلىش، ۋۇجۇدقا كېلىش.
«زەررە-زەررە ئافەرىنىشدىن كى خۇرشىدى ۋۇجۇد،
مەھۋ بولمايدۇر تەجەللىدىن تەلەبكار ئولمىشىم.»
— زەلىلى.

**ئافەرىنىش تەرھى** — يارىتىش رىجەسى.

**ئافتاب** 【آفتاب】 (پ) قۇياش؛ كۈن نۇرى.
**ئافتاب كۇررەسى** — قۇياش شارى؛
**ئافتابى خاۋەرىي** — شەرق قۇياشى، قۇياش:
«سايەئى ئۇممۇدى زايىل، ئافتابى شەۋقى گەرم،
رۇتبەئى ئەدبار ئالى پايەئى تەدبىرى دۇن.»
— فۇزۇلى.

**ئافتابى زەرد** — كۈننىڭ پېتىۋاتقان مەزگىلى.

**ئافتابە** 【آفتابه】 (پ) 1) ئاپتۇۋا؛ 2) سەپەردە ئىشلىتىلىدىغان سۇ قاپىقى؛ سۇدان.

**ئافتابەچى** 【آفتابه‌چی】 ئوردا-سارايلاردا مېھمانلارغا ئاپتۇۋا تۇتىدىغان مۇلازىم.

**ئافتاب پەرەست** 【آفتاب پرست】 (پ) 1) كۈنگە چوقۇنغۇچى؛ 2) ئاپتاپپەرەس.

**ئافتاب تەلئەت** 【آفتاب طلعت】 (پ + ئە) گۈزەل، مېھرى ئىسسىق.

**ئافتابرو** 【آفتاب رو】 (پ) 1) قۇياشقا قارىغان (تەرەپ)؛ نۇرلۇق چېھرە؛ 2) قۇياش يۈزلۈك، قۇياشتەك گۈزەل.

**ئافتاب زدە** 【آفتاب زده】 (پ) كۈندە كۆيگەن، قارايغان؛ كۆچمە م: ئىشق ئوتىدا ئۆرتەنگەن، كۆيۈپ كاۋاپ بولغان.

**ئافىيەت** 【آفیت】 (ئە) ساغلام، ساقلىق؛ ساقىيىش؛ تىنچلىق؛ ئامان-ئېسەنلىك، بەختلىك.

www.uyghurkitap.com

«بەرەھنە بولمايىن بۇ قۇلزۇمى ۋەھدەتتە سۇ يەڭلىغ،
لىباسى ئافىيەت بىرلە ئۆزۈم ئەۋۋارە ئەيلەرمەن.»
— زەلىلى.

«فۇزۇلى بولدى گەنجى ئافىيەت مەيخانە گەنجىدە.
مۇبارەك مۈلكدۇر ئول، مۈلكى ۋەيران ئولمىسۇن يارەب.»
— فۇزۇلى.

**ئافىيەت ئەھلى** — ساغلام، پاكىزە كىشىلەر.

**ئاق I** 【آق】 1) ئاق (زىت مەنىسى: قارا)؛ 2) تازا، پاك.
**ساقال ئاقى** — ساقالغا چۈشكەن ئاق، ساقالنىڭ ئاقارغان قىسمى؛
**كۆز ئاقى** — كۆزنىڭ ئېقى.

**ئاق II** 【عاق】 (ئە) باش تارتماق، يۈز ئۆرۈمەك.
**ئاق پەدەر** — 1) ئاتىسى ئاق قىلغان، لەنەتلىگەن؛ يۈز ئۆرۈگەن؛ 2) لەنىتى؛
**ئاق قىلماق** — (ئۆز پەررەنتىگە) لەنەت ئوقۇماق، نەپرەتلىنىپ يۈز ئۆرۈمەك، ۋاز كەچمەك.

**ئاقار** 【آقار】 1) تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى؛ 2) ئاقىدىغان، دائىم ئېقىپ تۇرىدىغان.

**ئاقباش** 【آق باش】 1) يالاڭ باش؛ 2) قوناق.

**ئاقبالداق** 【آق بالداق】 قازاندا قورۇپ ئېتىلدۇرۇلغان دان (يېمەكلىك).

**ئاق تۇيغۇن** 【آق تويغون】 بوز قارچىغا.

**ئاقچە** 【آقچه】 1) ئاغىچا (ئانا)؛ 2) پۇل؛ 3) قوغۇننىڭ بىر تۈرى.

«ئاقچە، ئانا — مېھرىبانىم،
يارىم غېرىبجاننى كەلتۈر.»
— «غېرىپ - سەنەم».

«دېدى: كىم ئاقچە قوغۇنلارنى ئىلغار؟
دېدىكىم: بەرگىنەي، تورلۇق قوغۇن بار.»
— «دىۋانى مەھزۇن».

**ئاق خەت** 【آق خط】 ھەرپلىرى ئاق رەڭدىكى خەت؛ مۆھۈر خېتى؛ ئاق سىزىق.

**ئاقسۇڭەك** 【آق سونكاك】 ئېسىلزادىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى.

**ئاقسۇم** 【آقسوم】 «ئاخسۇم»غا قاراڭ.

**ئاقسۇملاماق** 【آقسوملاماق】 «ئاخسۇملاماق»قا قاراڭ.

**ئاقشام** 【آق شام】 1) كۈن پېتىش بىلەن تۈن باشلىنىش ئارىلىقىدىكى گۇگۇم پەيتى؛ 2) كەچ، كەچقۇرۇن.

**ئاق نامە** 【عاق نامه】 (ئە) مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش توغرىسىدىكى پۈتۈك (خەت)، ۋەسىيەتنامە.

**ئاق ئۆي** 【آق اوی】 كىگىزدىن ئىشلەنگەن ئۆي، ئوتاۋ، چېدىر.

**ئاق ئۆيلۈك** 【اق اويلوك】 مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىش؛ سۈرگۈن قىلىنىش.
**ئاق ئۆيلۈك قىلماق**—خەلق ئارىسىدىن قوغلاپ چىقارماق، سۈرگۈن قىلماق.

**ئاقىب** 【عاقب】 ۋارىس، مىراسخور.

**ئاقىبەت** 【عاقبت】 (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋاقىپ] 1) ئاخىر، بىرەر ئىشنىڭ ئاخىرى، نەتىجە؛ 2) ئاخىرىدا، نەتىجىدە.
**ئاقىبەت ئەندىش**—ئاخىرىنى ئويلىغۇچى؛
**ئاقىبەت مەھمۇد**—ئاخىرى ماختىنارلىق، ئاخىرى ياخشى، ئاخىرى خەيىرلىك.

**ئاقىبەت ئەندىش** 【عاقبت انديش】 (ئە+پ) ئالدىنى كۆرەلەيدىغان، ئالدىنى بىلەلەيدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئالدىنى كۆرەرلىك؛ ئاخىرىنى ئويلىغۇچى.

**ئاقىبەت بىخەير** 【عاقبت بخير】 (ئە) 1) نەتىجىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك؛ نەتىجىسى ياخشى بولىدىغان؛ 2) ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگۈچى.

**ئاقىبەتۇلئەمر** 【عاقبت الامر】 (ئە) ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجە، خۇلاسە؛ ئاخىر.

**ئاقىر قەرھا** 【عاقر قرحا】 (ئە) بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى، ئىقىلقارا.

**ئاقىزماق** 【آقيزماق】 ئېقىتماق، ئاقتۇرماق.

**ئاقىل** 【عاقل】 (ئە) 1) ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى، دانىشمەن، ئەقىللىق، دانا؛ 2) ئەقىل بىلەن ئىپتىلىغان، قىلىنغان (ئەرلەر توغرىسىدا).

«دۇناكۈن بىر فەيلەسوفۇ ئاقىلى كۆرگەن كىشى،
ئىلغايئالمايدۇر بۇ كۈن مەجنۇن شەيدادىن مىنى.»
— ئاتائى.

**ئاقىلانە** 【عاقلانه】 (ئە+پ) ئاقىل كىشىلەرگە ئوخشاش، ئاقىللارچە ئويلاپ، ئەقىل بىلەن.

**ئاقىلە** 【عاقله】 (ئە) 1) ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىسى، ئەقىللىق، دانىشمەن، دانا (ئاياللار توغرىسىدا).

**ئاقىلە زەن** 【عاقله زن】 (ئە+پ) 1) ئەقىللىق، يېتۈك؛ 2) ۋايىغا يەتكەن، تولغان (ئاياللار توغرىسىدا).

**ئاقىل فەرىب** 【عاقل فريب】 (ئە+پ) 1) دانالىق، ئەپچىللىك، ئۇستىلىق، ماھارەت؛ 2) يېقىملىق، مېھرى ئىسسىق، جەزىبىلىك، دىلبەر.

**ئاقىل مەرد** 【عاقل مرد】 (ئە+پ) 1) ئەقىللىق، يېتۈك؛ 2) ۋايىغا يەتكەن، تولغان (ئەرلەر توغرىسىدا).

**ئاكا** 【آكا】 چوڭ قېرىنداش، ئاغا.

**ئاكە** 【آكه】 «ئاكا»غا قاراڭ.

**ئاكەچە** 【آكەچە】 ئايلا، ئاچا، خانئاچا، ئاغىچا؛ (بۇ يەردە «چە» قوشۇمچىسى ئايال جىنسىنى كۆرسىتىدۇ. م: ئاكە-ئاكەچە...).

**ئاكىچى** 【آكچى】 «ئاكەچە»گە قاراڭ.

**ئاكو** 【آكو】 شەخس، ئادەم، ئىنسان.

**ئاكىف** 【عاكف】 1) تەركى دۇنيا بولۇپ ياشىغۇچى، زاھىت، دەرۋىش؛ 2) ئىخلاسمەن، تەقۋادار، تەڭرىگە چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئېتىقاد قىلغۇچى.

**ئاگاھ** 【آگاه】 (پ) 1) ئاگاھ، خەۋەردار، ۋاقىپ؛ 2) ئەقىللىق، پاراسەتلىك؛ ھۇشيار؛ زېرەك، سەگەك.

«كۆڭۈل دەردىغە بىر دەرمان قىل ئەمدى،
چۇ جانىم دەردىدىن ئاگاھ سەن ـ سەن.»
— ئاتائى.

**دىل ئاگاھ** ـ كۆڭلى تۇيغان، دىلى سەزگەن.

**ئاگاھلىغ** 【آگاهليغ】 «**ئاگاھى**»غا قاراڭ.

«ئەيلە ئالغايمەن ساڭا ھەمراھلىغ،
ھالەتىمدىن بۇيلە تاپ ئاگاھلىغ.»
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئاگاھۋار** 【آكاه وار】 (پ) ھۇشيارلىق بىلەن، ئاگاھلىق بىلەن؛ سەگەكلىك بىلەن.

**ئاگاھۋەش** 【آكاه وش】 (پ) 1) خەۋەردارراق، ئاگاھراق؛ 2) ھۇشيارراق؛ ئەقىللىقراق، پاراسەتلىكرەك؛ سەگەكرەك.

**ئاگاھى** 【آكاهى】 (پ) 1) ئاگاھلىق، خەۋەردارلىق؛ 2) ھۇشيارلىق، زېرەكلىك، سەگەكلىك.

**ئاگەھ** 【آگه】 (پ) «**ئاگاھ**»قا قاراڭ.

**ئاگەھى** 【آگهى】 (پ) «**ئاگاھى**»غا قاراڭ.

**ئاگىن** 【آكين】 (پ) 1) تولۇق؛ ئارىلاش؛ 2) نەقىشلىك.

**گۈل ئاگىن** ـ گۈللدار، بېزەلگەن.

**ئاڭ I** 【آنك】 1) ئەقىل، ئىدراك؛ زېھىن؛ پەم؛ 2) چۈشەنچە، سېزىم؛ 3) ئاڭ.

**ئاڭ II** 【آنك】 ئوۋ (ئوۋلانغان ياكى ئوۋلىنىدىغان جانۋارلار).

**ئاڭا** 【آنكا】 ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن.

«ئاڭا سوردى: نىچۈكدۇر ئول غەرىبىم،
مۇھەببەتىن ياد ئېتەرمۇ ئول ھەبىبىم.»
— لۇتفى «گۈل ۋە نەۋرۇز».

**ئاڭاچە** 【آنكاچه】 ئاڭغىچە، ئۇنىڭغا قەدەر.

**ئاڭدىبان** 【آنكديبان】 تەساددىپى، تۇيۇقسىزلا، ئۇشتۇمتۇت.

**ئاڭدىماق** 【آنكديماق】 تىڭشىماق؛ پايلىماق، مارىماق.

«خىلۋەتدە ئاڭا بۇ نەۋھەلەر ئىش،
ئاڭدىپ ئاناسى كەمىندە ئېرمىش.»
— نەۋائى.

**ئاڭدىنماق** 【آنكدينماق】 «**ئاڭدىماق**»قا قاراڭ.

**ئاڭلاماق** 【آنكلاماق】 1) پەملىمەك، ئەسلىمەك؛ يادلىماق؛ 2) ئۇقماق، چۈشەنمەك، سەزمەك، بىلمەك.

**ئائماق** 【آنكماق】 1) ئۇقماق، چۈشەنمەك، پەملىمەك؛ 2) ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك.

«دۇر تىشكۇ گۇل يۈزۈڭنى ئائىپ ئانچە يىغلادىم،
كىم، ماڭا مىڭ نەۋھە بىرلە ئەبرى نەيسان يىغلادى.»
— سەككاكى.

**ئائىز** 【آنكىر】 ئىپگىز.

**ئال I** 【آل】 1) ئالدى تەرەپ، ھۇزۇرى؛ 2) ئۇدۇل، قارشىسى؛ 3) چىكە، پىشانە؛ 4) جامال، چىراي.

«ئال بىرلە سالدى ئالمە ياڭاقىڭ كۆڭۈلگە تار،
بىر بۇرقە ئال كۆرەيىن ئانىڭ نازۇك ئالىنى.»
— سەككاكى.

**ئالىتنە** — «ئالىدا»غا قاراڭ؛

«بۇ شۆە بىلە سەن يۈرسەڭ ھەر چەمەن ئىچرە،
ھۆر يۈرۈمىگەي ئالتىنە رىزۋان چەمەنىندە.»
— ئاتائى.

**ئالىدا** — ئالدىدا؛

**ئالىغە** — ئالدىغا:

«بەزى ئالىغە كېلىپدۇر مۇشكىلات،
كىم، سېنىڭ رەئيىڭدىن ئىستەرلەر نىجات.»
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئالىدا** — «ئالىدا»غا قاراڭ؛

**ئالىغە** — «ئالىغە»گە قاراڭ؛

**ئالىندە** — «ئالىدا»غا قاراڭ:

«ھەر كۆڭۈلكى جان تىلەر ھەم ۋەسلى جانان ئارزۇلار،
ئەھلى ئىشق ئالىندە مۇشرىكدۇركى، ئىمان ئارزۇلار.»
— ئاتائى.

**ئال II** 【آل】 (ئە) ھال، قىزىل، قىزىل تۈس، قىزغۇچ.

«گۇلىستان زەينى جەمالىڭدىن سېنىڭ،
گۇل خىجىل رۇخسارى ئالىڭدىن سېنىڭ.»
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئال ئەتمەك** — قىزىل قىلماق، قىزارتماق؛

**ئال ئەيلەمەك** — «ئال ئەتمەك»كە قاراڭ؛

**بادەئى ئال** — قىزىل مەي؛

**ھۇللەئى ئال** — قىزىل كىيىم.

**ئال III** 【آل】 (ئە) ھىيلە، نەيرەڭ.

**ئال IV** 【آل】 (ئە) ئائىلە، خاندان، ئۇرۇغ-تۇغقان، قېرىنداش.

**ئالى ئەبا** — «ئالى نەبىي»گە قاراڭ؛

www.uyghurkitap.com

**ئالى ئەسهاب** ــ سەهابە ئائىلىلىرى، ئەۋلادلىرى؛
**ئالى رەسۇل** ــ «ئالى نەبىي»گە قاراڭ؛
**ئالى نەبىي** ــ پەيغەمبەر ئائىلىسى؛ (مۇھەممەد پەيغەمبەر، قىزى فاتىمە زوھرا، كۈيئوغلى ھەززەت ئەلى، ئوغۇللىرى ھەسەن ۋە ھۈسەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

**ئالا** 【آلا】 «ئالاي»غا قاراڭ.

**ئالات** 【آلات】 (ئە) [بىرلىكى: ئالەت] ئەسۋابلار،قورااللار، ياراقلار؛
**چىننى ئالات** ــ چىنە ئىدىشلار.

**ئالا توپىلان** 【آلا توپيلان】 غەلۋە ـ ماجىرا؛ تەرتىپسىز توپىلاڭ؛ تەرتىپسىزلىك.

**ئالاچۇغ** 【آلاچوغ】 چەللە، كەپە؛ ئۆۋا.

**ئالاچوق** 【آلاچوق】 «ئالاچۇغ» قا قاراڭ.

**ئالاچى** 【آلاچى】 قاتىل، ئۆلتۈرگۈچى، جان ئالغۇچى، جاللات.

**ئالار** 【آلار】 ئۇلار.

«مەسىها خىزىر ئىدى ئالەمدە جان بەخش،
ئالار ئۇلدەمدە ـ يۇ، بۇ دەمدە سەن ـ سەن.»
ــلۇتفى.

**ئالارتماق** 【آلارتماق】 ئالايماق، ئالايتماق؛ غەزەپتىن كۆزى قاراڭغۇلاشماق.

**ئالاقماق** 【آلاقماق】 تار ـ مار بولماق، بەربات بولماق؛ بۇزۇلماق.

**ئالاڭ** 【آلانک】 تۈپىلىك، ئىدىر، داۋان؛ ئېگىز ـ پەسلىك، ئىلاسلىق.

«قەتئە قىلغۇنچە رىيا دەشتى ئارا يۈزمىڭ ئالاڭ»
ــ نەۋائى «فەۋائىدۇلكىبەر».

**ئالامان** 【آلامان】 مۇنتىزىم بولمىغان ئەسكەرلەر (پارتىزان).

**ئالامانچى** 【آلامانچى】 بۇلانچى، بۇلان ـ تالان قىلغۇچى؛ باش ـ باشتاق، يارىماس.

**ئالاۋ** 【آلاو】 1) ئوت، يالقۇن، يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرغان ئوت؛ 2) ئىسسىقلىق، ھارارەت؛ 3) كۆچمە م : غەيرەتتى يۇقىرى، جۇشقۇن.

«كۆرۈندى ئالاۋدىن ئاڭا بىرنىشان،
ئانى كۆردى مەجنۇن تاپىپ تازەجان.»
ــ ئا.نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن».

**ئالاۋلىماق** 【آلاوليماق】 يالقۇنلىماق، يالقۇنلاپ يېنىپ تۇرماق، كۆيمەك.

**ئالاي** 【آلاى】 بۇلغىغۇچى، مىلىگۈچى؛ بويىغان.
**چېھرە ئالاي** ــ يۈزىنى بويىغۇچى؛ ئالدامچى ھىيلىگەر؛
**مەي ئالاي** ــ مەي يۇققان، مەي ئارىلاش.

**ئالايىش** 【آلايش】 (پ) بۇلغىنىشلىق، ئىپلاسلىق؛ كىرلىك، خىرە.

**ئالائ** 【آلأ】 (ئە) نازى ـ نىمەتلەر، يېمەك ـ ئىچمەكلەر، مەئىشەت ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر.

**ئالەپەكە** 【آلەپكە】 ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

**ئالەت** 【آلت】 «ئالات» قا قاراڭ.

**ئالەم** 【عالم】 (ئە) 1) پۈتۈن مەۋجۇدات، بارلىق كائىنات؛ 2) بۇ دۇنيا، دۇنيا، ئالەم.

**ئالەمى ئافاق** — كەڭ دۇنيا:

«ئالەمى ئافاقىنىمۇ گەرچە تاماشا ئەيلەدىم،
لەبلەرىڭگە گەۋھەرۇ لەئلى بەدەخشان ئوخشىماس.»
— «دىۋان سەدائى».

**ئالەمى ئەدەم** — يوقلۇق دۇنياسى؛
**ئالەمى فانى** — يوقالغۇچى دۇنيا؛
**ئەھلى ئالەم** — ئالەم كىشىلىرى؛
**پادىشاھى ئالەم** — جاھاننىڭ شاھى.

**ئالەم ئارا** 【عالم آرا】 (ئە + پ) ئالەمنى بېزىگۈچى، دۇنيا زىننىتى.

**ئالەم ئاراي** 【آلم آراى】 (ئە + پ) «ئالەم ئارا» غا قاراڭ.

**ئالەم ئەفرۇز** 【عالم افروز】 (ئە + پ) دۇنيانى يورۇتقۇچى.

**ئالەم پەناھ** 【عالم پناه】 (ئە + پ) ئالەمنىڭ (ئالەمدىكى كىشىلەر ۋە مەملىكەتلەرنىڭ) پاناھى.

**ئالەمتاب** 【عالم تاب】 (ئە + پ) دۇنيانى يورۇتقۇچى، ئالەمگە ئىسسىقلىق بەرگۈچى.

**ئافتابى ئالەمتاب** — 1) ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش؛ 2) كۆچمە: قۇياش يۈزلۈك گۈزەل.

**ئالەمسوز** 【عالم سوز】 (ئە + پ) جاھاننى ئۆرتىگۈچى، كۆيدۈرگۈچى.

«ئىشىق ئالەمسوز ئېرۇر، جانسوز ھەم،
شەۋق ئوتىدىن كۇفر، ئىمان سوز ھەم.»
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئالەمشۇمۇل** 【عالم شمل】 خەلقارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

**ئالەمفورۇز** 【عالم فروز】 (ئە + پ) «ئالەم ئەفرۇز» غا قاراڭ.

**ئالەم گەرد** 【عالم كرد】 (ئە + پ) دۇنيا كېزەر؛ تېز يۈرەر، چاپقۇر.

**ئالەم گەردلىك** 【عالم كردلىك】 دۇنيا كەزمەكلىك، تېز يۈرۈشلۈك، چاپقۇرلۇق.

**ئالەمگىر** 【عالم كير】 (ئە + پ) دۇنيانى بويسۇندۇرغان، قولىغا ئالغان، ئىشغال قىلغان، جاھانگىر.

**ئالەمى كۇبرا** 【عالم كبرا】 (ئە) 1) چەكسىز ئالەم، پۈتكۈل بارلىق، كائىنات؛ 2) يۈرەك، دىل.

**ئالەمىين** 【عالمين】 (ئە) ئىككى ئالەم (باقى ۋە فانى دۇنيا).

**ئالبان** 【آلبان】 زورلۇق بىلەن يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت، سېلىق.

www.uyghurkitap.com

**ئالپ** 【آلپ】 باتۇر، قەھرىمان، باھادىر، پەھلىۋان.

**ئال تامغا** 【آل تمغا】 قىزىل تامغا، خان يارلىقلىرىغا بېسىلىدىغان تامغا.

**ئالتايى I** 【آلتايى】 قىزىل تۈلكە، ئالتاي تۈلكىسى ۋە ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جۇۋا.

«قىزىلگۈل تابى يوق ئانچاكى سىماب،
يوق ئالتايىچە يانغان شۇئلەغە تاب.»

— نەۋائى «فەرھاد ـ شىرىن».

**ئالتايى** 【آلطايى】 «ئالتايى I» گە قاراڭ.

**ئالتۇن بىلگە** 【آلتون بيلكا】 يارلىق، پەرمان، تۈرك شاھلىرىنىڭ يارلىقى.

**ئالتۇنلۇغ چىبىن** 【آلتونلوغ چيبين】 تىللا چىۋىن، يالتىراق چىۋىن.

**ئالتۇن مۇغ** 【آلتون موغ】 كىمخاپ، ئالتۇندىن توقۇلغان رەخت.

**ئالتۇن ۋەرەق** 【آلتون ورق】 قاشلىق (خال ۋە قاشقا سۈرتىلىدىغان بىرخىل قارابوياق).

**ئالچى** 【آلچى】 1) ئۇشۇق ئويۇنى؛ 2) ئەلچى؛ 3) تاغ چوققىسى؛ 4) ئۇستۇن، غالىپ.

**ئالچىق** 【آلچيق】 جاسۇس، ئىشپىيون؛ ئەيىار.

**ئالدارا تماق** 【آلداراتماق】 1) ئالدىراتماق، ئالدىراپ ھەرىكەتلەندۈرمەك 2) گاڭگىراتماق.

**ئالداراماق** 【آلداراماق】 1) ئالدىرىماق، ئالمان ـ تالمان ھەرىكەت قىلماق؛ 2) گاڭگىرىماق؛ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماق؛ تەمتىرىمەك.

**ئالداغ** 【آلداغ】 ھىيلە، ھىيلە ـ نەيرەڭ.

**ئالداغچى** 【آلداغچى】 ھىيلىگەر، ئالدامچى، مەككار.

**ئالداغلىق** 【آلداغليق】 ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، مەككارلىق.

**ئالغۇن** 【آلغون】 تۆپە، ئېگىزلىك؛ كىچىك تاغ.

**ئالغىنچى** 【آلغينچى】 تويلىغۇچى، يىغقۇچى.

**ئالقاماق** 【آلقاماق】 دۇئا قىلماق، ماختىماق؛ قوللىماق.

«سەندە ناز ئولدى نەۋائىدا نىياز ئەرمەس ئەجەپ،
كىم سەن ئانى قارغىغان سايەسىنى ئول ئالقامىش.»

— نەۋائى.

**ئالمە باش** 【آلمه باش】 ئۆردەكنىڭ بىر تۈرى.

**ئالۇج** 【آلوج】 ئالۇچا (ئۆرۈككە ئوخشايدىغان بىرخىل مېۋە).

**ئالۇد** 【آلود】 (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئارىلاش، بۇلغانغان، كىرلەشكەن» گە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

**خاب ئالۇد** ـــ ئۇيقۇ باسقان، ئۇيقۇسىرىغان، ئۇيقا ئارىلاش؛

**خۇن ئالۇد** ـــ قان ئارىلاشقان، قان يۇققان، قانلىق، قانغا بويالغان:

«ئېردى باشىدىن ئاياغى خۇن ئالۇد،
كۆڭلى ئوتىدىن ئېردى ئاھىدا دۇد.»

— «تۆت ئىمام تەزكىرىسى».

**زەهەر ئالۇد** — زەهەر ئارىلاشقان، زەهەر قوشۇلغان، زەهەرلىك؛
**مەي ئالۇد** — مەي ئارىلاش، مەي يۇققان؛ مەي تەككەن.

**ئالۇدە** 【آلوده】 (پ) مىلەنگەن، بۇلغانغان، ئىپلاس.
**ئالۇدە دامەن** — 1) ئىپلاس، يارىماس؛ نومۇسسىز، بۇزۇق؛ 2) ئېتەكى بۇلغانغان؛
**خاك ئالۇدە** — توپىغا مىلەنگەن:

«يىقىتمىش ئانى ئىشق غارەت قىلىپ،
ياتىپ خاك ئالۇدە راهەت قىلىپ.»

**گەرد ئالۇدە** — چاڭ باسقان.

**ئالۇدەلىق** 【آلودەليق】 ئىپلاسلىق، بۇلغانغانلىق، بۇزۇقلۇق.

**ئالۇفتە** 【آلفته】 (پ) 1) بىردىلگەن؛ ئاشىق؛ هەيران؛ 2) پەرۋاسىز؛ نازۇك تەبىئەت؛ سەتەڭ.

**ئالۇفتەۋار** 【آلفته وار】 (پ) ئالىفتىلارچە، ئالىفتىلىق بىلەن ئىش تۇتقۇچى.

**ئالىجەناپ** 【عالى جناب】 (ئە) 1) ئالىي پەزىلەتلىك، ئۇلۇغ، ئېسىل؛ 2) ئالىي هىممەت؛ 3) ناهايىتى ياخشى؛ مىسلىسىز.

**ئالىفتە** 【آلفته】 (پ) «ئالۇفتە» گە قاراڭ.

**ئالىم** 【عالم】 (ئە) [كۆپلۈكى: ئۇلەما] يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيە ئىگىسى، يېتۈك، چوڭقۇر ئىلىملىك.

**ئالىمۇلغەيب** 【عالم‌الغيب】 (ئە) غايىپ سىرلارنى بىلگۈچى؛ كۆچمە م: خۇدا.

**ئالىن** 【آلين】 پىشانە، ماڭلاي.

**ئالىهى** 【آله】 (ئە) تەڭرى، ئىلاه، خۇدا.
**فانۇسى ئالىهى** — ئىلاهى پانۇس:

«كۆڭلۈمدە چىراغى ئىشق ياندۇرماق ئۈچۈن،
گوياكى فانۇسى ئالىهى بولدۇم.»

**ئالى هىممەت** 【عالى حمت】 (ئە) هىممىتى يۇقىرى، ساخاۋەتلىك.

**ئالىي** 【عالى】 (ئە) 1) يۈكسەك، يۇقىرى، ئېگىز، بەلەند؛ 2) ياخشى.
**ئالىي بۇرۇج** — ئېگىز چوققىلار؛ ئاسمان؛
**ئالىي جاه** — ئالىي دەرىجىلىك، ئۇلۇغ، يۇقىرى مەرتىۋىلىك؛
**ئالىي دەرگاه** — يۇقىرى دەرىجىلىك؛ قەسر، ساراي؛
**ئالىي سىفات** — يۇقىرى خۇسۇسىيەتلىك؛
**ئالىي شان** — يۈكسەك مەرتىۋىلىك؛ ئەڭ قەدىرلىك؛
**ئالىي مەقام** — يۈكسەك، يۇقىرى دەرىجىلىك؛
**ئالىي مەكان** — يۇقىرى مەرتىۋىلىك؛
**ئالىي نەژاد** — يۇقىرى نەسەبلىك، ئالىي جىنسلىق؛
**ئالىي نىهاد** — زاتى ئۇلۇغ؛

**ئالىي ھەسەب** ــ يۇكسەك پەزىلەتلىك؛
**پەرمانىي ئالىي شان** ــ ئالىي ۋە مۆئتەبەر پەرمان، پادىشاھلىق پەرمانى.

**ئالىيە** 【عاليه】 1) يۇكسەك، ئۇلۇغ، بۈيۈك (ئايالـلارغا قاردـتا)؛ 2) ئالىيە (ئىسىم).

**ئام** 【عام】 (ئە) ئاممە، كۆپچۈلۈك، ئومۇمىي («خاس» نىڭ قارشىسى):

«ئاتائى خاسلىق دەۋدي قىلۇرسەن ياخشىلار،
كۆڭۈلدە ساقلاكىم ئەسرۇ ياماندۇر ئام غەۋغاسى.»

ــ ئاتائى.

**ئام بولماق** ــ ئومۇمىي بولماق، كۆپچۈلۈككە يېيىلماق؛
**بارى ئام** ــ ئومۇمىي رۇخسەت، ئومۇمىي قوبۇل.

**ئاماچ I** 【آماچ】 (پ) نىشان، قارا (ئوق ئېتىپ مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان قارا، نىشان تاختىسى).

«سەن بولۇپ تىرتەئنە ئاماچى،
تاپدى ئەلتاف شاھ نى راجى.»

ــ كامىل.

**ئاماچ ئەيلەمەك** ــ مولجاللىماق، نىشانغا ئالماق، قاردغا ئالماق.

**ئاماچ II** 【آماچ】 يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل سايمان، بۇقۇسا.

**ئاماچخانە** 【آماچخانه】 (پ) ئوق ئاتىدىغان جاي، مەشىق ئورنى.

**ئامادە** 【آماده】 (پ) تەييار، تەييارلانغان.

«كى ئامادە قىلدى توي ئەسبابىنى،
زدياپەتكە ئاچتى ھەم ئەبۋابىنى.»

- ئا. نىزارى «رابىئە - سەئدىن».

**ئامادە ئەتمەك** ــ «ئامادە ئەيلەمەك»كە قاراڭ؛
**ئامادە ئەيلەمەك** ــ تەييارلىماق، ھازىرلىماق؛
**ئامادە تۇتماق** ــ تەييارلىماق؛ تولدۇرماق؛ ئورنىغا قويماق؛
**ئامادە قىلماق** ــ «ئامادە ئەيلەمەك» كە قاراڭ.

**ئامال** 【آمال】 (ئە) [بىرلىكى: ئەمەل] ئۈمىتلەر، تىلەكلەر، ئىستەكلەر، غايىلار.

**ئامان** 【آمان】 (ئە) ساق - سالامەت، ئامان - ئېسەن.

**ئامەد** 【آمد】 (پ) ئامەت، تەلەي؛ بەخت؛ تەقدىر.

**ئامراغ** 【آمراغ】 يېقىن، ئۇلپەت.

**ئامراق** 【آمراق】 «ئامراغ» قا قاراڭ.

**ئاممە** 【عامه】 (ئە) «ئام» غا قاراڭ.

**ئامۇ** 【آمو】 ئامۇ دەريا.

**ئامۇدە** 【آموده】 (پ) 1) تۆلەم، تۆلىنىلگەن؛ 2) بېزىتىلگەن؛ يىپقا تىزىلغان (لەئل ۋە گۆھەر ھەققىدە).

**ئامۇرزىش I** 【آمورزش】 (پ) «ئامىرزىش» قا قاراڭ.

**ئاموٴرزىش I** 【آمرزش】 (پ) «**ئامىرزىش**» قا قاراڭ.

**ئاموٴرزىگار** 【آمر زگار】 (پ) كېچىرگۈچى، ئەپۇ قىلغۇچى، كەڭچىلىك قىلغۇچى.

**ئاموٴز** 【آموز】 (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئۆگەنگۈچى، بىلگۈچى، **بىلەرمەن**، ئالغۇچى» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىلىم **ئاموٴز** — بىلىم ئالغۇچى؛ ئىلىم ئۆگەنگۈچى.

**ئاموٴزگار** 【آموزكار】 (پ) 1) ئۆگەتكۈچى؛ 2) تەجرىبە كار، بىلىمدان.

«ھەرنەكىم كۆردى ئاتامدىن روٴزگار،
ھەم ئانى بولدى ماڭا ئاموٴزگار.»

— نەۋائى «لىسانۇتتەير».

**ئامى** 【عامى】 (ئە) ساۋاتسىز، ئوقۇمىغان؛ ئاۋام.

**ئامىختە** 【آميخته】 (پ) ئارىلاش، ئارىلاشتۇرۇلغان، بىرىكتۈرۈلگەن، قوشۇلغان.

**ئامىر I** 【آمر】 (ئە) ئەمىر قىلغۇچى، بۇيرۇغۇچى؛ ھۆكۈمدار.

**ئامىر II** 【عامر】 (ئە) ئاۋات، گۈللەنگەن، مەموٴرلۇق.

**ئامىرزىش** 【آمرزش】 (پ) كېچىرىش، ئەپۇ قىلىش، كەڭچىلىك قىلىش.

**ئامىز** 【آميز】 (پ) سۆز بىرىكىسىدە: «ئارىلاش، بىرىككەن، قوشۇلغان، مىلەنگەن، ... لىق، ... دار» مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

**خۇن ئامىز** — قانلىق، قانغا مىلەنگەن، قان ئارىلاش:

«كۆزى خۇنغە ئامىز ئېرۇر ئەندەلىب،
قىزىلگۈلنىڭ ئولدى خەزانى قەرىب.»

— ئا. نىزارى «رابىئە - سەئىدىن».

**رەڭ ئامىز** — رەڭدار، پارلاق.

**ئامىزىش** 【آميزش】 (پ) ئارىلىشىش، بېرىش - كېلىش.

**ئامىل I** 【عامل】 (ئە) 1) ئەمەل قىلغۇچى؛ ئىشلىگۈچى؛ ئىشچى؛ 2) ئەمەل-دار، ھاكىم.

**ئامىل II** 【عامل】 (ئە) سەۋەب.

**ئامىن** 【آمين】 (ئە) پاتىھەدە: «ئىلاھا شۇنداق بولسۇن، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، دۇئامىزنى قوبۇل قىل» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان دۇئا ئىبارىسى.

**ئان** 【آن】 (پ) ۋاقىت، پەيت، لەھزە، دەم.

**بىر ئان** — بىردەم.

**ئانت** 【آنت】 ۋەدە، قەسەم.

«ئانت ئىچىپسەن گويىياكىم ئەھدۇ ھۆسنۈڭدە بېگىم،
قىلماغايسەن بىر جەراھەتلىك كۆڭۈل دەرمانىنى.»

— لۇتفى.

**ئانتخور** 【آنت خور】 قەسەمخور.

**ئانجاق** 【آنجاق】 شۇنچە، شۇنچىلىك.

«لۇتفى سۆزىنىڭ لۇتفىنى تەبئىڭ يېتەر، ئانجاق،
ئەھسەنتەكى، مەھبۇبى سۇخەندان يېتىلىپسەن.»
— لۇتفى.

**ئانچە** [آنچە] بىرەمۇنچە، شۇنچە، خېلى.
«قىلىپ رەئنا قەدىڭ يادىن سەھەردە ئانچە يىغلادىم،
كۆزۈمنىڭ جۇيبارى ئىچرە سەرۋى تا رەۋان بولدى.»
— سەككاكى.

**ئانچىنان** [آنچنان] شۇنچە، شۇنچىلىك؛ شۇنىڭغا قەدەر، شۇنىڭغا ئوخشاش؛ خېلى، خېلىلا.
«بۇ ئوتنى كۆرۈپ شاد ئولۇپ ئانچىنان،
كى ئول شۇئلە سارىغە بولدى رەۋان.»
— ئا. نىزارى «لەيلى - مەجنۇن».

**ئاندىماق** [آنديماق] «ئاڭدىماق» قا قاراڭ.
**ئانقەدەر** [آنقدر] شۇ قەدەر، شۇنىڭغا قەدەر، شۇ چاغقىچە.
**ئاھ** [آه]
ئاھى ئاتەشبار — ئوت چاچقۇچى ئاھ؛
ئاھى دەرد ئالۇد — دەردلىك، ھەسرەتلىك ئاھ؛
ئاھى دىلسوز — دىلنى كۆيدۈرگۈچى ئاھ؛
ئاھى سەخت — قاتتىق ئاھ:
«كوردىستانغە بارماق ئىدى ئىككى ۋەقت،
پىغان - نەۋھە ئەيلەپ ئۇرۇپ ئاھى سەخت.»
— ئا. نىزارى «لەيلى- مەجنۇن».

ئاھى سەرد — سوغۇق ئاھ، ئاچچىق ئاھ تارتىش:
«كۆرۈپ لەيلى ئولدەم چېكىپ ئاھى سەرد،
قىزىل گۈل يۈزى ئىشقىدىن بولدى زەرد.»
— ئا. نىزارى «لەيلى - مەجنۇن».

**ئاھە** [آهه] پولاتتىن ياسالغان قەدىمكى ئۇرۇش قوراللىرىدىن بىرى.
**ئاھەڭ I** [آهنگ] (پ) 1) قەست، نىيەت، ئىستەك، ئىنتىلىش؛ 2) باشلاش؛ 3) يۆنىلىش.
**ئاھەڭ II** [آهنگ] (پ) رەۋىش، تەرز، يوسۇن؛ ئوخشاش، كەبى.
ئايىنە ئاھەڭ — ئەينەككە ئوخشاش، ئەينەكتەك.
**ئاھەڭ III** [آهنگ] (پ) ئاھاڭ، كۈي؛ ناۋۇش ئېقىمى.
ئاھەڭگى راست — راست — ئاھاڭى، كۈيى.
**ئاھەن** [آهن] (پ) تۆمۈر.
ئاھەن پارە — پارچە تۆمۈر.

**ئاھەنپارە** 【آهن پاره】 (پ) پارچە تۆمۈر.

**ئاھەنجامە** 【آهن جامه】 (پ) تۆمۈرتون؛ تۆمۈرچىلەر ئىش كىيىمى.

**ئاھەنرەبا** 【آهن ربا】 (پ) 1) ماگنىت؛ 2) كۆچمە م: ئۆزىگە تارتقۇچى، جەلپ قىلىـغۇچى، مەپتۇن قىلغۇچى.

**ئاھەنگەر** 【آهنكر】 (پ) تۆمۈرچى.

**ئاھەنگۇداز** 【آهن كداز】 (پ) 1) تۆمۈر تاۋلىغۇچى تۆمۈرچى؛ 2) تۆمۈر (چويۇن) نى ئېرىتىدىغان ئوچاق.

**ئاھەنىن** 【آهنين】 (پ) تۆمۈردىن ئىشلەنگەن.

**ئاھەنىن چەڭ** 【آهنين چنك】 تۆمۈر پەنجە، تۆمۈر پەنجىلىك؛ ناھايىتى كۈچلۈك.

**ئاھەنىندىز** 【آهنين دز】 (پ) پولات قورغان، مۇستەھكەم قەلئە.

**ئاھۇ I** 【آهو】 (پ) كىيىك.

**ئاھۇ II** 【آهو】 (پ) ئەيىب، گۇناھ.

**ئاھۇئەفغان** 【آهو افغان】 ئاھ - پىغان، نالە - پىغانلار.

«تەزەللۇم تىرى دەۋراندىن، قۇتۇلماي ئاھۇ ئەفغاندىن،
تويۇپمەن يار ئۈچۈن جاندىن كى باقماڭ ئىنتىزاردىمغە.»
— ئا. نىزارى «رابىئە - سەئدىن».

**ئاھۇبەچچە** 【آهو بچه】 (پ) كىيىك بالىسى (ئوغلىقى).

**ئاھۇبەررە** 【آهوبره】 (پ) «ئاھۇ بەچچە» گە قاراڭ.

**ئاھۇتەك** 【آهوتك】 كىيىكتەك چاپقۇر.

**ئاھۇچەشم** 【آهو چشم】 (پ) بوتاكۆز.

**ئاھۇزار** 【آهوزار】 «ئاھۇ ئەفغان» غا قاراڭ.

**ئاھۇفىغان** 【آهوفغان】 «ئاھۇ ئەفغان» غا قاراڭ.

**ئاھۇگىرلىك** 【آهوكيرليك】 ئەيىب تاپماقلىق، ئەيىب ئىزدىمەكلىك.

**ئاھۇنالە** 【آهوناله】 «ئاھۇ ئەفغان» غا قاراڭ.

**ئاھۇۋاۋەيلا** 【آهوواويلا】 (پ) ئاھ، ئىھ، ۋايئ (ھەسرەت چېكىش، ئازاپلىنىشقا ئوخشاش ئىچكى ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ).

«ئاھۇۋاۋەيلا! كۆرۈك، بىرلەرنى شەيدا قىلدى ئىشق،
سىررىدىۇ پىنھانلارىم بىر - بىر ھۇۋەيدا قىلدى ئىشق.»
— «دىۋان سەدائى».

**ئاھۇيى خوتەن** 【آهوى خوتن】 خوتەن كىيىكى.

**ئاھۇيى مۇشك** 【آهوى مشك】 (پ) ئىپار كىيىك.

«ئايا دىلبەر ئەگەر كۆرسەڭ ئەمەس ھەر ياسمەن ھاجەت،
يەنە بىر ئىۋە - ئەنبەر ئاھۇيى مۇشك خوتەن ھاجەت.»
— «دىۋان سەدائى».

**ئاھەستە** 【آهسته】 (پ) 1) ئاستا، تىۋىشسىز؛ 2) ئالدىرىماستىن، 3) بىلىنە - بىلىنمەس، سەل - پەل؛ 4) ھودۇقماستىن، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن؛

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



5) بىلدۇرمەي، بىلىندۇرمەي، ئاشكارە قىلماي، يوشۇرۇنچە؛ 6) ئېھتىياتلىق بىلەن، ئاۋايلاپ، ئاستاغىنە.

**ئاھىستە ـ ئاھىستە** [آهسته آهسته] (پ) ئاستا ـ ئاستا، ئاستا، تىۋشسىز، تىنچ، جىمجىت، يەڭگىل.

«تۈن ئاقشام كەلدى كۆلبەمگە مېنىڭدەك دىلرەبا يالغۇز،
كۆرۈپ ئاھىستە ـ ئاھىستە ئانىڭدەك بىر سەفا يالغۇز.»
— «دىۋان سەدائى».

**ئاھىستە خۇ(ي)** [آهسته (خوری)] (پ) سىپايە، سىلىق، نازاكەتلىك، ئەدەپلىك.

**ئاھىستەرەۋ** [آهسته‌رو] (پ) ئاستىلىق، سۇسلۇق؛ ئاستا، سۇس (يول ماڭغاندىكى ھەرىكەت)، روھسىز.

«ئەي ئەجەل! ئاھىستە رەۋ زۇلمى نەمايان ئەيلەدىڭ،
قىبلەگاھىمنى قارا يەر بىرلە يەكسان ئەيلەدىڭ.»
— ئا. نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن».

**ئاۋ** [آو] شىكار، ئوۋ.

«كۆزى ـ قاشىندىن ئوق ـ يانى كېتەرمەس،
كۆڭۈللەر قۇشلارىن ئاۋلار ھەمىشە.»
— ئاتائى.

**ئاۋارە** [آواره] (پ) 1) سەرگەردان؛ 2) بەختسىز؛ 3) ماكانسىز.

«بىر كۆرۈپ بىچارەلىك بىرلە بولۇپ مەجنۇن سۈپەت،
يۈرگەن ئاۋارە بولۇپ بى خانىمانىم قايدا سەن؟»
— ئا. نىزارى «لەيلى ـ مەجنۇن».

**ئاۋازە** [آوازه] (پ) 1) خەۋەر، دېرەك؛ 2) داڭ، نام، شۆھرەت.

«چىقمادى ئاۋازەئى ئۇمر ئىچىدە سەندىن، ئەغنىيا،
ھاتەمى تەيدەك جەھانگىر ئولغالى ئىھسان كېرەك.»

**ئاۋان** [آوان] (ئە) [بىرلىكى: **ئان**] ۋاقىتلار، زامانلار، دەۋرلەر، چاغلار.

**ئاۋخ** [آوخ] ئا! ۋاي! ئاھ ـ ۋاھ! (ئۈندەش سۆز).

**ئاۋەر** [آور] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «كەلتۈرۈدىغان، كەلتۈرگەن، كەلتۈرگۈچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛
**پەيام ئاۋەر** — خەۋەر كەلتۈرگۈچى؛
**رەشك ئاۋەر** — قىزغانچۇقلۇق؛
**نۇكتە ئاۋەر** — 1) چوڭقۇر مەنىلىك؛ 2) پاساھەتلىك؛ 3) چىرايلىق سۆزلىگۈچى، ياخشى جاۋاب قايتۇرغۇچى.

**ئاۋەردە** [آورده] (پ) كەلتۈرۈلگەن.

**ئاۋرىنماق** [آورينماق] 1) ئىنتىزىرلىمەك؛ 2) بىرنەرسىگە قول تەككۈزمەك؛ 3) تېپىنماق.

**ئاۋۇتماق** [آوتماق] 1) يىغىدىن توختاتماق، تەسەللى بەرمەك.

«ئەل ئارا شۆھرەت فەساھەتتىن بولۇپ،

نۇكتە بىرلە غەملىك ئەلنى ئاۋۇتۇپ.»

— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئاۋۇچ** [آوج] 1) ئۇۋۇچ، چاڭگال؛ سىقىم، ئالقان؛ 2) چاۋاك.

**ئاۋۇچ ئاچماق** — ئۇۋۇچ ئاچماق؛

**ئاۋۇچ خاك** — (بىر) سىقىم تۇپراق؛

**ئاۋۇچ قاقماق** — چاۋاك چالماق.

«كىرگامىز ئول شەھ يولىغە جان بىلە،

جان ئاۋۇچلاپ دىيدەئى گىريان بىلە.»

— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**ئاۋۇچلاماق** [آوجلاماق] ئۇۋۇچلىماق، چاڭگاللىماق، سىقىملىماق.

**ئاۋۇرت** [آورت] قوۋۇز.

**ئاۋۇنتۇرماق** [آوونتورماق] «ئاۋۇتماق» قا قاراڭ.

**ئاۋىختە** [آويخته] (پ) ئېسىلغان.

**ئاۋىز** [آويز] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە: «ئېسىلغان، ئېسىقلىق» قا ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ؛

**دەست ئاۋىز** — 1) قولدا ئېسىلغان؛ 2) ۋاسىتە؛ قۇتۇلۇش ۋاسىتىسى؛ 3) سوۋغا، ھەدىيە.

**ئاۋىزە** [آويزه] (پ) 1) ئېسىلغان، ئېسىقلىق، ئاسما؛ 2) ھالقا، ئىسرغا زىرە؛

**ئاۋىزە قىلماق** — ئاسماق، ئېسىپ قويماق، تاقاپ قويماق.

**ئائىد** [عائد] (ئە) تەئەللۇق، دائىر، تېگىشلىك.

**ئائىدە** [عائده] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەۋائىد] تېگىشلىك، باغلىق بولغان (بىرەر نەرسىگە).

**ئائىلە** [عائله] (ئە) 1) خوتۇن؛ 2) ئاتا-ئانا ۋە بالا-چاقىلار.

**ئائىنە** [آئينه] (پ) «ئايىنە» گە قاراڭ.

**ئايا** [آيا] (پ) 1) ئەي! ...، ھەي! ... 2) سوراق ۋە ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرگۈچى ياردەمچى سۆز: «ئەجەبا، ئۇنداقتا؛ ياكى، بەلكى، ئېھتىمال» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

**ئايا بىلمەي** — نېمە دېيىشنى بىلمەي؛

**ئايا مەھۋەشا** — ئەي مەھۋەش، ئەي ئاي يۈزلۈك!

**ئايات** [آيات] (ئە) [بىرلىكى: ئايەت] 1) نىشانلار، بەلگىلەر؛ 2) قۇرئان جۈملىلىرى.

«جەمالىڭ مۇسھەفىنىڭ ئاياتىدىن،

ھەدىسى يۇسۇفى كەنئان بولۇپدۇر.»

— ئاتائى.

**ئاياتى شىفا** — شىپا بەخش ئايەتلەر؛

**ئاياتى مۇبەين** — بايان ئەتكۈچى ئايەتلەر.

**ئاياز** [آياز] 1) ئوچۇق ھاۋا، ئايدىڭ؛ 2) كېچىنىڭ سوغۇقى؛ 3) كۆچمە م: ئادىللىق.

«سەيد بىپەرۋا يۇرۇرگەر شەھبازى بولماسا،
مەملەكەت ۋەيران بولۇر شاھنىڭ ئايازى بولماسا.»
— زەلىلى.

**ئاياغ** 【آياغ】 «ئاياق» قا قاراڭ.

**ئاياق** 【آياق】 1) قەدەھ، قاچا، كاسا، جام؛ 2) ئاياق، پۇت.
**دەۋر ئاياقى** — ئايلانغۇچى قەدەھ، دەۋر قەدەھى.
«تۇتار ئېردى ساقى دەما - دەم ئاياق،
بولۇپ مەست، ھېچكىم ئەمەس ئاندا ساق.»
— ئا. نىزارى «مەسئۇد - دىلئارا».

**ئاياقچى** 【آياقچى】 1) شاراپ قۇيغۇچى، قەدەھ تۇتقۇچى، ساقى؛ 2) مەي ساتقۇچى.
«ئاياقچى ماڭا جام قىل مەرھەبا،
ئانى نۇش ئېتىپ ئۆزنى ئەيلەي فەنا.»
— ئا. نىزارى «لەيلى - مەجنۇن».

**ئايالغۇ** 【آيالغو】 «ئەيالغۇ» غا قاراڭ.

**ئايان** 【آيان】 (ئە) كەلگۈچى.
**ئايان بولماق** — كەلمەك.

**ئايەندە** 【آينده】 (پ) 1) كەلگۈچى، كېلىدىغان؛ كېيىنكى؛ 2) كېلەچەك، كەل-
گۈسى.
**خۇش ئايەندە** — خۇش كەلگۈچى؛ يېقىملىق، گۈزەل تۇيۇلغۇچى.
«ئۇلكى يىقمايدۇر ۋۇجۇدى قەسرىنى ئىشق ئايەندەئى،
ۋەسلى خىلۋەتگاھى دىۋارىنى بۇنياد ئەتمەسۇن.»
— «دىۋانى مەھزۇن».

**ئايتمان** 【آيتمان】 ئېيتمايمەن.

**ئايدىن** 【آيدين】 ئايدىڭ (كېچە).

**ئايرو** 【آيرو】 1) ئايرىم، ئۆزگە، بۆلەك، باشقا؛ جۇدا؛ 2) ئايرىلىپ، ئايرىپ.
**سەندىن ئايرو** — سەندىن باشقا، سېنىڭسىز.
«ئاندىن ئايرو ئاشىقۇ دىۋانەمەن،
ئەقلۇ ھۇشۇ سەبرىدىن بېگانەمەن.»

**ئايرى** 【آيرى】 باشقا، غەيرى؛ بۆلىنىش، تەقسىملىنىش، چېچىلىش

**ئايرى - ئايرى** 【آيرى آيرى】 باشقا - باشقا.

**ئايرىلىق** 【آيريليق】 ئايرىلىش، پىراق، ھىجران.

**ئاي زەۋرەقى** 【آى زورقى】 ئىگىلگەن قېيمىقتا ئوخشاش، ئىنچىكە يېرىم ئاي شەكلى

**ئايىردۇك** 【آييردوک】 ئايرىسۇن.

**ئايىرداق** 【آييرماق】 ئايرىماق، ئايرىلماق، تەقسىملىمەك؛ چاچماق.

**ئايىرمان** 【آييرمان】 (پ) ئايرىمايمەن.
«ئايىرمان ساچىڭ بەندىدىن مەن كۆڭۈلنى»
— نەۋائى.

**ئايىقماق** 【آيقماق】 1) ھېيىقماق؛ 2) ھوشيار تۇرماق.

**ئايىلدۇرماق** 【آيلدورماق】 1) ئايرىلدۇرماق؛ 2) ھوشيار قىلماق، ھوشىغا كەلتۈرمەك.

**ئايىلماق** 【آيلماق】 ھوشيارلانماق، ھوشىغا كەلمەك، ئۆزىگە كەلمەك؛ تۈزەلمەك.

**ئايىم** 【آييم】 1) نازىنىن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، بەرنا؛ 2) يۇقىرى تەبەقە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئايال ۋە قىزلارنىڭ ئىسمىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن قوشۇلىدىغان نام؛ 3) ئانا.

«دەۋلەتىڭدىن كۆككە يەتتى بارچە قۇللارنىڭ باشى،
ئۇشبۇ نەتالىئدۇر ئايىم بىزگە يەتسەڭ تاڭ ئاتار.»

— ئاتائى.

**ئايىن I** 【آيين】 (پ) 1) رەسىم، ئادەت، قىلىق، رەۋىش؛ تەرىز، تەرتىپ، ئۇسۇل؛ مۇراسىم؛ 2) ئوخشاش، كەبى.

**ئايىنە ئايىن** — ئەينەككە ئوخشاش؛

**ئايىنى داد** — ئادالەت رەسمى؛

**ئايىنى فەساھەت** — پاساھەت رەۋىشى؛

**ئايىنى فەنا** — پانىيلىق تەرزى؛

**ئايىنى قەتلۇگىن** — ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ئادىتى؛

**ئايىنى ھەرب** — ئۇرۇش تەرتىپى؛

**ئايىنى ۋىفاق** — مۇھەببەت؛ بىرلىكىش؛

**شاھلىق ئايىنى** — شاھلىق قائىدە ـ يوسۇن:

«شاھلىق ئايىنىغە راجىئ بولاي،
ئۆزگە شەھغە نە ئۈچۈن تابىئ بولاي.»

— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

**گەۋھەر ئايىن** — گۆھەردەك، گۆھەرگە ئوخشاش.

**ئايىن II** 【آيين】 (پ) 1) زىننەتلىمەك، بېزىمەك، ياسىماق، پەدەزلىمەك؛ 2) ياسانماق؛ 3) رەتلىك.

**ئايىن نەما** — چىرايلىق دېزەلگەن.

**ئايىنە** 【آيينه】 (پ) ئەينەك.

**ئايىنەئى باسەفا** — يورۇق، نۇرلۇق ئەينەك؛

«ئايىنە سېنىڭ يۈزۈڭ كۆرۈبان،
لاپ ئۇرسا، يۈزۈندە يوق سەفاسى.»

— سەككاكى.

**ئايىنە بەند** 【آيينه‌بند】 (پ) زىننەتلەش، بېزەش؛ ياساش، پەردەزلەش.

«دىلئارانى ئانداغ تۇتۇپ ئەرجۇمەند،
شەھەرنى تەمام ئەتتى ئايىنە بەند.»

— ئا. نىزارى «مەسئۇد ـ دىلئارا».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**ئايىنەدار** [آيينە دار] (پ) ئەينەك ساقلىغۇچى، ئەينەك تۇتقۇچى.

«لېكىن ئۇلمىش كۆزلەرىمدە گەرچە مەن خەففاش ئەمەس،
ئۆيلە ئالەم قارا كىيىم يەلداغە دۇر ئايىنە دار.»
— تەجەللى.

**ئايىنە سان** [آيينە سان] (پ) ئەينەكتەك، سۈزۈك.

**ئايىنە فام** [آيينە فام] (پ) «**ئايىنە گۈن**» غا قاراڭ.

«رەھىم ئېتىپ ھالىمغە ئول، باشىم قۇچاغىغە ئالىپ،
تۇتسە يۈزىنى نەفەس تەھقىقىغە ئايىنەفام.»
— «دىۋانى مەھزۇن».

**ئايىنەكىردار** [آيينە كيردار] (پ) «**ئايىنە سان**» غا قاراڭ.

**ئايىنە گۈن** [آيينە گون] (پ) ئەينەك رەڭ، ئەينەكتەك، ئەينەككە ئوخشاش، يالتىراق سۈزۈك.

**ئايىنەۋار** [آيينە وار] (پ) ئەينەكتەك، ئەينەككە ئوخشاش.

«ئول قىلىبان جىلۋەئى ھۆسن ئاشكار،
سەن كۆڭۈل بىرلە ئاڭا ئايىنەۋار.»
— نەۋائى «مەنتىقۇتتەير».

(داۋامى كېيىنكىساندا)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: بابا رېھىم مەشرەب.
رەسسام: پ. ۋورونكىن.
1979 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «مەشرەب شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

2 ـ بېتىدە: شىرىن پەرھادنىڭ تۆھپىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلدى.
موسكۋا «دۆلەتلىك تەسۋىرى سەنئەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1956 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ھىندىستان بەدىئى سەنئەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

3 ـ بېتىدە مەكتەپتە. (سىرلىق ئەينەك قۇتىغا سىزىلغان).
يۇقىرىقى «ھىندىستان بەدىئى سەنئەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

4 ـ بېتىدە: لەيلى بىلەن قەيس مەكتەپتە. («خەمسە نىزامى» غا بېرىلگەن قىستۇرما سۈرەت. 1461 ـ يىل). ئىستانبول «گۈزەل سەنئەتلەر مەتبەئەسى» تەرىپىدىن 197 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىسلام رەسساملىرىدىن پارچىلار» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]




بۇلاق (ئومۇمى 19 - سان)

源　泉（维吾尔文、丛刊、总第19期）

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا 306 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/16

باسما تاۋىقى: 14.75 قىستۇرما ۋارىقى: 1

1986 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1987 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M 10098.1128

تىرىژى: 7000 — 1 باھاسى: 1.30 يۈەن

